ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جوڭ جىڭۋېن

# خەلق ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمى بايان

(ئالى مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جوڭ جىڭۋېن

# خەلق ئەدبىياتى ھەققىدە ئومۇمى بايان

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم تۇردى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باپ ئومۇمى چۈشەنچە............(1)
بىرىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتى ھەققىدە چۈشەنچە ۋە
ئۇنىڭ دائىرىسى.................................(2)
ئىككىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىن
مەقسەت.........................................(13)
ئۈچىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە قوللىنىشقا
تېگىشلىك مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل..........(32)
ئىككىنچى باپ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي
خۇسۇسىيەتلىرى.................................(40)
بىرىنچى بۆلۈم كوللېكتىپچانلىقى.................(43)
ئىككىنچى بۆلۈم ئاغزاكىلىق......................(57)
ئۈچىنچى بۆلۈم ئۆزگىرىشچانلىق....................(65)
تۆتىنچى بۆلۈم ۋارىسلىق خاراكتېرى.................(75)
ئۈچىنچى باپ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن
ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى..........(84)
بىرىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ئەمگىكى ۋە
تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى............................(85)
ئىككىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتى خەلقنىڭ سىياسى
كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىكى قورالى....................(102)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خەلقنىڭ كۈلدۈ-
لمىك تۇرمۇشىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارى......(106)

تۆتىنچى باپ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش مەسىلىسى......(123)

بىرىنچى بۆلۈم تارىخىي ئەھۋال......(124)

ئىككىنچى بۆلۈم ئومۇمىي يۈزلۈك توپلاش مەسىلىسى....(139)

ئۈچىنچى بۆلۈم ئەينەن خاتىرىلەش......(147)

تۆتىنچى بۆلۈم ئەستايىدىل رەتلەش......(153)

بەشىنچى باپ ئەپسانە ۋە رىۋايەت......(165)

بىرىنچى بۆلۈم ئەپسانە......(165)

ئىككىنچى بۆلۈم رىۋايەت......(196)

ئالتىنچى باپ خەلق چۆچەكلىرى......(235)

بىرىنچى بۆلۈم خىيالىي چۆچەكلەر......(237)

ئىككىنچى بۆلۈم تۇرمۇش ھەققىدىكى چۆچەكلەر......(252)

ئۈچىنچى بۆلۈم خەلق مەسەللىرى......(278)

تۆتىنچى بۆلۈم خەلق لەتىپىلىرى......(290)

يەتتىنچى باپ خەلق قوشاقلىرى......(298)

بىرىنچى بۆلۈم ئەمگەك قوشاقلىرى......(302)

ئىككىنچى بۆلۈم مۇراسىم قوشاقلىرى......(314)

ئۈچىنچى بۆلۈم سىياسىي ۋەزىيەت قوشاقلىرى......(326)

تۆتىنچى بۆلۈم تۇرمۇش قوشاقلىرى......(339)

بەشىنچى بۆلۈم مۇھەببەت قوشاقلىرى......(353)

ئالتىنچى بۆلۈم باللار قوشاقلىرى......(369)

سەككىزىنچى باپ داستانلار ۋە خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېپىك داستانلىرى ........................................(380)
بىرىنچى بۆلۈم داستان.......................................(381)
ئىككىنچى بۆلۈم خەلق ئېپىك داستانلىرى ..........(405)

## توققۇزىنچى باپ خەلق ماقاللىرى ۋە

خەلق تېپىشماقلىرى ........................................(432)
بىرىنچى بۆلۈم خەلق ماقاللىرى.........................(432)
ئىككىنچى بۆلۈم خەلق تېپىشماقلىرى....................(462)

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باپ   ئومۇمى چۈشەنچە

«خەلق ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئومۇمى بايان» ئالى مەكتەپ ئەدەبىيات پاكولتىتلىرىنىڭ ئاساسلىق نەزىرىيە دەرسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي نەزىرىيىلىرىنى ئۆگىتىش؛ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىگى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ھەم ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى جۈملىدىن رولىنى بىلدۈرۈش؛ ھەرقايسى مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرى پائالىيىتىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش؛ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرى توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش؛ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان مۇھىم ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇش؛ شۇنىڭدەك ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ پرىنسىپ ۋە چارىلىرىنى ئىگەللىتىشتىن ئىبارەت. بىز مۇشۇنداق ئۆگىتىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خەلق ئەدەبىياتىنى بىرقەدەر ئومۇمى يۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆزلەشتۈرۈش، خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مەلۇم ئىقتىدارىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرلاش ھەمدە ئەدەبىيات ۋە تىلغا دائىر بىلىملىرىمىزنى تولۇقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى بۆلۈم    خەلق ئەدەبىياتى ھەققىدە چۈشەنچە ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى

## 1. خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى.

خەلق ئەدەبىياتى دېگەن نېمە؟ ئۇ ھەقتىكى چۈشەنچە ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى قانداق؟ بۇ، بىز ئۆگىنىدىغان ئاساسلىق مەسىلە، شۇنداقلا خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتى داۋامىدا، بىز دائىم يولۇقىدىغان مەسىلە. بۇ مەسىلىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بىز بۇ بۆلۈمدە پەقەت بىر قىسىم ئەڭ ئاساسلىقراق بولغان بىلىملەرنى سۆزلەيمىز.

بىز شۇنداق قارايمىزكى، خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى، ئۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تارقىلىپ، ئاساسەن خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىستېتىك نۇقتىئىنەزىرى ۋە بەدىئىي ھەۋەسلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىلىمىزدە ئالدىنقى چىن دەۋرىدىن باشلاپلا خەلق ئەدەبىياتىنى يىغىش ۋە خاتىرىلەش ئىشى باشلانغان، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم ژانىرلىرىغا دائىر ناملار، مەسىلەن، «غەزەل»، «قوشاق»، «تەمسىل» ۋەھاكازالار خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن. «شېئىرنامە. ۋېي بەگلىگىنىڭ غەزەللىرى. باغدا شاپتۇل»دا، «كۆڭلۈمدىكى قايغۇ-ھەسرەتنى قوشاققا قېتىپ، ناخشا قىلايمەن» دېيىلگەن. «ئەدەبىيات توغرىسىدا سۆز»دە، «تەمسىل» — «تارقالغان سۆز» دەپ چۈشەن-

دۇرۇلگەن. ئۇنىدىن باشقا بەزى قەدىمىي كىتاپلاردىمۇ ئۈزلۈكسىز تۇردە خەلق ئەدەبىياتى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، «خان بەش يىلدا بىر كۈزەتكە چىقىدۇ...... تەيشى① چىن فىڭنىڭ پەرمانى بويىچە خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ.» («يۇسۇننامە. پادىشا قانۇنى») «پادىشا تۆت دەرۋازا ئېچىپتۇ، دانا ئاددەملەرنى تەنقىت بېرىشكە ئۈندەيدىغان تۆت تۇغنى تۆت دەرۋازىغا ئېسىپ، يولدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ قوشاقلىرىنى ئاڭلاپتۇ.» («كېيىنكى خەننامە. جىرشۇ تەزكىرىسى») «شېئىرنىڭ «غەزەل» دېيىلىشىدىكى سەۋەپ، كۆپىنچە ئۇ كوچا غەزەللىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن: قىز-يىگىتلەرنىڭ ئېيتىششى دىگىنىمىز، ھەرقايسىسى بېيىت ئارقىلىق ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش دىگەنلىكتۇر.» (جۇشى «شېئىرلار توپلىمى. كىرىش سۆز») ۋاھاكازالار. ئوخشىمىغان دەۋرلەرنىڭ بۇ ماتىرىياللىرى شۇنى چۈشەندۈرۈدىكى، كىشىلەر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىرى دەپ قاراپ كەلگەن قوشاقلار «كوچا»، «يول»لارغىچە تارقالغان بولۇپ، ئۇ «خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادىتى» ۋە خەلق ئارىسىدىكى قىز-يىگىتلەر مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل نەرسە. ئەلۋەتتە، قەدىمقىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىر تەرەپلىمە بولۇپ، مۇكەممەل سېستىما يوق ئىدى. بەزىلىرى تېخى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلق ئەھۋالىنى چۈشىنىش نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، بولۇپمۇ «4-ماي»نىڭ ئالدى-كەينىدە، يەنى يېڭى مەدىنىيەت ھەركىتى داۋامىدىلا بۇ جەھەتتىكى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى قانات يېيىپ كەتتى. بېيجىڭ داشۆ بىرىنچى بولۇپ «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژورنىلىنى تەسىس قىلىپ، يېقىنقى زامان قوشاقلىرىنى توپلىدى، كېيىن

① تەيشى—خاننىڭ مۇنەججىمى—ت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەنۇپتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر يەنە خەلق ئۆرپ-ئادىتى شۇناسلىق
ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئۆرپ-ئادىتى شۇناسلىق نۇقتە-
سىدىن تۇرۇپ چۆچەك، رىۋايەت، ھىكايە، قوشاقلارنى، بەزى
ئەدىبىيات تارىخىغا دائىر ئەسەرلەردىكى خەلق ئەدىبىياتىغا دائىر
بايانلار ۋەھاكازالارنى توپلاپ تەتقىق قىلدى. بۇ خىل توپلاش،
تەتقىق قىلىش خىزمىتى قەدىمقى زاماندىكىگە قارىغاندا يەنىمۇ زور
قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەش بولۇپ، زامانىۋى پەننىي ئەھمىيەتكە
ئىگە ئىدى، ئەپسۇسكى، بۇ جەھەتتىكى خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇ-
چىلار تېخى ماركسىزىمنى ئىگەللىمىگەچكە، «خەلق» ۋە «خەلق
ئەدىبىياتى»نىڭ خاراكتېرىگە قارىتا سىنىپىي تەھلىل يۈرگۈزەلمەيتت-
تى. بۇ جەھەتتە گوركى خېلى بۇرۇنلا ماركسىزىملىق ئاساسىي نۇق-
تىئىنەزەرگە ئاساسەن خەلقنىڭ مەدىنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم رولىغا
يۇكسەك باھا بەرگەن ھەمدە بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرنى خەلق ئەدىبى-
ياتىنى كۈزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان. ئۇ
شۇنداق ھىساپلىغانىكى، خەلق ئەدىبىياتى «ئاساسەن ئەمگەكچى
خەلق ئاممىسىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى»①، «خەلق ئەدىبىياتى، ئەمگەك-
چى خەلقنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائى تەجرىبىلەر داۋامىدا ئالغان
بىلىمىنىڭ يىغىندىسى»②. ئېلىمىزدە بولسا، لۇشۈنمۇ 30-يىللاردا
مەدىنىيەتنى ئەمگەكچى خەلق ياراتقان دىگەن ئىدىيىنى تەكرار-
تەكرار تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى «خەت-ساۋادى بولمىغان

---

① گوركىنىڭ مولىنناغا يازغان خېتى ۋە كې بىگىنىڭ «‹خەلق ئېغىز ئىجا-
دىيىتى› توغرىسىدا»دىن ۋە «خەلق ئەدىبىياتى»نىڭ 1969-يىل 5-ئاي-
دىكى سانىدىن ئېلىندى.
② گوركى: «‹ئەدىبىيات گۇرۇپپىسىنىڭ پروگىرامما لاھىيىسى›»،
«خەلق ئەدىبىياتى»نىڭ 1963-يىلدىكى 2-سانىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يازغۇچى» دەپ ئاتاپ، تەمسىللەرنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىنى كۆرسەتكەن ھەمدە بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تۈپ نىگىزىدىن «ئىستىمالچىلار-نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ۋە «ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»① دەپ ئايرىغان. لۇشۈننىڭ بۇ خىل ئايرىشى بىلەن گور-كىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەن-لىكىنى تەكىتلىشىنىڭ تۈپكى روھى تامامەن بىردەك بولۇپ، ئۇلار-نىڭ شەرھىلىرى خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ئۇقۇم ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى مەسىلىسىنى پرىنسىپ جەھەتتىن ھەل قىلدى. بۈگۈن بىز كۆپچىلىككە ئادەت بولۇپ كەتكەن «خەلق ئەدەبىياتى» دىگەن بۇ ئاتالغۇنى مۇشۇ مەنىدە چۈشىنىپ ۋە قوللىنىپ، ئۇنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى، «ئىشلەپچىقارغۇچىلار سەنئىتى»نىڭ بىر قىسمى دەپ قارايمىز. بىز ئۇنىڭ بۇ تۈپكى خاراكتېرىدىن ئايرىلغان ھالدا، قارىسىغا مەنا بېرىپ، خەلق ئەدەبىياتىنى پەقەت شەكىل جەھەتتىنلا سۆزلىسەك زادى بولمايدۇ.

2. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسى

ماركسىزىم «ئەمگەكچى خەلق» بىر تارىخىي ئۇقۇم، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتا ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىجتىمائى ئەزالىرى زادىلا ئوخشىمايدۇ، دەپ ھىساپلايدۇ. باشلانغۇچ جەمىيەت باسقۇچىدا، جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئەمگەكچى ئىدى. ئۇ چاغدا تېخى يېزىق بارلىققا كەلمىگەن، لېكىن تىل ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەن ئىدى. ماركس «مورگىننىڭ «قەدىمقى جەمىيەت» دىگەن كىتاۋىنىڭ قىسقارتىلمىسى»دا، «ياۋايە-

① لۇشۈن: «كونىس بوتكىسى زاۋېنلىرى «كونا شەكىلنى قوللىنىش توغرىسىدا»»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 6 ـ توم، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى-نىڭ 1973 ـ يىلقى نەشرى، خەنزۇچە 29 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

لىق دەۋرىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىلا ئىنسانلارنىڭ ئىسىل خۇسۇسىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى......تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار تەرەققىياتىنى مۇشۇنچە دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان ئىقتىدارنىڭ رولى بىلەن چۆچەك، لەتىپە، رىۋايەت قاتارلىق خاتىرىلەنمىگەن ئەدەبىيات شۇ چاغدىن باشلاپ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان، شۇنىڭدەك ئۇ ئىنسانىيەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن»① دېگەن. لۇشۈنمۇ «بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بولغان ئىپتىدائىي ئادەملەر»دە ئەمگەك ناخشىسى بولغانلىقى ئۈستىدە توختالغان ھەمدە شۇ ناخشىلارنى ئېيتقۇچىلارنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ «ھە - ھۇچىلار»② دەپ ئاتىغان. ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى دەۋردىمۇ يەنىلا ئىپتىدائىي جەمىيەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بەزى مىللەتلەر بار. ئۇلاردىكى بەزى ھايۋانات توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ۋە پانتازىيىلىك ھېكايىلەر خېلىلا تەسىرلىك، ئۇلاردا ئىپتىدائىي ناخشا - ئۇسۇل، تەمسىل، تېپىشماق قاتارلىقلار ھەم بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىپتىدائىي ئەدەبىيات پۈتۈنلەي ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇنى جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزاسى ياراتقان، ئۇ ئومۇم خەلق خاراكتېرىگە ئىگە. كېيىنكى يازغۇچىلارنىڭ يېزىق ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى-نىڭ ئورتاق مەنبەسى، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى جەمىيەتنىڭ بىردىن-بىر ئەدەبىياتى ئىدى. ئىپتىدائىي ئەدەبىيات يالغۇز ئاغزاكىلىق جەھەتتىلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئەنئەنىسىنى بەرپا

---

① ماركس: «مورگىننىڭ ‹قەدىمقى جەمىيەت› دېگەن كىتاۋىنىڭ قىسقارتىلمىسى». خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1978 - يىلقى نەشرى، خەنزۇچە 54—55 - بەت.

② لۇشۈن: «كونىس بوتكىسى زاۋىيىلىرى، تىل - يېزىق ئەھلى بولمىغان ئادەمنىڭ تىل - يېزىق توغرىسىدىكى پاراڭلىرى»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 6 - توم، خەنزۇچە 86 - بەت.

قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولۇشتەك بۇ تۈپ خاراكتېر جەھەتتىمۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپكى خەلق ئەدەبىياتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەدەنىيەت سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققى قىلدى، ئەمما جەمئىيەت ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپقا بۆلۈنگەنلىكتىن، يېزىقتىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئاساسەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ ئۆز قولىدا تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن يازما ئەدەبىيات بارا-بارا تەرەققى قىلدى؛ ۋاھالەنكى، جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەڭ خەلق ئاممىسى يېزىقنى ئىگەللەش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان ھالەتتىمۇ، ئوخشاشلا داۋاملىق تۈردە ئېغىز تىلىنى قورال قىلىپ چۆچەك، رىۋايەت، خەلق لەتىپىلىرى، قوشاق، تارىخىي داستانلار، خەلق داستانلىرى، تەمسىل، تېپىشماق ۋە خەلق تىياتىرلىرى، خەلق ئېيتىشلىرى ۋەھاكازالارنى (ئېلىمىزدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئېيتىشىش (ۋايىزلىق) ئەدەبىياتى بار بولۇپ، تۈرى كۆپ، مەزمۇنى بىرقەدەر مۇرەككەپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىملىرى خەلق ئەدەبىياتىغا كىرىدۇ)ئىجات قىلدى ھەمدە تارقاتتى. مانا بۇلار خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ژانىرلىرى. خەلق ئەدەبىياتى سىنىپىي جەمئىيەتتە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ئۇ ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئىپتىدائى دەۋردىكىگە قارىغاندا ناھايىتىمۇ كەڭلىگىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، بەدىئى شەكىل جەھەتتىمۇ ناھايىتى بېيىدى ۋە كۆپ خىللاشتى. ئىپتىدائى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ژانىرلار داۋاملىق تۈردە تارقالغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى ژانىرلار ۋە شەكىللەر بارلىققا كەلدى. ئېلىمىزنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلغان فېئوداللىق جەمئىيىتى ۋە يېقىنقى زاماندىكى يېرىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمىيىتىدە خەلق ئەدەبىياتى ئاساسەن
دېخانلار، قول سانائەت ئىشچىلىرى، يېقىنقى زامان سانائەت ئىش-
چىلىرى ۋە جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن كېلىپ چىقىپ، يېزا ۋە
شەھەرلەردە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ
ئىجادىيىتى بولۇپ كەلدى. ئۇلار يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان خەلق
ئەدەبىياتى ژانىرلىرىنى ئىشلىتىپ، كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس
ئەتتۇردى. ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلدى، ئىش-
لەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە كۈرەش قىلىش پاراسەتلىرىنى توپلاپ
ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىدى ۋە ئۆزىنى ئۆزى خوش قىلىپ كۆڭلىنى
ئاچتى. شۇ سەۋەپتىن بۇ دەۋردىكى خەلق ئەدەبىياتى روشەن
سىنىپىيلىقتا ئىگە بولۇپ، ھەمىشە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ پەس
كۆرۈشى ھەم زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلدى: «سىپايىلار سارىيىغا
يېقىن يولاتقىلى بولمايدىغان نەرسە» دەپ قارىلىپ كەلدى. ئەمما
خەلق ئەدەبىياتىنى بوغۇپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۈز-
لۈكسىز راۋاجلىنىپ كەلدى ھەمدە ھەرقايسى دەۋردىكى ئىلغار
يازغۇچىلارغا ۋە ئەدەبىياتقا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

سىنىپىي جەمىيەتتە خەلق ئەدەبىياتى كەڭ ئاممىنىڭ چوڭقۇر
قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ھۆكۈمران سىنىپلارمۇ
ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى مۇشۇ خىل ئەدەبىيات شەكلىدىن
پايدىلىنىپ قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمران سىنىپ-
لارنىڭ ئىدىيىسى شۇ چاغدىكى جەمىيەتتە ھۆكۈمران ئىدىيە بولغان-
لىقتىن، ئەمگەكچى ئامما ئۇنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمايتتى؛
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىكى سىنىپىي
چەكلىمىلىك قاتارلىقلار خەلق ئارىسىدا تارقىلىدىغان ئېغىز ئەدەبى-
ياتىدا مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز
ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسەن كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ساختا نەرسىلىرىنى چىقىرىۋېتىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەمدە خەلق ئەدەبىياتىدىكى جەۋھەرلەر بىلەن ھۆكۈمران سىنىپ ئىدىيىسىنىڭ مەلۇم ئىنكاسلىرى ۋە باشقا قالاق كۆزقاراشلارنى پەرقلەندۈرۈپ، كېيىنكىسىنىڭ ناچار تەسىرىنى تازىلىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىزىم دەۋرىدە ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇنى يەنىلا خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مول بايلىقى ساقلانماقتا، بۇ پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، خەلق ئەدەبىياتى تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئۇ خەلق قەلبىدە تا ھازىرغىچە ياشىماقتا. شۇ سەۋەپتىن خەلق ئاممىسى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدىن پايدىلىنىپ، داۋاملىق يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىۋاتىدۇ ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرقى زاماندا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم ژانىرلىرى، مەسىلەن، چۆچەك ۋە بىر قىسىم پانتازىيىلىك ھېكايىلەرنىڭ ئىلگىرى بارلىققا كېلىپ مەدىنى مىراس سۈپىتىدە يېزىلىپ-خاتىرىلەنگەنلىرى ياكى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغانلىرى بار. مانا مۇشۇلار ئومۇمەن يېڭى رىيال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى قايتا بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇندىن باشقا، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كۆپلىگەن ژانىرلىرى بولۇپ، بۇلار ھېلىمۇ خەلق تۇرمۇشىدا ياشىماقتا. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە، ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆپلىگەن رىۋايەت، ھېكايە ۋە قىزىل قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن ئىدى؛ مەملىكىتىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن، قوشاقتىن ئىبارەت بۇ ژانىر ھەممىدىن بەك جانلاندى، يېڭى ئەسەرلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. تېخى 1958! - يىلىدىكى ئىجادىيەت دولقۇنى بارلىققا كەلدى؛ ئۇلاردىن باشقا يېڭى خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

چۆچەكلىرى، لەتىپىلەر، تەمسىللەر، تېپىشماقلار، خەلق تىياتىرلىرى ۋەھاكازالار مۇ ئۆزلۈكسىز بارلىققا كەلدى؛ خەلق ئارىسىدىكى ئېيتىش (مەددالىق) تۈرىگە كىرىدىغان ئەدەبىياتمۇ كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش ئاساسىدا، ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يەنىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلدى. قىسقىسى، پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولغاندىن كېيىن خەلق ئەدەبىياتى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى.

سوتسىيالىزم دەۋرىدە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائى ئورنى ئۆزگەردى. هازىر ئۇلار يېزىق ۋە تۈرلۈك پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئەدەبىيات شەكىللىرىنى تامامەن ئىگەللەش شارائىتىغا ئىگە بولدى؛ يەنە بىر جەھەتتە، بۈگۈنكى يازغۇچىلىرىمىزمۇ ئىنقىلاپتىن بۇرۇنقى كونا زىيالىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خەلق ئەدەبىياتىنى ئاڭلىق يوسۇندا ئۆگىنىدۇ، مەدەنىيەتنى مىللىلاشتۇرۇش، ئامموۋلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىر قىسمىغا تەۋە دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا، بۈگۈنكى كۈندىكى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن خەلق ئەدەبىياتى گەرچە ئوخشاش بولمىغان ئەنئەنە، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىككى خىل ئەدەبىيات بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىز سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىنى بېكىتكەن ۋاقىتتا، بەزى يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولمىساق بولمايدۇ.

بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزم دەۋرىدە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادچىلىرى ئاساسەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى ئامما، شۇنىڭدەك ئامما بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىدىغان بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى. هازىر خەلق ئەدەبىياتى بۇرۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىدەكلا ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئىشچى-دېھقانلار دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغانلىقى، سوتسىيالىزىم كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناشقانلىقى، خەلق مەدىنىيەتنى ئىگەللىگەنلىكى ئۈچۈن، يېڭى خەلق ئەدەبىياتى ئىجادىيەت مەزمۇنى جەھەتتە بۇرۇنقى زاماندىكى خەلق ئەدەبىياتىغا ئوخشىمايدۇ. بولۇپمۇ ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە يېپ-يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى.

ئىككىنچىدىن، خەلق ئەدەبىياتى ئەزەلدىن كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا! تارقالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئەمگەكچى ئامما ئېلىپ بارغان يېڭى خەلق ئىجادىيىتى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئېغىز ئىجادىيىتى بولۇپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقالماقتا. بۇ ئەمگەكچى خەلققە تونۇشلۇق ۋە ئۇلار ئامراق شەكىل. بۇ خىل شەكىل مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھازىر ئەمگەكچى ئامما خەلق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، يېزىقنى قورال قىلىپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئى ئۇسۇلى ۋە بەدىئى شەكلىنى قوللىنىپ يازسا بولىۋېرىدۇ. بۇ خىل ئىجادىيەت ئامما ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقالغان ھامان، ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا ئۇ خەلق ئەدەبىياتى بولىدۇ. بەزى ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئادەتتىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي شەكلىنى قوللىنىپ يېزىقچىلىق قىلىشىغا كەلسەك، ئۇلار پەقەتلا يازما شەكىلدە ئېلان قىلىنىدىغان ئادەتتىكى ئاممىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتى ئەمەس. سوتسىيالىزىم دەۋرىدە ئاممىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن يېڭى خەلق ئەدەبىياتى بىر ئۇقۇم ئەمەس، بۇ ئىككىسى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىزىم دەۋرىدىكى زىيالىلار ئەمگەكچى خەلق دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئەمما نۆۋەتتە جىسمانى ئەمگەك بىلەن ئەقلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمگەكنىڭ پەرقى يەنىلا مەۋجۇت بولغانلىقتىن، زىيالىلار تۇرمۇش، خىزمەت، مەدەنىي تەربىيىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئادەتتىكى ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر-قەدەر كۆپرەك ئۇچرىشىدىغانلىرى يەنىلا كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىياتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى شەكلىنى قوللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش شارائىتى تېخىمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئېستېتىكىلىق تەلىۋىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلا بولسا، ئۇ خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. مەلۇم دائىرىدىكى ئامما ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر ئوخشاشلا خەلق ئەدەبىياتى ھېساپلىنىدۇ. لېكىن ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىجادىيەت ناھايىتىمۇ ئاز.

قىسقىسى، يېڭى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىنى بېكىتكەن چاغدا، ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنى خەلقنىڭ رېيال تۇر-مۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇنغا ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە بۇ خىل ئىجادىيەتتە ئامما ئوقۇشقا ۋە ئاڭلاشقا ئامراق خەلق ئەدەبىياتى شەكلىنى قوللىنىپ، ئاممىنىڭ ھوزۇرلىنىش ئادىتىگە ماسلىشىش، ئامما ئارىسىدا ئېغىز-دىن-ئېغىزغا تارقىلىدىغان قىلىشنى تەكىتلەش زۆرۈر. بۇ تارىخ شەكىللەندۈرگەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ ئادەتتىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىياتىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىن مەقسەت

١. خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، خەلقنىڭ تارىخنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت نۇقتىئىنەزەرنى كۈچەيتىش.

ئېلىمىزدە خەلق ئەدەبىياتى ئىشلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنقى ئون يەتتە يىلدا خېلى راۋاجلانغان ئىدى، لېكىن لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قوتۇرغان ئون يىل ئىچىدە ئۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زور ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇلار «تالانت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ نەزەرىيىسى»نى ھەدەپ تەرغىپ قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى ياراتقۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. خەلق ئەدەبىياتىنى «فېئوداللىزم، كاپىتالىزم ۋە شىۋجىڭجۇيىنىڭ قارا مېلى» دەپ ھاقارەتلەپ، ئاممىنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشىغا يول قويمىدى، خەلق قوشاقچىلىرى ۋە خەلق ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرىگە زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى نابۇت قىلدى. خەلق ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى... بۇلارنىڭ بارلىقى ئۇلارنىڭ خەلقنى ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆچ كۆرۈشتەك فېئوداللىق، فاشىستىك خاراكتېرىنى تولۇق ئاشكارىلايدۇ. ھازىر لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» گەرچە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇ خىل فېئوداللىق مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى ئىدىيىسىنى، ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىقىنىڭ زەھەرلىرىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تازىلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە سېپىدىكى مۇھىم بىر ۋەزىپىمىز.
ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات پاكولتېتلىرى تۆتنى زامانىۋىلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تىل خىزمىتى كادىرلىرىنى،
ئوقۇتقۇچىلارنى، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنى، پەن-تەتقىقات
خادىملىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە
ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلاردا تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق
نۇقتىئىنەزەرنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلقنى قىزغىن سۆيۈشتەك
ئىدىيەۋى ھىسسىياتنى يېتىشتۈرۈش لازىم. ئەلۋەتتە، بۇ خىزمەتنى
ئاساسەن ماركسىزىمنى ئۆگىنىشكە ۋە ئىجتىمائى ئەمەلىيەتكە تايىنىپ
ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما ھەر خىل كەسپىي دەرسلەرمۇ بۇ
جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ «خەلق ئەدەبى-
ياتى»غا ئوخشاش مۇنداق دەرسلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەدەبىي
ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشنى دۈيشياك قىلىشى، بۇ جەھەتتە رولىنى جارى
قىلدۇرۇشى كېرەك ۋە بۇنىڭغا شەرت-شارائىتىمۇ بار. ئۆز ۋاقتىدا
گوركى قاتتىق غەزەپ بىلەن مۇنداق دېگەن: «ئەمگەكچى خەلق
تارىخنى ياراتتى، لېكىن ئۇلار تارىخنى خاتىرىلىيەلمىدى، تارىخنى
يازغۇچىلار ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدىغان باشقا بىر سىنىپنىڭ كىشىلىرى
بولدى. مۇشۇ ئەڭ ئاددى سەۋەپ تۈپەيلى تارىخنى ياراتقان، ئېغىر
ئىش قىلىدىغان ئىشچىلار تارىخىي كىتاپلاردا گايىدا بەزى كىشىلەر
تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنىغان بولسىمۇ، لېكىن ھامان ئىسيانچىلار،
ياخشىلارنىڭ راھەت، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە توسقۇن بولغۇچى
بۇزۇقلار دەپ قارالدى. ماددى مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغان
دېھقانلار ۋە ئىشچىلار تارىخ بابىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى.»①

---

① گوركى: «بىزا تارىخى»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەلق ئەدەبىياتى
نەشرىياتىنىڭ 1978-يىللىق نەشرى، خەنزۇچە 151-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىز چوقۇم پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بۇ خىل ئۇقتىدە-
نەزەرنى تازىلاپ، خەلقنىڭ «تارىخنى ياراتقۇچىلار» ئىكەنلىكىدىن
ئىبارەت ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، خەلقنىڭ مەدەنىي-
يەتنى ئىجات قىلغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتلار بىلەن ئېكىسپىلاتا-
تور سىنىپلارنىڭ خەلق ئاممىسىنى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى پەس
كۆرۈشتەك بارلىق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىگە كۈچلۈك رەددىيە
بېرىمىز؛ خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش پائالىيىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ
جاسارىتىنى ئۈستۈرۈپ، خەلقنىڭ يالغۇز ماددىي بايلىق ياراتقۇچىلارلا
ئەمەس، بەلكى يەنە مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلار ئىكەنلىكىدىن
ئىبارەت ئۇقتىدىنەزەرنى كۈچەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا قەتئىي
تايىنىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئورۇنلاش
ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى تۇرغۇزىمىز ۋە چىڭىتىمىز.

2. خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، خەلقنىڭ ئىدىيىسى ۋە بەدىئىي
قىلىش ئۇزۇق ئۆزلەشتۈرۈش.

خەلق ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاج-
لىنىشى بىلەن خەلق تارىخنى ياراتقان دىگەن بۇ تارىخىي ماتېرىيا-
لىزىملىق قائىدىنىڭ توغرىلىقىنى، ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ خەلققە بولغان
تونۇشىمىزنى توغرىلاشتا زور ياردىمى بولىدىغانلىقىنى جانلىق
يوسۇندا ئىسپاتلاپلا قالماي، بەلكى ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ نادىر ئىجادىي
مېۋىلىرى ئارقىلىق بىزنى مول ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي ئۇزۇق بىلەن
تەمىن ئەتتى.

(1) خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەھمىيىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدى-
يىۋى مەزمۇنى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجاتچىلىرى كەڭ ئەمگەكچى خەلق،
ئۇلارنىڭ ئەمگىكى جەمىيەت ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي تۇرمۇش
ماتېرىياللىرىنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى ئىجادىيەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇلغىمۇ بولدى. خەلق ئەدەبىياتىدا كىشىلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا
كەلگۈن ۋە باشقا تەبىئى ئاپەتلەر ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلغان-
لىغى، قورال - جابدۇقلارنى قانداق ياسىغانلىغى، دورا ئۆسۈملۈك-
لىرىنى قانداق تاپقانلىغى، هايۋانلارنى قانداق ئۆگەتكەنلىكى... ۋە-
هاكازالار توغرىسىدا چۆچەك ۋە رىۋايەتلەر توقۇلغان؛ ئەمگەك
ماهىرلىرىنىڭ ئاجايىپ هۈنەرلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇلۇپ، ئۇلار ئەۋلىيالار
قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان؛ كىشىلەر ناخشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمگە-
كىگە جۆر قىلغان، ئۇسۇل ۋە تىياتىرلار ئارقىلىق ئەمگەك هاياتىنىڭ
مەنزىرىسىنى ئىپادىلىگەن، يەنە هېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۆزلە-
رىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن...؛ خەلق ئەدە-
بىياتى يالغۇز ئەمگەكنى تىما قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەمگەك
ۋە تۇرمۇشنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق هالدا ئىپادىلەيدۇ. ئومۇمەن.
ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەكچانلىغى ۋە ئەمگەك سۆيۈش هېسسىياتىنى
ئىپادىلەيدۇ. بەزىدە زارلىنىش - ئاغرىنىشلارمۇ ئۇچرايدۇ، بۇنى ئاساسەن
ئۇلارنىڭ يىل بويى جاپالىق ئىشلەپمۇ هاسىلاتقا ئىگە بولالمىغانلىغى
كەلتۈرۈپ چىقارغان. كىشىلەر ئەزەلدىن ئەمگەكنىڭ ئەهمىيىتىدىن
شەكلەنمىگەن. بولۇپمۇ دېهقانلارنىڭ تەمسىللىرىدە ئۇلار ئۆز
ئەمگىكىگە نىسبەتەن قايناق هېسسىياتقا تولغان بولىدۇ. خەلق ئەدە-
بىياتىدا يەنە كىشىلەر دائىم «هۈنەرۋەنلىشىش» ئىدىيىسىنى رىۋايەت
ۋە چۆچەك شەكلىدە ئىپادىلىگەن. ئۇلار ياغاچتىن ئۇچىدىغان قۇش-
لارنى ياساشنى، ئەمگەك قىلالايدىغان ياغاچ ئادەملەرنى هەققى
ئادەملەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى؛ جىنى بار رەسىملەرنىڭ بولۇ-
شىنى، يەر ئاستىدىكى ئاۋازنى ئاڭلىيالايدىغان قۇلاقنىڭ، مىڭ
چاقىرىم يىراقلىقتىكىنى كۆرەلەيدىغان كۆزنىڭ بولۇشىنى... خىيال
قىلىشقان، ۋەهاكازالار. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى
بوي سۇندۇرالايدىغان غايەت زور ئىمكانىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۈرگەن. ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى كۈندە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى قەدىمقى زامان خەلق ئەدەبىياتىدىكى ھېلىقىدەك خىياللاردىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن خەلقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويغىنى يوق. بىز قەدىمقى زامان كىشىلىرىمىزنىڭ ئەمگەككە بولغان قىممەتلىك ھېسسىياتى ۋە ئاجايىپ-غارايىپ تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن تونۇشلۇق، بىز قەدىمقىلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنماسلىقىنى، ئېزىلمەسلىكىنى ئىزلەيدىغان «جەننەت» نامىلىق ئەسەرگە ئوخشاش ئەسەرلەرنى ئۆگەنگىنىمىزدە، بۇ ئەسەرلەر بىزنى بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئىشلارنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان قىلىدۇ ۋە بىزنىڭ ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنى ئىگەللىشىمىزگە ئىلھام بېرىدۇ. يېڭى خەلق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە كەلسەك، بۇ ئەسەرلەردە خەلقىنىڭ خوجايىنلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ئۆزىنى ئوتتۇغان ھالدا ئەمگەك قىلىش روھى مەدھىيىلەنگەن، ئۇنىڭ تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىش رولى ئۈستىدە كۆپ توختىلىشىمىز ھاجەتسىز بولسا كېرەك.

سىنىپىي كۆرەش ئاساسىي تېما قىلىنغان خەلق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دېموكراتىيىگە ۋە ئىنقىلاۋىي روھقا باي بولغان جەۋھىرىي قىسمى. بۇ خىل ئەسەرلەر سىنىپىي جەمىيەت تارىخىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى، ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ قان ۋە ياشلىرى بىلەن يېزىپ چىققان داستانلار بولۇپ، ئۇ بۈرۈندىن تارتىپ ئاممىنىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش رولىنى ئويناپ كەلدى، ھازىرمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش يىللىرىدا يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئىزوۋ مەسىلىلىرى» ئىچىدىكى دېھقان بىلەن يىلان ھېكايىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق تونۇۋېلىشقا تەربىيىلەپ،

كىشىلەرنى يىلانغا ئوخشايدىغان ياۋۇز ئادەملەرگە ئىچ ئاغرىتماسلىققا ئۈندىگەن. ھازىرمۇ بىز يەنىلا خەلقنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئەقىل-پاراسىتىنى قوبۇل قىلىپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئېزىلىشكە ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا مۇھتاجمىز. خەلق ئەدەبىياتىدا ئەزەلدىن يۆفېي، چى جىگۇاڭ، جېڭ چېڭگۇڭ قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلار مەدھىيىلەنگەن، چىن خۈيغا ئوخشاش ۋەتەن خائىنلىرى تىللانغان ۋە جازالانغان، بىز مۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

خەلق ئەدەبىياتى ئېلىمىز خەلقىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىمۇ بىزنى مول ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ. خەلق ئەدەبىياتى تارىختىن بويان ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان، ئامما ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان، نامرات ۋە ئاجىزلارغا خەيرىخاھلىق قىلىدىغان، ئېزىلىشكە قارشى تۇرىدىغان شەخسلەرنى مەدھىيىلەپ كەلدى. دايۈينىڭ سۇنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتۈپمۇ ئۆيىگە كىرمىگەنلىكى، نەچچە مىڭ يىلدىن بويان ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە؛ باۋگوڭ ئەنزىگە خالىس ھۆكۈم چىقىرىدىغان، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىدىغان، قىلچىمۇ يۈز-خاتىرە قىلمايدىغانلارنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. خەلق ئەدەبىياتىدا، ئومۇمەن ئىشچان، سەمىمى، سادىق، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەيدىغان، كوللېكتىپقا ئېتىۋار قىلىدىغان.... ئىدىيىۋى خىسلەتلەرمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ؛ سۆزى بىلەن ھەركىتى ئوخشاش بولمايدىغان، باشقىلارنىڭ زىيىنى ھېساۋىغا ئۆزىنى بېيىتىدىغان، ئاچكۆزلۈك قىلىدىغان، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان قىلىقلار رەھىمسىز ھالدا مەسخىرە قىلىنىدۇ ۋە پاش قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خەلق ئەدەبىياتىدا فېئوداللىق ئەخلاق ۋە نىكا تۈزۈمگە قاتتىق قارشى تۇرۇلدۇ، كېلىنىنى خارلايدىغان، قېيىنئانا ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بەختىگە ئولتۇرىدىغان ئاتا-ئانىلار ھەمىشە دىگۇدەك تەنقىت ۋە قاغىشقا ئۇچرايدۇ، لېكىن ئاما بۇنىڭلىق بىلەن نورمال ئەخلاقىي قائىدىلەرنى ئىنكار قىلىۋەتكىنى يوق، «خوتۇن ئالغاندىن كېيىنلا ئاتا-ئانىسىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان» بەزى ياشلار نۇرغۇن ناخشا-قوشاقلاردا مەسخىرە قىلىنىغان. بۇ ئارقىلىق كىشىلەر يۇمۇرلارغا قىزىقىش بىلەن بىللە تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىنىغان. ئومۇمەن بۇلارنىڭ بارلىغى ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش سىنىغىدىن ئۆتكەن، كىشىلەر ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان ئەخلاقىي قائىدىلەر ۋە ئەخلاق كۆزقاراشلار بولۇپ، مۇنداق پايدىلىق ئىدىيىۋى ئۇزۇقنى قوبۇل قىلىش بىزنىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاقىي-پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈشىمىزدىكى مۇھىم تەرەپ.

(2) خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىلىك جەھەتىدىمۇ، ئوخشاشلا ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بار.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ شەكلى ئادەتتە ناھايىتى ئاددى ھەم جانلىق بولۇپ، ئاما بىرقەدەر ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ. لېكىن، خەلق ئەدەبىياتىدا غايەت كاتتا ۋە ئۇزۇن ئەسەرلەرمۇ يوق ئەمەس، مەملەكىتىمىزدىكى كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن داستانلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ھەجمى جەھەتتە دۇنيادا كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، زاڭزۇلارنىڭ «گېسار» داستانى بىر مىليون مىسراغا يېتىدۇ؛ قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانىمۇ نەچچە يۈز مىڭ خەتلىك چوڭ ئەسەر بولۇپ، بۇلار پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى ئىگەللەيدۇ. خەنزۇلارنىڭ ناخشىلىق سۆز (بېيت) ئېيتىشلىرىدىمۇ ئوخشاشلا سەنئەتكارلارنىڭ ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا توپلىغان بەدىئىي ئەسەرلىرى بار. گەرچە خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەدەبىياتىدىكى ئورغۇن ئەسەرلەر مەلۇم بىر ۋاقىتتا، مەلۇم بىر كوللېكتىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، پىششىق بولمىغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ناھايىتى تېز لا يوقاپ كېتىدۇ. لېكىن، بۇ پەقەت بىر جەھەتتىكى ئەھۋال بولۇپ، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، خەلق ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەسەرلەر جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان زىددىيەتلەرنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كەڭ ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ۋە غايىلەرنى ئىپادىلىگەن؛ ئۇلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا تارقىلىپ، كەڭ رايونلار ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ۋە ھەر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت شەكىللىرىگە ئارقا-ئارقىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن. خۇددى پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز، مىڭ جياڭنۈي، لۇبەن، لياڭ سەنبو بىلەن جۇ يىڭتەي، كۇلرەڭ بۆرە قاتارلىقلار توغرىسىدىكى رىۋايەت ۋە چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. ئۇزاق مۇددەت تارقىلىش جەريانىدا، ئۇلار ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىلىك جەھەتلەردە بارغانچە تولۇقلىنىپ، بىر خىل «مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچ»كە ئىگە بولغان. «ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزگەرمەيدۇ، ھەممە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ نەرسىسى قىلسا بولىدۇ.»① شۇنداق قىلىپ ئۇ بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمىغا ئايلانغان.

خەلق ئەدەبىياتى ئاددىي، جانلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، روشەن، جانلىق ۋە غايەت زور يىغىنچاقلىققا ئىگە ئوبرازلار ۋە تىپلارنى يارىتىشقا

---

① ئېنگېلس: «گېرمانىيىنىڭ خەلق رىۋايەتلىرى»، «ماركس، ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا» 4-توم. خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1966-يىللىق نەشرى، 406-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەپلىك. ئىلىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىكى، مەسلەن، كۇاپۇ، دايۇي، جىڭ ۋېي، يۈي گۇڭ، لىيۇسەنجيې، خۇا مۇلەن، ئاسما، ئەپەندى، ۋۇسۇڭ، شۇنىڭدەك يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان كىسار، ماناس، لۇبەن، مىڭ جياڭنۇي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەشھۇر تىپىك شەخسلەر، ئۇلاردىن قالسا، كونكرېت ئىسمى باشقا-باشقا، لېكىن ئەقىل-پاراستى بىلەن نام چىقارغان يىللىقچىلار، چىۋەر ئاياللار قاتارلىقلارمۇ بار، بۇلار مەلۇم تىپىكلىككە ئىگە. بۇ شەخسلەر ئىچىدە بەزىلىرى ئۇزۇن داستانلاردا (خەلق داستانلىرى، مەددالىق قاتارلىقلاردا) يارىتىلغان، بىراق يەنە بىرمۇنچىلىرى قىسقا چۆچەك، رىۋايەت ۋە ھىكايىلەردە يارىتىلغان. شۇنداق بولغاچقا، بەزى قىممەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجات قىلىش داۋامىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىشىمىز ۋە يەكۈنلىشىمىز لازىم.

كونا زاماندا، ئەمگەكچى خەلق مەدەنىيەتنى ئىگەللەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ساۋاتسىز ئىدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پايدىسىز بىر شارائىت ئىدى. لېكىن، بۇ نەرسە ئۇلارنى قورقىتالمىدى، ئۇلار ساۋاتسىز بولسا ئادەت تىلى ئارقىلىق ئىجات قىلدى، ۋاھالەنكى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيىتى بار، بۇ خىل قانۇنىيەتنى يالغۇز مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقۇرى بولغانلارلا ئىگەللىگەن ئەمەس، ساۋاتسىز ئەمگەكچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا، بەدىئى ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللەپ ئالغان، پۈتكۈل ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، بەزى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە جارى بولۇپ كەلگەن. مەسلەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر بولىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىچىدە، تەسەۋۋۇر ئىنتايىن

مۇھەم رول ئوينايدۇ. بۇ خىل تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچى ئادەملەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرىشى داۋامىدا راۋاجلانغان ھەمدە ئالدى بىلەن ئىپتىدائىي چۆچەكلەر ۋە پانتازىيىلىك ھېكايىلەردە ئىپادىلەنگەن. گوركىي شۇنداق قارايدۇكى، ئادەمنىڭ «تونۇشى» ۋە «تەسەۋۋۇرى» ئىككى خىل قۇدرەتلىك ئىجادىي كۈچ. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتساق: «بىلىش - تەپەككۇر قىلىش دېمەكتۇر. تەسەۋۋۇر ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، دۇنيا ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر. لېكىن، بۇ ئاساسەن ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىنىدۇ. مانا بۇ بەدىئىي تەپەككۇر قىلىش دېيىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى: تەسەۋۋۇر - تەبىئەتكە ئاتا قىلىنغان ئىستىخىيىلىك ھادىسىلەر بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئادەملەرنىڭ پەزىلىتى، سەزگۈسى ۋە ھەتتاكى غەرىزىدىن ئىبارەت ئىقتىدارى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.»① گوركىي بۇ يەردە ئېيتقان تەسەۋۋۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوخشاشلا قەدىمقى زامان رىۋايەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى. قەدىمقى چۆچەكلەرنىڭ كۆپىدە تەبىئەت كۈچى ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، تەسەۋۋۇر داۋامىدا ئادەمنىڭ تەبىئەتتىنمۇ بەكرەك قۇدرەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىش غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چۆچەكلەر، خەلق رىۋايەتلىرى ۋە بەزى ھېكايىلەردىكى تەسەۋۋۇر ۋە خىياللار خەلق ئەدەبىياتىدىكى غايەت زور بىر ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتتا رېياللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش، غايىنى ئىپادىلەشتىكى بىپايان زېمىننى ئېچىپ بېرىش بىلەن تارىختىن بۇيان يازغۇچىلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغاپ كەلدى.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىياتتىكى يەنە بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ يېڭى شەكىلنى ئىجات قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز

---

① گوركىي: «يېزىقچىلىقنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىم توغرىسىدا»، «ئەدەبىياتىيە ئىلمى»، خەنزۇچە 16 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

هالدا ئەدەبىياتقا يېڭى زېمىن ئېچىپ بەردى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلى جەھەتتىكى ئىجادىي كۈچى كىشىنى هاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ تىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ بىزنىڭ خەلق تىلىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

خەلق ئەدەبىياتىدا خەلق ئاممىسى جانلىق تىل ئىشلىتىدۇ. بۇ خىل تىل ئەسلىدە ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ ئىجادىيەت داۋامىدا يەنە تەكرار پىششىقلىنىدۇ ۋە تاللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىللىي تىلنىڭ ئىسىل خۇسۇسىيىتى يەنىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ناھايىتى كۆپلىرى ئانا تىلنى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. پۇشكىن ياش يازغۇچىلارغا مۇنداق دىگەن ئىدى: «خەلقنىڭ كۈندىلىك ئاددى تىلىغا زەڭ قويۇڭلار»، «سىلەر بۇ تىلدىن ژورناللاردىن ھەرگىز تاپالمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيسىلەر، ئورۇس تىلىنىڭ بايلىقلىرى بىلەن تەلتۆكۈس تونۇشۇش، قەدىمقى زامانىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى، ھىكايىلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش تامامەن زۆرۈر؛......پۇقرالارنىڭ ئېغىز تىلىنى بەكمۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ؛ ياش يازغۇچىلار، پۇقرالارنىڭ چۆچەكلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئورۇس تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى چۈشىنىڭلار.»①

ئاددى، ئىخچام، ئوبرازلىق بولۇش خەلق ئەدەبىياتى تىلىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىگى. ئەينەنلىك ـ چىنلىق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ جېنى. «يالغان شېئىر بولىدۇ، لېكىن يالغان قوشاق بولمايدۇ.»②

---

① «پۇشكىن ۋە خەلق ئەدەبىياتى» دىگەن ماقالىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن، «سوۋېت خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى»، يازغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ 1958 ـ يىلقى نەشرى، خەنزۇچە 121 ـ بەت.

② فېڭ مېڭلۇڭ: «قوشاق ھەققىدە»، «قوشاقلار»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسىنىڭ 1962 ـ يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«قوشاقلارنىڭ ھەر جۈملىسى ھەقىقەت». مانا بۇ سۆزلەردە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەقىقى ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، راست سۆزلەنگەن ئەسەرلەر ئاما تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ساددىلىقتىن خالى بولالماسلىقتەك خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلىگەن. خەلق ئەدەبىياتى كىشىلەرنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەينەن تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىكى يۈكسەك تىل سەنئىتى ئۇنىڭ ھەمىشە ھېچقانداق ئورۇنسىز تۈزىتىش ۋە زىننەتلىنىشسىزلا تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىپادىلەپ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىسىنى شۇ زامات تىترىتەلىشىدە. تىلنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىقتىدارنى ئادەتتە يازغۇچىلار تولىمۇ جانلىق ئۆگىنىش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ خەلق ئەدەبىياتىدا تەييار بار نەرسە.

ئىخچام بولۇشمۇ ئەدەبىي تىلدا ئىگەللەش قىيىن بولغان بىر ئۇسلۇپ. ئىخچام دېگەن ئاددى دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ مەزمۇننى تولۇقلاشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شەيئىلەر بىلەن پىششىق تونۇشقاندا، مۇھىم نۇقتىنى ئىگەللەشكە ماھىر بولغاندىلا، ئاندىن ئىپادىلەش ئىخچام ۋە دەل بولىدۇ. خەلق ئاممىسى ئۆزى ئىپادىلەيدىغان تۇرمۇشنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىزھار قىلىدىغىنى ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھېسسىياتلار، يەكۈنلەيدىغىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى ياكى مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار چۈشىنىشلىك، ئېنىق، ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خۇددى تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرگە ئوخشاش بىر-ئىككى جۈملە سۆز، بىرەر-ئىككى قۇر خەت بىلەنلا ناھايىتى جانلىق ئوبرازلارنى يارىتالايدۇ، چوڭقۇر مەنىلىك پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى يىغىن-

چاقلىيالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىلاسسىك يازغۇچىلار تەمسىلىلەرنى ئۆگىنىشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭدىن مول تىل ماتېرىياللىرى ئېلىپ ۋە ئۇنى ئۆگىنىپ ئۆز تىلىنى ئىخچاملاشتۇرغان ھەمدە ئوبرازلارنى تەكەممۇللاشتۇرغان.

يۇقۇرىدا بىز خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەلقنىڭ ئىدىيە ۋە سەنئىتىدىن ئوزۇق ئېلىشقا دائىر مەسىلىلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى كۆپلىگەن يازغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان تەجرىبىلەر. بىز ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە تىل بىلىملىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگەللەشتە، خەلق ئەدەبىياتىدىن چەتنىسەك زادى بولمايدۇ.

3. خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلۈك پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش.

خەلق ئاممىسى خەلق ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسى خەلق ئەدەبىياتى ئارقىلىق تەبىئەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدىكى بىلىملەرنى توپلاپ، جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. مانا بۇ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئادەتتە يازغۇچىلار يازغان ئەسەرلەرگە زادى ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى. شۇڭلاشقا خەلق ئەدەبىياتى يالغۇز ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن تەرەققىياتىغا نىسبەتەنمۇ ھەر جەھەتلىمە قىممەت ھەم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(1) خەلق ئەدەبىياتى مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن كەلگەن، شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەدىمدىن تارتىپ ھەرقايسى سىنىپلار ئۇنىڭغا سىياسى جەھەتتىن
ئەھمىيەت بەرگەن. ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى فېئوداللىق جەمئىيىتىدە،
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھۆكۈمەت شېئىر-قوشاق توپلاش ئەمەلدار-
لىرىنى بەلگىلەپ، مەخسۇس خەلق قوشاقلىرىنى توپلاتقۇزغان،
ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى سىياسى مەقسىدى «ئۆرپ-ئادەتكە
قاراپ، پايدا-زىياننى بىلىش»① ئىدى. يېقىنقى زامان كاپىتالىزمى،
خۇسۇسەن جاھانگىر دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىدىكى خەلق ۋە مۇستەملىكە-
لىرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەلق ئەدەبىيا-
تىنى تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. تارىختىكى دېھقانلار
قوزغىلىڭى، ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتى ۋە پرولېتارىيات
ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇستازلىرى بولسا ھەرقايسى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى
سىنىپلاردىن پەرىقلەندۈرۈلگەن ھالدا، خەلق ئەدەبىياتىدىن خەلق
مەنپەئەتى يولىدا پايدىلاندى. ماركس ۋە ئېنگېلسلار خەلق ناخشى-
سىنىڭ سىياسى ئەھمىيىتىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. ھەممىشە ئۇنى
كۆرەشنىڭ بىر خىل قورالى قىلغان. لېنىنمۇ ئۆز سۆزلىرىدە خەلق
ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى سىياسى نۇقتىدىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە
تەكشۈرۈش، خەلقنىڭ ئۈمىدى ۋە ئارزۇ-تىلەكلىرىنى خەلق ئەدە-
بىياتى ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت
بېرىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

خەلق ئەدەبىياتى كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ،
ئۇ يەنە خەلقنىڭ رېئال جەمئىيەت ۋە سىياسىغا بەرگەن باھاسىنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گومورو مۇنداق دېگەن ئىدى:
«خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى بىر ئەينەك بولۇپ، ئۇ سىياسىنىڭ
قىياپىتىنى كۆرسىتىدۇ.»② مەسىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

① «خەننامە. سەنئەت ھەققىدە».
② گومورو: «خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىن مەق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش دەۋرىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇپ، مىللىتىمىزنى خەۋپتىن قۇتقۇزدى، ئازات رايونلاردا كەڭ خەلق قەد كۆتىرىپ ئازات بولدى. شۇڭا ئۇلار پارتىيە ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي داھىلارنى مەدھىيىلەيدىغان «شەرق قىزاردى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قەلبىنى ئىپادىلەپ، دەۋر ئاۋازىنى تارقاتتى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى داۋامىدا لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئەتۇر يولغا مېڭىپ، خەلق ئىگىلىكىنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويدى. پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق سالدى، جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مەسخىرە قىلىنغان نۇرغۇن لەتىپىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ناتوغرا كەيپىياتلار پاش قىلىنغان بېيىتلەر مەيدانغا كېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى ئۇلغايتتى. نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ئوخشاشلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل رېيال سىياسى رولىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، خەلقنىڭ دېموكراتىيە روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

(2) خەلق ئەدەبىياتى يەنە زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە. گوركى مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىنى بىلمىگەندە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەقىقى تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس»، «قەدىمقى زاماندىن باشلاپ خەلق ئىجادىيىتى ئۈزلۈكسىز ۋە مۇستەقىل ھالدا تارىختا ھەمرا بولۇپ كەلدى.»① خەلقنىڭ

---

ـەت»، «خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى مەجمۇئەسى» 1 - قىسىم.

① «سوۋېت ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە 113 — 112 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يېزىق ئارقىلىق تارىخ يازغىنىغا ھازىر بىرقانچە مىڭ يىل بولدى. بىز بۈگۈن تارىخنىڭ يېزىق ئىجات بولۇشتىن بۇرۇنقى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرىنى بىلمەكچى بولىدىكەنمىز، ئارخېلوگ قېزىلمىلىرى ۋە بەزى پارچە نەرسىلەر، ئەسلىمە خاراكتېرىدىكى قەدىمقى زامان ماتېرىيال خاتېرىلىرىگە تايانغاندىن باشقا، قەدىمقى زاماندىن قېپقالغان ئېغىز ئىجادىيىتىدىن تارىخىي ماتېرىيال ئالالايمىز، خالاس. قەدىمقى ۋە ھازىرقى جەمئىيەتتە، تەرەققىياتى ئاستا بولغان بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى — ئۇلارنىڭ تارىخى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى، جەمئىيەت تۈزۈمى، زور تارىخىي ۋەقەلەر، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش جەريانى ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىغا سىڭگەن بولۇپ، ھەنىۋاسى ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا تارقىلىپ-ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا ماركسىزمچى كلاسسىك يازغۇچىلار خەلق ئەدەبىياتىنىڭ جەمئىيەت تارىخىدىكى قىممىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە، ھومېرنىڭ تارىخىي داستانىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قەدىمقى يۇنان جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدىكى ئەھۋاللارنى كۆپ قېتىم شەرھىلىگەن ئىدى.

يېزىق ئارقىلىق خاتىرە قالدۇرۇش بارلىققا كەلگەندىن كېيىنى ئۇزۇن دەۋر سۈرگەن جەمئىيەتتە، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تارىختىكى قىممىتىگە ئوخشاشلا سەل قاراشقا بولمايدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە تارىخشۇناسلىق ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخنى ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت رولىغا تېگىشلىك ئېتىبار قىلىنمىغان. شۇنداقلا، بۇنىڭغا دائىر خاتىرىلەنگەنلىرىمۇ ھەمىشە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇرمىلانغان. ۋاھالەنكى، خەلق بولسا ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەينەن خاتىرىلەرنى كۆپلەپ ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم تارىخىي ۋەقە ھەم شەخسلەرگە بەرگەن توغرا باھاسىنى نامايەن قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن دىخانلار قوزغىلىڭى ۋە قوزغىلاڭ داھىلىرىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ «توغرا تارىخى»دا ئەيىپلەنمىگىنى يوق. ھالبۇكى، خەلق ئىجادىيىتىدە بولسا، ئۇلار قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەققانى خاراكتېرى، ئامىنىڭ ئۇلارنىڭ تارىخىي تەشەببۇسكارلىق روھىنى قوللىغانلىقى مەدھىيىلەنگەن. بۇ ئىككى خىل باھا، ئىككى خىل پوزىتسىيىنىڭ قايسىسى تارىخىي چىنلىققا بەكرەك ئۇيغۇن كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئالدىنقىسى ئەمەس، كېيىنكىسى ئۇيغۇن كېلىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا كەڭ خەلق ئامىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيە ھېسسىياتىنىڭ ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ ئۈمىدى ۋە غايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن تارىخنىڭ جانلىق مەزمۇنىنى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بىلىشكە بولىدۇ. ھەتتا بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئۆزى ھەققىي تارىخ بولىدۇ، لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، خەلق ئىجادىيىتى ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىدىغان بىر خىل ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ۋە تەپسىلاتلىرى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بىرەر ئىش ياكى مەلۇم بىر شەخسلەر توغرىسىدا دائىم ئوخشاش بولمىغان گەپ-سۆزلەر بولىدۇ. ھېكايە تەرىقىسىدىكى ئەسەرلەردە دائىم تەسەۋۋۇر ئامىللىرى بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۇنى تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلەتكەندە پەقلەندۇرۇشىمىز زۆرۈر، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇنىڭ تارىخشۇناسلىقتا ئوينىشى تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزۈپ قويىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(3) تارىخشۇناسلىقتا ئوخشاشلا پەلسەپە، جەمىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، خەلق ئۆرپ-ئادەتشۇناسلىق، پىداگوگىكا ئىلمى، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرمۇ خەلق ئەدەبىياتىدىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئالسا بولىدۇ. ئۇلارنى بۇ يەردە بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. تۆۋەندە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدىكى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئېلىمىز — يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە خېلى بۇرۇن تەرەققىي قىلغان بىر دۆلەت. ئۆتمۈشتە دېھقانلارنىڭ ھاۋا رايى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى ئاساسەن دېھقانلارنىڭ تەمسىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، شۇڭا تارىختىكى يېزا ئىگىلىك ئىلمى ۋە مېدىتسىنا ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەلىنۋاسىدا دېھقانلار تەمسىللىرىنى ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلگەن، ئاشۇ ساھەلەر دائىم مۇشۇ يول ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن. دېھقانلارنىڭ تەمسىللىرىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۈزىتىش قاتارلىقلارغا دائىر ساۋاتلار ئادەتتە يەرلىك چەكلىمىگە ئۇچرىغاچقا، پارچە-پۇرات كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇ تارىختا ئەينى ۋاقىتتىكى تەبىئىي پەننىڭ مەلۇم جەھەتلەردىكى تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئەنگلىيىلىك لىۋىس «جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمقى زاماندىكى ھاۋارايى بىلىمىنىڭ تەرەققىياتىغا كەلسەك، كىشىلەر لەن كېجىننىڭلا پىكرىگە قوشۇلىدۇ. يەنى ھاۋارايىنى ئالدىن كۆزىتىش باشتىن-ئاخىر دېھقانلار تەمسىللىرى باسقۇچىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. تەبىئىكى، ياۋروپادا ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇرۇلمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى.»① بۈگۈنكى كۈنــدە ھاۋارايى ۋە ھاۋارايىنى ئالدىن كۆزىتىش توغرىسىدىكى مەلۇم مەسىلىلەر ھىلىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىستىمال قىممىتىگە ئىگە. ئۇلار يەنىلا پەن خادىم-لىرىنىڭ ناھايىتى ئوبدان تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. خەلق ئەدەبىيا-تىدىكى تەبىئىي پەن قىممىتىگە ئىگە ماتېرىياللار دېخانلار تەمسىللىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. قەدىمقى زاماندىكى چۆچەكلەر ۋە رىۋايەتلەردە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاسمان جىسىملىرى، تاغ-دەريالار، يەر شەكلى قاتارلىقلار يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن، بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى گەرچە پەننىي ساۋات دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قەدىمقىلارنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىشىنىڭ ئىزچىل ئىزدىنىشى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزەتكەن. خەلق ئەدەبىياتىدىكى كۆپلىگەن «تېبابەت پىرلىرى»نىڭ كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلىرىدە، قەدىمقى زاماندىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى يەكۈن-لەنگەن. چۆچەك ۋە قوشاقلاردا ھەمىشە جايلارنىڭ خاس مەنزىرى-لىرى ۋە ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇمۇ جۇغراپىيەنى مەلۇم دەرىجىدە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي پەن خادىملىرىنىڭ ئىزلىنىشىگە ئەرزىيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى بايلىقلىرىنى كەڭ تۈردە قېزىشىمىز ۋە ئىشلىتىشىمىز كېرەككى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجا-دىيىتى سوتسىيالىستىك پەن-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرسۇن.

---

① لىيوس: «جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا تارىخى» (خەنزۇچىغا قىلىنغان تەرجىمىسى) 4-توم 21-باپ، پەن-تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ 1975-يىلقى نەشرى، خەنزۇچە 708-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە قوللىنىشقا تېگىشلىك مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل

يۇقۇرىدىكى مەقسەتكە ئۇڭۇشلۇق يېتىش ئۈچۈن، توغرا مەيدان، توغرا نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل قوللىنىشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك.

١. توغرا ئاممىۋى كۆزقاراشنى تىكلەش.

خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجادىيىتى، ئۇنى ئۆگىنىشتە، بىز ئالدى بىلەن ئېنىق ھالدا پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسى مەيدانىدا تۇرۇپ، توغرا ئاممىۋى كۆزقاراشنى تىكلىشىمىز لازىم. يولداش ماۋزېدۇڭ خېلى بۇرۇنلا ئاممىنى ئارىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بېرىش خىزمىتى ئۈستىدە توختالغىنىدا: «تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تۆۋەنگە نەزەر سېلىش نىيىتى بولمىسا، بىلىم ئېلىش تەشنالىقى بولمىسا، سېسىق كېرىنى تاشلاش، شاگىرت بولۇشنى خالاش روھى بولمىسا، بۇ ئىشنى چوقۇم قىلغىلى بولمايدۇ، قىلغاندىمۇ چوقۇم ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنى بىلىش لازىمكى: ئامما — ھەقىقىي قەھرىمان، بىز بولساق كۆپ ھاللاردا گۆدەكلىك قىلىپ كۈلكىگە قالىمىز، بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئەقەللىي بىلىمگىمۇ ئىگە بولغىلى بولمايدۇ.»① دېگەن ئىدى. بىز

---

① ماۋزېدۇڭ «يېزىلارنى تەكشۈرۈش»كە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم خەنزۇچە 748 - بەت.

ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئۆگەنگەندە، ئوخشاشلا مۇشۇنداق پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز لازىم. قەدىمدىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە ئۆتكەن نۇرغۇن ئەدىب-يازغۇچىلار خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتىدىن ئۆگەنگەن، ئۇنى ئەينەك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن خەلققە بىرقەدەر توغرا پوزىتسىيە تۇتقان، خەلقنىڭ دەرت-ئەلەمىگە خېلى كۆڭۈل بۆلگەن يازغۇچىلارلا ھەقىقى تۈردە خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، خەلقچىللىققا ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى ئىجات قىلالىغان. فېئودالлар سىنىپىنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرغان زىيالىلار ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن خەلق ئەدەبىياتىنى ئەينەك قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مىللىي شەكىلدىن پايدىلىنىپ يازغان ئەسەرلىرى ھەممىشە ئوقۇغانسېرى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالغان ۋە ئاخىرى كېلىپ قاتماللىشىپ كەتكەن ياكى ھالاك بولغان. ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا بەزى يازغۇچىلارمۇ خېلى بۇرۇنلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق شەكلىنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ شېئىرلار يازدى. لېكىن خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش جەھەتتە بەزى ھەقىقى ئۇنۇمگە ئېرىشىش، يېڭى ئەدەبىياتنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش ئىشى بولسا، پەقەت يازغۇچىلار يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دۇنياقارىشىنى ئۆزگەرتىكەندىن كېيىن ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، خەلق ئەدەبىياتىنى ھەقىقى، ياخشى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن مەيدان، پوزىتسىيىنى توغرىلاش لازىم. بىز ئۆزىمىز ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە ئىمكان قەدەر ئامما بىلەن ئىچ قويۇن-تاشقويۇن بولۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن خەلق ئەدەبىياتىدىن ھەقىقى تۈردە ئىدىيە ۋە بەدىئى تەربىيىگە ئىگە بولالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2. ماركسىزىملىق ئاساسىي قائىدىلەرنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش.

خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە ماركسىزىم-لېنىنىزىم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىي قائىدىلىرىنى يېتەكچى قىلىش لازىم. ماركسىزىم-نىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى ياراتقۇچىلار ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق قائىدىسى ۋە لېنىنىنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتى بىزنىڭ تۈپ ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيىمىز، شۇنداقلا بۇ بىز ئۆزىمىز بىلەن بۇرژۇئا خەلق ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ پەرق. بىز چوقۇم بۇ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، خەلق ئەدەبىياتىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇنى ھاقارەتلەيدىغان ئەكسىيەتچىل كۆزقاراشلارغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. خەلق ئەدەبىياتى — ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمى، ماركسىزىمنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى ئاساسىي قائىدىسى ۋە فاڭجېنى خۇددى ماركسنىڭ سەنئەت ۋە جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىز-لىكى توغرىسىدىكى تەلىماتى؛ لېنىنىنىڭ سەنئەتنىڭ خەلقنىڭ ئىدىيە-سىگە مەنسۇپلۇقى توغرىسىدىكى تەلىماتى؛ ستالىننىڭ سوتسىيالىستىك مەزمۇن بىلەن مىللىي شەكىل توغرىسىدىكى كۆزقارىشى؛ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش كېرەكلىكى، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» توغرىسىدىكى بايانلىرى قاتارلىقلار خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدىكى يېتەكچى پىرىنسىپلاردۇر.

ماركسىزىمغا ئەمەل قىلىشتا، بىز چوقۇم ئىنقىلاۋىي ئۇستازلار-نىڭ تەكرار-تەكرار تەكىتلىگەن ماركسىزىم دوگما ئەمەس، بەلكى ھەركەتنىڭ قىبلىنامىسى دېگەن تەلىمىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇش، چاكىنىلاشتۇرۇپ قويۇش خاھىشلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. قەدىمقىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇ-
رۇش دىگەننى تار مەنىدە چۈشىنىپ، بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن خەلق
ئەدىبىياتىنى نۆۋەتتىكى مەلۇم ۋاقىتتىكى كونكىرىت ۋەزىپىلەر
ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا، قەدىمقى
خەلق ئەدىبىياتى ئەسەرلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ ھازىرقى زامان
كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھىسسىياتىغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقا
ياكى خەلق ئەدىبىياتى ئەسەرلىرىدە خان-پادىشالار، ۋەزىر-
ئۆلىمالار، ئەۋلىيا-ئەنبىيالار ياكى باشقا ئۆزگىچە شەخسلەرنى
ئۇچراتقاندا، ئۇنى تەھلىل قىلماستىنلا ئاددى ئۇسۇل بىلەن ئېكس-
پىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە خۇراپاتلىق
كۆزقارىشىنى تەرغىپ قىلغانلىق دەپ ئەيىپلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ.
ئەگەر شۇنداق قىلىنىدىكەن مۇقەررەركى ياسىمچىلىق كېلىپ
چىقىدۇ، خەلق ئەدىبىياتى ئەسەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش توپ
ئاساستىن ئىنكار قىلىنىدۇ، شۇڭا بۇ خىل خاھىشنى تۈگىتىشكە دىققەت
قىلىشىمىز كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن بىز خەلق ئەدىبىياتىنىڭ
مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەندە، مىتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن
خەلق ئەدىبىياتىلا ئەدىبىياتىنىڭ ئاساسي ئېقىمى ۋە ۋارىسى بولىدۇ
دەپ قاراش، خەلق ئەدىبىياتىدىمۇ ھۆكۈمران سىنىپ ئىدىيىسىنىڭ
ئىنكاسى بارلىغى ۋە ئاممىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلى-
غىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ياكى مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا
يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرىنى تۆۋەنلىتىشلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى
ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىلمي پوزىتسىيىگە زىت. بىز چوقۇم
ماركسىزىملىق ئاساسي قائىدىنىڭ يېتەكچىلىگىدە، ھەممىدە ئەمەل-
يەتنى چىقىش قىلىپ خەلق ئەدىبىياتىدىكى ھادىسىلەرنى كونكىرىت،
تارىخي، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا تونۇشىمىز ۋە
ئۇنى تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئۈگىنىش

www.uyghurkitap.com

جەرياندىكى مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز.

3. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش، خاتىرىلەش خىزمىتىنى ئىشلەش.

يولداش ماۋ زېدوڭ «زىددىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىلىم-پەن تەتقىقاتلىرىنىڭ پەرقى ئىلىم-پەن دۇنياسىدىكى ئالاھىدە زىددىيەتلەرگە قاراپ ئايرىلىدۇ.» دېگەن ئىدى. بىزنىڭ ئۆگىنىش دۇنياسىمىز خەلق ئەدەبىياتى. خەلق ئەدەبىياتى ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى يازغۇچىلار ئەدەبىياتى بىلەن ھەم ئورتاقلىققا ئىگە ھەم ئۆز ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە، بىز ئۇنى ئۆگەنگەندە بۇ خىل ئەھۋالغا دىققەت قىلىشىمىز يەنى ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئەسەرلەر بىلەن بولغان ئورتاقلىق قانۇنىيىتىنى تاشلىۋەتمەسلىكىمىز، شۇنىڭدەك بۇ ئورتاق قانۇنىيەتنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئىپادىلىنىشىنىمۇ كۆرۈشىمىز، بولۇپمۇ خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە ئەرسىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، بىز خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەندە، ئادەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەنگە ئوخشاش مۇھىمى ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىكىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە ئادەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىلمىي قائىدىسى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاشلا خەلق ئەدەبىياتىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. لېكىن بىز كونكرېت تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش داۋامىدا يەنە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىگە، ئىجات قىلىنىش ۋە تارقىلىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭدىكى ئەسلىدىن بار بولغان قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. ئادەتتىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر بەزى تەييار يەكۈنلىرىنى خەلق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە زورمۇ-

زور تېگىشقا بولمايدۇ. ئادەتتىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ.

يەنە مەسىلەن، بىز ھازىر خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىمى قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان خاتىرىلىرىگە تايىنىمىز، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ يامان يېرى يوق. بولۇپمۇ قەدىمقى خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرى ھازىر تارقىلىشتىن توختاپ قالدى. بىز ئۇنى ئۆگىنىشتە پەقەت يازما خاتىرىلەرگە تايىنىمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز لازىمكى، قەدىمقى زامان ياكى ھازىرقى زامان خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر يازما خاتىرىلەر بولسۇن، خېلى كۆپلىرى ئەسلى ئەسەرنىڭ ناھايىتى يۇقۇرى ئىلمىيلىكىگە سادىق ماتېرىياللار بولۇپ، ناھايىتى كۆپلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قايتا ئىشلەنگەن ۋە گۈزەللەشتۈرۈلگەن، گايىبىرلىرى ھەتتا خەلق ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت ئەسلى تۈسىنى يوقاتقان. خەلق ئەدەبىياتى ئەسلىدە بىر خىل جانلىق تىل سەنئىتى بولۇپ، ئەڭ ياخشى رەتلەنگەن خاتىرە ماقالىلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت خەلق تۇرمۇشىدىكى راۋاجلىنىۋاتقان بىر خىل ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خالاس. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەقىقى «دەرسلىكى» ۋە «دەرسخانىسى» بولسا خەلق ئاممىسى ئىچىدە. شۇڭا بىز ئىمكانقەدەر ئامما ئارىسىغا بېرىپ، جانلىق خەلق ئەدەبىياتى مەنبەئى بىلەن ئۇچرىشىپ، خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ھېسسىي بىلىشنى ئاشۇرۇشىمىز، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش، خاتىرىلەش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن خەلق ئەدەبىياتىنى ئومۇمى يۈزلۈك بىلگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرە ماتېرىياللاردىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش مەزمۇنلىرىنى سىنىغىلى ۋە ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلق ئەدەبىياتى خىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

متى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز.

خەلق ئەدەبىياتى جەمىيەتتە يەككە-يىگانە هالدا مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ هەرقايسى جەهەتلىرى، شۇنداقلا خەلقىنىڭ ئاڭ شەكلەيى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئۇگىنىش داۋامىدا بەزى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، خەلق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۇگىنىش لازىم. شائىر لى جى خەلق ناخشىسىنى ئۇگىنىش ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق دىگەن: «خەلق ناخشىسىنى ئۇگەنگەندە، پۈتۈن بىر يۈرۈش ئۇگىنىش لازىم. ناخشا پەيدا بولغان زامان، ئىجتىمائى مۇهىت ۋە شۇ چاغدىكى كىشلەرنىڭ ئىدىيە هىسسىياتىدىن تارتىپ، شۇ يەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، تىل ئالاهىدىلىگى، شۇ يەرنىڭ تارىخىي هىكايە-چۆچەكلىرىگىچە هەممىنى ئومۇمى يۈزلۈك تەتقىق قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن خەلق ناخشىسىنى هەقىقى ئۆزلەشتۈرگەن هىساپلىنىدۇ.» ئۇ يەنە شىمالىي سەنشىنىڭ سەنبيەن دىگەن يېرىدە خىزمەت قىلغان ۋاقتىدا «غەربىي ئېغىزغا بېرىش»، «هەميان تىكىش» قاتارلىق قەدىمقى زامان ناخشىلىرىنىڭ شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تارىخى، تۇرمۇش، ئىدىيىۋى هىسسىياتى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى هەمدە بەزى يولداشلارنىڭ نوقۇل هالدىلا خەلق ناخشىلىرىنى شەكىل جەهەتتىن دوراپ ئۇگىنىدىغانلىغىدىن ئىبارەت ساۋاقلار ئۇستىدە توختىلىپ: «خەلق ناخشىسىنى ئومۇمى يۈزلۈك تەتقىق قىلمايدىكەنسىز، خەلق ناخشىسى بىلەن مەڭگۈ تونۇشالمايسىز.»①

---

① لى جى: «مەن خەلق ناخشىلىرىنى قانداق ئۇگەندىم»، جوڭ جىڭۋېن تۈزگەن «خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر يېڭى مۇهاكىمىلەر توپلىمى»، بېيجىڭ سفەن داشۆ نەشرىيات بۆلۈمىنىڭ 1951-يىلقى نەشرى 134—136-بەتلەرگە قارالسۇن.

دەپ يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگەن ئىدى.

مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدا ئەلۋەتتە بۇ نۇقتىنى تامامەن ئىشلەپ كېتىشىمىز قىيىن ئىدى. لېكىن بىز ئامما ئارىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، خاتىرىلەش خىزمىتىنى ئىشلىگەندە بۇ مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بىز ئۆگىنىش داۋامىدىمۇ خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، گەپ-سۆزلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ھالىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، بىلىم دائىرىمىزنى ئىمكانىقەدەر كېڭەيتىپ، ئۆگىنىشىمىزنى سۈنئىي تار رامكا بىلەن چەكلەپ قويماسلىقىمىز لازىم.

مەريەم مەتىمىن تەرجىمىسى

# ئىككىنچى باپ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى

خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ھەرقايسىسىنىڭ نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى بار. بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات يولىدا ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات ئىجات قىلىش، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا تارقىلىش ئارقىلىق تەدرىجى شەكىللەنگەن. قانچىلىغان ئەسىرلەردىن بۇيان خەلق ئەدەبىياتى ئىجات قىلىنىش ۋە تارقىلىش جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئادەتتە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوخشاشمايدۇ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش تۇپرىغىدا بىۋاستە يىلتىز تارتقان بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە زىچ باغلانغان. شۇڭا ئۇ رىياللىقنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بىۋاستە ھالدا خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي شەكلى يالغۇز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى خەلق ئاممىسى ئۇنى ئىگەللەيدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە ھەممىشە ئەمگەكچى خەلقنىڭ سەنئەت ھەۋىسى بىلەن ئېستېتىك غايىسىنى نامايەن قىلىپ كەلدى. بۇ جەھەتتە يازما ئەدەبىيات بىلەن سېلىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرغاندا، خەلق ئەدىبىياتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ناھايىتى روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

خەلق ئەدىبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدە بەزى شاكاللار بولىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىمى يەنىلا ئاكتىپ ۋە ساغلام، تارىخنى ئىلگىرى سۈرۈش تەلۋى ھەم يۈنۈلۈشىنى ئىپادىلەيدۇ. جاپاكەش ئاممىنىڭ ئەدىبىي ئەسەرلىرىدە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى ئەسلا پەدەزلەنمەيدۇ، كونا دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇق-لىرى زادى يوشۇرۇلمايدۇ، ئەكسىچە، كۆپ ھاللاردا چوڭقۇر ۋە ئۆتكۈر پاش قىلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، خەلق ئەدىبىياتى ئەينى ۋاقىتلاردىكى خەلق-لەرنىڭ ئېكسپىلاتاتورلارغا بولغان قارشىلىقىنى توغرىدىن-توغرا ئەكس ئەتتۈردى؛ خەلقنىڭ يۇرتىنى، ۋەتىنىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ مىللىتىنى سۆيۈشتەك ئالىجاناپ روھىنى كۈچلۈك ئىپادىلىدى. ئۇ خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستىنى مەدھىيىلىدى، ئېگىلمەس، سۇنماس مۇھەببىتىنى كۈيلىدى، مېھنەتكەش خەلقنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشىنىشىنى، گۈزەل شەيئىلەرگە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلىدى، ئۇ خەلقنىڭ باتۇر، كۈرەشچان روھىنى مەدھىيىلىدى ۋە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى كېڭەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشتىكى يازما ئەدىبىيات ئەسەرلىرىدە، كۆپ ھاللاردا پەقەت قىسمەن، ۋاستىلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن؛ خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ئەدىبىي-ياتىدا بولسا، كۆپىنچە بىۋاستە، چوڭقۇر، تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈل-گەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلق ئېغىز ئەدىبىياتى بىۋاستە خەلق-چىللىقنىڭ روشەن خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدىبىياتى بىلەن يازما ئەدىبىي-ياتنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە نۇرغۇن پەرقلىرى بارلىقىنى سەل قاراشقا بولمايدۇ. يازغۇچىلار ئىجادىيىتىنىڭ نۇرغۇنلىرى بەدىئىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەھەتتە خېلى مۇكەممەل سەۋىيىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قوللانغان بەدىئىي شەكىللىرى كۆپ ھاللاردا كەڭ ئاممىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. خەلقنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى، خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشى بولغان، ھەم ساغلام، ھەم يېڭى، يەرلىك پۇراقتا باي بولغان بەدىئىي شەكىلدۇر. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىلى ئومۇمەن ئېيتقاندا، پەدەزسىز، چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق ۋە جانلىق بولۇپ، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاددىي-ساددىلىغى، خەلقنىڭ ئاددىي-ساددا ئىجادىيەت پوزىتسىيەسىنى نامايەن قىلىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ساپلىغى، ئىخچاملىغى، مەردانىلىكى، يۇمۇرلۇغى قاتارلىق بەدىئىي ئۇسلۇبى ئۆتمۈشتىكى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۇسلۇبىغىمۇ زادى ئوخشىمايدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە روشەن، ئۆزىگە خاس ناھايىتى كۆپ ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ مۇھىم ئۆگىنىش تېمىمىز بۇنى بۇ باپتا كونكرېت مۇھاكىمە قىلمايمىز، كېيىنكى بابلاردا ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىمىز. بۇ باپتا مۇھىمى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئىجات قىلىنىشى بىلەن تارقىلىشى جەھەتتىكى ئۆزئارا ئوخشاشمايدىغان بىرقانچە ئالاھىدىلىك مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپلىغى، ئاغزاكىلىغى، ئۆزگىرىشچانلىغى، ۋارىسلىق خاراكتېرىدىن ئىبارەت. شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، بۇ ئالاھىدىلىكلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پۈتكۈل ئالاھىدىلىكى بولماستىن، پەقەت ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدىغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدۇر.

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى بۆلۈم كوللېكتىپچانلىقى

خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوخشاشمايدۇ. خەلق ئەدەبىياتى ئاساسەن كوللېكتىپ ئىجات قىلىنغان. كوللېكتىپ تارقالغان بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىيات. ئۇ خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەدھىيىلىدى، خەلقنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى نامايەن قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كوللېكتىپ خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى ۋە ساقلاندى.

كوللېكتىپچانلىق — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان ھەر خىل شەكىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىجات قىلىنىشىدىن تارقىلىشىغىچە، پىششىقلاپ ئىشلىنىشىدىن تارتىپ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىشىغىچە باشتىن-ئاخىر دېگۈدەك كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كوللېكتىپ بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەلۋەتتە ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىدىن قارىغاندا، يازما ئەدەبىياتنىمۇ ئاددى ھالدا شەخس ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى دەپ تونۇشقا بولمايدۇ؛ يازما ئەدەبىيات ئىجادىيىتىمۇ مۇقەررەر ھالدا بەلگىلىك سىنىپنىڭ ئىدىيىسىنى، ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى، بەلگىلىك ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلەپ، خېلى كۆپ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سەنئەت ھەۋەسلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ مۇنەۋۋەر يازما ئەدەبىيات ئىجادىيىتى كۆپ ھاللاردا ئالدىنقىلارنىڭ سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرلىكتە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەنە بىۋاستە ھالدا كوللېكتىپ ئىجادىيەتنىڭ بىر قىسىم سەنئەت ماتېرىياللىرىنى ئۆزىگە تېما قىلدى. بىراق يازما ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرگەندە، يازغۇچىلار ئىجادىيىتىنىڭ جەريانى شەخسى پائالىيەت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىجات قىلىنىپ چىققان ئەدىبىي ئەسەرلەرمۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قەدىمقى ۋە ھازىرقى. جۇڭگو ۋە چەتئەلدىكى ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى: ئەسەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى پەقەت يازغۇچىنىڭ ئۆزى تەسىرلەنگەندە، ئەسەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە. پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقاندا، سيۇژىتلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، لىرىك ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەندە ۋە مۇۋاپىق بولغان تىل سەنئەت شەكلىنى تاللىغاندا ئاندىن شۇ ئەسەرنىڭ ئىجات قىلىنىشى ئاخىرقى ھېساپتا تاماملانغان بولىدۇ. بۇ يەردە يازغۇچىنىڭ شەخسى ئىجادىيەت ئەمگىكى (مەنىۋى ئەمگىكى) ئەلۋەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا يازما ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئىجات قىلىنىشىدا روشەن پەرقلەر مەۋجۇت.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسىم كىشىلىرى تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان بولۇپ، قايسى بىر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، شۇڭا ئۇ قايسى بىر شەخسنىڭ خۇسۇسى مۈلكىمۇ بولالمايدۇ، ھەمدە قايسى بىر يازغۇچىنىڭ نامىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ ۋە ياكى قايسى بىر شەخسكە ئاپتورلۇق ھوقۇقى بەرمەيدۇ. ئۇ ئەسەرلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى. ئەمگەكچى خەلق بولسا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپ ئىجاتچىلىرى. شۇنداقلا تۈزەتكۈچىلىرى ۋە تارقاتقۇچىلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ بايان قىلغۇچىلىرى، ئورۇنلىغۇچىلىرى ھەمدە ئەڭ ئاساسلىق تىڭشىغۇچىلىرى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلقىنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورناشقان بولۇپ، ئۇ خەلقىنىڭ ئاغزىدا ياشايدۇ، ئۇ خەلقنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشى بىلەن بىللە خەلقتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كوللېكتىپ تەرىپىدىن قەدىرلىنىدۇ ۋە ساقلىنىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپ ئىجات قىلىنىشى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىليونلىغان خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ نامسىز ئىجادىيەتلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان. بولۇپمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، سانسىزلىغان نامسىز يازغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي قابىلىيىتى ۋە ماھارىتىنى توپلاپ، كوللېكتىپ كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ ئىجات قىلغانلىقىنىڭ مېۋىسى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، خەلق ئارىسىدىكى ئاتاقلىق ئېغىز سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىجادىيىتىمۇ ئەزەلدىن ئاشۇ خىل كوللېكتىپ ئىجادىيەت ئاساسىدىن ئايرىلغان ئەمەس. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجات قىلىنىشىدا، شەخس بىلەن ئامما، يەككە بىلەن كوللېكتىپ باشتىن-ئاخىر ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي مەزگىلدىلا شەكىللەنگەن. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، ھەرقانداق بىر شەخس جەزمەن ھالدا ئورۇق ياكى قەبىلىنىڭ كوللېكتىۋى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىش ئارقىلىقلا ھاياتىنى تەمىن ئېتەتتى. بۇ دەۋرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى، ئومۇمەن ئىپتىدائىي ئەمگەك ياكى باشقا تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگە ماس ھالدا كوللېكتىپ ئىجات قىلىناتتى ياكى ناخشا قىلىپ ئېيتىلاتتى. ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، بۇ دەۋردىكى ئېغىز ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ بىردىن-بىر شەكلى — پەقەت كوللېكتىپ ئىجادىيەت شەكلى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئېغىز ئىجادىيىتى مەيلى ئىشلەپچىقىرىش ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇۋچىلىق پائالىيەتلىرىدە بولسۇن، ئومۇمەن، ئىش ئەمگەكنىڭ ھەممە جەريانىدا ياكى باشلانغۇچ دىنىي مۇراسىملاردا بولسۇن ئۇرۇق ۋە قەبىلىنى بىرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.

ئۇ چاغدا بارلىققا كەلگەن قوشاقلار، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇرۇق ۋە قەبىلىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ پۈتكۈل ئۇرۇق ۋە قەبىلە ئەڭ كۆڭۈل قويىدىغان شەيئىلەر ئىدى. كوللېكتىپ ئىجادىيەتنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى خەنزۇلارنىڭ قەدىمقى دەۋرىدىكى تۇرمۇشى ھەققىدە خاتىرىلەنگەن ھۆججەتلەردە كۆپ ئۇچرىمىسىمۇ، ئەمما باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائى جەمىيەت تۇرمۇشى ھەققىدە خاتىرىلەنگەن ھۆججەتلەردە روشەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، 17 ـ ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى ئەلچىي خادىملىرىنىڭ تەيۋەندىكى گاۋشەن مىللىتىنىڭ باشلانغۇچ كوممۇنا دەۋرى توغرىسىدا قالدۇرغان خاتىرە ماتېرىياللىرى، كوللېكتىپچانلىق قەدىمقى دەۋر ئېغىز ئىجادىيىتىدە كەڭ تۈردە مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. ئەينى زاماندا، ئۇلارنىڭ تەخمىنەن 200 نەچچە قەبىلىنى ئاساس قىلغان كوممۇناسى ئاساسەن ئىپتىدائى جەمىيەتنىڭ ئۇۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان دەۋرىنىڭ ئاخىرى، دېخانچىلىق، تېرىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان دەۋرىنىڭ باشلىرىدا تۇراتتى. خاتىرىلەنگەن ئۇرغۇنلىغان ناخشا ـ قوشاقلاردىن كوللېكتىپ ھالدا بۇغا ئوۋلاشنىڭ ئەينى زاماندىكى ئاساسى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا كوللېكتىپ ئوۋ قىلىپ كوللېكتىپ بۆلۈشەتتى، كوللېكتىپ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، بىرلىكتە ناخشا ـ ئۇسۇل ئويىنىشاتتى. تەكشۈرۈش دوكلادىدا، ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ناخشا ـ قوشاق ئېيتىش پائالىيەتلىرى: «قولنى قولغا تۇتۇپ چۆرىدىشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناش»، «ھەممە كىشى تەكشى خور ئېيتىش»، «قىش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باھاردا بۇغا ئۇۋلاش، ئوتۇن يىغىش خورى ئېيتىش»، «توي قىلمىغان قىز-يىگىتلەر ئۆزئارا ناخشىغا جۆر بولۇش»، «ناخشىنىڭ تۇراقلىق مۇقامى بولمىسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ بىرسى ئاستا ئاۋازدا ناخشا ئېيتسا، باشقىلار چاۋاك چېلىپ قوشۇلۇپ جۆر بولۇش......» ئومۇمەن ئەر-ئايال، قېرى-ياش ھەممىسى بىرلىكتە كېچە-كۈندۈز ئۆزمەي ھارماستىن ناخشا ئېيتىشاتتى»، — دەپ يېزىلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاز سانلىق مىللەت-لەر ئارىسىدا ئازاتلىقتىن بۇرۇن تارقىلىپ يۈرگەن ياشلانغۇچ كوممۇنانىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە تەئەللۇق بولغان قوشاقلاردىمۇ، ئوخشاشلا مۇشۇ خىل كوللىكتىپچانلىق ئالاھىدىلىكلەر بار ئىدى. يىراق قەدىمقى دەۋر ياكى يېقىنقى زاماندىكى بەزى ئىپتىدائى قەبىلىلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ شەخسى ئىجادىيەتنىڭ ئالامەت-لىرىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ نىسبەتەن ئاددى مەزمۇنى قەبىلىنىڭ كوللىكتىپ ئېھتىياجىغا بوي سۇنغان ھالدا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھىسسىياتى مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن قەبىلىنىڭ كوللىكتىپ نۇقتىئىنەزىرى، ئورتاق ھىسسىياتىنىڭ بەدىئى ئومۇملاش-تۇرۇشىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ خىل سەنئەت پائالىيەت شەكلى پەقەتلا كوللىكتىپ ئىجادىيەتتۇر. بۇنداق ھالەت دۇنيادا ھازىر بار بولغان ئىپتىدائى قەبىلىلەردە، مەسىلەن، ئوكيانىيە ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى بەزى ئىپتىدائى قەبىلىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. گىروسەي «سەنئەتنىڭ مەنبىئى» ناملىق ئەسىرىدە تونۇشتۇرغىنىدەك، ئوكيا-نىيە قىتئەسىدىكى نالىن يىل كىشىلىرى (nalinyili) كوللىكتىپ ھالدا تەكرارلاپ ئوقۇيدىغان بىر مىسرالىق قىسقا ناخشىلار كوللىكتىپ ئىجادىيەتنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

سىنىپىي جەمىيەتتە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللىكتىپچانلىقى يەنىمۇ يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى. ئىجتىمائى ئىشلەپچىقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىش ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۇ دەۋردە مەخسۇس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخسلەر بارلىققا كېلىپلا قالماي، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئەدەبىي ئىجادىيەتكىمۇ تەدرىجى ھالدا سىنىپىي تامغا بېسىلىپ، سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق تۈسىنى ئالدى. يازما ئەدەبىيات ساھەسىدە شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكى نىسبەتەن روشەنلەشتى ۋە گەۋدىلەندى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە بولسا كوللىكتىپ ئىجادىيەت ئىپادىلىگەن تۇرمۇش ۋە ئارزۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن ھالدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىنىپىيلىقىنى كۆرسە-تىپ، خەلقنىڭ سەنئەت قارىشىنى ئىپادىلىدى، مۇشۇ ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللىكتىپچانلىقىنى شەكىل-لەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېغىز ئەدەبىياتىدا شەخسى ئىجا-دىيەتنىڭ ئامىللىرى تەدرىجى ئۆسۈپ چىقتى. بۇ خىل شەخسى ئىجادىيەت ئامىلىنىڭ ئۆسۈشى — كوللىكتىپ ئىچىدىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ، خەلق ئارىسىدىكى كەسپىي ياكى يېرىم كەسپىي ئېغىز ئىجادىيەتچىلىرى ياكى ئورۇنلىغۇچىلىرى بولۇپ قېلىشىدا ئىپادىلە-نىدۇ. لېكىن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان ياكى يېرىم ئايرىلغان سەنئەتكارلار يەنىلا باشتىن-ئاخىر ئەمگەكچى ئامما بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاممىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلگەچكە، بۇ خىل شەخسنىڭ مۇستەقىل ئىجادى، ئاممىنىڭ كوللىكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ سەنئەت جەۋھىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، كوللىكتىپنىڭ سەنئەت ئىقتىدارىنى مەركەزلەشتۈردى ھەمدە سەنئەتكارلارنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تارقىتىشى ۋە ئۈزلۈكسىز يېتىلىشى ئارقىلىق باشقا بىر شەكىلدىكى كوللىكتىپچانلىقنى شەكىل-

لەندۈردى. پۈتكۈل سىنىپىي جەمىيەتتە كۆپلىگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئوخشاشلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتىدۇر؛ مەخسۇس سەنئەتكارلارنىڭ بولۇشى پەقەت خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى كوللېكتىپچانلىقنىڭ تولۇقلىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشىدىنلا ئىبارەت. شۇنداق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى كەسپىي سەنئەتكارلارنىڭ مۇستەقىل ئىجاتچانلىقى ئورگانىك ھالدا بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللەندى، بۇنى بۇرۇنقى سىنىپىي جەمىيەتنىڭ ئومۇم خەلق كوللېكتىپچانلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ خىل كوللېكتىپچانلىق ئالاھىدىلىگىنىڭ ھەقىقەتەن خېلى زور تەرەققى قىلغانلىقى ئېنىق.

جەمىيەت سوتسىيالىستىك غايەت زور يېڭىلاش باسقۇچىغا كىرگەندە، ئەدەبىيات، ئىقتىسات ۋە سىياسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مەزمۇنىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ياسىدى. كەڭ خەلق ئاممىسى سىياسى جەھەتتىن قەدكۆتۈرۈپ ئازات بولۇشقا ئەگىشىپ، مەدىنىيەت جەھەتتىمۇ قەددىنى كۆتەردى. ئەمگەكچى خەلق مەدىنى-مائارىپنى قوبۇل قىلىپ، تىرىشىپ يېزىق قورالىنى ئىگەللىدى، بۇنىڭ بىلەن ئامما ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر يېزىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يازما ئىجادىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىجادىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئەسلىدىكى بەزى ساۋاتسىز ئېغىز سەنئەتكارلىرىمۇ يېزىق ئارقىلىق ئىجات قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتىدە يېڭىدىن يازما ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي يازغۇچىلار ياكى ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. سوتسىيالىزىم دەۋرىدە مۇقەررەر بارلىققا كېلىدىغان بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى ھەرگىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقىنىڭ بارغانسېرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاجىزلىشىپ-كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى ئامما ئارىسىدا يېزىقچا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان يازما ئىجادىيەت يېزىلىشىدىن تاكى تارقىلىشىغىچە يازما ئەدەبىياتنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن بىردەك بولغاچقا، ئۇلار ئاللىقاچان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىق ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلغان بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت سوتسىيالىزىم دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاممىباپلىقىنىڭ ئۆزلۈكسىز تۈردە كېڭەيگەنلىكىنىلا بىلدۈرىدۇكى، ھەرگىزمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كوللېكتىپچانلىقىنىڭ تارايغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئەسلىدىكى ئېغىز ئىجادىيىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى ئەلۋەتتە روشەن ھالدا يېتەكچى رول ئوينايدۇ؛ يېقىنقى 30 يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق كوللېكتىپچانلىق ئۆزىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئەھمىيىتىنى بارغانسېرى نامايەن قىلدى. مەسىلەن، يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن يېڭى لەتىپىلەر بۇنىڭ ئەڭ ياخشى پاكىتى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى پەقەت ئۇنىڭ ئىجات قىلىنىش ۋە تارقىلىش جەريانىدىلا كۆزىتىشكە بولىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىجات قىلىنىش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك بەزى كوللېكتىپچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمگەكچى خەلق ھەمىشە مەلۇم كوللېكتىپ سورۇنلاردا، مەسىلەن، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرى ياكى كوللېكتىپ تۇرمۇش سورۇنلىرىدا، ئۇ بىر ئېغىزدىن، بۇ بىر ئېغىزدىن كوللېكتىپ ھالدا ئىجات قىلىشىدۇ. ئەمگەك كەيپىياتىغا ئىلھام بېرىدىغان، ئەمگەك يۈكىنى يەڭگىللىتىدىغان، ئەمگەك ھەركىتىنى تېمىغا سالىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمگەك قوشاقلىرى؛ كۆرەش روھىنى ئىپادىلىگەن جەڭ ناخشىلىرى ۋە نوۋ قوشاقلىرى، ھېيت-بايرام ۋە ھەر خىل ئۆرپ-ئادەت پائالىيەتلىرىنى تەرىپلەيدىغان مۇراسىم قوشاقلىرى؛ شۇنداقلا كوللېكتىپ تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى بولغان ماقال-تەمسىللەر، قىسقا ۋە كىچىك ھېكايىلەر، ئېيتىشىشلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئاشۇنداق كوللېكتىپ ئىجات قىلىش شەكلى بىلەن يارىتىلىپ چىققان. يەنە بىر تۈرلۈگى كوللېكتىپ ئىش تەقسىمات شەكلىنى قوللىنىپ، بىرسى ئالدى بىلەن ھېكايىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى تۈزۈپ چىقسا، يەنە بىرسى ئۇنىڭ قاش-كىرپىگىنى ياسايدۇ؛ يەنە بىرى ئۇنى ئۆزگەرتىپ نەزىم تېكىستكە ئايلاندۇرسا، يەنە باشقا بىرى ئۇنى مۇۋاپىق ئاھاڭغا سالغان؛ شۇنداق قىلىپ خەلق رىۋايەتلىرى، ھېكايىلەر، ئېيتىشىشلار، كىچىك تىياتىرلار... قاتارلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. ئەنخۇيدىكى ۋۇخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تارقىلىپ يۈرگەن «نيۇبىڭنىڭ ئىسيانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ قوزغىلىڭىنى خاتىرىلەيدىغان پارچىلار، يۈز نەچچە يىل بۇرۇنقى ئېغىز ئەدەبىياتىغا ماھىر دىخانلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ يىلنامىسىگە ئاساسەن توڭجۇ يىللىرىدىكى دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تۈزگەن ھېكايە، تېكىست ۋە ئاھاڭلىرى ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ خىل ئىجادىيەت شەكلى دائىم دىگۈدەك ئىستىخىيىلىك ھالدا قوپاللىراق ۋە ئاددىراق بولىدۇ. يەنە بىر خىلى بولسا ئامما ئارىسىدىكى مەلۇم كىشىلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئېغىز سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە تەرەققى قىلدۇرىدۇ ياكى خەلق ئىچىدىكى پارچە-پارچە ماتىرىياللارنى ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئېغىز ئەسەرلىرىنى توپلاپ ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، مۇكەممەل ئېغىز سەنئەت ئەسەرلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە بۇ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئاممىغا قالدۇرىدۇ ھەمدە تارقىتىدۇ. خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارىسىدىكى مەدداھلارنىڭ، ۋايىزلارنىڭ «شويۇ «shuoyue»،
«ۋۇسۇڭ»، «ياڭ ئائىلىسىنىڭ قەھرىمانلىرى»غا ئوخشاش بىر
قىسىم چوڭ تىپتىكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل ئۇسۇل
بىلەن ئىجات قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. بۇ خىل ئۇسۇلدا
گەرچە روشەن ھالدىكى شەخسى ئىجادىيەت ئىدىئولوگىيىسى بولسىمۇ،
لېكىن خەلق سەنئەتكارلىرى تۇرمۇش ئىدىيە ۋە سەنئەت قاتارلىق
تەرەپلەردە كەڭ خەلق بىلەن قان بىلەن گۆشتەك قويۇق مۇناسە-
ۋىتىنى باشتىن-ئاخىر ساقلىغاچقا، بۇ خىل ئىجادىيەتتە يەنىلا خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىل
كوللېكتىپ ئىجادىيەت شەكلى ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ گۆدەكلىك
دەۋرىدىن باشلاپلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوللىنىلغان بولۇپ، تاكى
پەن-تېخنىكا تەرەققى قىلغان، زامانىۋىلاشقان جەمىيىتىمىزگىچە
يەنىلا كەڭ خەلق ئاممىسى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئىجادىيەت
شەكلىدۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى، ئۇنىڭ تارقىلىشى
جەريانىدا تېخىمۇ يارقىن ۋە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى ئىجادىيەت ئۇسۇلى قانداق
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بارلىققا كېلىشى بىلەنلا خەلق ئارىسىدا
تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئايرىم ئەسەرلەرنىڭ تارقىلىشى نىسبەتەن
ئاستا بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئەسەرلەر ناھايىتى تېزلا تارقىلىدۇ.
كۈنلەپ ۋە سائەتلەپ پەيدا بولۇۋاتقان ئاغزاكى ئەسەرلەر كەڭ
خەلق ئارىسىدا ئىدىيە ۋە سەنئەتنىڭ سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. نۇرغۇن-
لىغان ئەسەرلەر باركى، ئۇلار كەڭ خەلقنىڭ تۇرمۇش تەلىۋى
سەنئەت ھەۋىسىگە ماسلىشالماي تارقىلىش جەريانىدا كىشىلەر
تەرىپىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ-دە، بارا-بارا ئۇنتۇلىدۇ؛ يەنە
شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان ئاغزاكى ئەسەرلەر باركى، ئۇنداق ئەسەرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارقىلىش جەريانىدا كەڭ خەلق تەرىپىدىن بىردەك ئىتىراپ
قىلىنىپ، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا
ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنىش نەتىجىسىدە
تېخىمۇ بېيىپ، ئامما ياخشى كۆرىدىغان ئەسەرلەرگە ئايلىنىدۇ.
ھەمدە نىسبەتەن ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە ئامما ئارىسىدا تارقىلىش
ۋە ساقلىنىش جەريانىدا ئۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىمۇ نىسبەتەن
مۇكەممەل سەۋىيىگە يېتىدۇ. ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىيىتى
ئىسپاتلىدىكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىشى
جەريانىدا، ئەسلى ھالىتىنى زادى ئۆزگەرتمەي، بۇرۇنقى پېتىچە
قالدىغان ئەسەر بولمايدۇ. ئەمگەكچى خەلق ئومۇمەن كۆپ تەرەپ-
لىمىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شۇ ۋاقىت، شۇ جاينىڭ
كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئاممىنىڭ سەنئەت ئىقتىدارىنى
تولۇپ، ئەسلى ئەسەرگە قارىتا ئۈزلۈكسىز پىششىقلاش ئېلىپ
بارىدۇ، قوشۇپ ياكى ئېلىۋېتىپ مۇۋاپىق ئۆزگەرتىدۇ، ئەسەرنىڭ
مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە دەسلەپكى ھالىتىنى نىسبەتەن مۇكەممەل-
لەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي رولىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن
ئالغاندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مىليونلىغان تارقاتقۇچىلىرى
ئۆز لۇۋىتىدە ئىجات قىلغۇچىلار ياكى يېرىم ئىجات قىلغۇچىلاردۇر؛
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پۈتكۈل تارقىلىش جەريانى، ھەقىقەتەن
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە قارىتا كوللىكتىپ پىششىقلاش
ئېلىپ بېرىش ۋە كوللىكتىپ ئىجات قىلىش جەريانىدۇر. شۇڭلاشقا
كوللىكتىپچانلىقنىڭ تارقىلىش جەريانىدىكى ئىپادىلىنىشى تېخىمۇ
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئىجات قىلىنىش ۋە
تارقىلىش جەريانىدا خەلق ئېغىز سەنئەتكارلىرىنىڭ رول ئېلىش ۋە
بايان قىلىش سەنئىتىگە دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. بۇ مۇھىم

شارائىت ئىچىدە كوللېكتىپچانلىق قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟ شۇنى ئېيتىش كېرەككى؛ خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ھەركىتىدە ئىپادىلەنگەن كوللېكتىپچانلىقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى كۆپ مىقداردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق كەڭ خەلق ئارىسىغا تارقىلىدۇ. ئاشۇنداق ئىقتىدارلىق ۋە تەسىرى بولغان ئەلنەغمىچىلەرنىڭ، مەدداھلارنىڭ ھەركىتىنى چۈشەنمىگەندە، ئۇلارنىڭ رول ئېلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتا ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بارمىغاندا، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتلىرى بىلەن كوللېكتىپچانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىشكە ئامالسىز قالىمىز؛ خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە سەنئەت ئەمەلىيىتىدىن، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى دائىم دىگۇدەك تىڭشىغۇچىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۈزلۈكسىز پىششىقلىنىدىغانلىقىنى، تۈزىتىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ كىتاپخانلىرى ئوخشىمايدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى، ئىدىيىۋى ھىسسىياتى، سەنئەت ھەۋىسى ئاساسىدا ئېغىز ئەدەبىياتىنى تارقاتقۇچى خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ھەركىتىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەمدە باشقا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ پىششىقلىنىشىغا ياكى قايتا ئىجات قىلىنىشىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئورۇنلىغۇچىلىرى ھەمىشە ئاڭلىغۇچى ئاممىنىڭ كۈچلۈك دىققىتى ئاستىدا تۇرغاچقا، ئۇلار ئۆزئارا ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن. كەڭ ئامما خەلق سەنئەتكارلىرى ئورۇنلىغان ئەسەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھەركىتىگە قارىتا ماختاش ياكى قارشى تۇرۇش، ھېسداشلىق قىلىش ياكى ئەيىپلەش، كۈلۈمسىرەش ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

خاپا بولۇش، ئاپىرىن ئوقۇش ياكى غەزەپلىنىش قاتارلىق روھىي كەيپىياتلىرى ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا ئارىلىشىدۇ. ئەنە شۇ ھېكايىچىلەر، قوشاقچىلار، ئەلنەغمىچىلەر ياكى تىياتىرچىلار دائىم دېگۈدەك ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن، ئۈزلۈكسىز قايتا-قايتا تۈزىتىپ ۋە بېيىتىپ، ئۆزلىرى ئورۇنلاۋاتقان ئەسەرلەرنى ئۆستۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كوللېكتىپچانلىقىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىپادىلىنىشى. مەسىلەن، شەنبى رايونىدىكى ئاتاقلىق مەدداھ قارىغۇ شائىر خەن چى شياڭنىڭ ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش، بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ناھايىتى ياخشى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ ئىجات قىلغان ئاغزاكى ئەسەرلەر ئەڭ دەسلىۋىدە «ھەممىسى دېگۈدەك نىسبەتەن ئاددى، يۈزەكى بولۇپ، دەسلەپكى لايىھە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئەسەرنى ئورۇنلاش جەريانىدا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، كەم يېرىنى تولۇقلاپ، ئارتۇقىنى قىسقارتىپ تۈزىتىلىدۇ. بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم... ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پىكرى ئاساسەن تۈگىگەندە ئاندىن ئانچە كۆپ ئۆزگەرتمەيدۇ. بىراق ئەمەلىيەتتە يەنىلا توختىماي ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ، ئاتالمىش «بېكىتىلگەن ماقالا»، مەڭگۈ مەۋجۇت ئەمەس... ئۇ ئاممىنىڭ پىكرىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئەسىرىنى يەنىلا ئاممىنىڭ ئىجادىيىتى دېيىشكە بولىدۇ.»① بۇ خىل ھادىسىلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلىغۇچى خادىملار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەكىتلەپ كۆرسىتىلگەن. خەلق ئارىسىدىكى ئەسەرلەر گەرچە دەسلىۋىدە كەسپىي سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادى بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھامان كوللېكتىپنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئارزۇسى سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئاممىنىڭ

① لىن شەن: «قارىغۇ شائىر خەن چى شياڭ»، جوڭ جىڭۋېن تۈزگەن «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يېڭى ماقالىلار توپلىمى».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىستېتىك كۆزقارىشى ۋە سەنئەت ھەۋەسكە ۋەكىللىك قىلغانلىغىنى، ئۈزلۈكسىز تۈردە كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىغىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس، خەلق ئارىسىدىكى كەسپىي ياكى يېرىم كەسپىي ئېغىز سەنئەتكارلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەربىيىلىنىشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، تۇرمۇش ھالەتلىرى ۋە بەدىئىي ھەۋەسلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچى ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى خەلق ئارىسىدىن كەلگەن ئاممىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈش كېرەك. ئۇلار خەلقنىڭ تۇرمۇشى، سەنئەت ئەنئەنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قانچىكى ساقلىسا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە رول ئېلىش قابىلىيىتىنى شۇنچە نامايەن قىلالايدۇ. شۇنى كۆرۈۋېلىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىجاتچانلىغى ھامان كوللېكتىپ بىلەن سۇغا سۈت قوشۇلغاندەك ئورگانىك ھالدا بىرىكىشى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كوللېكتىپچانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىنىشىدۇر

چوڭ تىپتىكى داڭلىق ياڭجۇ تىياتىرى — «ۋۇشى خو» بۇنىڭ تىپىك دەلىلى. بۇ تىياتىرنى تۈزگۈچى ۋاڭ شاۋتاڭنىڭ خۇلاسىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسلىدە «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ ئىچىدىكى ۋۇسۇڭغا ئائىت 80 مىڭ خەتلىك قىسسىدىن كېڭىيىپ مەزكۇر تىياتىردا بىر مىليون خەتتىن ئارتۇق ئېغىز ھېكايىسىگە ئايلانغانلىغى ھەرگىزمۇ قايسى بىر كىشىنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن بەلكى تارىختىن بۇيانقى ياڭجۇ يەرلىك تىياتىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجات قىلىشى، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا قالدۇرۇشى ۋە بېيىتىشىنىڭ مەھسۇلى، «بۇنىڭغا قانچىلىگەن كىشىلەرنىڭ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەنلىكىنى بىلىش تەس، ئۇ پەقەت تارىختىن بۇيانقى سەنئەتكارلارنىڭ ئۈزلۈكسىز پىششىقلاپ بېيىتقانلىغىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەتىجىسى»① دېمەك، خەلق ئارىسىدىكى ئەلنەغمىلەردە سەنئەتكارلار
تەرىپىدىن ئوينالغان چوڭ ھەجىمدىكى داڭلىق ئەسەرلەرمۇ، ھەرگىز
مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن، بەلكى ئوختاشلا
كوللىكتىپنىڭ سەنئەت مۇئىسى ھېساپلىنىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللىكتىپچانلىقى ئېغىز ئىجادىيىتىگە
ئىمزاسىزلىق ئالاھىدىلىكىنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا ئەمگەكچى خەلق
ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا پەقەت كوللىكتىپ مۈلۈكچىلىك
ھوقۇقىلا بار. بۇرۇن بەزى كىشىلەر ئىمزاسىزلىقنى خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى قىلىۋالغان ئىدى، بۇنداق قىلىشنىڭ
ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇ پەقەت كوللىكتىپچانلىقتىن بۆلۈنۈپ
چىققان بىر بەلگە.

## ئىككىنچى بۆلۈم ئاغزاكىلىق

ئاغزاكىلىق — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدى-
لىكلىرىدىن بىرى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاغزاكىلىقتىن ئىبارەت
مۇشۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئىلمىدا يازغۇچىلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىدىن پەرقلىنىدىغان خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى (فولكلور) دائىم دېگۈدەك «خەلق ئېغىز ئىجادى-
يىتى» ياكى «ئېغىزدا تارقىلىدىغان ئەدەبىيات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
خەلق ئارىسىدا ئېغىز ئارقىلىق ئىجات قىلىنغان ۋە تارقالغان ئەسەر-

① ۋاڭ شاۋتاڭ: «ياڭجۇ تىياتىرى — «ۋۇ سۇڭ»نى رەتلەشنىڭ تەجرىبىلىرى»
«ئەلنەغمە ژورنىلى» 1960 - يىلى 7 — 8 - ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىككى، ئاغزاكىلىق يالغۇز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغىلا تەئەللۇق بولغان ئالاھىدىلىك ئەمەس. چۈنكى غەيرى ئەمگەكچىلەر، جۈملىدىن ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ئارىسىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم «ئېغىز ئىجادىيىتى» بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئاغزاكىلىققا ئىگە. خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئەتتىقىق قىلغان ۋاقىتتا، يالغۇز ئاغزاكىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ مەلۇم ئىپادىسىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، خەلققە يات ھەتتا خەلققە قارشى ئاشۇ خىل ئېغىز «ئەسەر»لىرىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەپ خاتا تونۇپ قالماسلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئالدى بىلەن ئەسەر-نىڭ مەزمۇنىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ، چەك-چېگرىنى قاتتىق ئاج-رىتىش بىلەن، قايسىلىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئەسەرلىرى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. شۇنداقلا، ئاغزاكىلىق بىلەن يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان كوللېكتىپچانلىقنى زىچ بىرلەشتۇرگەندىلا ئاندىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ھادىسىلىرىنى توغرا تونۇغىلى بولىدۇ. بۇ ئاغزاكىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكى، بۇ يەردە مۇھىمى يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاغزاكىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنى پەرقلەندۈرىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكتۇر. يازغۇ-چىلارنىڭ يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىمۇ ئەسلىدە ئېغىزدا يادلاشقا ياكى بايان قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما يېزىققا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاغزاكىلىق ھەر-گىزمۇ زۆرۈر شەكىل ئەمەس. مەسىلەن، شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىش، نەسرى ئەسەرلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇش، ئاغزاكى بايان قىلىش-

لارنىڭ ھەممىسى يازما ئەدەبىيات ئۈچۈن قوشۇمچە بولۇپ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، يېزىقتا تايىنىپ ئىجات قىلىشلا زۆرۈر بولغان بىرىنچى ئۇسۇل بولىدۇ. ئەكسىچە خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنىمۇ يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەپ قالدۇرۇش مۇمكىن، ئەمما كەڭ خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېزىق شەكلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچۈن زۆرۈر ئىپادىلەش شەكلى ئەمەس. ئۇمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تار-قىلىشىدا پەقەت قوشۇمچە رول ئوينايدىغان 2-ئورۇندىكى ئۇسۇلدۇر.

بىرىنچى بۆلۈمدە سۆزلەنگەن كوللېكتىپ ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، پەقەت ئېغىزدا ئىجات قىلىش ۋە ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىشلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ زۆرۈر شەكلى. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ روشەن بەلگىسى، ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق خەلق ئاغزىدىكى تىل سەنئەت ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىدا. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ئېغىز ۋە قۇلىقى ئارىلىقىدا ھەركەت قىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەدەبىياتتۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ كوللېكتىپچانلىقىغا ئوخشاشلا، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن. ئاغزاكى تىل ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكە زىچ ئەگەشكەن ھالدا ئىنسانلارنى ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىپ چىققان-دىن كېيىن، ئاندىن ئىنسانلار جەمئىيتى شەكىللەندى. ئەينى دەۋر-دىكى كىشىلەر پەقەت مۇشۇ خىل ئاغزاكى تىلنى قورال قىلىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان، شۇڭا خاتىرىلەپ ئېلىنغان بەزى قەدىمقى قوشاقلاردا كۆپىنچە ئەمگەك سادالىرىنىڭ كۆپ قېتىم تەكرارلىنىشى، سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ قايتا-قايتا تەكرار ئېيتىلىشى، قەدىمقى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئىسپات بولالايدۇ.

يېزىقنىڭ ئىجات قىلىنىشى زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ئېغىز ئارقىلىق ئىجات قىلىش ئەھۋالىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتەلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىنىپلارنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىغا ئەگىشىپ، سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنغان ۋە كونترول قىلىنغان يېزىق، شۇلارنىڭ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش، خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش قورالىغا ۋە ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان جىسمانىي ئەمگەكچىلەر يېزىق ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن ئاساسەن مەھرۇم قالدۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە ئەمگەكچى خەلق يەنىلا ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى ئىچىدىمۇ ئېغىز ئەدەبىيات پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ تاكى ھازىرغا قەدەر تەرەققىي قىلدۇردى.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى ئوخشاشلا ئېغىز ئارقىلىق بولىدۇ. يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىق ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تارقىلىش جەريانىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈشتەك مۇشۇ ئالاھىدىلىكىدىن شەكىللەنگەن. سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئەمگەكچى خەلقتە يېزىقتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولمىغىنىدەك، ئۇلاردا مەتبە ھەم نەشر قىلىشتەك تارقىتىش ۋاستىسىنىڭ بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئەمگەكچى خەلق ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي باسقۇچلاردا، باشتىن-ئاخىر پەقەت ئېغىز تىلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تارقىتىپ كەلدى، شۇنداقلا خەلق ئىچىدىكى ئەلنەغمىچىلەر ۋە كىچىك تىياتىرلارنىڭ ئەرتىسلىرىنىڭ سەنئەت ئۆگىنىشىمۇ «ئېغىزدا يەتكۈزۈپ، كۆڭۈلدە قوبۇل قىلىش» ۋاستىسى ئارقىلىق بولدى. ئاغزاكى تارقىتىش — خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ ئۇزۇن تارقىلىپ يۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تارىخىي تەرەققىياتتىن قارىغاندا، كۆپلىگەن رىۋايەت ۋە ھېكايىلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوشاق ۋە ماقال-تەمسىللەر مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى؛ جۇغراپىيە شارائىتىدىن قارىغاندا، كۆپلىگەن ئېغىز ئىجادىيەت ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ بەزى رىۋايەت، ھېكايىلەر، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە ھەتتا چەتئەللەرگىچە تارقالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاغزاكى تارقىلىشنىڭ ئاممىۋىلىقى ئىنتايىن كەڭ. ئۇ يالغۇز يېزا-كەنتلەردىكى ھەر بىر ئائىلىلەر ۋە ئانا-بالىلارغىچە تارقىلىپ قالماستىن، بەلكى ئېغىز ئارقىلىق ئۇ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمران سىنىپلىرى ھەمدە ئەدىپ ۋە يازغۇچىلار ئارىسىغىمۇ يەتكۈزۈلۈپ، ئۇلارغىمۇ تونۇتىلدۇ. شۇنداقلا يېزىق قوراللىرى ۋە نەشرىيات تېخنىكىسى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىقى ئاجىزلىشىپ قالماستىن ئەلۋەتتە يەنىلا ساقلىنىپ قالدۇ.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكى ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە يالغۇز يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىجتىمائىي، سىنىپىي مەنبەلا بولۇپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاغزاكى تىلنىڭ ئۆزىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئامىللىرى بولىدۇ. ئاغزاكى تىلنىڭ ئۆزى بىر خىل جانلىق ھەم ئەپچىل ئىپادىلەش قورالى بولۇپ، ئۇ ھەم ۋارىسلىق قىلىشقا ھەم ئەستە قالدۇرۇشقا ئەپلىك. ئۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چىڭ باغلانغان بولۇپ، خەلقنىڭ ئېسىگە مەھكەم ئورناشقان، شۇنداق قىلىپ ئۇ، خەلقنىڭ ھەر خىل ناخشا-قوشاق ئېيتىش ۋە ھېكايە سۆزلەش پائالىيەتلىرىدە جانلىق ياشايدۇ. ئاغزاكى تىل-ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىنتايىن قولايلىق بولغاچقا، قەدىمقى كىشىلەر خەلق ئاغزىدىكى قوشاقلارنى «شامال» دەپ ئاتىغان. بۇ، مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاغزاكىلىقنىڭ مەلۇم بىر خىل ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ ئېغىز ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ئىجادىيىتىنى ئېغىز تىلىنىڭ ئىپادىلەش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەۋزەللىكىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئاغزاكىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەپ ئەلۋەتتە مۇھىم؛ ئەمما، ئاغزاكىلىقنى يالغۇز جەمىيەت تەرەققىياتىدىنلا قارايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئېغىز ئارقىلىق ئىجات قىلىنىشى ۋە تارقىلىشى، تامامەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنى ئەزگەنلىكى، خەلقنىڭ يېزىق ئىشلىتىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دېگەندەك يەكۈن چىقىشى مۇمكىن. ھەمدە بۇنداق ھۆكۈمدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسى يېزىق ۋە مەكتەپ ۋاستىسىنى ئىگەللەش بىلەنلا، ئاغزاكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماي، پۈتۈنلەي يازما ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكىمۇ تەبىئىي ھالدا «يوقىلىدۇ» دېگەن يەنە باشقا بىر يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق خاتا يەكۈننىڭ پەيدا بولۇشى، بىر تەرەپتىن نوقۇل سىنىپىي كۆرەش تەلىماتى ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ھادىسىسىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئاغزاكى تىل»دىن ئىبارەت بۇنداق ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئەۋزەللىكىگە سەل قارىغانلىقتىندۇر. ئاغزاكى تىلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ رولى مەلۇم سىنىپقا بېقىنمايدۇ. سىنىپىي جەمىيەت پەيدا بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا، كىشىلەر ئاغزاكى تىلنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى بىردىن-بىر قورالى قىلغان ئىدى. شۇندىن ئېتىۋارەن ئاغزاكى تىل ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن باشتىن-ئاخىر زىچ بىللە بولۇپ كەلمەكتە. كىشىلەر ياشىغانلىكى جايدا ئاغزاكى تىل بولىدۇ، شۇنداقلا ئېغىز ئىجادىيىتى بولىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ يېزىق ئىشلىتىش شەرت-شارائىتىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، مەجبۇرى ھالدا قوللىنىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

غان ئۇسۇل ئەمەس. كۆپلىگەن پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى: يېزىقتا ئىگە بولغان بەزى سىنىپلار ۋە قاتلاملار ئىچىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز ئىجادىيەت ھەركىتى بولىدۇ. «ئەل ئارا يېڭى پاراڭلار»غا ئوخشاش قەدىمقى كىتابلاردا فېئودال سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەدىبلىرى كۆپلىگەن ئاغزاكى رىۋايەت ۋە ھېكايىلەرنى توپلاپ خاتىرىلىگەن. مانا بۇ ناھايىتى ياخشى مىسال. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، يېزىقنى ئىگەللەش-ئىگىلىيەلمەسلىك ئاغزاكىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇش-بولماسلىقىنىڭ بىۋاستە مەنبەسى ئەمەس، بەلكى ئېغىز تىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق سەۋەپتۇر. ئاغزاكى تىلدىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەچكە، ئۇ ھەرقايسى سىنىپلار ئۈچۈن ئورتاق. پەقەت ئەمگەكچى خەلق ئۇزاق تارىخىي مەزگىللەرگىچە يېزىق ئىگىلىيەلمىگەنلىكتىن، باشقا سىنىپلارغا قارىغاندا ئېغىز ئارقىلىق ئىجات قىلىش ئەھۋالى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى، خالاس. يازما ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قاتلاملار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاغزاكىلىق ئاخىرقى ھېساپتا تىپىك ئەمەس ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئەكسىچە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بولسا ئۇ تىپىك بولىدۇ ۋە ئالاھىدىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ، دېمەك، ئېغىز ئارقىلىق ئىجات قىلىنغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئېغىز تىلى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يىپ-يېڭى يولىنى بويلاپ تەرەققى قىلىپ، جانلىق ھەم باي بولغان ئېغىز تىلى بىلەن بىللە مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، پەقەت ئىنسانلار بىر كۈنىمۇ جانلىق تىلدىن ئايرىلمايدىكەن، خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىمۇ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۈن توختاپ قالمايدۇ.

سوتسىيالىزىم مەزگىلىدە كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ھەقىقەتەن يازما ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھادىسىسى كۆرۈلمەكتە. ئەمما ئەمىلىي تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بۇ خىل يازما ئىجادىيەت-ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئارىسىدا يەنىلا ئاز سانلىق تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق ئاممىۋى ئىجادىيەتنىڭ بەزىلىرى گەرچە ئەنئەنىۋى ئېغىز ئىجادىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىن ئېيتقاندا زور كۆپچىلىكى يەنىلا يازما ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. نۇرغۇنلىغان مىساللار ئىسپاتلىدىكى: ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئارىسىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلار، ھەممىسى دىگۈدەك كەسپىي يازغۇچىلار ياكى كەسپىي ئىجادىيەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە ئاساسىي قاتلامدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار كەسپىي يازغۇچىلار ئىجادىيىتىنىڭ ئارقا سەپ تەييارلىق دۈيى بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئاللىقاچان ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. بۇ خىل يېڭى ئىجادىيەت ھادىسىسى ھەرگىز ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولماستىن، بەلكى پەقەت يازما ئەدەبىياتنىڭ كېڭەيگەنلىكىنىلا ئىسپاتلايدۇ. سوتسىيالىزىم شارائىتىدىكى يازما ئىجادىيەتنىڭ ئاممىۋىلىق خۇسۇسىيىتىنىلا كۆرسىتىدۇ، خالاس.

سوتسىيالىزىم مەزگىلىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى خەلق تۇرمۇشىدا يەنىلا ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ تۇرماقتا. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خەلقنىڭ ئاغزىدا ئۈزلۈكسىز ئىجات قىلىنىپ تارقىلىپ يۈرگەن يېڭى قوشاقلار، يېڭى رىۋايەت ۋە يېڭى خەلق ھىكايىلىرى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن يېڭى لەتىپىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى دەلىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمدىلا ساۋاتلىق بولغان بەزى خەلق قوشاقچىلىرى، ھىكايىچىلەر
ياكى ئەلنەغمىچىلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىجات
قىلغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى قەلەم كۆچىگە
تايىنىپ يېزىپ چىقىقاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئارقىلىق بايان
قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدە يەنىلا ئېغىز مۇھىم ۋاستە
قىلىنغان بولۇپ، قەلەمگە تايىنىش قوشۇمچە بولغاچقا، ئۇنداق
ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشر قىلىشتا، ئۇنىڭغا يازما ئەدەبىيات قاتارىدا
قارىماسلىق كېرەك.

# ئۈچىنچى بۆلۈم ئۆزگىرىشچانلىق

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كوللېكتىپقا تەۋەلىكى، ئېغىزدا
ئىجات قىلىنىش ۋە تارقىلىش شەكلى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ماكانى
ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدىغانلىقىنى بىۋاستە بەلگىلىگەن.
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ بۇ خىل تەبىئىي ئۆزگىرىپ
تۇرۇش خۇسۇسىيىتىنى ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتنىڭ تۇراقلىق خۇسۇ-
سىيىتىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگىسىدۇر. ئۇنىڭ بۇ خىل
ئالاھىدىلىكى ئۆزگىرىشچانلىق دېيىلىدۇ.

يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ تۇراقلىق تېكىستى بولىدۇ، گەرچە
بەزىدە تۈزىتىش ۋە تەھرىرلەش ئېلىپ بېرىلسىمۇ، ئۇنىڭدىكى
ئۆزگىرىش چەكلىك بولۇپ، بېكىتىلگەندىن كېيىن مۇقىم ھالەت
شەكىللىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان نەشرىلىرىدە گەرچە پەرقلەر
بولسىمۇ، ئەمما ھەرقايسى نەشرىنىڭ ئايرىم-ئايرىم مۇقىم تېكىستى
بولىدۇ. ئەكسىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئەسەرلەردە دائىم دېگۈدەك ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئايرىم ساندا ئەمەس، بەلكى زور مىقداردا، شۇنداقلا تاسادىپى بولماستىن بەلكى مۇقەررەر هالدا بولىدۇ. هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەلۇم بىر ئەسەرنى گەۋدە قىلغان هالدا، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ساقلاپ قىلىپ ئايرىم دېتاللىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شۇ ئەسەرنىڭ نۇرغۇن ۋارىيانتلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. خەلق سەنئەتكارلىرى ئاشۇنداق ئورۇنلاش جەريانىدا يالغۇز ئۆزلىرىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئېغىز سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ هەمىشە دېگۈدەك ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل هادىسە نەسرى هېكايىلەردە ناهايىتى روشەن كۆرۈلىدۇ، نەزمى ئەسەرلەردە بولسا ئادەتتە ئانچە روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ.

ئۆزگىرىشچانلىق ئالاهىدىلىگىنىڭ شەكىللىنىشى، تەبىئىكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيىتى بولغانلىقى، ئاغزاكى ئىجادىيەت بولغانلىقى هەمدە تارقىلۇچان بولغانلىقى قاتارلىق سەۋەپلەردىندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىدە يەنە ئىچكى-تاشقى ئامىللارمۇ بار.

بىرىنچى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەسەرلىرى بولسا ئېغىزدا تارقىلىپ كۆڭۈلدە قوبۇل قىلىدىغان ئەسەرلەردۇر. بۇ يەردىكى «كۆڭۈلدە قوبۇل قىلىش»نىڭ مەنىسى — ئەستە قالدۇرۇشقا تايىنىپ ساقلاش ۋە تارقىتىش دېمەكتۇر. ئەستە قالدۇرۇشقا تايىنىپ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ساقلاش — ئۆزگىرىشچانلىقنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئىچكى ئامىلى. يازما خاتىرىلەر ۋە مەتبەدە كۆپەيتىشمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارقىلىشىغا ياردەم بەرگەچكە، گەرچە ئۇنىڭدا بەزىبىر مۇقىملىق هالەت بولسىمۇ، ئەمما ئەستە قالدۇرۇشقا تايىنىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئاغزاكى ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. قوشاقلار ھەم قىسقا، ھەم كىچىك، ھەم رىتىملىك بولغاچقا ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆز-مىسرالىرىمۇ نىسبەتەن مۇقىم بولىدۇ.

ھېكايە تېپىدىكى ئەسەرلەر تارقىلىش جەريانىدا، ئاز ساندىكى مۇقىم ئەسەرلەردە، ئەسەرلەردە بولىدىغان ئۆزگىرىش نىسبەتەن كىچىك بولۇشىدىن تاشقىرى كۆپ ساندىكى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، دائىرىسىدىن تارتىپ بايان قىلىش تىلى ۋە سيۇژېت-ئېپىزوتلىرىغىچە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەزىدە ھەتتا ئوخشاش بولمىغان ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكى بىرلەشتۇرۇلۇپ، باشقا بىر يېڭى ئەسەر بارلىققا كېلىدۇ. پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىزدىن ئىبارەت دائىملىق ھېكايىنى ئالساق، تارقىلىش جەريانىدا «ئىككى ئاكا-ئۇكا» ھېكايىسى ئىچىدىكى ئىت بىلەن يەر ئاغدۇرۇش ھېكايىسى بىرلەشتۇرۇلۇپ بىر ھېكايە بولغان.

ئىككىنچى، خەلق ئارىسىدىكى يازغۇچىلاردا ئەزەلدىن ئاپتورلۇق ھوقۇقى كۆزقارىشى بولمايدۇ، بۇمۇ ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۇرگەن ئىچكى سەۋەپ. يازما ئەدەبىياتتا بولسا ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇش ھوقۇقى بولۇپ، بۇلار ئەزەل-دىن يازغۇچىلار، نەشرىياتچىلار ۋە كىتابخانىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلە-نىپ، ئەخلاقىي، قانۇنىي جەھەتلەردىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ ۋە قوغدى-لىدۇ. ھەرقانداق كۆچۈرمىچىلىك، ئۆزگەرتىۋېلىش ھادىسىلىرى خاتا دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. بۇ يالغۇز ئەخلاقسىز ھەركەتلا بولۇپ قالماستىن، ئۆز خالىغىنىچە كۆچۈرۈۋېلىپ بىسىپ تارقىتىشقا قانۇن تېخىمۇ يول قويمايدۇ. تەھرىرنىڭ ئۆزگەرتىش ھوقۇقى پەقەت يازغۇچىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش ئاستىدىلا بولىدۇ. بۇ بىر قاتار ئۇقۇملار خەلق ئېغىز ئەدە-بىياتى ئىجادىيىتىدە زادى مەۋجۇت ئەمەس. ئاغزاكى تارقاتقۇچىلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ئۆزى ئوخشاشلا قايتا ئىجات قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلاردا ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزگەرتىشلەر كۆپ ھاللاردا ئىستىخىيىلىك بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنىيەتلىرى بويىچە بولغان تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ مەقسەتلىك، قەستەن ئۆزگەرتىلگەن ئەمەس.

ئۈچىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارقىلىش شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى — ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان تاشقى سەۋەپتۇر. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاستە يىلتىز تارتىپ ئاممىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى جايلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئوخشاشمىغان شارائىتى ئەسەر مەزمۇنىدىكى ئۆزگىرىشنى ئىلگىرىلىتىدىغان ئامىل بولىدۇ. بولۇپمۇ نەسرى ھېكايىلەرنىڭ A جايدا B جايدىكىگە ئوخشاش ئېيتىلىشى ناتايىن. تەبىئىي مەنزىرىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمدە بەزى كونكرېت ئەھۋاللار ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىكى ھەر خىل پەرقلەر ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە مۇقەررەر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزى ھەجۋى خاراكتېرلىق لەتىپىلەردە بولسا، شۇ جاينىڭ رېيال ئەھۋالى ئوخشىمىغانلىقتىن، شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا، دائىم دىگۈدەك ھەجۋى قىلىش ئوبيېكتى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ھاۋارايى ۋە تېرىقچىلىق توغرىسىدىكى ئوخشاش بىر خىل ماقال-تەمسىللەردىمۇ ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مەلۇم پەرقلەر كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدىكى پەرقلەر مۇقەررەر ھالدا شۇ مىللەت ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مىللى ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مەسىلەن، «پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز» توغرىسىدىكى ھىكايە خەنزۇلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ «7 - ئىيۇل كەچلىكى»دەك مىللى ئادىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. مياۋزۇلار ئارىسىدا بولسا بۇ ھىكايە «7 - ئىيۇل كەچلىكى» ئادىتىدىن ئايرىلىپ، مياۋزۇلارنىڭ مىللى بايرىمى مەزگىلىدىكى مىس دۇمباق ئۇسۇلى، نەي ئۇسۇلى ھەمدە مياۋزۇلار يۇرتىنىڭ چىڭشۈيجاڭ دەرياسى بويىدىكى نيۇتوشەن① مەنزىرىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ئۆتىنچى، تارىخنىڭ تەرەققىياتى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى — ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئوبيېكتىپ سەۋەپتۇر. ۋاقىتنىڭ كۈنسايىن ئۆتۈپ تۇرۇشى، بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈش نەتىجىسىدە ئېغىز ئەدەبىياتىغا يېڭى تۇرمۇش تۈسلىرى قوشۇلۇپ، مەزمۇن جەھەتتە دائىم دىگۈدەك زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ. ئالدىنقى بىر ئەۋلادتىن تارقىلىپ كەلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ھەممىشە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئەينى دەۋرنىڭ (يېڭى دەۋرنىڭ) مەزمۇنى بىلەن تولۇقلايدۇ ياكى ئۆزگەرتىپ ئالماشتۇرىدۇ. ئىجتىمائى تۇرمۇشتا زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن چاغلاردا، يېڭى ئەھۋالنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ ئەسەر مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىشى ئەلۋەتتە ناھايىتى تەبىئى ئىش. بولۇپمۇ جەمىيەت تەرەققى قىلىپ سوتسىيالىزىم باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا، كىشىلەر يېڭىچە كۆرەش ئەمىلىيىتىگە قاتنىشىپ، يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، يېڭى ئادەتلەر بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ھىسسىياتى ۋە بەدىئى ھەۋەسلىرىدە ئۆزگىرىش (ھەتتا توپ ئۆز-

① نيۇتوشەن — تاغنىڭ ئىسمى (تەرجىماندىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىرىش) ياسايدۇ-دە، ئۇلار دائىم دىگۇدەك ئۆزلىرىنىڭ ئىسىدە بار بولغان ئەسلىدىكى ئاغزاكى ئەسەرلىرىنى كونا ئىدىيە ۋە كونا سەنئەتتىن ئازات قىلىپ، ئۇلارنى يېڭى دەۋردىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھەر دائىم ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ئۇسلۇبى ۋە ئالاھىدىلىكىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.

ئۆزگىرىشچانلىق ئالدى بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىدىكى ئۆزگىرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش نىسبەتەن ئومۇمى يۈزلۈك ۋە دائىملىق بولىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى نەسرى ھېكايىلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى گەرچە سىيۇژىت ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن تۇراقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بايان قىلىشتا ئومۇمەن ھېكايە قىلغۇچىلارنىڭ ئوخشىمىغانلىقى ۋە شۇ ھېكايە قىلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان شارائىت ۋە ئوخشىمىغان ئوبيېكتقا ماس ھالدا ئۆزلۈمەستىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. سۆز-ئىبارىلىرى تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان ھېكايىلەر ئومۇمەن ئالغاندا كۆپ ئەمەس. قوشاقلار، ماقال-تەمسىلەر، ئېيتىشلار ۋە كىچىك تىياتىرلارنىڭ تېكىستى گەرچە نىسبەتەن مۇقىم بولسىمۇ، ئەمما بەزى سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىن يەنىلا ساقلانغىلى بولمايدۇ. «ھىلال ئاي دۇنيانى يورۇتتى»، «نۇرلۇق ئاي»، «ئۇنى كۆرۈش» قاتارلىق قوشاقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نۇرغۇن سۆزلىرى ئوخشىمايدىغان پەرقلىق تېكىستلىرى بار. بىر پارچە ئەسەر مەيلى قانداق يەرگە تارقالسۇن، ئالدى بىلەن شۇ يەرنىڭ يەرلىك تىل تۈسىنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ جاينىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە سەنئەت تىرادىتسىيەسىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن سۆز-ئىبارىلەر ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ۋە ھېكايىلەردە بولسا بۇ خىل ھادىسە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

نىسبەتەن كۆپرەك كۆرۈلىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىش ئوخشاش تىپتىكى رىۋايەت ۋە ھېكايىلەرنى نەچچە خىل ياكى كۆپ خىل ئوخشىمىغان سيۇژېت ۋە پېرسوناژلارغا ئىگە قىلىدۇ ياكى ئەسلىدىكى بىر ئاددىينا ئۇقۇمنى تەدرىجى تولۇقلاپ مەزمۇننى بېيىتىدۇ، سيۇژېتنى قانات يايدۇرىدۇ. يەنە «پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز»نى مىسالغا ئالساق، توقۇمىچى قىز بىلەن پادىچى يىگىتتىن ئىبارەت ئىككىيلەننىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى رىۋايەتتىن، ھازىرقى چاغدا ئېيتىلىپ يۈرگەن ئاسماندىكى توقۇمىچى قىز بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى پادىچى يىگىتنىڭ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكىگىچە بولغان مۇكەممەل ھېكايە قانچە ئەسىرلەر داۋامىدا بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرگەن. ئالتە سۇلالە (Liu Chao) زامانىسىغا كەلگەندىلا ئاندىن يىلدا بىر قېتىم «7-ئىيۇل ئاخشىمى» توقۇمىچى قىز بىلەن پادىچى يىگىتنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان ۋەقەلىك پەيدا بولغان. تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ ھېكايە «ئىككى ئاكا-ئۇكا» ھېكايىسىدىكى ئاكا-ئۇكىنىڭ ئۆي ئايرىپ چىقىپ، ئىت بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ۋەقەلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، ئادەم بىلەن روھنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى شەكىللىنىپ فېئودالىزىمغا قارشى تۇرۇشتەك چوڭقۇر تېمىنى ئىپادىلىدى. قوشاق ۋە ماقال-تەمسىللەر ئىچىدىكى بەزى ئەسەرلەر مەزمۇن تەرەپتىن دائىم دىگۈدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشاش تىپتىكى بىر خىل قوشاق ئوخشىمىغان دەۋرنىڭ ئالدى-كەينىدە تارقالغاندا، بۇ خىل ئۆزگىرىش نىسبەتەن روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسىدىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ھەجۋى قىلىدىغان: «ئوردىدىن ئادەم كېلىپ قىلار مالىمان جاھاننى، كەتكەندە ئۇ ئوخشاشلا زۇلمەت قاپلار ئالەمنى، ئەمەلدارلار ئۆتكۈزەر ئەيشى-ئىشرەتلەر بىلەن كۈننى، پۇقرالارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەريادى باستى پۈتۈن جاھاننى» دېگەن خەلق قوشىقىدىن، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن جياڭجېيشى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىنى مەسخىرە قىلىدىغان «يىغا-غەۋغا كۆپ بولسا گۇاڭفۇ①لار بەك خۇش بولار، بۇلاش-تالاش ئۈستىگە تۈنلەپ بەزمە قۇرۇلار، جاھالەتلىك سىياسەت شۇلۇپ ئەلنى قاخشىتار، دەردۇ-ئەلەم كەستىدىن ھەممە پۇقرا زار يىغلار» دېگەن خەلق قوشىقى پەيدا بولدى. روشەنكى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ ئۆزگەر-تىلىشىدىن كەلگەن. بۇنداق مىساللار خېلى نۇرغۇن. مەزمۇن ۋە سىيۇژېتىنىڭ ئۆزگىرىشى دائىم دېگۈدەك ئەسەرنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىدۇ، بۇ خىل ھادىسە گەرچە دائىم بولۇپ تۇرمىسىمۇ، بىراق ئۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇ خىل مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئۆزگىرىش ھادىسىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەسرى ياكى نەزمى ئەسەرلە-رىدە بولسۇن ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك. چۈنكى بۇ خىل ئۆزگىرىش — ئۆزگىرىش-چانلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش دەۋر روھىنى، جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلە-شىنى، خەلقنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىسىنى، ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە ئۇ دائىم دېگۈدەك ئەسلىدىكى ناھايىتى ئاددى، ئادەتتىكى تېمىنى زور ھەم ئاكتىپ تېمىغا ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىز مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئۇزۇندىن بۇيان تارقىلىپ يۈرگەن «مېڭ جياڭ نۈي» (Meng jiang nüy) دېگەن داڭلىق رىۋايەتنىڭ مۇندىن 2500 يىل ئىلگىرىلا ئىپتىدائىي شەكىللىرى بولغانلىقى مەلۇم. ئۇ چاغدا پەقەت چى لياڭ (Qiliang)نىڭ

① گۇاڭفۇ — ئەسلىگە كەلتۈرمەك، قايتۇرۇۋالماق، يېڭىۋاشتىن جانلاندۇر-ماق ۋە يەنە بايلار دېگەن مەنىلەردە (تەرجىماندىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

خوتۇننىڭ خۇ بەگلىكىنى سىرتتا قالدۇرۇپ قويۇشنى رەت قىلغانلىغىدىن ئىبارەت كىچىك ھىكايىلا بولۇپ، غەربىي خەننىڭ ئالدىنقى دەۋرىگە كەلگەندە چى لياڭنىڭ خوتۇنىنىڭ «ماھىرلىق بىلەن يىغلىغانلىق» مەزمۇنى قوشۇلغان. بۇ تارقىلىپ غەربىي خەننىڭ كېيىنكى مەزگىلى ۋە شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە «يىغلاپ شەھەر قورغانىنى ئۆرۈش»كە تەرەققى قىلغان، كېيىنكى ۋېي دەۋرىگە كەلگەندە بولسا «يىغلاپ لياڭشەننى ئۆرۈش» ياكى «يىغلاپ لۇچىڭ سېپىلىنى ئۆرۈش» دېگەن رىۋايەتكە ئايلانغان، شىمالىي چى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن چى لياڭنىڭ چاڭچېڭ سېپىلىنى ياساش ئۈچۈن ھاشارغا بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، جەسىدىنىڭ سېپىل ئارىسىدا قالغانلىقى، مېڭ جياڭ نۈيىنىڭ ئېرىنى ئىزلەپ يىغلاپ چاڭچېڭ سېپىلىنى ئۆرۈگەنلىك ھىكايىسىگە ئايلانغان. شۇنداق قىلىپ بۇ ھىكايىنىڭ تېمىسىدا توپ ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر رىۋايەتكە ئايلانغان①.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسىدىكى زور ئۆزگىرىش خەلق ئىنقىلاۋى دەۋرىدە تېخىمۇ ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. كۆپلىگەن ئەنئەنىۋى ئەسەرلەر يېڭى دەۋردە ئەسلىدىكى ئىدىيىۋى چەكلىمىلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، خەلقنىڭ ئاكتىپ كۈرەش قىلىشىغا ئىلھام بېرىدىغان يېڭى تېمىغا ئۆزگەردى. بولۇپمۇ بەزى ئەنئەنىۋى قوشاقلار، ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئۆزگىرىپ يېڭى ئىنقىلاۋىي قوشاقلار ۋە ماقال-تەمسىللەرگە ئايلانغانلىقى ھەققىدىكى مىساللار ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. «يولۋاس مىنسەڭ قورقما تاققا چىقىشتىن. ئەجدىھا مىنسەڭ قورقما ئازگالغا چۈشۈشتىن، ئۈزمەك بولساڭ گۈلنى

---

① جوڭ جىڭۋېن: «مېڭ جياڭ نۈيىنى پەپەن قىلىش»، «خەلق ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1979 - يىلى 7 - سان.

قورقما ئۆلۈمدىن، گۈل تۈۋىدە بەرسەڭ جاننى بولارسەن مۇدەن» دېگەن خەلق ئارىسىدىكى بىر كۇپلېت قوشاق پەقەت مۇھەببەتتىكى قەتئىيەتلىكنى ئاساسىي تېما قىلغان ئەنئەنىۋى خەلق قوشىقى بولۇپ، قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلغان يىللارغا كەلگەندە ئىنقىلاۋىي بازىلاردىكى خەلق ئارىسىدا: «يولۋاس مىنسەڭ قورقما تاققا چىقىشتىن، ئەجدىھا مىنسەڭ قورقما ئازگاللغا چۈشۈشتىن، ئىنقىلاپ قىلدۇق بىز ئەسلا قورقماي ئۆلۈمدىن، خەلق ئۈچۈن ئۆلسەك مەڭگۇ رازىمىز» بولۇپ، ئاخىرغىچە قۇربان بېرىشتىن قورقماي ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشتەك تېمىنى ئىپادىلىگەن يېڭى خەلق قوشىقىغا ئۆزگەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا كونا دەۋردە ئېقىپ يۈرگەن: «ياخشى تۆمۈردىن مىخ سوقما، ياخشى ئەر بولساڭ ئەسكەر بولما» دېگەن ماقال يېڭى دەۋرگە كەلگەندە «ياخشى تۆمۈردىن مىخ سوقىن، ياخشى ئەر بولساڭ ئەسكەر بولغىن» دېگەن ماقالغا ئۆزگەرگەن. دېمەك، ئاساسىي تېمىسى ئۆزگەرگەن مۇنداق قوشاق ۋە ماقاللار ئاز ئەمەس.

ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، مەيلى تىلدىكى ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى بولسۇن، ياكى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشى بولسۇن، ھەممىسى نىسبەتەن روشەن بولىدۇ، ئەمما شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، بىر خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەرمۇ دائىم ئوخشىمىغان ژانىر ۋە شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگىرىشچانلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دەپ قارىماسلىق كېرەك.

ئۆزگىرىشچانلىقنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ئىككى تەرەپلىمە بولىدۇ، بىرى ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش بولۇپ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى جانلىقلىق ۋە ماسلىشىشچانلىقتەك ئەۋزەللىكىنى نامايەن قىلىدۇ. يەنى ئۆزگىرۇچانلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەسەرنىڭ رىيال ئەھمىيىتىنى ئاشۇردۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزگىرىۋچانلىقنىڭ پاسسىپ ئاقىۋىتىمۇ بار، يەنى ئۇنتۇلۇپ قىلىش ۋە خاتا يەتكۈزۈلۈش نەتىجىسىدە، ئەسەردىكى ياخشى تەركىپلەر زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن بەزى ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تۈسى يوقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆزگىرىشچانلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پەقەت ئىجادىيەت ۋە تارقىلىشىدىكى خۇسۇسىيىتىلا بولۇپ، ئۇنى ئەسلا بىر ئەۋزەللىك دەپ چۈشىنىۋالماسلىق كېرەك.

ئۆزگىرىشچانلىق — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئوبيېكتىپ ھادىسە بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى خاتىرىلەش ۋە رەتلەش ۋاقتىدا، ئۇنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشنىڭ بانا-سەۋىۋى قىلىۋالماسلىق لازىم.

## ئۈچىنچى بۆلۈم ۋارىسلىق خاراكتېرى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئەلۋەتتە داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ يەنە بىرقاتار نىسبىي مۇقىملىق ئامىللىرى مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كەلدى. روشەنكى، بۇنى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەنئەنىسى بەلگىلىگەن. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىلىك خۇسۇسىيىتى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكى دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن
ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. ئۆتمۈشتىكى بەزى ئالىملار ۋارىس-
چانلىق دىمەك «دورامچىلىق»، «كونسىرۋاتىپچىلىق» دەپ تونۇش-
قان. ئۇلار بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدىكى
بەزى ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە قەدىمقى ئىدىئولوگىيەنىڭ ئەۋلادتىن-
ئەۋلادقا قوبۇل قىلىنىش مەسىلىسىنىلا كۆزدە تۇتۇشقان. مەسىلەن،
ئەسرى ھىكايىلەردە ۋارىسلىق قىلىنىپ كېلىۋاتقان «پەدىشەپ نۇق-
تىئىنەزىرى» ئوغۇلنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى قاراشلىرى، ئائىلىق
سىستېمىسىنىڭ ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيە قالدۇقلىرى قاتارلىقلار. ئۇلار
ھەمىشە مۇشۇلارنى تۇتۇۋېلىپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «فېئودال»،
«خۇراپى»، «قالاق»، «كونسىرۋاتىپ» دىگەندەك يەكۈنلەرنى
چىقىرىشقان.

ئەمىلىيەتتە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكى
ئۇنىڭ مەزمۇنى تەرەپتە ئىپادىلەنگەن ئاددى-ساددا، ساغلام رىيالىزىم-
لىق ئەنئەنىسىدىن ھەمدە ئۇنىڭدىكى مەلۇم ئوبرازلارنىڭ داۋاملىق
قوللىنىلىشىدىن تاشقىرى، مۇھىمى قانچىلىغان ئەسىرلەردىن بۇيان
شەكىللەنگەن نىسبەتەن مۇقىم بەدىئى شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىدا ئەكس ئەتكەن قەدىمقى ئەنئەنىۋى
قاراشلار، ئېتىقات، ئۆرپ-ئادەت، تۈزۈم قاتارلىقلار خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ھەرگىزمۇ ئومۇملۇق ئەمەس. بۇ خىل ئەنئە-
نىۋى ئامىللارغا ئىگە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى
قېزىش، رەتلەش ۋاقتىدا ئۇنى خالىغانچە ئىنكار قىلىۋەتمەستىن
ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. ئەكسىچە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى-
نىڭ بەدىئى شەكلى نامايەن قىلغان ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىك نىسبە-
تەن كەڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ
ئۆزىدىكى بەدىئى قانۇنىيەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكى ئەڭ قەدىمقى دەۋردىن تارتىپ تەدرىجى شەكىللەنگەن. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى كىشىلەر ئېغىز ئىجادىيىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆز مىللىتى ئېغىز تىلىنىڭ بوغۇمى، ئىنتوناتسىيىسى، گىراماتىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىلىستىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ھەر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە شەكىللىرىنى كەشىپ قىلدى. بۇ ۋاستىلەر ۋە شەكىللەر كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن قايتا-قايتا ئويلىنىش، پىششىقلاپ ئىشلىنىش، ئېتىراپ قىلىنىش ۋە ئىشلىتىلىش ھەمدە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا يەتكۈزۈلۈش، ئەسىرلەر بويى قوللىنىلىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ بىر قاتار روشەن بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى شەكىللەندى. جەمئىيەت تارىخىدا قانچە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر باشتىن ئاخىر خەلق ياقتۇرىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان شەكىللەر ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ خىل بەدىئىي ۋارىسلىق ھەرگىزمۇ تاسادىپىي، خالىغانچە ئىجات قىلىنغان بولماستىن، بەلكى ئۇ خەلقنىڭ ئېغىز سەنئەت پائالىيىتىدە كۆنسېرى توپلىنىپ، پىششىقلىنىپ، گوياكى تامچە سۇدىن كۆل ھاسىل بولغاندەك ئاستا-ئاستا شەكىللەنگەن. ھازىرمۇ مەۋجۇت بولغان 4 بوغۇملۇق، 5 بوغۇملۇق، 7 بوغۇملۇق خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى ئەنە شۇ خىل ۋارىسلىق قىلىنغان شەكىللەرنىڭ دەلىلى.

ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكى ئاساسەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇب ۋە شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە شەكىللەر قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا قوللىنىلىپ كەلگەن بولۇپ نىسبەتەن مۇقىم. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى نەزمى ئەسەرلەردە ئاساسەن خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئوخشىتىش ئۇسۇلى، سۆز ۋە مىسرالار شەكىللىرىدىن تارتىپ تەكرار ئىپادىلەش ئۇسۇل-

لىرىغىچە بولۇپمۇ ئالدى بىلەن ئوخشىتىش ۋە سىمۋول ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان. مانا بۇلار خەلق قوشاقلىرىدا نىسبەتەن ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللاردۇر. ئاددى-ساددا، جانلىق ۋە باي ئاغزاكى تىل لېكسىلوگىيىسى خەلقنىڭ ھاياجانلىق ۋە تەسىرلىك ئىجادىيىتى ئۈچۈن تولۇق تەبىئى شەرت-شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىچىدە ئېنىق ۋە دەل، مۇۋاپىق بولغان سانسىزلىغان ئوخشىتىشلار ۋە ھېسسىياتلىق مىسرالار بولۇپ، ئۇلار ھەر دائىم ئەملى تۇرمۇش ئاساسىدا ئېغىزدا ئىجات ئېتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان ھېسسى مىسرالار (جۈملىلەر) ئېغىزدىن-ئېغىزغا، قولاقتىن-قولاققا كۆچۈپ يۈرگەچكە، ئامما ياخشى كۆرىدىغان، تاللىشىپ يۈرۈپ ئىشلىتىدىغان ۋە كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان جۈملىلەر بولۇپ قالغان. قەدىمقى خەلق قوشىغى «شېئىرلار تومى — دىگوفېڭ» ۋە «يۆفۇ»لار ئىچىدە خەلق ئارىسىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ نۇرغۇنلىغان مىساللىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. يېقىنقى دەۋر خەلق قوشاقلىرىدا ئادەتتە تەبىئى مەۋجۇت بولغان نەرسىلەردىن ئوخشىتىشتا ئاساس قىلىنغانلىرى كۆپرەك بولۇپ، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، بوران، يامغۇر، چاقماق، گۈلدۈرماما، تاغ، جىلغا، گۈل-گىيا، ئۈچار قۇش، قۇرۇت-قوڭغۇز ۋە ھەر خىل ھايۋان قاتارلىقلارغا ئوخشىتىلغان مىساللارنى ناھايىتى كۆپ كۆرۈشكە بولىدۇ. «قۇياش چىقىپ ئىللىتتى جاھاننى»، «كۆكتە يۇلتۇز يورۇتتى ھەممە ئەتراپنى»، «ئاي چىقىپ يوپ-يورۇق قىلدى جاھاننى»، «دەرياغا سەل كەلسە ئېرىقتىكى سۇ لاي بولىدۇ»، «ئېگىز تاغ بېشىدا بىر تۈپ توخۇمەك»، «خوراز ئۈچتى گۈلزارغا»...... دىگەنگە ئوخشاش مىساللارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. تارقىلىش جەريانىدا قوشاقلارنىڭ باشلىنىش مىسرالىرىدىكى بۇ خىل تۈزۈلۈش شەكىللىرى تەدرىجى قېلىپلىشىپ، قوشاقلاردا دائىم قوللىنىلىدىغان شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان. بۇلار ئاممىغا تونۇشلۇق بولغان بەدىئى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەكىللەر بولۇپ، ئاغزاكى قوشاقلارنى ئىجات قىلىشقا ناھايىتى قولايلىق. ئەسلىدىكى باشلىنىشى «يانۋاردا كېلەر يىپ-يېڭى باھار»، «مارت ئېيىدا كېلەر چىڭىمىك بايرىمى»، «باھاردا خۇش پۇراق چاچىدۇ گۈللەر»، «يانۋاردا چىقتى ئاي ئۇدۇل شەرقتىن» دىگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر تارقىلىش جەريانىدا ھەم ئەستە قالدۇرۇشقا ھەم ئېيتىشقا ئەپلىك بولۇپ، ئۇ تەدرىجى ھالدا مۇقىم شەكىلگە ئۆزگىرىپ، ئاستا-ئاستا قوشاقلارنىڭ مۇقىملاشقان قېپىيە شەكلى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، «ئايلار نەغمىسى»، «تۆت پەسىل نەغمىسى»، «بەش مەھەل نەغمىسى» ۋە باشقا خىلدىكى «× ×نى كەشتىلەش»، «× ×نى يەتكۈزۈش» قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاغ ناخشىلىرىنى ئېيتىشتا پائالىيەت شەكىللىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىغىدىن تەدرىجى ھالدا ئۆزئارا ئېيتىشىش ۋە توپلىشىپ ئېيتىشىش شەكىللىرى شەكىللەنگەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئېغىز تىلىدا ئېيتقان ناخشىلارنىڭ بوغۇم ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قوشاقلىرى ئۆزىگە خاس بولغان جۈملە (مىسرا) شەكلى ۋە بوغۇم قائىدىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، خەنزۇ مىللىتىنىڭ قەدىمقى قوشاقلىرى ئىلگىرى تۆت خەت (بوغۇم)، بەش خەت شەكلىدە بولۇپ، كېيىن يەنە يەتتە خەتلىك شەكلى ئومۇملاشقان. يەنە بەزى جايلاردا بولسا بەش خەت، يەتتە خەتلىك مىسرالار ئاساسىدا كۆپ خەتلىك مىسرالارغا ئۆزگەرگەن بولۇپ، بۇ مىسرالارنىڭ ھەممىسى قوشاقلارنىڭ نىسبى مۇقىم ئۇدارىنى شەكىللەندۈرگەن. قوشاقلارنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدە تەدرىجى ھالدا تۆت مىسرالىق (ئايرىم جايلاردا بەش مىسرالىق) ياكى ئىككى مىسرالىقتىن ئىبارەت مۇقىم قۇرۇلۇش شەكلى شەكىللەنگەن. جەنۇبنىڭ تاغ ناخشىلىرىغا ئوخشاش ئايرىم رايونلارنىڭ تاغ ناخشىلىرىدىن باشقا زور كۆپچىلىك جايلارنىڭ تاغ ناخشىلىرى تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن؛ غەربىي شىمال

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رايونىنىڭ «شىن تيەن يۈ»، «ئىلاھى ساياھىتى»، «تاقىقا چىقىش» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىككى مىسرالىق تاغ ناخشىلىرىدۇر. قوشاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى جەھەتتە، ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش، ئەستە تۇتۇش ۋە ئېيتىشقا قولايلىق يارىتىش ھەمدە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن، ھەمىشە تەكرار ئېيتىش ۋە تەكرار بايان قىلىشتەك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. بۇنداق تەكرار سۆزلەرنى يالغۇز ئىستىلىستىكىدا داۋاملىق ئىشلىتىپ قالماي، قوشاق مىسرالىرىدىمۇ دائىم قوللىنىلىپ، بەزى سۆز-ئىبارىلەر ۋە مىسرالار قايتىلىنىش ئارقىلىق قوشاقلارنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى ئاشۇرۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى تۆت مىسرالىق ئەنئەنىۋى تاغ ناخشىلىرىدىن كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. ماقال-تەمسىللەر، ئېيتىشىشلار (ئەلنەغمە) ۋە كىچىك تىپتىكى تىياتىرلاردىمۇ تاغ ناخشىلىرىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بۇ خىل ۋارىسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئۇندىن باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن قوشاق ئېيتىش ۋە كىچىك تىپتىكى دىراممىلارنى ئورۇنلاشتا تەبىئىي ھالدا سۆز قوشۇش شەكىللەنگەن. بۇنداق قوشۇلغان سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئورۇنلىنىۋاتقان نومۇرنىڭ ئاھاڭ ئۇدارىغا تەڭكەش قىلىش ئۈچۈن سۆز-جۈملىلەر ئارىسىغا قىستۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى بوغۇم ۋە قاپىيىلەردىكى ۋارىسلىق خۇسۇسىيەتتۇر. ئۇندىن باشقا خەلق ئارىسىدىكى نەزمى ئەسەرلەرنى ئورۇنلاش ۋاقتىدا ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆزلەرمۇ ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇسۇلدۇر. ئۇلارنىڭ گەرچە ھېچقانداق ئېنىق مەنىسى بولمىسىمۇ، بىراق لىرىكىلىق بەدىئىي ئۈنۈمى بار. «ئەي يارەي»، «ئەي خەييو»، «ئەييو»، «دىي خويا خوخەي» گە ئوخشاش ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەنە شۇنداق. گۇاڭدۇڭ تاغ ناخشىلىرىنىڭ باش ۋە ئاخىرىدىكى مۇقىم سۆزلەر تېخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىپىك.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەسرى ئەسەرلىرى تارقىلىش جەر-
يانىدا گەرچە نەزمى ئەسەرلەرگە ئوخشاش ئۇنداق مۇقىم بولمىسىمۇ،
ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئاغزاكى بايان قىلىشتەك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە
ھىكايە ئېيتىش ۋاقتىدىكى بەزى قېلىپلاشقان سۆزلەر تەدرىجى مۇقىم-
لىشىپ قالدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھىكايە-چۆچەكلىرى ئۆز مىل-
لىتىنىڭ قېلىپلاشقان ھىكايە بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلغان-
لىقى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

توپلاش ۋاقتىدا دائىم دېيىلىدىغان «ھىكايە ئېيتقاندا بىر ئائىلە-
دىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئەھۋالنى چۈشەن-
دۈرىدۇ. «بۇرۇنقى ئۆتكەن زاماندا»، «بار ئىكەن، يوق ئىكەن»،
«بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا»...دېگەنلەر ئادەتتە كۆپلىگەن خەلق ھىكا-
يىلىرىنىڭ باشلىنىش جۈملىسىدۇر. يەنە بەزى مىللەتلەر ھىكايىسىنىڭ
ئاخىرىغا دائىم دېگۈدەك مۇقىملاشقان ئاخىرلاشتۇرۇش جۈملىلىرىنى
قوشۇپ قويىدۇ، يەنە بەزى ھىكايىلەرنىڭ ئاخىرىغا مۇقىملاشقان
نەزمى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ. بايان
قىلىشتىكى بۇ خىل قېلىپلاشقان سۆزلەر خەلق سەنئەتكارلىرى (مەد-
داھلار)نىڭ نەغمە-ناۋالىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ،
ئۇلارنىڭ قىسسىلىرى ۋە شيائىشىڭلىرىدا ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلگەچكە،
بۇلارنى ئاما ئاڭلاپ ئادەتلەنگەن، شۇڭا ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ.
نەسرى ھىكايىلەرنى بايان قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئىپادىلەش
كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئاممىنىڭ ھىكايە سېيۇژىتىغا قارىتا تونۇشىنى تېخى-
مۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك تەكرارلاش ئۇسۇلى
قوللىنىلىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى زۆرۈر. بۇلار
ئاڭلىغۇچىلارنى قىزىقتۇرىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ھەرگىز ئارتۇقچە
پەلىپەتىش گەپلەر ئەمەس. مەسىلەن، بىر ھىكايىدە ئوخشايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان ۋەقەلىك قىسمى ئادەتتە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم تەكرارلىنىش بولىدۇ. ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ يۇقۇرىدىكى ھەر خىل ئىپادىلىرىدىن تاشقىرى ھەر بىر جاي، ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەممىسىدە ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولىدىغانلىغىمۇ دىققەت قىلىش لازىم.

ۋارىسلىق قىلىش شەكلىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئادەتتىكى ئەھۋالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگىلا خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، يازما ئەدەبىياتتا كەم ئۇچرايدۇ. ناۋادا ئۇ يازغۇچىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ ئاندا-ساندا ئۆز ئىجادىيىتىگە قوبۇل قىلىنسا، يازما ئەدەبىياتقا ئاددى-ساددىلىق، ساغلاملىق ۋە يېڭىلىق كەبى ھۆسۈن قوشۇلىدۇ. خەلق ياخشى كۆرىدىغان قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل ۋارىسلىق قىلىش شەكلىنى ئۆگىنىشتە ئالاھىدە نەتىجىسى بار. روشەنكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكى ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ مىللى شەكلىنى يارىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ۋاقتىدا ئۇنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئەسلا بىپەرۋالىق قىلىشقا ۋە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكتىن ئايرىلىپ يەككە ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئاتالمىش ئىدىيىۋىلىكىگىلا ئېتىۋار بېرىلسە، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ پۈتكۈل بەدىئى قىممىتىنى توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. رەتلىنىپ چىققان بەزى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تېمىلىدىن تارتىپ قۇرۇلمىسىغىچە، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن تارتىپ بەدىئى ئۇسلۇبىغىچە، ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلىپ، «يازما ئەدەبىيات»لىشىپ ئۆزگىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەتكەن. بۇنداق نەرسىلەر پەقەت ئىجادىيەتلا بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۆزگەرتىلگەن ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئى خۇسۇسىيىتىنى ئەڭ روشەن نامايەن قىلىدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىكتۇر. بۇگۈنكى كۈنده سوتسىيالىستىك دەۋردىكى خەلق ئەدەبىياتىدا ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما نەچچە مىڭ يىللىق خەلق ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكى يەنىلا خېلى مۇقىم ئورۇندا ساقلانماقتا.

يۇقۇرىدا بايان قىلغاندەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار بولۇپ، ھەرگىز يەككە-يىگانە ھالدا بىر بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس. بىز بۇنداق باغلىنىشچانلىقنى چۈشىنىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى — كوللىكتىپچانلىق بىلەن ئاغزاكىلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئالاھىدىلىكنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجات قىلىنىشى ۋە تارقىلىشىدا يېتەكچى رول ئوينايدىغانلىغىدۇر. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشچانلىق بىلەن ۋارىسچانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئالاھىدىلىگىمۇ، كوللىكتىپچانلىق ۋە ئاغزاكىلىقنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئىجات قىلىنىشى ۋە تارقىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى جەريانىدا ئىپادىلىنىپ چىققان. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىق ۋە ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يۇقۇرقى ئىككى ئالاھىدىلىگىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ تۆت خىل ئالاھىدىلىك بىرلىشىپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئىجات قىلىنىش ۋە تارقىلىش تەرەپلىرىدىكى پەرقىنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يازما ئەدەبىياتتىن ئايرىۋېلىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

# ئۈچىنچى باپ  خەلق ئەدەبىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى

خەلق ئەدەبىياتى — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى. ئۇ يازما ئەدەبىيات بىلەن ئورتاق قانۇنىيەتكە ئىگە، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئوبرازلىق ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. شۇنداقلا ئۇ يەنە تۇرمۇشقا ئاكتىپ پائالىيەتچانلىق بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. لېكىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنىيەتكە ئىگە. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ھالدا ئاغزاكى تىلى ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان، تارقالغان، ھەمدە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغان تۇرمۇش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئەمگەكچى خەلققە ئەڭ تونۇش بولغان ۋە ئەمگەكچى خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيىسى، كۆز-قارىشى، ئەخلاقى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئەمگىكى، كۈرەشلىرى قاتارلىقلار بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلغان، شۇڭلاشقا ئۇ بىر خىل ئەدەبىي ھادىسە بولۇپلا قالماستىن، يەنە پۈتكۈل خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئورگانىك تەركىۋى قىسمى، «خەلق روھىنىڭ ئەينەن، ھەققىي ۋە تەبىئىي ھالدىكى بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى. ئۇ خەلقنىڭ سىرداش دوستى، خەلق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، دەرت ـ ئەلەم، خوشال-
لىق تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ، شۇنداقلا خەلقنىڭ ئىلىم ـ پەن،
دىنىي ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنىڭ خاتىرىسى»①. ئۇزاقتىن
بۇيان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باشتىن ئاخىر خەلق تۇرمۇشىنىڭ
ھەمراسى بولۇپ كەلدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، سىنىپىي كۈرەش
ۋە خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھەر خىل تۈردە بىۋاستە ياكى
ۋاستىلىك يوللار بىلەن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى، شۇڭا
مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى خەلق تۇرمۇشىنىڭ قامۇسى
دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## بىرىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ئەمگىكى ۋە تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ سەنئىتى»
بولۇپ، ئۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە
ئەمگەك ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان. ئەمگەك خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تىمىسىدۇر. مەيلى تارىخىي ياكى
رىيالنى ئەسەر بولسۇن، مەيلى خىيالىي ياكى ئەملىيەت يېزىلغان
ئەسەرلەر بولسۇن، ھەممىسى ھامان ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولغان بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ قىسىم

① لافارگ «تويى قوشاقلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇن توغرىسىدا» «ئەدەبىي ماقالىلار توپلىمى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە) 8 ــ 9 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئەسەرلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىۋاستە باغلانغان بولىدۇ.

I. ئىپتىدائىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان ھالدا پەيدا بولۇپ، روشەن مەنپەئەتدارلىق خاراكتېرىگە ئىگە.

ئىپتىدائىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە بەلگىلىشىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە بىۋاستە خىزمەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىسى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

① ھەركەتكە ماسلىشىپ، چارچاشنى يەڭگىللىتىپ، ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە:

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ياشاش يولىنى ئىزلەش ئۈچۈن كىشىلەر توپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، كوللېكتىپ ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئەمگەك سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلغان چاغدا، شۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان ئەمگەك ساداسى پەيدا بولاتتى. مانا بۇ ئىپتىدائىي ناخشا سادالىرىنىڭ بىخلىرى. شۇنداق قىلىپ كېيىنچە ئىپتىدائىي كىشىلەر ئەمگەك سادالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاددىي سۆز ـ ئىبارىلەرنى قوشۇش بىلەن، ئىپتىدائىي شېئىر ـ قوشاقلارنى ياراتتى. «قەدىمقىلار مېھنەت قىلسا ئېيتار غەزەل»، دېگەن مىسرالار دەل ئىپتىدائىي شېئىر ـ قوشاقلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي يىغىنچاقلىنىشىدۇر. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئوزۇقلۇق ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى ۋە يىلتىزلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندە، دەسلەپتە «ياغاچنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

كېسىپ ئۇغۇر-دەستىسى قىلاتتى، يەرنى كولاپ ئۇغۇر ياسايتتى»، كېيىن ياغاچ ۋە تاشلاردا ياسالغان ئۇغۇر ۋە ئۇغۇر دەستىسىنى ئىشلىتىدىغان بولدى، ئۇلار ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن، بۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۇزۇقلۇق ئۈچۈن دان سوقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتاتتى.

«يوسۇننامە، ناخشىنىڭ قايىدە-يوسۇنى»دا «بولسا مۇسىبەت ئىلكىدە خوشنا، دان سوققاندىمۇ ئېيتىلماس ناخشا» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئادەم ئۆلگەندە ماتەم بىلدۈرۈش ئۈچۈن، دان سوققاندىمۇ ناخشا ئېيتىلمايتتى. دېمەك، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ دان سوققاچ ناخشا ئېيتىشى ئەينى چاغلاردا بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان. ئازاتلىقتىن بۇرۇن يۈننەننىڭ رايونىدىكى ناشى مىللىتىنىڭ ئانا جەمەت قالدۇق ئۇرۇق-قەبىلىلىرىدە كوللىكتىپ كۆرمەك يانچىغاندا ياغاچ پالاقنىڭ كۆتىرىلىپ چۈشۈشىگە ۋە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئالدى-كەينىگە مېڭىش ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ، ئەمگەك ساداسى ئاساسىدىكى ئېنىق رىتىمغا ئىگە بولغان «كۆرمەك يانچىش ناخشىسى» ئېيتىلاتتى، شۇنىڭدەك باشقا ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ناخشىلار ئېيتىلاتتى. پلېخانوۋ ئىپتىدائى مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن سەنئەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىپتىدائى قەبىلىلەر ئىچىدە «ھەر بىر ئەمگەكنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ناخشىلىرى بولىدۇ. بۇ ناخشىلارنىڭ ئۇدارلىرى ئىنتايىن ئېنىق، بۇ توغرا ھالدا شۇ خىل ئەمگەكنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەش ھەرىكىتىنىڭ رىتىمىغا ھامان ماسلىشىپ تۇرىدۇ» دېگەن①. بۇ دەل قەدەمنى بىرلىككە

---

① پلېخانوۋ «(ئادرېسسىز خەت) (سەنئەت ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇش)» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1962-يىل نەشرى 39-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ، ئەمگەكنى يەڭگىللىتىشنىڭ ئېھتىياجى تۇغدۇردى.

② ئەمگەك تۇرمۇشنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش، ئەمگەك بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، ئەمگەك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش جەھەتلەردە:

ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئورتاق ئەمگەك قىلىپ، ئورتاق تەقسىمات ئېلىپ بارىدىغان جامائەت مۈلۈكچىلىكىدىكى جەمئىيەتتۇر. ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ، كىشىلەر بارلىق زېھنى بىلەن تەبىئەتكە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىپتىدائىي ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالغان ئىدى. ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇنقى قوشاق دەپ خاتىرىلەنگىنى خۇاڭ دى زامانىسىدا پەيدا بولغان دەپ رىۋايەت قىلىنىۋاتقان «ئوقيا قوشىقى» بولۇپ، ئۇ پەقەت تۆت مىسرالا بولسىمۇ، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ رەگەتكە ۋە ئوقيا بىلەن ئۇچار قۇشلارنى ۋە باشقا ھايۋانلارنى ئوۋلىغىنىدەك ئەمگەك جەريانىنى بىزگە قايتا سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

ئوۋچىلىق قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق يىغىش جاھالەت دەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى ۋە ۋەھشىلىك دەۋرىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولۇپ، ئۇ تەبىئەتنى يېڭىشتىكى مۇھىم ۋاستە ھېسابلىناتتى. ياۋايى ھايۋانلار ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئوزۇقلۇق، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتىكى مۇھىم مەنبە بولغان بولسا، ئوقيا قاتارلىق قوراللارنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئوقيا يىراق ئارىلىقتا تۇرۇپ ئوۋچىلىق قىلغىلى بولىدىغان قورال بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئوۋ قىلىش تاش قورال، نەيزە، توقماق قاتارلىق قوراللار بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئوۋ قىلىشقا قارىغاندا خېلىلا قولايلىق ئىدى. ئوقيا ئارقىلىق ئادەتتىكى ھايۋانلارنى ئوۋلاش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، يەنە ۋەھشى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ۋە ئۇچار قاناتلارنى ئوۋلاپ، ھەم ئوۋ قىلىش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكىلى، ھەم تەبىئەت دۇنياسىدىكى دۈشمەنلەرنى ئازايتقىلى بولاتتى. ئېنگېلس ئېيتقاندەك «خۇددى ۋەھشىلەر دەۋرىدىكى قىلىچنىڭ، مەدەنىيەت دەۋرىدىكى ئوت قوراللىرىنىڭ رولىغا ئوخشاشلا ئوقيامۇ جاھالەت دەۋرىدىكى ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە قورال بولۇپ قالدى»①. شۇڭلاشقا ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى بۇ دەۋرنى بۆلگۈچ چوڭ ئىشلار ئېپتىدائىي قوشاقلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە، رىۋايەتلىرىدىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر خاتىرىلەندى، مەسىلەن، خەنزۇلاردا «خويىنىڭ قۇياشنى ئېتىشى»، جۇاڭزۇلاردا «كاڭ تىنىڭ قۇياشنى ئېتىشى»، مياۋزۇلاردا «ياڭ يانىڭ قۇياش ۋە ئاينى ئېتىشى»، يىزۇلاردا «جىيەجىژجالۇنىڭ قۇياش ۋە ئاينى ئېتىشى» دېگەن ئەسەرلەر بار. بۇ ئەسەرلەر مەلۇم دەرىجىدە بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى ئۆگىتىش رولىغا ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ ئارقىلىق ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى قەھرىمان شەخسلەردىن تەربىيە ۋە ئىلھام ئالدۇ.

ئۇسۇل ئېپتىدائىي سەنئەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ زىچ بولغان بىر خىل سەنئەت بولۇپ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ھەركەتلىرى ۋە قىلىقلىرىنى دوراشنى، ئوۋ قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق يىغىشتەك ئەمگەك ھاياتىنى ئەسلىتىش ھەم ئەكس

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4-توم، خەلق نەشرىياتى 1962-يىل نەشرى 19-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەتىجىسىنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىڭئەنلىڭ (خىڭگان) رايونىدىكى ئېلۇنچۇن مىللىتى ئارىسىدا ئازاتلىقتىن بۇرۇن تارقىلىپ يۈرگەن ئېيىق بىلەن ئېلىشىش ئۇسۇلى، ياۋا توخۇ ئۇسۇلى ۋە خۇڭ پۇنۇن (بىر خىل مېۋىلىك دەرەخ) ئۇسۇلى قاتارلىقلار قەدىمدىن قېلىپ قالغان ئۇسۇللاردۇر. ئالدىنقى ئىككى خىل ئۇسۇل ئېيىق ۋە ياۋا توخۇنىڭ ھەر خىل ھەرىكەتلىرىنى دوراشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئوۋ غەلىبىسىدىن كېيىنكى خۇشاللىقى ۋە كېيىنكى ئوۋ ئۈچۈن تەييارلىق مەشقى قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ. كېيىنكىسىدە بولسا، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ياۋا مېۋىلەرنى يىغىۋاتقان چاغدىكى ھەر خىل ھەرىكەت قىياپەتلىرى قايتا-قايتا كۆرسىتىلىدۇ.

⑧ ئەمگەكنى مەدھىيىلەش ۋە تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشتا بولغان كۈچلۈك ئارزۇ-تىلەكلەرنى ئىپادىلەش جەھەتتە:

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەپسانىلەر قارىماققا ئىنتايىن بىمەنىدەك كۆرۈنىمۇ، ئەمما ئۇ چوڭقۇر رېياللىق ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ئىپتىدائىي ئەمگەك ھاياتىنىڭ ۋە ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ دارىتما ئىنكاسىدىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە ۋە تارىخىي داستانلىرى ئەمگەكنى شەرھىلەش ۋە مەدھىيىلەشنى ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى قىلغان. مەسىلەن، يىزۇلارنىڭ تارىخىي داستانى «مى گې»نىڭ «نىمەت يارىتىش» دېگەن قىسمىدا ئوۋچىلىقتىن تارتىپ، چارۋىچىلىق ۋە دىخانچىلىق ئىشلىرىغىچە كونكرېت بايان قىلىنغان. پەنگۇنىڭ ئالەمنى بىنا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق دۇنيانى ياراتقانلىقىنىڭ ئىستىخىيىلىك مەدھىيىسىدىن ئىبارەتتۇر. مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ، مياۋزۇ، دەيزۇ، جۇاڭزۇ، دۇلۇڭزۇلار ۋە يىزۇ سىستېمىسىدىكى ناشى مىللەتلىرىنىڭ ئەپسانىلىرى

ۋە تارىخىي داستانلىرىدا شۇنداقلا يۇنان، مىسىر ئەپسانىلىرىدە ئادەمنىڭ لايدىن ياسالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھېكايىلەردە ئىپتىدائىي قول سانائىتىنىڭ تەدرىجى تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئىشارەت ئىجتىمائىي رېياللىق ئەكس ئەتتۈ-رۈلگەن. بۇ مەزگىللەردە ئىنسانلار جاھالەت دەۋرىدىن ۋەھشىلىك دەۋرىگە (ئارخېئولوگىيىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە) قەدەم قويۇپ، ساپالچىلىقنى كەشىپ قىلغان. ساپال قاچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ گۆدەكلەرچە ساددا تەسەۋۋۇرىدا ئىنسانلار لايدىن ھەر خىل ئەسۋاپلارنى ياسىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە لايدىن ئادەم ياساشقىمۇ قۇربى يېتىدۇ، دېگەن نەرسە بولغاچقا لايدىن ئادەم ياسىغانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر كېلىپ چىققان. بولۇپمۇ خەنزۇ ئەپسانىلىرىدىكى نۈيۋا ئاسمان ئىلاھىسى دەپ قارىلاتتى. بۇ ۋەھشىيەت دەسلەپكى باسقۇچنىڭ ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جەمئىيتى ئىكەنلىكىنى، بۇ جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئۇرۇقداشلىقنىڭ تەشكىللە-گۈچىسى ۋە رەھبىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مۇھىم ئەمگەك ۋەزىپىلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەرلەر-نىڭ بەدەن قۇۋۋىتى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن جەڭ قىلىش، ئوۋ قىلىش، بېلىق تۇتۇش قاتارلىق ئەمگەكلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى؛ ئاياللار بولسا ھەر خىل شەكىلدىكى باشقا نۇرغۇنلىغان ئەمگەكلەرنى، جۈملىدىن بارلىق ئائىلە ئەمگىكى، قورال-سايمان ياساش ئىشلىرى ۋە شۇ چاغلاردا ئاساسلىق ئىشلەپچە-قىرىش شەكلى بولۇپ قالغان تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ۋە كۆندۈرۈش، ئوزۇق-تۈلۈك يىغىش ۋە ساقلاش قاتارلىق ئەمگەكلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. بۇنداق كۆپلىگەن ئەمگەكلەر ئۇلارنىڭ ئەقلىي كۈچىنىڭ تەرەققىياتىنى

ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. ساپال قاچىلارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى دەل ئاياللارنىڭ ئىجادىي مېھنىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. قانداشلىق مۇناسىۋەت جەھەتتە، دەسلەپكى ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىغىدا توپ نىكا تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەچكە پەرزەنتلەر «پەقەت ئۆز ئانىسىنىلا بىلىپ، ئاتىسىنى بىلمەيتتى. نەتىجىدە پەقەت ئاياللارلا بىردىن-بىر ئادەم ياراتقۇچى دەپ قارىلاتتى. بۇ يەردىكى ئىلاھ ئەمگەك نەتىجىسىنىڭ بەدىئىي يىغىنچاقلىنىشى» بولۇپ، ئۇ «مۇئەييەن ئەمگەك قورالىغا ئىگە بولغان ئىنتايىن رىيال شەخسلەردىن ئىبارەت»①.

ئىپتىدائىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ شەكلىمۇ ئاددىي، قوپال ۋە ھامان ناخشا، ئۇسۇل، مۇزىكا بۇ ئۈچىسىنىڭ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىنلا ئىبارەت بولغان. «لۈشى چۈنچيۇ، قەدىمقى نەغمە»دە خاتىرىلىنىشىچە: ياۋ-شۈننىڭ زامانىسىدا بەزى كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئاۋازلارنى دوراپ مۇزىكا ئىجات قىلغان، ھەمدە بۇغىنىڭ تېرىسىنى ساپال كومزەكنىڭ ئاغزىغا قاپلاپ، ئۇنى دۇمباق قىلىپ چالغان ۋە تاشنى تاشقا ئۇرۇپ، چالغۇ ئورنىدا ئىشلەتكەن. بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ھايۋانلارنى دوراپ ئۇسۇللار ئويناشقان. بۇ رىۋايەتتە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تاشنى تاشقا ئۇرۇپ، ۋاقىراپ-جاقىراپ ناخشا ئېيتىدىغانلىغى ۋە ھايۋان تېرىلىرىنى يېپىۋېلىپ، ھايۋانلارنى دوراپ ئۇسۇل ئوينايدىغانلىغىدەك جانلىق كارتىنىسى تەسۋىرلىنەرلىك قىلىپ سۈرەتلەنگەن. مانا بۇ، شېئىر، ناخشا ۋە ئۇسۇلنىڭ بىر گەۋدە قىلىنغانلىغىنىڭ ئىپادىسى. لۇشۈن مۇنداق دېگەن: «ئىشلەپچىقىرىش

① گوركى: «سوۋېت ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 99-بەت.

www.uyghurkitap.com

تېخنىكىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ سەنئەت ھادىسىلىرىدە ئەڭ قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋاقتى ئىپتىدائىي مىللەتلەر زامانىسىدۇر»[1].

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردىن بىز ئىپتىدائىي ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمگەك ھاياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بىلەن نەقەدەر قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە سىنىپ بولمىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتىمۇ بىر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلات، سىياسىي تەشكىلات بولغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چاغدا باشقا ئاڭ فورمىلىرى تېخى مۇنتىزىم يوسۇندا مەلۇم مۇستەقىل تارماقلارغا ئايرىلمىغان ئىدى. شۇڭلاشقا، ئەدەبىيات-سەنئەت ھامان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھالىتىنىلا بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەتمۇ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان. ئىپتىدائىي دىنىي كۆزقاراشلار بىلەن ئىپتىدائىي ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، ئارخېلوگلار ۋە ئېتنوگرافلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئىپتىدائىي دىن نەچچە ئون مىڭ يىل بۇرۇن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنلا پەيدا بولغان. بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ۋە تۇتېمگە[2] چوقۇنۇشتۇر. مەسىلەن، خەنزۇلارنىڭ شا ئۇرۇغىدىكىلەر ئەجدىھانى تۇتېم قىلاتتى، شاڭ ئۇرۇغىدىكىلەر

① لۇشۈن: «(سەنئەت توغرىسىدا)نىڭ تەرجىمىسىگە مۇقەددىمە»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 17-توم، 18-بەت.

② تۇتېم — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئۆز ئۇرۇق-جەمەتى بىلەن ئالاھىدە سىرلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ ھېساپلايدىغان ھايۋان ياكى نەرسىلەرنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ بەلگىسى ھېساپلايتتى. بۇ بەلگە قىلىنغان نەرسە تۇتېم دېيىلىدۇ.

قارا قۇشنى تۇتىم قىلاتتى. لىزۇ مىللىتى يولۋاسنى تۇتىم قىلاتتى، مياۋ، ياۋ مىللەتلىرى ئىتنى تۇتىم قىلاتتى، ئېۋېنكى، ئېلۇنچۇن مىللەتلىرى ئېيىقنى تۇتىم قىلاتتى، تۇتىم توغرىسىدىكى بۇ چۈشەنچىلەر ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئەمگىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئەڭ قەدىمقى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىپتىدائىي كىشىلەر تەبىئەتكە تايىنىپ ياشىغاچقا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ئوزۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش كاپالىتىگە ئىگە بولۇش مەقسىدىدە ئوۋ قىلىش، جەڭ قىلىش (قەبىلىلەر ئارىسىدىكى سوقۇشلار)، تېرىقچىلىق قىلىش مەزگىللىرىدە دائىم جىن-ئالۋاستىلارنى قوغلاش، پال سېلىش ۋە دۇئا-تەلەپ قىلىش قاتارلىق مۇراسىملار ئۆتكۈزۈپ، بۇنىڭ بىلەن جىن-شەيتانلارنىڭ پۇتلىكاشاڭلىرىدىن قۇتۇلۇپ، خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيتتى. شۇنداق قىلىپ ھەر خىل دىنىي كۆزقاراش چۈشەنچىلەر ناخشا-قوشاق، رەسىم، ئۇسۇل ۋە زىبۇ-زىننەت قاتارلىق ئىپتىدائىي سەنئەت شەكىللىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ھىندىئانلار ئوۋغا چىقىشتىن بۇرۇن غەلىبە قىلىش ئۇسۇلى ئوينايدىكەن ۋە ئوۋلىماقچى بولغان ھايۋاننىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەركەتلىرىنى دورايدىكەن، بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي ھايۋاننى كونترول قىلىش ۋە ئۇنى ئاسانلا ئوۋلاش چارىلىرىنى ئىزلەيدىكەن. ئومۇمەن بۇ خىلمۇ-خىل ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۈكى، ئىپتىدائىي دىن ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تىرىكچىلىك يولىدىكى رىقابەت داۋامىدا تەبىئەتتىن قورققانلىقى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقى، ئامالسىز قالغاندا، ئۆز دۈشمىنىنى ئىلاھى كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭىشكە ئۇرۇنغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆزىنى ئۆزى ئالداش ۋاستىسىدۇر. ئۇ، ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ساددا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۆدەكلەرچە ئارزۇلىرىنىڭ ئىستىخىيىلىك دىن ئىكەنلىكىنى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئەمگەك ھاياتى بىلەن مۇرەككەپ باغلىنىشتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دىمەك، ئىستىخىيە-لىك دىن بىلەن سىنىپىي جەمىيەتتىكى سۈنئىي دىنىنىڭ پەرقى بولىدۇ.

II. سىنىپىي جەمىيەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئىشلەپ-چىقىرىش ئەمگىكىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى.

سىنىپىي جەمىيەتتە، جەمىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۈستقۇرۇلمىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە سىياسەت، پەلسەپە، قانۇن، دىن، ئەدەپ-ئەخلاق، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىلىرى بارلىققا كەلدى. ئەمما ئەدەبىيات-سەنئەت خۇددى پەلسەپىگە ئوخشاشلا «تېخىمۇ ئىگىزدە مۇئەللەق تۇرۇپ قالغان ئىدېئولوگىيە»گە تەئەللۇق بولۇپ قالدى. ئەدەبىيات بىلەن ماددى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتى نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا ھالقىلارنىڭ، مەسىلەن، ئىقتىسادىي-سىياسىي تۈزۈملەر ۋە ۋە باشقا ئاڭ فورمىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇردى. بولۇپمۇ سىياسىي ئىقتىساتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولغاچقا، ئىقتىسادىي بازىس ئەدەبىيات-سەنئەتنى بەلگىلەيدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىقتىسادىي بازىسقا ئومۇمەن سىياسەتدىن ئىبارەت «ۋاستە» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەكس تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاڭ فورمىسىنىڭ تارماق-لىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، ھەمدە ئىقتىسادىي بازىسقىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن ماددى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇرغۇنلىغان ۋاستىلىك ئاملار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىلگەن ۋە ئۇنتۇقلاشتۇرۇۋېتىلگەن. بۇ سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ ئەلۋەتتە بۇ قانۇنىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، (يەنى ھەر خىل مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ). ئەمما ئۇ ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ ئەدەبىياتى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ دەۋردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئەمگەك ھاياتىنىڭ مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

① خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمگەك ھاياتىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ ئەمگەكچى خەلقى ئەمگەكچان، باتۇر، ئىجادىي روھقا باي خەلق بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىنلا ئەمگەكنى شەرەپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى نومۇس دەپ تونۇپ كەلگەن. ئۇلار ئۆز قولى ۋە ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ياراتقان. شۇڭلاشقا، كۆپلىگەن خەلق رىۋايەتلىرى، خەلق ھېكايىلىرى ۋە ناخشا-قوشاقلار، ماقال-تەمسىللەردە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تۈپ ئاساس ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى ئەمگەك ئىكەنلىكى مەدھىيىلەنگەن، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ھاياتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ئىپادىلىنىپ، ئەمگەك قەھرىمانلىرى كۈيلەنگەن ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ غۇرۇر-ئىپتىخارى نامايەن قىلىنغان. بىراق زۇلۇم تۈپەيلىدىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مول مېۋىلىرى بىر قىسىم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغانلىقى ۋە ئىگىلىۋېلىنغانلىقى ئۈچۈن، كەڭ خەلق ئاچ-يالىڭاچلىقتا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. شۇڭا، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ خەلقنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقىنى

پاش قىلىدىغان ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، قوللارچە ئەمگەكنى سۆكىدىغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، جىياڭشىنىڭ جىلىڭ دېجىن دېگەن يېرىدە تارقىلىپ يۈرگەن «ئۆي ياسىغۇچى» ناملىق خەلق ناخشىسى ئىخچام ۋە پىشقان تىلى ئارقىلىق كونا جەمئىيەتتىكى كاھىشكارلارنىڭ پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلىگەن. بۇ دەل كونا جۇڭگودىكى مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقى تەسۋىرى. لېكىن ئەمگەكچى خەلق قول بولۇشقا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشقا ھەرگىز رازى بولغان ئەمەس، ئۇلار بۇ رەھىمسىز رېياللىقنى قاتتىق ئەيىپلەپ، ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى بىلدۈردى. مەسىلەن، «نەزمىنامە. ئوتۇن كېسىش»تە خەلقنىڭ ھەقىقانى سۆزلەر ئارقىلىق ئەمگەك قىلماي تەييار نانغا ئىگە بولۇۋالىدىغان ئېكسپىلاتاتورلارنى قاتتىق ئەيىپلىگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. «تۇلۇم چاشقان» دېگەن قوشاقتا بولسا ئەنە شۇ ئېكسپىلاتاتورلار باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئوغۇرلايدىغان چوڭ تۇلۇم چاشقان دەپ قاتتىق سۆكۈلگەن. ئازاتلىقتىن بۇرۇن شەنشىنىڭ سۈيدى دېگەن جايىدا «ھامال ناخشىسى» دېگەن قوشاق بار بولۇپ، بۇنىڭدا ھامماللارنىڭ «ھايۋاندىنمۇ بەتتەر خارلىنىشقا ئۇچراپ، چوشقا بىلەن ئىتنىڭ تامغىنى يەپ» ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈلپەتلىك تۇرمۇشىنى بىر-بىرلەپ تەپسىلى بايان قىلىنغان ۋە كىشىلەرنىڭ «ئەبدىل-ئەبەت ئەۋلادىمىز بولمىسۇن» دەپ قەسەم ئىچكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك ھاياتىغا تۇتقان زىددىيەتلىك پوزىتسىيىسى سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەمگەكچى خەلق بىر تەرەپتىن مەلۇم دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئىگەللىۋالغان،



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ جانلىق ئامىل ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئارىسىدا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ۋە ئېزىلىش ئورنىدا تۇرىۋاتقان ۋە ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان قۇللاردىن ئىبارەت ئىدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ خىل زىددىيەتلىك ئەھۋالى مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ۋە قەلبىدىكى مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەمگەك ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر مۇقەررەر ھالدا ئىككى خىل تۈس ئالغان بولىدۇ، بولۇپمۇ سىنىپىي تۈسى تېخىمۇ قويۇق بولىدۇ.

② ئەمگەك بىلەن كەڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ئۆزئارا گىرەلىشىپ، ئەسەر مەزمۇنىنىڭ مۇرەككەپ ئامىللىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلىدۇ. سىنىپىي جەمىيەتتە ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولۇپ، ئۇ سىنىپىي كۈرەش، نىكا، مۇھەببەت، ئائىلە تۇرمۇش ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قائىدە-يوسۇنلۇق مۇناسىۋەتلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئەمگەك ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى ئىپتىدائى جەمىيەتتىكى ئەسەرلەرگە ئوخشاش نوقۇل ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ھالىتىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرمەستىن، بەلكى تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرى بىلەن خۇددى سۇغا سۈت قوشۇلغاندەك ئارىلىشىپ ئۇنىڭ ئورگانىك تەركىۋى قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئومۇمەن بۇ دەۋردىكى ئەسەرلەردە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋال بار:

بىرىنچى، بىۋاستە ھالدا ئەمگەكنى ئاساسىي تېما قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسەرلەر، بىراق بۇ ئەسەرلەر يەنىلا تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيگەنلىكتىن بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەنلىكنى ۋە ھورۇنلۇق قىلىپ جاجىسىنى يېگەنلىكنى تەسۋىرلەيدىغان «ئىككى قېرىنداش» ھېكايىسى ۋە بىر قىسىم پانتازىيە ھېكايىلىرى.

ئىككىنچى، ئەمگەك ھاياتىنى سىيۇژىت قىلغان ۋە خىلمۇ-خىل ھادىسىلەرنى باش تېما قىلغان ئەسەرلەر. مەسىلەن، خوتەن خەلق ناخشىسى «ئېتىزلىقتا مايسا تىككەچ، بىر بىرىگە كۆز تىكەر»، «مەشۇغەنىڭ سۇ كۆتىرىپ داۋانغا چىقىشى» قاتارلىقلاردا ئەمگەكنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق قىز-يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت سۈرەتلەنگەن، كىچىك تىياتىر «دۇفۇ ياساش»تا بولسا، ئائىلىدىكى كۈنلۈك ئەمگەكلەر ئارقىلىق پىخسىق مەخسۇمنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى قاتتىق مەسخىرە قىلىنغان.

ئۈچىنچى، باشقا ۋەقەلىكلەرنى ئاساس قىلغان ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ئەسەرلەر. مەسىلەن، «ئانىسىنى ئىزلەش» دېگەن رىۋايەتتە، كېلىن بىلەن قېيىنانا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تەسۋىرلىنىپ، فېئوداللىق ئائىلە تۈزۈمىنىڭ جىنايەتلىرىنى قاتتىق پاش قىلغان. بىراق، بۇنىڭدا پىلىچىلىك ئەمگىكى ئاساسىي يىپ ئۇچى قىلىنىش ئارقىلىق، بىر ئائىلىنىڭ تىراگېدىيىسى بايان قىلىنغان. مەيلى قانداقلا شارائىتتا بولسۇن ئەمگەك ھاياتىنى تەسۋىرلەيدىغان ئەسەرلەرگە بەزىدە ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۆزقاراش، ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر ۋە دىنىي ئىدىيىلەر شۇنىڭدەك ئەمگەكچى خەلقنىڭ قالاق ئاڭ-چۈشەنچىلىرى سىڭدۈرۈلگەنلىكتىن، بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى قالايمىقانلاشقان ۋە مۇرەككەپلەشكەن. مەسىلەن، يۇنىنەندىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە ۋە تارىخىي داستانلىرى تارقىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەريانىدا ئازدۇر-كۆپتۇر دىنىي تۈس ئالغان، ھەتتا بەزىلىرى بۇرمىلىنىۋېتىلگەن. شۇنىڭدەك، بەيزۇلار رايونىدا تارقالغان «ئىگە» ھەققىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش. ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىغا چوقۇنۇشتىن كەلگەن ۋە كېيىن رىياللىقتا بار بولغان دۇ چاۋشۇەن، دۇەن چىچېك قاتارلىق قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇ، ئاساسەن ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەمگەك قەھرىمانلىرىنى مەدھىيىلىگەن. لېكىن بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى ئۇنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئەمگەكنى ۋە ئەمگەك قەھرىمانلىرىنى مەدھىيىلەشتەك تۈپ ماھىيىتىنى يوققا چىقارغان ۋە ئۇنىڭدىكى باش قەھرىماننى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، كۈچ-قۇدرىتى چەكسىز، ھەممە ئادەم بېشىغا كۆتىرىپ ئىززەتلەيدىغان ۋە شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغان ئىلاھقا ئايلاندۇرغان. بۇلاردىن باشقا، يەنە بەزى ئەمگەكنى باش تېما قىلغان ھېكايە، قوشاق، ماقال-تەمسىللەردىمۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مىڭىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەقدىرگە تەن بېرىش، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ تەييارتاپلىقىغا ھەۋەس قىلىش، ئۇ دۇنياغا ئۈمىت باغلاشتەك پاسسىپ ھەم قالاق ئىدىيىلەر ئىپادىلەنگەن. ئومۇمەن، يۇقۇرقىدەك ئەھۋاللار بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا، بىز تارىخىي ماتېرىيالىزىم كۆزقارىشى ئارقىلىق ئۇلارنى مەلۇم تارىخىي دائىرە ئىچىدە كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز، ھەممىنىلا ئىنكار قىلىۋەتمەسلىكىمىز ۋە ھەممىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىكىمىز لازىم.

يۇقۇرقىدەك ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋاستىلىك ۋە يوشۇرۇن بولۇپ، ئۇلار كىشىلەر روھىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

③ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى خېلى كۆپ ئەسەرلەر يەنىلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىگە ئەگىشىپ، ئۆز رولىنى داۋاملىق بىۋاسىتە جارى قىلدۇرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجاتچىلىرى ھەم ماددى ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ھەم مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىگى بىلەن تەبىئى باغلانغان. بىر قىسىم مۇزىكا، ناخشا-قوشاق، ماقال-تەمسىللەر ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن. ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىگى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلغان. مەسىلەن، باپكار ناخشىسى، مايسا تىكىش ناخشىسى، ئېتىز ناخشىسى، چىغرىق ناخشىسى، پادىچى ناخشىسى، بېلىقچى ناخشىسى قاتارلىقلار ئاساسەن ئەمگەككە بولغان ھىسسىيات-لىرىنى ئىپادىلىگەن. يەنە بىر قىسىم ئەمگەك ساداسىنى ئاساس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بەلگىلىك سۆز-ئىبارىلەر قىستۇرۇلغان ناخشا-غەزەللەر، خاڭ ناخشىلىرى، مەسىلەن، يول ياسىغۇچىلار ناخشىسى، قەغەز ياساش ناخشىسى، ھارۋىكەش ناخشىسى، كېمىچىلەر ناخشىسى، پادىچى ناخشىسى قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى ھەركەتكە قوماندانلىق قىلىشنى مەزمۇن قىلسا، بەزىلىرى ئۇسۇل-چارىلەرنى ئۆگىتىشنى، بەزىلىرى تەقدىرلەش، ماختاشنى مەزمۇن قىلغان. شۇنىڭدەك بەزىلىرى نەسىھەت قىلىشنى ۋە ئەمگەكنى كۈيلەشنى مەزمۇن قىلسا، بەزىلىرى تارتقان دەرت-ئەلەملىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى مەزمۇن قىلغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ رولى ئاساسەن كىشىلەرنى ئەم-گەككە تەشكىللەش، ماسلىشىپ ھەركەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋە روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئىش ئۈنۈمىنى يۇقۇرى كۆتىرىشتىن ئىبارەت.

سىچۇەننىڭ چاڭجياڭ دەرياسى بويىدا كېمە تارتىدىغان ئىشچىلار دەريانىڭ تەبىئى شارائىتى ئاستىدا قىلىنغان ئېغىر ئەمگەكنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەر خىل رىتىمدىكى ناخشىلارنى ئىجات قىلغان. ئازاتلىقتىن بۇرۇن، سىچۇەن يېزىلىرىدا مايسا تىككەن چاغدا «ناخشا سورۇنى» ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مايسا تىكىش ناخشىسى ئېيتىلاتتى.

دېخانلار: «مايسا تىككەندە ئېيتمىساق ناخشا، ئېتىز ئىچىنى كۆرمەك باسار» دېيىشەتتى. ئۇلار ناخشا ئېيتقاچ مايسا تىكىپ، ئىشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، ئىش ئۈنۈمىنىمۇ ئاشۇراتتى.

## ئىككىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتى خەلقنىڭ سىياسىي كۆرەش ئېلىپ بېرىشتىكى قورالى

سىنىپىي جەمئىيەتتە، جەمئىيەت ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ دەپ بۆلۈنگەچكە، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوخشىمىغان ئەدەبىيات مەۋجۇت بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ خەلق مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ دۇنياقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ، روشەن سىنىپىيلىككە ۋە كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ، سىياسىي كۆرەشلەردە ھامان ئۆزىنىڭ زور رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇستازى ماركس ۋە ئېنگېلس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەڭگىۋار رولىغا تولۇق ئەھمىيەت بەرگەن. ماركس 19-ئەسىردىكى گېرمانىيە سىلىسىيە فابرىكانتلىرىنىڭ قوزغىلىڭىدىكى «قانلىق قىرغىن» دېگەن خەلق ناخشىسىغا يۈكسەك باھا بېرىپ، بۇ ناخشىنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتكە ھەيۋەت بىلەن قارشى تۇرۇشنى قاتتىق جاكالىغانلىقىدىن ئىبارەت زور ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن①. ئېنگېلس

---

① ماركسنىڭ ««پرۇسسىيىلىك»نىڭ «پرۇسسىيە پادىشاسى ۋە ئىجتىمائى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

1865 ـ يىلى قەدىمقى دانىيە فېئودالىلىغىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان خەلق ناخشىسى «كېنەز تېتمان»②نى ئۆزى تەرجىمە قىلغان. ئۇ «بۇ ناخشا بىزگە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئارىستوكراتلارنىڭ ئەركىن دېخانلارغا قانداق قارشى تۇرغانلىقىنى ۋە دېخانلارنىڭ قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئارىستوكراتلارنىڭ تەھدىت ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دېگەن ۋە بۇ ناخشا گېرمانىيىگىمۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى گېرمانىيىدىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار بار، دەپ قارىغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كەلسەك، نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر پومىشىنىڭ، باي ـ تۆرىلەرنى مەسخىرە قىلغان ۋە پاش قىلغان، بەزىلىرى ھەتتا كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى بىۋاستە ئەڭ ئالى ھۆكۈمرانلار، يەنى پادىشا، خاقان ۋە ئەرشتىكى تەڭرىگە قاراتقان. مەسىلەن، خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «جاۋ كاڭ يىننىڭ موللاق ئېتىشى»، «جۇيۈەن جاڭ ھەققىدە ھىكايە»، «پەي تون»، «تۆرىنىڭ قەھەتچىلىكنى تەكشۈرۈشى» قاتارلىق رىۋايەت ھىكايىلەر ۋە بىرمۇنچە يىللىقچىلار ناخشىسى ھەم يىللىقچى بىلەن پومىشىنىڭ ھەققىدىكى ھىكايىلەر؛ زاڭزۇ خەلق ھىكايىسى «پادىشانى قامچىلاش»، «پادىشا تەختى»؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى «ئالتۇن تەڭگە بىلەن ئادالەت»، «دېخاننىڭ كۈچى» قاتارلىقلار ۋە قازاق خەلق چۆچىكى «خاقاننىڭ نەرقى» قاتارلىقلار. بۇ ئاددى ھەم ئىخچام ئەسەرلەر ئۆتكۈر ھەجۋى نەشتىرىنى سىنىپىي دۈشمەننىڭ

---

ئىسلاھات، دېگەن ئەسىرىگە باھا»سىغا قارالسۇن. «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1 ـ توم، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى. 1965 ـ يىلى نەشرى، 483 ـ بەت.

② ئېنگېلس «كېنەز تېتمان»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 16- توم، 39 ـ بەت

ئەجەللىك يېرىگە سانچىپ، پومىششىك، باي ـ ھاكىم ۋە ئاتالمىش «ھەقىقىي تەڭرىقۇت»لارنىڭ ئىززەت ـ ئابرويى، ئىمتىيازى ۋە ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان. ئۇلارنىڭ خۇنۇكلىك، چىرىكلىك، ئەخمىقانىلىق، ۋەھشىلىك ۋە ئاچكۆزلىكتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى كىشىلەر ئالدىدا رەھىمسىز ئاشكارىلىغان. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر كونا جەمىيەتنىڭ جاھالەتلىكىنى ئۈزۈل ـ كېسىل پاش قىلىپ، خەلقنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا ئىنتىلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتقان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى رىيال دۇنيا بىلەن غايىۋى دۇنيانىڭ سېلىشتۇرمىسىنى تېخىمۇ ئېنىق سۈرەتلەپ، بۇ دۇنيا ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئاما ئارىسىدىكى قەھرىمان شەخسلەرنى مەدھىيىلىگەن.

ئېلىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمىيىتىدە، دېخانلار قوزغىلىڭى نۇرغۇن قېتىملار پارتلىغان. ھەر بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ-نىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا ياكى ئۇرۇش داۋامىدا ۋە ياكى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھامان خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى مەيدانغا كېلىپ تۇردى. بەزى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ھەتتا بىۋاستە ئىجات قىلىش ئارقىلىق ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پىروگراممىلىرىنى، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلغان، ھەمدە بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. مەسىلەن: لى زىچىڭ قوزغىلىڭى مەزگىلىدە «باج سېلىقىنى بىكار قىلىش» توغرىسىدىكى تەشەببۇس «باھادىر شاھ قوشىقى» قىلىنىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ۋە خەلق ئارىسىدا بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىر قىسىم «باھادىر شاھنى قارشى ئېلىش» قوشاقلىرىمۇ پەيدا بولغان. تەيپىڭ تىيەنگو قوزغىلىڭى ۋاقتىدىكى خەلق قوشىقى «قەرزدار دۇر ماڭا بايلار، ئويغىنىڭلار ھاللىقلار، ماڭا ئەگەش يوقسۇللار، ياخشى كۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاندىن يار بولار» دېگەن مىسرالار بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سىنىپىي لوشيەنىنى ئوپ-ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەن لى يىللىرى ئاردىلىغىدا پارتلىغان، گۇاڭدۇڭ ۋە گۇاڭشىدىكى ياۋزۇ خەلق قوزغىلىڭىدا، قوزغىلاڭچىلار:

«ھەيۋە قىلىپ چالىمىز تاش دۇمباقنى بىز،
بۇ بىرلە سانسىزلاپ ئەسىر ئالىمىز.
پولەك تاش بۇرغا-كانايلارنى بىز،
چوشىدۇ چاپ-چاپقا ئوغلانلىرىمىز.
لەشكىرى دۈشمەننىڭ بولسا ساناقسىز،
تاغ-جىلغا، ئورمانغا بىزلەر ئىگىمىز.
كەلسە گەر دۈشمەنلەر قوغلاپ بارىمىز.»

دېگەنگە ئوخشاش ناخشا قوشاقلار ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنگە قاراتقان ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى تارقاتقان. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن ئىشچىلار ئىنقىلاۋىي ناخشىلىرى، يېزا ئىنقىلاۋىي بازىلىرىدىكى قىزىل ناخشىلار ۋە ئىنقىلاۋىي رىۋايەت-ھىكايىلەرنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتىكى سىياسىي رولى تېخىمۇ زور بولغان. بولۇپمۇ بەزى چېگرا رايونلاردا، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە تىل قاتارلىقلار ئالاھىدە بولغاچقا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق بەزىدە سىياسىي، بەزىدە تەشۋىقاتتا تېخىمۇ زور ئۈنۈملەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: 50-يىللارنىڭ دەسلىۋىدە، شىنجاڭنى ئازات قىلىش ئۇرۇشى داۋامىدا، قازاق ئاقىنى سىماگۇل دومبۇرىسى ۋە ناخشىسى بىلەن دۈشمەن تەرەپتىكى جەڭچىلەرنىڭ قەلبىدە، ئۆز يۇرتىنى ۋە قوۋم-قېرىنداشلىرىنى سېغىنىش ھەم ئىچكى ئۇرۇشتىن ھەزەر قىلىش ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئۆزلىگۈدىن قورال تاپشۇرۇپ، خەلق ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

باندىتلارنى تازىلاش، زومىگەرلەرنى باستۇرۇش داۋامىدا، بەزى
رايونلاردىكى خەلق ئاممىسى ناخشىنى تەشۋىقات قورالى قىلىپ،
ئەكسىيەتچىل قوراللىق كۈچلەرنى خورىتىش رولىنى ئوينىغان. يەر
ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، بىرمۇنچىلىغان ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى
مۇڭلۇق كۈي ۋە مەرسىيە ناخشىلىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ دەرت-
ئەلەملىرىنى تۆكۈپ ۋە ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە-
نىڭ سىياسەت-پىرىنسىپلىرىنى تەشۋىق قىلغان. بۇنى ئامما ئاسان
قوبۇل قىلغاچقا، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىياسەت-پىرىنسىپلارنى
ئادەتتىكىدەك تەشۋىق قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەتىجە-
لەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىۋى
قىسمىدۇر. خاڭچىلىق بولمىغان بولسا، خاڭ ناخشىسى بولمايتتى؛
قائىدە-يوسۇنلار بولمىغان بولسا، يوسۇن ناخشىلىرى بولمايتتى؛
شۇنىڭدەك، تىرىكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بولمىغان بولسا، دېخانچى-
لىققا دائىر تەمسىللەر بولمايتتى؛ دېخانلار ئىنقىلاۋى بولمىغان بولسا،
دېخانلار قوزغىلاڭلىرى ھەققىدىكى ناخشا-قوشاق، رىۋايەت-ھېكا-
يىلەر بولمايتتى... قىسقىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەرقاچان،
ھەر زامان خەلق تۇرمۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا نەدە خەلق تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇشى بولسا، شۇ يەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بار دېيىشكە بولىدۇ.

ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچى كېلىدۇ. ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئەر كۈنمۇ ئايرىلالمايدۇ. بەزى مىللەتلەر چوڭ - كىچىك بايرام توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر - چىراق، مېھماندارچىلىق، ئۇۋ - چىلىق، تېرىقچىلىق ۋە ئۆي سېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ناخشا ئېيتىدۇ. بەزىلەرنىڭ تېخى مەخسۇس ناخشا بايراملىرى بار. مەسىلەن، جۇاڭزۇلارنىڭ «ناخشا بازىرى»، مياۋزۇلارنىڭ «ئەجدىھا - سىمان قولۋاق ھەيدەش بايرىمى»، بەيزۇلارنىڭ «مارت كوچىسى» ۋە «ئەرۋاھنى ئۈچ ئايلىنىش»، ياۋزۇلارنىڭ «ئېيتىشىش زالى»، خەنزۇ ۋە خۇيزۇلارنىڭ «گۈل سورۇنى» قاتارلىق ناخشا ئېيتىشىدىغان مۇراسىملىرى بار. ھەر يىلى ئەنە شۇ ناخشا ئېيتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈش پەيتى يېتىپ كەلگەندە، يىگىت - قىزلار بايراملىق كۆر - كەم كىيىملىرىنى كىيىپ، توپ - توپ بولۇشۇپ، ناخشا ئېيتىش ئورنىغا بېرىشىدۇ، ھەمدە خالىغان تېمىدا ناخشا قوشاق قوشۇپ، ئۆز - ئارا ئېيتىشىدۇ ۋە ئۇلار ئۆز ناخشىلىرى بىلەن ئەمگەك تۇرمۇشىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى، سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە گۈزەل كەلگۈ - سىنى زوق - شوخ بىلەن كۈيلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ھەم يېقىم - لىق ناخشا سادالىرى، تەرەپ - تەرەپكە ياڭراپ، جىلغىلارنى زىلزى - لىگە كەلتۈرىدۇ، بۇ ناخشا سادالىرى كۆز ئالدىمىزدا رەڭگا - رەڭ، گۈزەل، ساغلام تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. خەنزۇ - لارنىڭ خەلق ماقال - تەمسىللىرى، لەتىپە، چۆچەك، ئەمگەك قوشىقى قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە كەڭ قوللىنىلىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك رول ئوينايدۇ.

1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەربىيىۋى رولى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىئولوگىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شەكلى ھەم ئاممىباب، ئاممىغا ئۇيغۇن بولغان شەكىللەردە بولۇپ، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. شۇنداقلا ئۇ، خەلقنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ ئەپلىك ۋە ئەڭ ئۈنۈمى ئاغزاكى دەرسلىكىدۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ توغرا، ۋىجدانىي، ئەمگەكچان، باتۇرانە ئىدىيىۋى پەزىلىتى ۋە ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغانلىقى، زوراۋانلىققا باش ئەگمەي، باتۇرانە كۈرەش قىلىشتەك قەھرىمانلىق روھى، شۇنداقلا گۈزەل ئارزۇ ۋە غايىسى ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ياخشى بىلەن ياماننى ئېنىق تونۇپ، خۇنۇك بىلەن گۈزەلنى، دانىشمەن بىلەن ئەخمەق-دۆتنى ئايرىشقا ۋە دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىدىيىۋى تەربىيە رولىغا ئىگە. ئېنگېلس: «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ يەنە مۇنداق بۇرچى باركى، ئۇلار ئىنجىل كىتابلىرىغا ئوخشاش خەلقتە ئەخلاق تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، خەلقنىڭ ئۆز كۈچىنى، ئۆز ھوقۇقىنى ۋە ئۆز ئەركىنلىكىنى نامايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى قوزغايدۇ ۋە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتىدۇ»① دەيدۇ. تارىختا ئۆتكەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ھەققىدىكى رىۋايەت ھېكايىلەر، ناخشا-قوشاقلار ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئويغىنىشىغا مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش روھىغا ئىلھام بەرمەكتە. غەيرى ئەمگەكچىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، پەقەت ئۇلار ئەمەلىيەتكە توغرا قاراپ، خەلققە ھېسداشلىق قىلسىلا، ئۇلارمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىپەرۋەر ئىدىيىلەرنىڭ

---

① ئېنگېلس: «گېرمانىيىنىڭ خەلق چۆچەكلىرى كىتاۋى» «ماركس، ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا» 1-توم، 401-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىجابى تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. رۇس شائىرى پۇشكىن بالىلىق دەۋرىدىلا تۈرلۈك خەلق چۆچەكلىرىگە ئامراق ئىدى ۋە ئۇلارنى پىششىق بىلەتتى. كېيىن ئۇ سۈرگۈن قىلىنغاندىمۇ يەنىلا بىۋاستە ھالدا خەلق ناخشا-قوشاقلىرى ۋە رىۋايەتلىرى بىلەن ھەپىلەشتى ۋە نۇرغۇن ناخشا-قوشاق، ھېكايىلەرنى توپلىدى. ئۇ ئۆكىسىغا يازغان خېتىدە: «مەن خەلق ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزەم بۇرۇن كۆرگەن بولمىغۇر تەربىيىنىڭ ئەيىپلىرىنى تۈزەتمەكچى بولۇۋاتەمەن...،» دەيدۇ. پۇشكىن ئاڭلىق ھالدا خەلققە يېقىنلىشىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۆزۈقلىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلەر تەربىيىسىنىڭ كەم-كۈستىلىرىنى تولۇقلىغان ۋە كېيىنكى خەلقچىللىق ۋە ئەل ئەدەبىياتى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىرقاتار ئەسەرلەرنى يېزىشقا ئاساس سالغان.

ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېگىشلىكى، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولىدۇر. كىشىلەر بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ، بۆشۈكتە يېتىپ ئانىسى، مومىسى ۋە ئىنگانىنىڭ ئەللەي ناخشىلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەربىيىسىگە ئۇچرايدۇ. ياش قۇرامىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل قوشاق، چۆچەك، ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىقلارنىڭ تەربىيىسىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بالىلار ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان، بىلىم ئېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغانلىقى ۋە فانتازىيىگە باي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھېكايە ئاڭلاشقا، بولۇپمۇ فانتازىيە ھېكايىلىرىنى، ھايۋاناتلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ۋە رىۋايەتلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق بولىدۇ. ھېكايە بولسا، بالىلارغا يوشۇرۇن ۋە دارىتما ھالدا ئۆز تەسىرىنى يۇقتۇرىدۇ. «دۇكچۇ ئارزۇلىرى»دا خاتىرىلىنىشىچە: «تۇخاك كوچىسىدىكى بالىلار نادان ۋە ئۇسال ئۆسكەنلىكىدىن، ئاتا-ئانىلىرى بەكمۇ تويۇپ كېتىدۇ. چوڭلارنىڭ بېشى قېتىپ، ئاخىر ئامال تاپىدۇ. ئۇلار بالىلارغا پۇل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېرىپ، ئۇلارنى دائىم مەدداھلارنىڭ سۆزلىگەن ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا ئۈيۈشتۇرىدۇ. ئۈچ پادىشالىق ھەققىدە توختىلىپ، ليۇ شۆەندېنىڭ مەغلۇپ بولغىنى سۆزلەنگەندە، بۇنى ئاڭلىغان باللار پەرىشان بولۇپ كۆز يېشى قىلىشقان. ساۋساۋنىڭ مەغلۇپ بولغىنى سۆزلەنگەندە، باللار خۇشاللىغىدىن قىن-قىنىغا پاتماي كېتىشكەن.»

لۇشۈن 10 ياش چاغلىرىدا، تەربىيىچىسى ئاچاڭ ئانا لۇشۈن ئۆزۈندىن تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان «شەنخەيجىڭ» دېگەن رەسىملىك كىتابنى ئېلىپ بېرىدۇ. رەسىمدىكى ئادەم قىياپىتىگە كىرگۈزۈلگەن ھايۋان، توققۇز باشلىق ئىلان ۋە ئۈچ پۇتلۇق قۇش قاتارلىقلار لۇشۈننى ئىنتايىن خۇشال قىلىدۇ. بۇ كىتاپ كىچىك لۇشۈننىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك گۆھەر، كىتاپقا ئايلىنىپ قالىدۇ. گوركى باللىق دەۋرىدە دائىم دىگۇدەك مومىسى ۋە تەربىيىچىسى يېۋگېنىيە ئېيتىپ بەرگەن خەلق قوشاقلىرى ۋە چۆچەكلەرنى ئاڭلايتتى. گوركى ئەنە شۇ چۆچەكلەردىن خەلقنىڭ كۈچىنى تونۇغان ۋە تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان ئىدى.

### 2. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىلىش رولى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى چىن ھەم ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەچكە، ئۇ كۆپ تەرەپلىملىك بىلىش رولىغا ئىگە.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخنى. بولۇپمۇ ئەڭ قەدىمقى تارىخلارنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدىغان بولغاچقا، بىز ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ئېغىز ئارقىلىق تارقالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن تېخىمۇ كۆپلەپ پايدىلىنىشقا مۇھتاجمىز. ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇن ئەپسانىلىرى، رىۋايەتلىرى ۋە ئاز ساندىكى تارىخىي داستانلىرى، مەسىلەن، يىزۇلارنىڭ «مېيگې» داستانى. زاڭزۇلارنىڭ «گېسار»، مياۋزۇلارنىڭ «قەدىمقى مياۋزۇ قوشاقلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ري» قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالەمنىڭ بىنا قىلىنىشى، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى، مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى، قەبىلە جەڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئەلۋەتتە، ئەپسانە داستانلار ھەقىقى تارىخ ئەمەس، لېكىن بىز ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى سەبىلەرچە تەسەۋۋۇرلىرىدىن يەنىلا قەدىمى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى قىياپەتلىرى ۋە ئىدىئولوگىيىسىنى كۆرەلەيمىز. ئالايلۇق، ئىلىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى بولمايدۇ، ئۇلارنى خۇدا يارات- قان، دىگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەر بولغان. ئاتالمىش جىيەندى سۇمرۇغنىڭ تۇخۇمىنى يەپ خەتنى تۇققان. جياڭيۈەن دىۋىنىڭ ئارقى- سىدىن كېتىۋېتىپ، قوسىغى غىدىغلىنىۋىتقانلىقىنى ھىس قىلىش بىلەن تېرىقىنى تۇققان ۋاھاكازا، دىگەنلەرمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چەت- ئەللەردىمۇ بۇلارغا ئوخشاش ئەپسانە-رىۋايەتلەر بار. مەسىلەن: فىنلاندىيىنىڭ «كالېۋارا» دىگەن داستانىدا ئۈچ قىزنىڭ ھاۋادىن ھامىلدار بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانى- يەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جەمىيىتىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر. جۈپ بولۇپ توي قىلىش مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى قەبىلە-جەمەتلەر ئارا توپ نىكا تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەچكە، پەرزەنتلەر ئۆز ئاتىسىنىڭ زادى كىملىگىنى بىلىشكە ئامالسىز ئىدى.

يۇقۇرقى رىۋايەت-ئەپسانىلەر دەل ئىپتىدائى ئىجتىمالوگىيە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر.

«پالنامە»نىڭ «پال سۆزلۈگى»دە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە كوب- لىت قەدىمى خەلق قوشىغى يېزىلغان: «ئاقتۇر ئېتىم، ئاقتۇر خەسە- دەك. ياراشقان ئۇڭا رەڭمۇ-رەڭ بېزەك. دىمەڭلار مېنى قاراقچى- ئوغرى، كەلدىم مەن پەقەت جانانىنى ئىزلەپ» (贲六四)، «يول يۇرۇش قىيىن، قىيىندۇر شۇنچە، نە بولدى ئېتىم ماڭمايدۇ ئەجەپ،

دىمەگلار مېنى قاراقچى-ئوغرى، كەلدىم مەن پەقەت جانانىنى ئىز-
لەپ»، (六屯三)، «ئېتىم تېپچەكلەر ئۆز ئورنىدىلا، تاراملاپ ئاقتى
دەرتلىك قان ياشلار» (屯上六) بۇلاردا قەدىمقى زاماندا ئەرلەر-
نىڭ ئاتتا قىز بۇلىغانلىقى، ئىپتىدائى جەمىيەتنىڭ كېيىنكى مەزگىل-
لىرىدە ئاتىلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئانىلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى
يەڭگەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ توپ نىكا تۈزۈمىدىن جۈپ نىكا تۈزۈمىگە
ئۆتكەن ۋاقىتلاردىكى نىكا ئۆرپ-ئادەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل
ئادەتلەر دۆلىتىمىز ئازات بولغانغا قەدەر يۈننەندىكى دەيزۇ، يىزۇلار-
دا ۋە شەرقىي-شىمالدىكى ئىلۇنچۇن مىللەتلىرىدە ساقلىنىپ كەلگەن
ئىدى. بۇ قەدىمقى زاماندىكى قىز بۇلاپ توي قىلىشتىن قالغان
كونا ئادەت. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىزنى خەلقنىڭ تارىختىكى
نىكا شەكىللىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك
ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن دىخانلار قوزغىلاڭلىرى، ئەمەلدارلار
تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي كىتابلاردا بۇرمىلانغان ۋە يوققا چىقى-
رىلغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ناخشا-قوشاقلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدە
بۇ تارىخلارنىڭ ماھىيىتى ھامان ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، خەلق-
نىڭ تارىخىنىڭ ئەسلى قىياپىتىدىن ۋاقىپ بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارى-
تىپ بەرگەن.

خەلق ماقال-تەمسىللىرى، بولۇپمۇ دىخانچىلىق، ھاۋارايى بىلىمى
ھەققىدىكى ماقال-تەمسىللەر ئەمگەكچى خەلق ئۇزۇن مۇددەتلىك
ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلىغان تەجرىبە ۋە ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋ-
ھەرلىرى بولۇپ، ئۇ ئىخچام، چۈچۈك تىل، جانلىق ۋە ئوبرازلىق
ئوخشىتىشلار ئارقىلىق بەزى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيەتلى-
رىنى بايان قىلغان. شۇنىڭدەك بۇ ماقال-تەمسىللەر ساددا ئىلمىيلىق
ۋە پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ، دىخانلارنىڭ ئومۇملاشقان ئاغ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

زاكى تېخنىك دەرسلىكى بولۇشقا مۇناسىپ. دېخانلارنىڭ نۇرغۇنلە-غان ماقال-تەمسىللىرى ئىلمىي قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ پەن-تېخنىكا تارىخىدىكى شانلىق سەھىپە ھېساپلىنىدۇ. كىشىلەر خەلق ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە قوبۇل قىلىپ، تەبىئەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپ، تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىشىنىڭ پەننىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئىگەللەيدۇ.

3. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىي رولى.

مۇشۇ باپنىڭ 1-ۋە 2- پاراگىراپلىرىدا بىز خەلق ئېغىز ئەدە-بىياتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە سىنىپىي كۈرەش داۋامىدىكى ئەمەلىي رولى توغرىسىدا توختالغان ئىدۇق. بۇ يەردە نۇقتىلىق قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نىكا، مۇھەببەت، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقادىغا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئەمەلىي رولى ئۈستىدە توختالماقچىمىز.

نىكا ۋە مۇھەببەت خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى بىرقەدەر زور ئىشتۇر. قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خەنزۇ-لارنىڭ بەزى رايونلاردىكى خەلق ئىچىدە نىكا ۋە مۇھەببەت ئىشلىرى نىسبەتەن ئەركىن ئىدى. يىگىت-قىزلار ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشىپ، بىللە تاماشا قىلىشاتتى ۋە ناخشا-قوشاق ئارقىلىق ئۆز مۇھەببەتلىرىنى بىر بىرىگە ئىزھار قىلىشىپ، ئۆزئارا خاتىرە بۇيۇم-لىرىنى سوغا قىلىشاتتى①. ئەمما فېئوداللىق جەمئىيەتكە كەلگەندە، توي-تۆكۈن باشقىلارنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى بىلەن سودا-سېتىق ئور-نىدا بولۇش ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. توي چوقۇم ئاتا-ئانىنىڭ بۇيرىغى ۋە ئەلچىلەرنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدىغان بولۇپ قالغاچقا، بۇ ئەھ-

① «نەزمنامە»گە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋال سانسىزلىغان نىكا پاجىئەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى جايلاردىكى قىزلارنىڭ ياتلىق بولغاندا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان ناخشىسى، توي ناخشىسى قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ تارقالغان. قىزلار توي قىلىش ئالدىدا ناخشا ئېيتىش ئارقىلىق ئاتا-ئانىسىدىن ئاغرىنىپ، ئەلچىلەرنى تىللايتتى. ناخشا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىزھار قىلاتتى. ساھىپخان ۋە مېھمانلار چاي ئۈستىدە ناخشا ئارقىلىق بىر بىرىگە تەكەللۇپ قىلىشاتتى ياكى مۇبارەك نەسىھەت سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكا ئىشى نىسبەتەن ئەركىن بولغاچقا، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ھاللاردا ناخشا ئۇسۇلنى ۋاستە قىلىپ ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشاتتى. شەرقىي جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگودا ياشىغۇچى مياۋزۇ، ياۋزۇ، جۇاڭزۇ، بۇيىزۇ، يىزۇ، زاڭزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەردە ھەر خىل شەكىلدىكى يوسۇن ناخشىلىرى ۋە توي ناخشىلىرى تېخىمۇ مول. گۈيجۇدىكى مياۋزۇ ياشلىرى مۇھەببەتلىشىشتىن باشلاپ توي قىلىشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوخشىمىغان باسقۇچلاردا ئوخشىمىغان ناخشىلارنى. يەنى ۋىسال ناخشىسى، ياشلىق ناخشىسى، سۆيگۈ ناخشىسى، توي ناخشىسى، ھىجران ناخشىسى، بويتاق ناخشىسى قاتارلىقلارنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلار شۇنداق دېيىشىدۇ: «مياۋزۇدا بار تۈمەن مىڭ ناخشا، شۇ ناخشىدۇر ئىشق ئەلچىسى، ئېيتىلمىسا مياۋزۇ ناخشىسى، باغلانمايدۇ سۆيگۈ-رىشتىسى».

بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەمىشە خەلق قوشاقلىرى ياكى داستانلاردىكى داۋىللاردىن پايدىلىنىپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۆتمۈشتە لى سۇ مىللىتى ئارىسىدا دائىم دىگۇدەك ئۆچمەنلىك بىلەن بىر بىرىنى ئۆلتۈرۈش ماجرالىرى چىقىپ تۇراتتى. بۇ خىل ماجرانى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدى: ماجىرالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ياراشتۇرغۇچىلار تەرىپىدىن دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشتۈرۈپ قويۇلغاندىن كېيىن، مەخسۇس بىر ئۆينى تەيىنلەپ شۇ ئۆيدە ئىككى تەرەپ ناخشا بىلەن ۋەقەنىڭ جەريانىنى بايان قىلاتتى. ياراشتۇرغۇچىمۇ ناخشا بىلەن ئۇلارغا داۋلى سۆزلەيتتى. ناخشا ئوقۇش جەريانىدا ئىككى تەرەپنىڭ ئۆچمەنلىك كەيپىياتى تەدرىجى پەسىيىپ نەتىجىدە ماجىرا ناھايىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىناتتى. گۇاڭشىدىكى ياۋزۇلارنىڭ «تاش تاختاي سۆزى» خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىپ ماجىرالارنى ھەل قىلىشنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئۇ قەدىمقى زاماندىكى بىر خىل ئالاھىدە سىياسىي تەشكىل شەكلى — «تاش تاختاي تۈزۈمى»نىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ ئاساسەن «تاش تاختاي ئاقساقىلى»نىڭ ئامما بېكىتكەن «ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن» ماددىلىرىغا بىنائەن، شېئىرىي تىل بىلەن ئاممىغا بايان قىلىدىغان سۆزلەرنى ۋە ماجىرالارنى ھەل قىلىشتىكى ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى ئۆز مەزمۇنى قىلىدۇ. «تاش تاختاي ئاقساقىلى» ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا يا ئورۇنلۇق سۆزلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىدۇ، يا ئۇنى ناخشا قىلىپ ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ كەلتۈرگەن مىساللىرى جانلىق ۋە ئۆز جايىدا بولغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ①. مياۋزۇلارنىڭ «ئورۇنلۇق سۆزلەر»ى ۋە تۇڭزۇلارنىڭ «سەممىيەت»ىمۇ ئەنە شۇنداق روللارنى ئوينايدۇ.

ئەل ئىچىدىكى بەزى ئۆرپ-ئادەتلەر ھامان دىنىي ئېتىقات، خۇراپىلىق ۋە ئالاھىدە پىسخولوگىك ئامىللار بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى بىرمۇنچىلىرى ناچار شاكالالار بولغاچقا، تەنقىت قىلىشقا تېگىشلىك. بىراق ئۇلار قەدىمىي ئۆرپ-ئادەتلەر-

① «ياۋزۇ خەلق ئەدەبىياتىنى تەكشۈرۈش»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن خەۋەرلەر» خەنزىچە 8-سان (1979-يىل 10-ئاي).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ قالدۇقلىرى بولغاچقا خەلقنىڭ بىلىش سەۋىيىسىنى ۋە ئىدىيە ئارزۇلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرەلىگەن. ئېلىمىزنىڭ كونا كىشىلىرى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاقىسى زىچ بولغانلىكى ئىشلاردا نەزىر-چىراق ۋە دۇئا-تەلەپ قىلغان. «جۇۋ يوسۇنلىرى، جۇنگۇەن زۇڭ بۇشىيا»دا خاتىرىلىنىشىچە، ئەل ئىچىدىكى يەر مۇئەككىلىگە نەزىر بېرىپ مول-ھوسۇللۇق يىلنى ئىلتىجا قىلغان ۋە ھەر يىلى 12-ئايدا شام كۆيدۈرۈپ نەزىر ئۆتكۈزگەن چاغدا ھەممە ئىسىل ناخشىلارنى ئېيتىپ، داقا-دۇمباق، سۇنايلارنى چېلىپ، ھەر خىل ئىلاھلارنى خوشال قىلىش كېرەك دېيىلگەن. موڭغۇللارنىڭ «ئاتقا مەدھىيە»، «قارا بۇغدايغا مەدھىيە»، «كىگىز ئۆيگە مەدھىيە» دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ خىلدىكى دۇئا-تەكبىرلەردۇر. كونا جۇڭگو يېزىلىرىدا ئۇزۇنغىچە يامغۇر ياغماي قۇرغاقچىلىق بولغاندا، قۇرغاقچىلىق ئىبلىسىنى قوغلاپ، يامغۇر تىلەش ئۈچۈن ھەر خىل مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلەتتى ۋە ئەجدىھاسىمان پانۇس ئويناش ئارقىلىق ناخشا-ئۇسۇل ھەم سېرىكچىلىك سورۇنلىرى ئويۇشتۇرۇلاتتى. شىمالنىڭ «ياغ يامغۇر، ياققىن، سۇغار ئىلاھىنىڭ يېرىنى، ئەگەر سەن باغساڭ كۆپلەپ، ئالارسەن يەر رەخمىتىنى» دېگەن باللار قوشىقى باللارنىڭ يامغۇر تىلەش ئۈچۈن قىلىدىغان دۇئا-تەلەپلىرىدۇر. جەنۇبىي جۇڭگودىكى بەزى رايونلاردا ئەجدىھاسىمان پانۇس ئويۇنى ئويناشتىن باشقا يەنە «ئەجدىھا ئۇۋىسىنى قوزغاش، سۇ ئەجدىھاسىغا چېقىلىش»قا ئوخشاش ئادەتلەرمۇ بار. ئۇلار ئەجدىھا چوڭقۇر ئازگاللىغا چۈشۈۋېلىپ، يامغۇر ياغدۇرماي، مايسىلارنى قۇرۇتۇپ، زىرائەتلەرنى ئۆستۈرمەيدۇ، دېگەنگە ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار مۇقىم بىر كۈننى بېكىتىپ، شۇ كۈنى ئازگاللارغا پاسكىنا نەرسىلەرنى ۋە ھاكلارنى تۆكىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلغاندا ئەجدىھا پاسكىنىچىلىقتىن قورقۇپ يۇيۇنۇش ئۈچۈن يامغۇر تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن يامغۇر ياغىدۇ. دەپ ئويلىشىدۇ. «سۇ ئەجدىھاسىغا
چېقىلىش»مۇ ئوخشاشلا، قۇرغاقچىلىق بولغاندا، كىشىلەرنىڭ تال-
چىۋىقلىرىدا ئەجدىھا ياساپ، باشلىرىغا چىۋىق بۆك كىيىپ ۋە بەدە-
نىنى ئوراپ، چىۋىقتا ياسالغان سۇ ئەجدىھاسىنى كۆتەرگىنىچە كوچا
چۆگىلەپ ئۇسسۇل ئوينىغانلىقى، ئادەملەرنىڭ ئۇلارغا سۇ چاچقانلىقى
ھەمدە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەجدىھانى يامغۇر ياغدۇرۇشقا قىس-
تىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقۇرقى ئۆرپ-ئادەتلەرگە قارىتا بىز پەقەت تارىخىي ماتېرىيال-
زىملىق نۇقتىسىنەزەردە تۇرۇپ، فېئودالىق خۇراپىلىقلارنىڭ سىرلىق
تۈسىنى ئېچىپ تاشلىساقلا، ئۇلار ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائى تۇر-
مۇشنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. بىرىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ ئەجدىھاغا
چوقۇنۇشى ئەجدىھانىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىكى خەنزۇ مىللىتى ئىچە-
دىكى شيا ئۇرۇغىنىڭ تۇتىمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەجدىھاغا
چوقۇنۇش دەل تۇتېمغا چوقۇنۇشنىڭ ساقىندىسىدۇر. ئىككىنچىدىن،
قەدىمقى دەۋرلەردىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شەنخەجىڭنىڭ داخۇاڭ بېي چىڭدا:
«چى يۈۋ خۇاڭدىغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان. خۇاڭدى يىڭلۇڭنى چى
يۈۋ بىلەن جى جۇ دالىسىدا ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن. چى يۈۋ بوران-
يامغۇر مالائىكىسىنى تەكلىپ قىلىپ بوران چىقارغۇزۇپ، يامغۇر ياغدۇ-
رۇپتۇ. خۇاڭدى ئايال ئىبلىسقا بۇيرۇق قىلىپ، بوران-يامغۇرنى
توختىتىپ چى يۈۋنى ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە ئاسمانغا چىقىپ كەتمەي يەر
يۈزىدە ماكانلىشىپ قاپتۇ. شۇڭلاشقا يامغۇر ياغماس بولۇپ قاپتۇ»
دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: يىڭلۇڭ جەنۇبىي قۇتۇپتا
تۇرىدۇ. ئۇ چى يۈۋ بىلەن كۇاڧۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئاسمانغا
چىقىپ كەتمىگەن، شۇڭا يەر يۈزىدە قۇرغاقچىلىق بولۇۋاتىدۇ. دىمەك
«قۇرغاقچىلىق بولغاندا، يىڭلۇڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلساق يامغۇر

ياغىدۇ» دېگەن گەپ بار؛ ئۇچىنچىدىن، خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مەملىكىتىمىز قەدىمدىن تارتىپلا يېزا ئىگىلىك مەملىكىتى بولۇپ، خەلقىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان دېخانلار ئىلىمىز خەلقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدۇر. يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىمىز بولسا مول ھۆل-يېغىنغا موھتاج بولغان شال ۋە بۇغدايلاردىن ئىبارەت بولغاچقا، سۇ كەمچىلىكى ئەڭ ئاساسلىق ئاپەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كونا جۇڭگودا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى كەمچىل بولغاچقا دېخانلارنىڭ ھوسۇل ئېلىشى يامغۇرغىلا قاراشلىق ئىدى. دېخانلار قۇرغاقچىلىقتا دۇچكەلگەندە تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلالماي، ئىلاھقا يېلىنىشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئەجدىھا — سۇ مۇئەككىلى دەپ چۈشىنىلگەچكە، قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەندە كىشىلەر ئۇنىڭغا خوشامەت قىلاتتى ياكى ئۇنى قۇرغاقچىلىق ئىبلىسىنى قوغلاشقا مەجبۇرلايتتى. بۇ ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ يېتەرلىك ھۆل-يېغىنغا ئېرىشىش ئارزۇلىرىنى ئىزھار قىلاتتى. قىسقىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كۆپلەپ مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇنىڭ رولىمۇ ھەر خىل ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ.

4. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىستېتىك رولى.

ماركس: «كىشىلەر ئىستېتىك قانۇنىيىتى بويىچە نەرسىلەرنى ياسىغان» دېگەن ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئەمگەك ئارقىلىق ياساپ چىققان بارلىق قوراللارنىڭ ھەممىسىنى ئالدى بىلەن ئىشلىتىش ئۈچۈن ياسىغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمكان قەدەر ئۇنى چىرايلىغراق قىلىشنى كۆزدە تۇتقان. مەسىلەن، ئۇلار بىر تال قىسقا نەيزە ياسىغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىغىنى بىلەپ ئۇچلۇق قىلىپ، ئۇنى ئۆتكۈر قىلغان. ئەمەلىيەت ئۇلارغا مۇشۇنداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ ياۋايى ھايۋانلارنى ئولجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالغىلى بولىدىغانلىقى ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئىسپاتلانغاندا، ئۇلار بۇ يالتىراق ۋە ئۆتكۈر نەيزىلىرىگە قاراپ خوشال بولۇشۇپ، قىن-قىنىغا پاتماي كېتىشكەن ۋە ئۆزى ياسىغان نەيزىلىرىدىن مەمنۇن بولۇشقان. بۇنىڭ ئۆزى بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىدى. كېيىن ئۇلار نەيزە ياسىغان ۋاقىتلىرىدا تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى نەيزىگە نەقىش قىلىپ ئويۇدىغان ياكى قۇشلارنىڭ پەي-قاناتلىرى بىلەن نەيزىسىنى زىننەتلەيدىغان بولغان. ئۇلار بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى نامايەن قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە رەسىم، ئۇسۇل، قوشاق قاتارلىقلارنى ئىجاد قىلىپ، تۇرمۇشنى ئىنتايىن جانلىق، ئەينەن، چىن ھەم ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرەتتى. شۇنىڭدەك ئۇلار، قايناق لىرىكا ئوبرازلار ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ خوشاللىق ھېسسىياتىنى قوزغايتتى. شۇڭا گۈزەللىك تۇيغۇسى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا تەدرىجى تەرەققى قىلغان، ھەممىلا ئادەمدە دىگۈدەك ھازىرلانغان دېيەلمىز. بىراق، گۈزەللىك ئىقتىدارىدا زور پەرقلەر بولىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى گۈزەللىككە ئىگە بولىدۇ. چېرنىشۋسكى «خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۇرغۇنلىغان يېڭى ۋە ساپ يەرلىرى بار. مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا بىزنى گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن لەززەتلەندۈرەلەيدۇ» دەيدۇ. پەقەت خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۆزىلا مۇشۇنداق بولماستىن، تەسەۋۋۇرغا باي بولغان ئەپسانە، مەردانىلىق ۋە قەيسەرلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قەھرىمانلىق داستانلىرى، مۇھەببەتكە تولغان مۇھەببەت رىۋايەتلىرى، سىرلىق فانتازىيە ھېكايىلىرىدىمۇ پاك ھەم تەبىئى گۈزەللىك ئۇرغۇمايدىغىنى يوق! بۇ ماركسنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن يۇنان ئەپسانىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەڭگۈلۈك بەدىئىي سېھرى كۈچىگە ئىگە، دەپ ماختىغانلىقىنىڭ بىكار ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ گۈزەللىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك تۇرمۇشىنىڭ گۈزەللىكىدىن كەلگەن. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىچكى ۋە سىرتى ئادەتتە ساغلام ۋە گۈزەل بولىدۇ. ئەمما خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلار رىيال تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ مەركەزلىك، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ. «چىۋەر كېلىن» دېگەن ھېكايىدىكى چىۋەر كېلىننىڭ ئوبرازىدىنلا بىز شۇنى ئوچۇق كۆرەلەيمىزكى، چىۋەر كېلىننىڭ تۇرقىلا ساغلام، گۈزەل بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ پەم-پاراسەتلىك ئىكەنلىكى، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغانلىقى، تېتىك، چاققانلىقى جۇڭگو ئەمگەكچى ئاياللىرىنىڭ نۇرغۇن گۈزەل پەزىلەتلىرىنى يىغىنچاق ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنداق سىرتقى گۈزەللىك بىلەن روھىي گۈزەللىك ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈلسە، ئۇ رىيال تۇرمۇشتىكى كىشىلەردىنمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ساپ ۋە ساددا ئۇسلۇپ، چىن ھەم بېزەكسىز، جانلىق، ئوبرازلىق قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە تىل خەلقنىڭ چوڭقۇر تۇرمۇش قاتلىمىدىن قېزىۋېلىنغان ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى گۈزەللىكىنىڭ بەدىئىي سېھرى كۈچىگە ئىگە. قىسقىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىلغار ئىستېتىك نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئىستېتىك غايىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بولغان ئىستېتىك باھاسى ساقلانغان بولغاچقا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى ۋە سەنئەتتىن زوقلىنىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ياردەم بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ساپ ئىستېتىك نۇقتىئىنەزەر ۋە بەدىئىي قىزىقىشىنى يېتىشتۈرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

٥. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى. ئېنگېلس «گېرمانىيە خەلق ھېكايىلىرى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان كۆڭۈل ئېچىش قورالىدۇر. كونا جەمئىيەتتىكى دېھقانلارنىڭ، بولۇپمۇ يىراق خىلۋەت جايلاردا ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى كەم بولاتتى. ئۇلار پەقەت ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئاچاتتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشكەن: «تاغ ناخشىسى قالغاندۇر كونىلاردىن، كۆڭۈلدىكى غەم-قايغۇنى يوقىتىشقا، گەر ئايرىلسا ئىنسانىيەت ئۇ ناخشىدىن، ئايلىنىدۇ ياش بالىمۇ ئاپپاق چاچقا». ئەمگەكچى خەلق ئەمگەك جەريانىدا ناخشا ئېيتىدۇ. ياز كۈنلىرى ئىشىك ئالدى باراڭ ئاستىلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ پاراڭلىشىدۇ. ھېكايە، تېپىشماق، لەتىپىلەرنى ئېيتىشىدۇ، ياكى بوش ۋاقىتلىرىدا تىياتىر ئوينايدۇ. ياكى بولمىسا ئەلنەغمە قىلىشىدۇ. بۇلار تەربىيە بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھاردۇق چىقىرىپ، كەيپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. دەل مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، كىشىلەر ھەر جەھەتتىن تەربىيە ئالاتتى. بۇ رىم شائىرى فۇراشىيوسنىڭ «شېئىر سەنئىتى»دە ئېيتىلغىنىدەك، «كۆڭۈل بىلەن تەربىيىنىڭ بىر بىرىگە چىرمىشىپ كېتىشى»دۇر.

شېئىر، تېپىشماق، ھېكايە، لەتىپە، يېڭىلدۇرۇش ئويۇنى. ئەلنەغمە، كىچىك تىياتىر قاتارلىق ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. خەنزۇ ۋە جۇاڭزۇلارنىڭ سوراق ناخشىلىرى، ئېيتىشىشلىرى، ئۆزئارا سوئال-جاۋاپ قىلىشىپ، ئۆزئارا ئەقىل-پاراسەت سىنىشىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ ئويۇن شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان. سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ كاڭدىڭ دېگەن يېرىدىكى زاڭزۇ ئوغۇل-قىزلىرى «ئادوم» دەيدىغان بىر خىل ئويۇننى ئويىنىشىپ، شېئىرىي جۈملىلەر بىلەن بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

كىنى تېپىشىدۇ. كۆڭلىگە پۈككەنلىرى باشقىلار تەرىپىدىن تېپىۋېلىنسا، شۇ كىشى ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ بىر خىل شات-خوراملىق ۋە زېھنى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇندۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى بولۇپمۇ بالىلار ئۈچۈن ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. بەزى قوشاقلار ئانچە مەنىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن بوغۇملىرى ئېنىق، ئېيتىشقا ئاسان بولغاچقا، ئۇلار بالىلارنىڭ سەزگۈر ۋە چاققانلىقىنى يېتىشتۈرۈش، تەلەپپۇزىنى توغرىلاشتىكى رولى خېلى زور بولىدۇ. مەسىلەن، «بارماقنى سۇغۇرۇش»، «قۇرۇت سوقۇشتۇرۇش»، «رەتلىك ئولتۇرۇش»، «پۈت ئۈچىدا مېڭىش» قاتارلىق ئويۇنلار، ھەتتا پۈتۈنلەي ساندىن تەركىب تاپقان «تەبىئەت ناخشىسى» قاتارلىقلار بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بالىلار بۇ ئويۇنلارغا راسا بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن لەززەت ئالىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانى ساغلاملىقى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم بالىلار ئويۇن ناخشىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋىلىكى بىرقەدەر كۈچلۈك ۋە ئەخلاقىي تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولىدۇ. مەسىلەن، ئازاتلىقتىن كېيىن، بالىلار «دوست تېپىش» ئويۇنى، رېزىنكە ئويۇنى ئوينىغاندا، قەھرىمان ليۇخۇلەن، خۇاڭجىگۇاڭ قاتارلىقلاردىن ئۆگىنىش ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغان بولدى. بۇ خىلدىكى ناخشىلارنى بالىلارغا زورمۇزور مەجبۇرى ئۆگەتمىسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئويۇنىنىڭ رېتىمى بىلەن قايتا-قايتا ئېيتىش جەريانىدا ئۇنىڭدىن ئاڭسىز ھالدا تەربىيە ئالىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلۈك رولى ھەرگىزمۇ يەككە-يېگانە بولماستىن، ئەكسىچە بىر بىرىگە باغلانغان، ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن، بىر بىرىنى تولۇقلىغان ۋە بىر بىرىگە ماسلاشقان بولىدۇ. ئۇلارنى بىر بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا، ھەتتا بىر بىرىگە قارشى قويۇشقا زادى بولمايدۇ.

ئابدىكرىم راخمان تەرجىمىسى

# ئۆنىنچى باپ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش مەسىلىسى

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش — بىر تۈرلۈك ئالاھىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى، شۇنداقلا، خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. توپلاش خىزمىتىنىڭ بىۋاستە مەقسىدى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆتكۈنچى شامالغا ئوخشاش غايىپ بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. ساقلاشتىن مەقسەت ئىشلىتىش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ساقلاش ئۈچۈنلا ساقلاش ئەمەس. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىشەنچلىك بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيالىنى ئىگەللەش — ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇنەۋۋەر ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تارقىتىش، خەلقنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى چۈشىنىش ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كەم بولسا بولمايدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار بۇ خىزمەتنىڭ زور ئەھمىيىتىنى يېتەرلىك تونۇپ، شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، توپلاش-رەتلەش ئەمەلىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئەمەلىي خىزمەتلەر ئارقىلىق دەرسخانا ئۆگىنىشىنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى بۆلۈم    تارىخىي ئەھۋال

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى ئېلىمىزدە خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇنىڭغا بىز ئالدىنقى چىن سۇلالىسىدىن بۇيانقى ئەسەرلەردىن تولۇق دەلىل تاپالايمىز. مىلادىدىن مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىكى جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «پالچىلىق سۆزلىرى»دە، شياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇللۇق جەمىيىتىدە پەيدا بولغان بىر قىسىم خەلق قوشاقلىرى خاتىرىلەنگەن. مىلادىدىن 500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى توپلاپ تۈزۈلگەن «شېئىرىيەت دەستۇرى» ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «گوفېڭ»نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىلەن «شياۋيا»نىڭ ئاز قىسمى جۇ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، چۈنچيۇ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچىلىك بولغان 500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا بارلىققا كەلگەن خەلق قوشاقلىرىدۇر. ئالدىنقى چىن سۇلالىسى مەزگىللىرىدىكى بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر ۋە پەلسەپە ئەسەرلىرى، مەسىلەن، «زۇجۇەن»، «گويۈي»، «جەنگو تاكتىكىلىرى»، «جۇاڭزى»، «مىڭزى»، «خەن خېزى» قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىغا ئالدىنقى سۇلالىلەر دەۋرىدىن ساقلىنىپ قالغان ياكى ئەينى ۋاقىتتا تارقىلىپ يۈرگەن خەلق ھېكايىلىرى، تەمسىل ۋە قوشاقلار ئازدۇر-كۆپتۇر كىرگۈزۈلگەن. خەن، ۋېي 6 سۇلالە دەۋرىدە بۇ خىزمەت يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە جۇتىيەنزىنىڭ «قوشاق توپلاش» ۋە «ئادەت ئۇسلۇبىنى كۆزدە تۇتۇش»① ئۇسۇلىغا ئاساسەن، مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com

ئورگانلىرى رەسمى تەسىس قىلىنىپ، خەلق قوشاقلىرى توپلانغان. چاۋيەنىنىڭ ئاتالمىش «ئۆرپ-ئادەتكە نەزەر تاشلاپ، پايدا-زىياننى چۈشىنىش»② دېگەن بايرىقى، ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئاساسەن ساراي نەزمىلىرى ھەم كۆڭۈل ئېچىشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا ئوبيېكتىپ جەھەتتە، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش ۋە ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينىدى، سىماچيەنىنىڭ «تارىخنامە»سى بىلەن بەنگۇنىڭ «خەنشۇ»سىغا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىرمۇنچە قوشاق، ھېكايە ۋە رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ جانلىقلىقى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇەينەن پادىشاسى ليۇئەن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر تۈزگەن «خۇەينەنزى» ئالدىنقى چىن ۋە چىن، خەن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا تولۇقلانغان بىر دەۋر ياكى بىرەر شەخسكە تەئەللۇق بولمىغان «تاغ-دېڭىز رىسالىسى» ۋېي دەۋرىدىكى خەندەنىنىڭ «كۈلكىلەر»، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گەنباۋنىڭ «روھنى ئىزلەش» ۋە جەنۇبىي سۇلالە زامانىدا ئۆتكەن لياگرىنفاڭنىڭ «بايانىنامىلەر» دېگەن كىتاۋى قاتارلىق خىلمۇ-خىل كىتاپلارغا ئىلىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىدىكى رىۋايەت، ئەپسانە، ھېكايىلىرى كۆپ مىقداردا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئىلىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخى بىلەن خەلق ئەدىبىياتى تەتقىقاتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ھۆججەتلەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. («روھنى ئىزلەش»نىڭ 14-بابىدا «يۈيجياڭ شىنيۈي ناھىيىسىنىڭ ئەركەكلىرى» دېگەن ھېكايە بار بولۇپ، بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن خاتىرىلەنگەن «ئاققۇ قىزى» دېگەن ھېكايىدۇر).

تاڭ دەۋرىدىكى دۇەنچىڭشى يازغان «يۈياڭ تەمەچلىرى» دېگەن كىتاپتا ئەينى ۋاقىتتا تارقىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم مۇھىم خەلق چۆچەكلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «يې شەن»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىگەن ئەسەر «كۆرۈمسىز قىز»غا ئوخشاش دۇنياۋى فانتازىيىلىك خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئېلىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىسىدۇر. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇماۋچىڭ تەھرىرلىگەن «سەنئەت مەھكىمە شېئىرلار توپلىمى»غا زور مىقداردا ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋە خەن، ۋېي سۇلالىلىرى ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەش دەۋرىدىكى خەلق قوشاقلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار مەزمۇنغا ئىنتايىن باي ئىدى. ئاتاقلىق زات ياڭ جېنىڭ «شېئىرىيەتتىن ھوزۇرلىنىش»، «قەدىمقى ۋە بۈگۈنكى قوشاقلار»، «قەدىمقى ۋە بۈگۈنكى تەمسىللەر»، فېڭ مېڭلۇڭنىڭ «تاغ قوشىقى»، «كۈلكىلىك مەھكىمە»، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى دياۋيۈەننىڭ «گۇاڭدۇڭ بورىنى»، دۇۋېينلەننىڭ «قەدىمقى ماقال-تەمسىللەر»، جىڭ شۈيدەننىڭ «تەبىئەت شاۋقۇنلىرى» ھەم فەنىيەننىڭ «تەمسىلدىن ھالقىش» دىگەن كىتاپلىرى مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مۇھىم خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى توپلىمىدۇر.

يۇقۇرىدا مىسال قىلىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئىچىدىكى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە خەلق ئارىسىدىن خاتىرىلىۋېلىنغان، گەرچە خاتىرىلەشتە تەپسىلى بولۇش ۋە قىسقارتىۋېتىش، دەۋر جەھەتتە ئىلگىرى كېيىن بولۇشتەك ئوخشاشمىغان ئەھۋاللار بولسىمۇ، لېكىن ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىكى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە قوشقان تۆھپىسىمۇ بار. ھەتتا توپلام، خاتىرە ۋە جايلار تەزكىرىسى قاتارلىق ئەسەرلەردە ئۇچرىغان خەلق ئەدەبىياتى ماتىرىياللىرىغا كەلسەك، بۇ تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا توپلاپ-رەتلەپ چىقىشىمىزنى كۈتمەكتە.

«4-ماي»نىڭ ئالدى-كەينىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان قوشاقچىلىق ئىلمىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىدى.

1918-يىلى 2-ئايدا بېيجىڭ داشۆ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن لىيۇفۇ، جۇ زۇرىن، شېن يىنمۇ قاتارلىق كىشىلەر مەكتەپ مۇدىرى سەي يۈەنفېينىڭ قوللىشى ئاستىدا، قوشاق توپلاش ئورنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قوشاق توپلاشنى تەشەببۇس قىلدى.

1920-يىلى قىشتا، قوشاق تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1922-يىلى 12-ئايدا يەنە «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭغا دەسلەپتە لىيۇفۇ، شېن يىنمۇلار تەھرىرلىك قىلدى. كېيىن جۇ زۇرىن، چاڭ خۇي تەھرىرلىك قىلدى. بۇ ژۇرنال جەمئىي 96 سان چىقىرىلغان بولۇپ، 13908 قوشاق توپلىنىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىلدى. «قوشاقلار» ژۇرنىلىنىڭ 49-سانىدىن باشلاپ قوشاق توپلاش، تەتقىق قىلىش دائىرىسى خەلق چۆچەكلىرىنى، رىۋايەتلىرىنى ۋە خەلق ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەكشۈرۈپ توپلاش ۋە تەتقىق قىلىشقىچە كېڭەيتىلدى. بۇ خىل ئۇسۇل يالغۇز يېڭى ئىلىم-پەن ساھەسىدە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىگە ئاساس سالدى. ئۇنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولدى. «بېيجىڭ داشۆنىڭ مەملىكەت بويىچە يېقىنقى زامان قوشاقلىرىنى توپلاش ھەققىدىكى قىسقىچە نىزامنامىسى» ۋە «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ «نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما»لىرىنى دۆلىتىمىز خەلق ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتمىشقا بولىدۇ. ئۇلاردا ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلىتىمىز زىيالىيلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا بولغان ئىلغار قارىشى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، «ئىزامنامە»دە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «قوشاقلارنىڭ تېكىستى ۋە ئۇسلۇبى ئەينەن بولۇشى، تۈزىتىلمەسلىكى كېرەك. ئومۇملىشىپ كەتكەن يەرلىك تىل-يېزىقلار كىتابى تىللارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلماسلىقى كېرەك»، «خەت بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان رايون خاراكتېرلىك ئاتالغۇلار دەسلەپ خەنزۇچە خەت ئاھاڭى بويىچە يېزىۋېلىنىپ، كېيىن لاتىن يېزىقى بىلەن ئىپادىلەپ قويۇلسا بولىدۇ»، «مەلۇم ئىجتىمائى دەۋردە قوللىنىلغان قوشاقلارغا ئىزاھات بېرىلىشى كېرەك»، «قوشاقلاردا تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ياكى جايلارنىڭ ئالاھىدە مەنزىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن سۆزلەر بولسا، ئىزاھلىنىشى لازىم.»③ قوشاقنىڭ ئەسلى تېكىستىنى خاتىرىلەشتە نىمە ئۈچۈن بىرمۇنچە قاتتىق تەلەپلەر قويۇلىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە «قوشاقلار» ھەيئىتىلىك ژۇرنىلىنىڭ «تۇنجى سانىغا بېغىشلىما»دا ئېنىق جاۋاپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيۇشمىمىزنىڭ قوشاق توپلاشتا ئىككى مۇددىئاسى بار: بىرى ئىلمىي بولۇش، يەنە بىرى، ئەدەبىي بولۇش». ئىلمىيلىك توغرىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «قوشاق — خەلق ئۆرپ-ئادىتىنىڭ بىر خىل مۇھىم ماتېرىيالى بولۇپ، مەخسۇس تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى كىتاپ قىلىپ تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم»، شۇڭا «ماقالا ئەۋەتكۈچىلەر قوشاقلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئايرىپ ئولتۇرمايلا، ئامالنىڭ بېرىچە خاتىرىلەپ ئەۋەتسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قوپال، چاكىنا بولۇشى ئىلىم-پەندە ھېچگەپ ئەمەس.» ئەدەبىيلىك توغرىسىدا «بېغىشلىما»دا ئىلمىي ماتېرىياللار ئىچىدىن تاللاش، «خەلقىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تاللانما ئەسەر تۈزۈپ چىقىش» تەشەببۇس قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدا «بۇ خىزمەت ھازىرچە يوشۇرۇن تۇرغان شان-شەرەپنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەقدىرلەپلا قالماي، بەلكى مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى شېئىرىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى» دەپ تەكىتلەنگەن. بۇ خىل ئىلمىي كۆزقاراشلار شۇنى چۈشەندۈرىدۈكى، ئەينى ۋاقىتتىكى تەرەققىپەرۋەر ئىلىم ئەھلىلىرى ئېلىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە توپلاش خىزمىتى جەريانىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل-لارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر «4-ماي» دەۋرىدىكى قوشاقچىلىق ھەركىتىنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىگىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك، پايدىلىق تەسىر كۆرسەتتى.

1927-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گۇاڭجۇ جۇڭشەن داشۆ تىل تارىخى تەتقىقات ئورنىدا مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئۇيۇش-مىسى قۇرۇلدى، گەرچە بۇ ئىلمىي تەشكىلات بېيجىڭ داشۆ قوشاق تەتقىقات ئۇيۇشمىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بېيجىڭ داشۆ قوشاق تەتقىقات ئۇيۇشمىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا مەكتەپ ئىچىدە گۇجىگاڭ، دۇڭ زوبىن، دۇڭ جياۋزۇ، جۇڭ جىڭۋېن، ياڭ چېڭجۇ قاتارلىق تايانچ كۈچلەر بولۇپ، مەكتەپ سىرتىدا يەنە شى يۈنشىڭ، چيەن نەنياڭ، جاڭ چىڭشۈي قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ جەمئىيەت ئۆرپ-ئادەت، مىللەت، خەلق ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنداقتىمۇ كۆپ ساندىكى ئەزالار يەنىلا خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىۋالغان ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە جاڭ ۋىنجۇ، دۇ زوبىن قاتارلىقلارنىڭ تەھرىرلىك قىلىشى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«خەلق ئەدبىياتى-سەنئىتى» ھەپتىلىك ژورنىلىنى نەشر قىلىپ، جەمئى 12 سان چىقاردى. كېيىن ئۇنىڭ نامىنى «خەلق ئۆرپ-ئادەتلىرى» ھەپتىلىك ژورنىلىغا ئۆزگەرتىپ، بۇنىڭغا جۇڭ جىڭۋېن، دۇڭ جياۋزۇ، ليۇۋەنجاڭلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تەھرىرلىك قىلدى. بۇ ژورنال 6 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە جەمئى 123 سان چىقىرىلىپ، ئۇرغۇنلىغان خەلق ئەدبىياتى ئەسەرلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى توپلىدى ۋە ئېلان قىلدى. بۇ «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژورنىلىدىن كېيىنكى مەملىكەت ئىچىدە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ژورناللارنىڭ بىرى ئىدى. جۇڭشەن داشۆ خەلق ئۆرپ-ئادىتى ئۇيۇشمىسى يەنە مەخسۇس بىر قارار «خەلق ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆگىنىش كۇرسى» ئاچتى. بۇ كۇرسقا 12 خىل دەرس كىرگۈزۈلۈپ، 22 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ بىر ئىجادىي خاراكتېرلىك پائالىيەت ئىدى. جۇڭشەن داشۆ خەلق ئۆرپ-ئادىتى تەتقىقات ئۇيۇشمىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا جەنۇپتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە جانلانغان خەلق ئۆرپ-ئادىتى ۋە خەلق ئەدبىياتى ئىلمىي تەشكىلاتلىرىدىن. يەنە فۇجيەندە شيامىن خەلق ئۆرپ-ئادىتى تەتقىقات ئۇيۇشمىسى، فۇجۇ خەلق ئۆرپ-ئادىتى تەتقىقات ئۇيۇشمىسى، گۇاڭدۇڭدا جېياڭ خەلق ئەدبىياتى تەتقىقات ئۇيۇشمىسى، جېجياڭدا يىنشەن ناھىيىلىك خەلق ئەدبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە خاڭجۇ خەلق ئۆرپ-ئادىتى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بەزىلىرى ژورنال چىقاردى، بەزىلىرى يەرلىك گېزىتلەردە خەلق ئۆرپ-ئادىتى توغرىلىق يېزىلغان ماقالا-ئەسەرلەرنى بېسىشقا قوشۇمچە بەت ئاجراتتى. ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە داغدۇغىسى گەرچە جۇڭشەن داشۆ خەلق ئۆرپ-ئادىتى تەتقىقات ئۇيۇشمىسىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن خەلق ئەدبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش جەھەتلەردە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

www.uyghurkitap.com

«4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن 1930 ـ يىلىغىچە بولغان بۇ ۋاقىتنى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتى باشلىنىشتىن زور تەرەققىي قىلىشقا ئۆتكەن دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى يىللارنى تەشەببۇس قىلىش ۋە باشلىنىش باسقۇچى دېسەك، ئۇنداقتا كېيىنكى يىللارنى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن مول ـ ھوسۇللۇق يىللار دېيىشكە بولىدۇ. ھەرقايسى ژورناللاردا پارچە ـ پۇرات ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنى قويۇپ تۇرايلى؛ پەقەت تەھرىر قىلىنىپ نەشردىن چىققان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تاللانمىسى ۋە تەتقىق قىلىنغان مەخسۇس ئەسەرلەرنىلا ئالساق، «ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ بالىلار قوشىقى توپلىمى»، «جياڭسۇ، جېجياڭ رايونلىرىدىكى شېئىرلار توپلىمى» (1 ـ قىسىم)، «ئەپسانىلەر تەتقىقاتى»، «جۇڭگو ئەپسانە تەتقىقاتى A، B، C»، «جۇيىڭتەي چۆچەكلەر توپلىمى»، «مىڭ جاڭ نۇي چۆچەكلەر توپلىمى»، «قوشاقلار نەزەرىيىسى توپلىمى» قاتارلىق بىرنەچچە يۈز خىل كىتاب ـ ژورنال نەشر قىلىنغان بولۇپ، نەتىجە ئىنتايىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى.

ئەلۋەتتە، ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت ئاستىدا، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ خىزمىتى مەلۇم چەكلىمە ـ دائىرە ئىچىدە ئىدى. بۇ تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا نىسبەتەن گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىسى، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يازغۇچىسى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىپ كېتەلمىگەن، ئۇلاردىن كۆپ قىسمىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى زىيالىلار قاتلىمىدىن ئىبارەت تار دائىرە ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالغان؛ ئىككىنچىسى، ئەينى ۋاقىتتا ماركسىزم ـ لېنىنىزم جۇڭگودا تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، تەتقىق قىلىشتا تېخى ماركسىزملىق مەيدان، كۆزقاراش ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ كېتەلمىگەن. ئۇلارنىڭ ئىلمىي چۈشەنچىسى ئاساسىي جەھەتتىن غەربىي ياۋروپانىڭ بۇرژۇئاچە ئېتنوگرا-

فىيە (ئۆرپ-ئادەتشۇناسلىق) ياكى بۇرژۇئاچە ئىنسانشۇناسلىق قارى-
شىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئەينى
ۋاقىتتىكى ئىلىم ئەھلىلىرى شۇغۇللانغان باشلىنىش خاراكتېرىگە
ئىگە بۇ خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتىگە ھەم شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قولغا
كەلتۈرگەن، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نەتىجىلىرىگە مۇۋاپىق
باھا بېرىش لازىم. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ فېئوداللىق كونا ئەدەبىيات-
سەنئەتنى، كونا ئىلىم-پەن كۆزقارىشىنى بىت-چىت قىلىپ تاشلاپ،
دېموكراتىك يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەت، يېڭى ئىلىم-پەن كۆز-
قارىشىنى تىكلەش جەھەتلەردە قوشقان تۆھپىلىرىنى تېخىمۇ يېتەرلىك
مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم.
ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى
تۈپەيلىدىن ئەسلىدە خېلى جانلانغان شەرقىي-جەنۇبىي دېڭىز
ئەتراپىدىكى خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنى توپلاش خىزمىتىدە جىمجىت-
لىق ۋە توختاپ قېلىش يۈز بەرگەن ئىدى. جياڭ جيېشى ھۆكۈمران-
لىقىدىكى رايونلاردا بېيجىڭ، تيەنجىن ۋە دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقان
چوڭ شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر كەڭ ئارقا سەپ ھېساپلانغان
يۈننەن، گۈيجۇ، سىچۈەن، شىكاڭ ئەتراپى رايونلىرىغا كۆچۈپ
كەلگەچكە، ئىلىم-پەن پائالىيەتلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىنتايىن
جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا بۇ رايونلاردىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، شۇنداقلا، ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ تىلىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى ۋە جەمىيەت ئەھۋاللىرىنى
تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىش-
كەن ئىدى. ئازات رايونلاردا، ھەرقايسى مەدەنىيەت ئورگانلىرى
خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۈرغۇن-
لىغان خەلق ناخشا قوشاقلىرىنى ۋە باشقا ئىنقىلاۋىي قوشاقلارنى
توپلاپ، شېپىگرافتا بېسىپ، تارقىتىپ، ئۇلارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئاممىنى تەربىيىلەشتە بۇ ئەسەرلەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇردى. بولۇپمۇ، 1942-يىلى يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن ئازات رايونلاردىكى خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى پۈتۈن پارتىيىنىڭ يەنىمۇ ئېتىۋار بېرىشىگە ئېرىشتى. توپلاش، رەتلەش خىزمىتىمۇ كەڭ كۆلەمدە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. يولداش خې چىفاڭنىڭ «توپلاشتىن يېزىشقىچە» دېگەن ماقالىسىنى ئاشۇ مەزگىلدىكى توپلاش-رەتلەش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىۋاستە پۇقرالارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ يىغىۋېلىش كېرەك. پۇقرالارنى ھۆرمەت قىلىشتەك بىر خىل پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك»، «ئۇستازلارنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىش كېرەك». خاتىرىلەش پىرىنسىپى بىلەن خاتىرىلەش ئۇسۇلى توغرىسىدا يولداش خې چىفاڭ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ئالدى بىلەن ئەينەن خاتىرىلەش كېرەك»، «ئوخشاش بىر قوشاق ياكى ئوخشاش بىر ھېكايىنى بىرنەچچە خىلىنى كۆپرەك توپلاپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش، پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىش لازىم». رەتلەش خىزمىتى جەھەتتە، ئۇ مۇنۇلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ: «خەلق ناخشىلىرىنى، سۆز-ئىبارىلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك، چىقىرىپ تاشلىماسلىق ۋە قوشماسلىق لازىم»، «خەلق چۆچەكلىرىگە كەلسەك، جاي بىلەن ئېيتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن ئۆزگىرىشى تېخىمۇ زور بولىدۇ. ھېكايىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە ساقلاپ قېلىش تەس، شۇنداقتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلى ۋەقەلىككە سادىق بولۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش لازىم. ئەگەر ئۆزىمىز ئۆزگەرتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يازىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بۇ ئەسەر ساپ خەلق ئەدەبىياتى ھىساپلانماستىن، بەلكى خەلق ئەدەبىياتىنى مەزمۇن قىلغان ئاساستا ئۆزىمىز يېزىپ چىققان ئەسەر بولۇپ قالىدۇ». يولداش خې چىفاڭ تەكىتلەپ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مەيلى خەلق ناخشىسىنى ياكى خەلق ھېكايىسى ۋە خەلق سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىشتا بولسۇن، ھەممىسىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئورنى ئىزاھلىنىشى كېرەك. ئادەتتە چۈشىنىش تەس بولغان يەرلىك تىللار، شەيئىلەر، شۇنداقلا، بۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكلەرگىمۇ ئەڭ ياخشىسى ئىزاھات بېرىپ، باشقىلارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشى ياكى تەتقىق قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك»⑤. يۇقۇرقى سۆزلەردە توپلاپ رەتلىگۈچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك توغرا پوزىتسىيە كۆرسىتىلىپ، خاتىرىلەش، رەتلەشنىڭ ئىلمىي پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىمىزدىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خې چىفاڭ بىلەن جاڭ سۇگېرۇ بىرلىشىپ تۈزگەن «شەنبى خەلق ناخشىلىرىدىن تاللانما»، لى جى تۈزگەن «شۈن تيەنيۇ»، مياۋپىشى تۈزگەن «قوشاقلار توپلىمى»، خې جياگىلو سەنئەت ئۆمىكى تۈزگەن «خەلق چۆچەكلىرى»، شۇنداقلا ما فېڭ، شۈۋى قاتارلىق يولداشلار توپلاپ نەشر قىلدۇرغان «خەلق قوشاقلىرى توپلاملىرى» قاتارلىقلار شۇ ۋاقىتتىكى توپلاش، رەتلەش جەھەتتە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلەردۇر.

يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى، دۆلىتىمىز خەلق ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور راۋاجلىنىشىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى.

1950 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، زور كۈچ بىلەن خەلق ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى توپلاشقا كىرىشتى. «خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى مەجمۇئەسى»نى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەشر قىلىپ، جەمئىي 3 سان چىقاردى. 1955-يىلىغا كەلگەندە يەنە «خەلق ئەدەبىياتى» ژورنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. شائخەيدىمۇ 1957-يىلىدىن باشلاپ «خەلق ئەدەبىياتى توپلىمى» ژورنىلى چىقىرىلدى. (جەمئىي 10 سان).

بۇ مەخسۇس ژورناللار خەلق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئۆزىگە ئاساسىي ۋەزىپە قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا توپلاش-رەتلەش خىزمىتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. 50-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، بەزى ئالىي مەكتەپلەرگە «خەلق ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرى» (كېيىن «خەلق ئەدەبىياتى»غا ئۆزگەرتىلدى) دەرسلىكى كىرگۈزۈلدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشنى مەملىكەتتىكى ھەرقايسى داشۆلەردىكى جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات پاكۇلتېتلىرىغا مۇھىم دەرسلىك قىلىپ كىرگۈزۈش، مەملىكىتىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىش بولۇپ، بۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى جۇڭگودا بولۇشقا تېگىشلىك ئورنىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنقى 17 يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىزدىكى خەلق ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرى ھەرقايسى مىللەت خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە توپلاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

1958-يىلى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەملىكەت بويىچە يېڭى بىر توپلاش ھەركىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭ، داغدۇغىسى زىر بولۇپ، مەملىكىتىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ھەركەت بولدى. شۇ يىلى ئېچىلغان تۈنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا «ئومۇمىي يۈزلۈك توپلاش، نۇقتىلىق رەتلەش،

زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش»نى ئىبارەت خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرىنىڭ خىزمەت فاگجىنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «خەلق گېزىتى» مۇ «مەملىكەت بويىچە خەلق قوشاقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلايلى» سەرلەۋھىلىك باش ماقالا ئېلان قىلدى. ھەرقايسى پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش ھەركىتى جۇشقۇنلۇق قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇزۇنغا يەتمىگەن ۋاقىتتىلا زور مىقداردىكى يېڭى ۋە ئەنئەنىۋى خەلق قوشاقلىرى توپلاندى. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ داستان ۋە خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاش جەھەتتىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 17 يىل ئىچىدە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن يۇقۇرى دەرىجىلىك نەشرىياتلارنىڭ ئاشكارا تارقاتقان ھەرقايسى مىللەتلەر خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى — مەخسۇس توپلاملىرى 2400 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يۈننەن، گۈيجۇ، چىڭخەي، گۇاڭشى، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئۆلكە ۋە رايونلار ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىنى توپلاپ نەشر قىلدۇردى. بۇ زور نەتىجىلەر — 17 يىللىق خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىنىڭ زور نەتىجىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

ئەلۋەتتە، بىز 1958-يىلقى خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنى توپلاش ھەركىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى كۆرۈش بىلەن بىرگە يەنە مەلۇم كەمچىلىك ۋە مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشمىز كېرەك. مەسىلەن، «ھەممە كىشى شېئىر يېزىش»، «ھەممە كىشى ناخشا ئېيتىش» قاتارلىق خاتا شوئارلار ئىشچى-دېھقان ئاممىسىنى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ، «ئەدەبىيات-سەنئەت سۇنئى ھەمراسى» قويۇپ بېرىش ۋە كىشلەرنى چېچىلاڭغۇ ھالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شېئىر يېزىشقا قوزغاش، يالغۇز سانىلا قوغلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر يۈز بەردى. بۇ خىل ئۇسۇللار مۇقەررەر ھالدا ساختىپەزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي خىزمەتلەردىكى مەلۇم خاتا كۆزقاراشلار كېيىنكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، 17 يىل ئىچىدە خىزمەتتىكى يېتەرسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلار كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە نىسبەتەن بەزى پىرىنسىپاللىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھالبۇكى، ئوخشاش بولمىغان دەۋردە، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردىكى كىشىلەرنىڭ پىرىنسىپلارغا بولغان چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن قەدەم بىرلىككە كەلمىدى، خىزمەتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىنمىدى. توپلاش - رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشقان يولداشلارنىڭ بىر قىسمى كەسپىي خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى بولسىمۇ، خېلى كۆپ ساندىكىلىرى ئىلىم ئەھلى، يازغۇچى، تەھرىر، ئادەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى، ئالىي، كەسپىي تېخنىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى، ناھىيلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرلىرى، ھەمدە ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلاردىن تەركىب تاپقان. مەيلى كەسپىي خادىم بولسۇن، ياكى ئىشتىن سىرتقى خادىملار بولسۇن، ئۇلارنىڭ يا ئىلىم - پەن چۈشەنچىسىنىڭ ئوخشىماسلىغى، يا خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاشتىكى مەقسىدىنىڭ ئوخشىماسلىغى ۋە ياكى توپلاش، رەتلەشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى جەھەتتىكى يېتەكچىلىك ۋە مەشقىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، نىمىنىڭ توپلاش، رەتلەش ئىكەنلىكىنى، قانداق توپلاش، رەتلەش لازىملىغى ھەققىدىكى تونۇش بىردەك بولمىدى، ھەتتا تامامەن بىردەك بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتلىرىمىزدە ئىزچىل تۈردە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان «توپلاش - رەتلەش خىزمىتىنىڭ نىزامى» دىگەنگە

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش ھۆججەتلەر تۈزۈلمىدى. كونكرىتنى خىزمەتلەرنىڭ ئەھمىيىتى، پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە نەتىجە بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ مىساللىرى كۆرسىتىلىپ ئىبرەت قىلىنمىدى. شۇڭا ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى شەخسلەرنىڭ بۇ خىزمەتتىكى ئۇسۇللىرى، ئەمەلىيەتتە، ئانچە ئوخشاش بولۇپ كەتمىدى. بۇ ھال بىزنىڭ توپلاش-رەتلەش خىزمىتىمىزدە مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنى، بەزىدە بۇ خىزمەت خېلى ياخشى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، بەزىدە مەلۇم ئېغىش ۋە مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. بۇ ئېغىشلار ۋە مەسىلىلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

1. مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىغا نىسبەتەن تارىخىي پوزىتسىيە كەمچىل بولۇپ، ياخشى ياكى بىرقەدەر ياخشى نۇرغۇن ئەسەرلەر شاكال قاتارىغا چىقىرىۋېتىلدى.

2. قەدىمقىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپى تارلاشتۇرۇلۇپ ۋە ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ھازىرقى سىياسەت، ئەخلاق ئۆلچەملىرى بويىچە ئۆزگەرتىۋېتىلدى.

3. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ خىل رولىغا سەل قاراپ، ئۇ «ھە» دەپ «ئەدەبىيلەشتۈرۈش» (بۇ خەلق ئەدەبىياتىغا ئادەتتىكى ئەدەبىياتشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ تەلىۋىنى قويۇش ئارقىلىق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇنى پەدەزلەشكە قارىتىلغان سۆز)، شۇنىڭ بىلەن ئېغىر ھالدا ئەينەنلىكنى يوقىتىپ قويۇش خاھىشى كېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىلەر — تۈزىتىشكە تېگىشلىك كەمچىلىك، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ساۋاق دەپ قارىلىشى، شۇنداقلا، توپلاش-رەتلەش خىزمىتىنىڭ پرىنسىپ، ئۇسۇللىرىنى شەرھىلىگەندە، مۇۋاپىق كۆرۈلگەن نۇقتىلار كۆرسىتىپ ئۆتۈلۈشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈم ئومۇمى يۈزلۈك

## توپلاش مەسىلىسى

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش يالغۇز ئۇسۇل مەسىلىسىلا ئەمەس. ئۇ ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەمگەكچى خەلققە، شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان مەيدانى ھەم پوزىتسىيەسىنى سىنايدىغان خىزمەت. بىزدە ئەمگەكچى خەلقنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى ھۆرمەت قىلىش، ئاساسى قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىا بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ئىستىلى بولۇش، ھەر دائىم باشقىلاردىن مەسلىھەت سوراپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى بولۇش، ھەممە قىيىنچىلىقلاردىن قورقماسلىق روھى بولۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن توپلاش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرغىلى ھەم نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. بىز پاراڭلىشىش، كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ھەم «ناخشا ئارقىلىق ناخشا، ھېكايە ئارقىلىق ھېكايە تارتىش» قاتارلىق توپلاش ئۇسۇللىرىنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئىمكان قەدەر «غەلىتە نەرسىلەرنى ئىزلەش» ياكى «سوراقچىلىق» قاتارلىق مۇۋاپىق بولمىغان پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇللاردىن ساقلىنىشىمىز لازىم. ئەمگەكچى خەلق بىلەن تاماقتا، ياتاقتا، ئەمگەكتە، تۇرمۇشتا ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇش — توپلاش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشتا ئىنتايىن پايدىلىق.

ئومۇمى يۈزلۈك توپلاش دائىرىسى دېگىنىمىز، مەلۇم مىللەتنىڭ، مەلۇم رايوننىڭ خىلمۇ-خىل شەكىلدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىمكان قەدەر قالدۇرماي تولۇق توپلاش؛ بىر ئانا تىلدىن يارىلىپ، باشقا مىللەت تىل-يېزىقىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنى ئىمكان قەدەر تولۇق توپلاش؛ ئەسلىدە چوڭراق ئەسەر بولۇپ، ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ يەر-بۇ يېرى يوقاپ كەتكەن، ئەمما خەلق ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ئەسەرلەرنىمۇ ئىمكان قەدەر تولۇقلاپ توپلاش؛ ئېغىزدا ئېيتىلىپ يۈرگەنلەرنى توپلاش، يازما شەكىلدە خاتىرىلەنگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى ئارگىنالىنىمۇ توپلاش، ئەنئەنى-لەرنىمۇ، ئازاتلىقتىن بۇيانقى يېڭى ئىجات بولغانلىرىنىمۇ توپلاش؛ ئىجابىيلىرىنىمۇ، سەلبىيلىرىنىمۇ، مەدھىيىلەيدىغانلارنىمۇ، پاش قىلىدى-غانلارنىمۇ توپلاش لازىم.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقۇرى تەبىقىنىڭكىنىمۇ، تۆۋەن تەبىقىنىڭكى-نىمۇ، قەدىمقىنىمۇ، ھازىرقىنىمۇ، مېغىزىنىمۇ، شاكىلىنىمۇ ئىمكان قەدەر تولۇقراق، مولراق توپلاش لازىم.

مۇنداق قىلىشنىڭ ئىككى تۈرلۈك پايدىسى بار: بىرىنچىدىن، ياخشى ئەسەرلەرنى رەتلەپ، ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن نىسبەتەن مۇكەممەلرەك بولغان بىرىنچى قول ماتىرىيالنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، دەيزۇ خەلق داستانى «ئىبىك ۋە ساگىلو»نى توپلاش خىزمىتى خېلى ئوبدان بولغان. 1958-يىلى 9-ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى كۇنمىڭ شۆبىسى بىلەن يۈننەن داشۆ تىل-ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى بىرلىكتە مىللى خەلق ئەدەبىياتى بويىچە دىڭخۇڭنى تەكشۈرۈش ئەترىدى تەشكىللەپ، دىڭخۇڭ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ دەيزۇ مىللىتى كۆپ ئولتۇراقلاشقان لوشى، دۇيلى، يۈنجياڭدىن ئىبارەت 3 ناھىيىسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كەڭ دەيزۇ خەلقى بىلەن تۇرمۇشتا بىللە بولغان. يېرىم يىلدىن كۆپرەك تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش ۋە توپلاش ئارقىلىق «ئىبىك

ۋە ساڭلو»نىڭ خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن 9 پارچە ئەسلى نۇسخىسىنى تېپىپ خاتىرىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئېبىك ۋە ساڭلو»غا دائىر نۇرغۇن رىۋايەت، ھېكايە ۋە باشقا پارچە-پۇرات ماتېرىياللار توپلانغان. بۇ ئەسلى ماتېرىياللار ئىچىدە، بەزىلىرىنىڭ مەيلى مەزمۇنى ياكى بەدىئىيلىكى بولسۇن خېلى يۇقىرى، بەزىلىرىدە بولسا، دىنىي تۈس ۋە تەقدىرچىلىك خېلى دەرىجىدە قويۇق. يەنى، ئاساسى خېلى ياخشى بولغان «بىرىنچى نومۇرلۇق ماتېرىيال» باشلىنىش بىلەنلا 300 قۇر ئۇزۇنلۇقتىكى ئابزاستا، شاتىنىڭ پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇلغان، ئۇنىڭ بۇتقا قانداق تالاۋەت قىلىدىغانلىقى، يول ياساپ، كۆۋرۈك قۇرۇپ، بۇتنى تەسىرلەندۈرگەنلىكى ۋە شۇ سەۋەپتىن بۇت ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل — ساڭلونى بەرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار باشقا ئەسلى نۇسخىلاردىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ مەسىلىگە قانداق قاراش كېرەك؟ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى «ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا سادىق بولغان. تەتقىقاتقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، خاتىرىلىگەندە ئەسەرنىڭ ئەسلى قىياپىتى ساقلاپ قېلىنغان، دىندار ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشى بىلەن قويۇق دىنىي تۈس ئالغان بۆلەكلەرگىمۇ ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىگەن ياكى ئۇ ئېلىپ تاشلانمىغان».

مانا بۇ بىر خىل ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇپ، ئەتراپلىق توپلاش تەلىۋىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنداق خاتىرىلەنگەن ھەرقانداق قەدىمىي ماتېرىيال يالغۇز پەن-تەتقىقاتى ئۈچۈنلا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالماي، بەلكى داستاننى رەتلەشنىڭمۇ ئاساسى بولىدۇ.

مەلۇم مىللەتنىڭ، مەلۇم رايوننىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى ھەقىقىي يوسۇندا تولۇق توپلاش ئۈچۈن، شۇ يەرلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى قول سېلىپ ئىشلىشى، پىلانلىشى، ئورۇنلاشتۇرۇشى، تەشكىللىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى لازىم. ئەڭ ياخشىسى، خەلق ئەدەبىياتى، مۇزىكا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر خادىملىرى قاتناشقان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىيات-سەنئەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى قۇرغان ياخشى. ئەگەر شەرت-شارائىت يار بەرسە، بۇ قوشۇنغا مىللىي ئۆرپ-ئادەت، مىللەت، تارىخ، تىل، ئىقتىسات، ئارخېئولوگىيە تەرەپتىكى كەسپىي خادىملارنىمۇ قاتناشتۇرۇپ، بىراقلا بىر رايون ياكى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى بىر قېتىم تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، كىچىك تىپتىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى ئاز، ھەرىكەت قىلىشى قولاي بولغىنى ئۈچۈن، ئەگەر ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن پىلان ئەتراپلىق، پۇختا تۈزۈلۈپ، ۋەزىپە ئېنىق بولىدىغان بولسا، مەلۇم دائىرىدىكى مەلۇم ئەسەرنى تەكشۈرۈش ئىشىدىمۇ يۇقۇرىقىغا ئوخشاش تولۇق توپلاش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىي خىزمەتتە، كىچىك تىپتىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ياكى شەخسنىڭ تەكشۈرۈش ھەرىكىتى ھامان كۆپ سانىنى ئىگەللەيدۇ. لېكىن، بۇرۇن بەزى رايونلاردا يۈز بەرگەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەشمەي، ھەركىم ئۆزىگە ئېھتىياجلىق تەرەپلىرىنىلا توپلايدىغان، خۇددى پەنەرگە ئوخشاش لىپ يۇرۇپ، لىپ ئۆچۈپ كېتىدىغان تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى يالغۇز خىزمەتنى ئەگرى يولغا باشلاپ، كۈچ ئىسراپچىلىقىنى تۇغدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاممىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىشىمىز لازىم.

مەسىلەن: بەزى ئورگانلار «گۈللۈك ناغرا» ئويۇننى قېزىش ۋە ئۇنىڭ مۇزىكا-ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدىن بىر پىشقەدەم خەلق سەنئەتچىسىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇرغۇزۇپ، كۈن بويى مۇزىكا ئاھاڭى ۋە ئۇسۇل-قەدەملىرىگىچە خاتىرىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن «گۈللۈك ناغرا» ئويۇنىدىكى سەھنە سۆزلىرىگە ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىزمۇ سەھنە سۆزى خاتىرىلەنمىگەن. روشەنكى، بۇنداق يەككە جەڭ ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق ئەمەس. پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ بۇ خىلدىكى بىر تۇتاش پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەندەك بولمىغۇر توپلاش خىزمىتىگە تەبىئى پىكرى چىقىدۇ. دەۋر ۋە سىنىپنىڭ چەكلىشى، ھەر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتلىرىنىڭمۇ مەدەنى مىراسلارغا ئوخشاش ئارتۇقچىلىقى ھەم يېتەرسىز تەرەپلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭدا دېموكراتىك مېغىزلارمۇ، فېئوداللىق شاكاللارمۇ بار. شۇڭا، پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى بىر تەرەپلىمە، خاتا. مېغىزى بىلەن شاكىلىنى پەرق ئېتىش خىزمىتى بىز خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاپ رەتلىگۈچىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە مۇھىم. ئەمما ئۇ، تولۇق توپلاش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىش. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەستايىدىل رەتلەش باسقۇچىغا ئۆتكەندە، ئاندىن تازا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. توپلاش، خاتىرىلەش جەريانىدا، ھەدېسىلا «شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇش توغرا ئەمەس. ئۇ، تولۇق توپلاش پىرىنسىپىغا خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل ئاددىيلاشتۇرۇش ئىدىيەسىنىڭ ئىنكاسى. بۇ ھال خىزمىتىمىزنى كېچىكتۈرۈشى ھەم ئۇنىڭغا ئورغۇن زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

مەسىلەن، مەملىكىتىمىز ئۇزۇن يىل فېئوداللىزىم جەمئىيىتىدە، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك، ئائىلە مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى ۋە باشقا فېئوداللىق ئەدەپ-قائىدە ھەم قانۇنىي ئاسارەتلەر ئىلكىدە تۇرغانلىقتىن، ئەمگەكچىلەر ئائىلىسىمۇ ھەمىشە شۇ خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى ۋە فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ ئېغىر تەسىرى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر زەھەرىگە ئۇچرىغان. شۇڭا، خەلق چۆچەكلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىدا كۆرۈلگەن قېيىنانا بىلەن كېلىن كېلىشەلمەيدىغان، ئېپى-يەڭگە پېتىشمايدىغان، ئۇرۇق-تۇققان قېرىنداشلار مىراس تالىشىدىغان، ئەر-خوتۇن ئارازلىشىپ ماي تارتىشىدىغان خىلمۇ-خىل ئائىلە تىراگېدىيىلىرىنى پۈتۈنلەي تارىخىي ماتېرىيالىزىم كۆز قارىشى بويىچە ئانالىز قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش لازىم. بۇ ماتېرىياللار فېئودالىزىم جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدۇ. بۇنى توپلاش، خاتىرىلەش لازىم. لېكىن بەزى يولداشلار، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى دىخانلار بىلەن پومېشچىكلارنىڭ كۈرىشى ئىپادىلەنمىگەن، رىيال تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يېتەرسىز دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شاكال قاتارىغا چىقىرىۋېتىپ توپلىمايدۇ، خاتى-رىلىمەيدۇ. بۇنداق تونۇش يالغۇز مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەربىيىۋى رولىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى ماركسىزىمنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ قويىدۇ ۋە چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك توپلاش خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرىنىڭ «دالا مەشغۇلاتى» بولۇپ، بۇ بىر خىل ئەڭ مۇھىم ئاساسىي خىزمەت. بۇ خىزمەتنىڭ ئىلمىيلىكىنى كۈچەيتىپ، سۇبيېكتىپچىلىق بىلەن ئۆز مەيلىچىلىكنى يېڭىش ئۈچۈن، توپلاپ-رەتلەش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەر بىر كەسپىي خادىم تارىخىي ماتېرىيالىزىم پرىنسىپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشتىن سىرت، ئەقەللىي كەسپىي بىلىم بىلەن باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پەننىي بىلىم-لەرگىمۇ ئىگە بولۇشى لازىم.

خەلق ئەدەبىياتى كەسپىي بىلىمى ئەڭ ئاز دېگەندە تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تىدىكى خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى بىلىملەر (ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، قوشاق، داستان، ماقال، تەمسىل، تېپىشماق ۋە خەلق ئويۇنلىرى قاتارلىق كونكرېت ئەسەرلەر توغرىسىدىكى بىلىملەر)؛ يەنە بىرى، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ چەك-دائىرىسى، خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر ھەم توپلاش، رەتلەش، خاتىرىلەش، تەتقىق قىلىشقا دائىر تارىخىي بىلىملەر. نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئادەتتىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىدىن باشقا، يەنە ھەر خىل ژانىرلار توغرىسىدىكى مەخسۇس نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى، مەسىلەن، ئەپسانە، خەلق چۆچىكى ياكى باللار چۆچىكى ياكى قوشاق قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقۇرقى بىلىملەرنى ئىگەللىگەندە، توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە چوڭ ياردىمى تېگىدۇ. ھېچبولمىغاندا، خەلق ئەدەبىياتىنى «ئەدەبىياتلاشتۇرۇش» ياكى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىۋېتىشتەك خاھىشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

خەلق ئەدەبىياتى بىر خىل سەنئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجادكارى — كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا زىچ باغلانغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن تارىخ، جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ھالقا ۋە ھەر تۈرلۈك قاراشلارغا گاھ يېقىن، گاھ يىراق ھالدا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىق دائىرىسى ۋە خاراكتېرى بىر مۇنچە تارىخ، ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن زىچ باغلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى ئەسەر توپلىغاندا، نەزەر دائىرىسى كەڭرەك بولۇشى، ھەرگىز ئەسەرنىڭ ئۆزىنى تېپىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، يەنە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشى لازىم. بۇ نۇقتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بىز خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغۇچىلاردىن بىلىم دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىمىز. بىزنىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىمكان قەدەر قەدىمقى مەدەنىيەت تارىخى، مەدەنىيەت، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، مىللىي ئىرادە، ئېتنوگرافىيە ۋە خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، تىلى، تارىخى قاتارلىق ئىجتىمائى پەن ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ، مەلۇم ئېغىز ئەدەبىياتى بەرپا بولغان دەۋرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى، «غەيرى» ھادىسە مەيدانغا چىققان ئاساسىنى، مەلۇم يەرلىك تىل ۋە باشقىچە ئىشلىتىلگەن گەپ-سۆزلەرنىڭ توغرا مەنىسىنى، ھەمدە مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادەت، سەنئەت ئۇسلۇبىنى توغرا چۈشىنىپ يېتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رولى بار. بەلگىلىك كەسپىي بىلىم ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائى بىلىملەر بىلەن قوراللانغاندىلا، ئاندىن خەلق ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن تونۇشىمىز ئۆسىدۇ، شۇنداقلا توپلىغان ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئىلمىيلىكى كۈچىيىدۇ.

تولۇق توپلاشنى تەكىتلىگەنلىكىمىز ھەرگىز كۈچنى تەڭ تەقسىم قىلىش ياكى مۇھىم نۇقتىنى ھساپقا ئالماسلىق دېگەنلىك ئەمەس. كونكرېت خىزمەتتە چوقۇم پىلانلىق بولۇشنى كۈچەيتىپ، توپلاش خىزمىتىنىڭ جىددىيلىك ھەم مۇھىملىق دەرىجىسىنى ئايرىۋېلىشىمىز كېرەك.

جىددىي ۋە مۇھىم ۋەزىپە دېگەن نېمە؟ مىسال قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنتايىن ئاز، كەمدىن-كەم ئېيتىپ يۈرگەن، لېكىن بىر قىسىم پېشقەدەم سەنئەتكارلارنىڭ ئېدىيىسىدە ساقلىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئەسەرلەرنى دەرھال قۇتقۇزۇش لازىم. مەسىلەن، زاڭزۇلارنىڭ تارىخىي داستانى «گېسار»، قىرغىزلارنىڭ داستانى «ماناس»لارنى رەتلەپ خاتىرىلەش ئەلۋەتتە مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپە. ئۇندىن باشقا، ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى مەلۇم يىپ ئۇچى ئىگەللەنگەنلەردىن قىممىتى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئەسەرلەر، مەسىلەن، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن سەپەردىكى ئىش ئىزلىرىغا دائىر ھېكايىلەر، ھەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قايسى جايلاردا ئېقىپ يۈرگەن دېخانلار قوزغىلىڭىغا دائىر رىۋايەتلەر، يەرلىك ئىقلىم يادىكارلىقلىرى ۋە نەپىس سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن جايلاردا ياشىغۇچى يولداشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن توپلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ئەسەرلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز مەلۇم يېزا-قىشلاقلارغا بارغىنىمىزدا، بىرەر-ئىككى داڭدار ناخشىچى ياكى ھاپىزلارنى سېزىۋالىمىز، شۇ چاغدا ئۇلار سۆزلىگەن ۋە ئېيتقان ھېكايە، قوشاقلارنى خاتىرىلەپ، ئۇنى خىزمىتىمىزنىڭ نىسپىي مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىشاق بولىدۇ. مانا شۇلاردىن باشلاپ قېزىپ چىققىنىمىزدا، چەكسىز خەلق ئىچىدىن سوراپ تاپقانلىرىمىزغا نىسبەتەن نەتىجە جەزمەن چوڭ ۋە كۆپ بولىدۇ.

قىسقىسى، قايسىسىنىڭ جىددى ۋە مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى شۇ يەر، شۇ ۋاقىت، شۇ ۋەزىپىگە قاراپ جانلىق ئىگەللىسەك بولىدۇ. ئەگەر سەپ بويىچە ئىگەللىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن توپلاش، رەتلەش پىلانىنى تۈزۈپ ئىش باشلىساق، بۇ ئەلۋەتتە ئاسان بولىدۇ، ئىشلار ئاسان يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئەينەن خاتىرىلەش

ئەينەن خاتىرىلەش خەلق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى توپلاشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم پرىنسىپلارنىڭ بىرى. بۇ پرىنسىپ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە (ئۇنىڭ كوللېكتىپلىقى، ئاغزاكىلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى، تارقىلىشچانلىقى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ھەممىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك قىممىتىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويۇلغان. مەيلى پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولسۇن، مەيلى ئەسەرلەرنى رەتلەپ تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا ئىشەنچلىك بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئاساسلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلى نۇسخىسىنى ئەينەن خاتىرىلەش، ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭمۇ دەسلەپكى مەشغۇلاتى، شۇنداقلا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى كېڭەيتىشنىڭ تۈپ دەلىلى بولۇپ، ئۇ بارلىق خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى.

خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا، قۇلاقتىن قۇلاققا تارقىلىپ يۈرىدىغان سەنئەت. ئەمگەكچى خەلق ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەدەنىيەتتىن مەھرۇم بولغاچقا، ئۇ پەقەت ئېغىز ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، ئەستە تۇتۇش ئارقىلىق ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى مەلۇم دەرىجىدە ئىشەنچلىك. بەزى يولداشلار خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغاندا، سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ تارتىنماي، قورۇنماي ئاخىرىغىچە سۆزلەپ بېرىشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن سۆزلىنىۋاتقان مەيداندا خاتىرىلىمەي، ئۆز ئورنىغا قايتقاندىن كېيىن خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلمۇ مەلۇم جەھەتتىن خېلى مۇۋاپىق. بەزى ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، مەسىلەن، يولدا كېتىۋېتىپ ياكى بىرگە ئەمگەك قىلىۋېتىپ سۆزلەپ بەرگەنلەرنى پەقەت ئىشتىن كېيىن مەلۇم بىر ئورۇنغا بېرىپ ئاندىن خاتىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق بىز شۇنىمۇ چۈشەنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇكى، ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى چەكلىك* بولىدۇ، چوڭراق خەلق داستانلىرىغا دۇچ كەلگەندە ياكى ئۇزۇنراق خەلق قوشىقى ۋە ياكى بىر بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن قىزىق ھېكايىلەرنى ئاڭلىغاندا دەرھال خاتىرىلەشكە تۇتۇنماي، پەقەت

www.uyghurkitap.com

ئەستە تۇتۇۋېلىشقا تايانغاندا، تولۇق تۇتۇۋالالماي، خاتالىق سادىر قىلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئەسەرنىڭ تۈرى، ھەجىمىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ ئاددىي-مۇرەككەپلىكى، سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ۋە بايان قىلغۇچىنىڭ بايان قىلىش، سۆزلەش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى — كىشىنىڭ ئەستە قالدۇرۇۋېلىشىغا ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە ھالدا تەسىر قىلىدۇ. بىز خەلق ئەدەبىياتىنى خاتىرىلەشتە ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ھەقىقىي، ئەينەن خاتىرىلەش ئۈچۈن، «ئۈن ئالغۇ» بولمىغان شارائىتتا، يۈز تۇرانە ئولتۇرۇپ، سۆزمۇ-سۆز، گەپمۇ-گەپ خاتىرىلىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. يۈز تۇرانە خاتىرىلىۋېلىش بىر قىسىم سۆزلەپ بەرگۈچى يولداشلارغا ئەدىيە جەھەتتىن يۈك، روھىي جەھەتتىن جىددىيلىك تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزلەش، ئېيتىش كەيپىياتىغا ھەم ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. شۇڭا خاتىرىلىگۈچى ئالدى بىلەن شۇ كىشىگە ياخشى چۈشەندۈرۈشى، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان سىردىشىپ دوستلۇق ئورنىتىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. ئەگەر ئۈن ئالغۇ بولسا ئۇ ئىشلار ئاسانلا ھەل بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۈن ئالغۇ خاتىرىلىگۈچىنىڭ ئىشىنى كۆپ يېنىكلەشتۈردى دېگەندىمۇ، ئۇ ھېچقاچان يازما خاتىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدۇ. ھازىر كۆپ يولداشلار ئۈن ئالغۇنى ئاساس، يېزىپ قالدۇرۇشنى قوشۇمچە قىلماقتا. بۇ ئۇسۇل نۆۋەتتە، ھەقىقەتەن ئېقىۋاتقان پايدىلىق ئۇسۇل. ئەينەن خاتىرىلەشتە، نېمىنى ئەينەن خاتىرىلەش لازىم؟ بۇنىڭ جاۋابى: ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا، شۇنداقلا ئەسلى نۇسخىسىنىڭ بەدىئىي شەكلىگە سەممىي بولۇش، لېكىن بۇ ئىككى نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئاچقۇچى يەنىلا سۆزلەپ، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ تىلى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەسلى سۆزلەپ بەرگىنى بويىچىلا خاتىرىلەنگەن بولسا تولۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان بولىدۇ. ئەگەر كونا تىلدا سۆزلەنگەن بولسا، خەلق ئەدەبىياتىنى
توپلىغۇچى بىر خادىم توپلىماقچى بولغان ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك
يەرلىك خەلق تىلىنى ئۆگىنىشكە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشى ۋە شۇ
رايوندىكى يەرلىك شىۋىلەرنى ئوبدان ئۇقىدىغان بولۇشى لازىم.
بەزى رايونلاردىكى ئېغىز ئەدەبىياتىدا شۇ يەرلىك ئاممىنىڭ تىلى
ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىلى
مەنا جەھەتتىلا ئۆزگىچە بولۇپ قالماي، بەلكى شۇ تىل بىلەن ئىپادە
قىلىنغان قىياپەتلەرمۇ ئۆزىگە خاس بولىدۇ. ئۇنىڭ توپ-توز، ئوچۇق،
ئاددى تەرەپلىرى بىلەن بىرگە، يوشۇرۇن مەنىلىك، كۆپتۈرۈلگەن،
ئىككى بىسلىق، دارىتما تەرەپلىرىمۇ بولىدۇ. كېيىنكى تەرىپى بەزى
چاغلاردا، تازا مۇرەككەپ، سىرلىق بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇ ئالاھىدىلىككە
ئوبدان دىققەت قىلماي، ئادەتتىكى گەپ مەنىسىدە قاراپ، خالىغانچە
ئۆزگەرتسەك، ئۇ چاغدا بەزى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ جازىبىلىك تەرەپ-
لىرىنى بۇزۇپ قويىمىز. خاتىرىلىگۈچىگە يەرلىك تىل-شىۋە قىيىن-
چىلىقىدىن باشقا يەنە بىر مۇشكۈللۈك-خاتىرىلەش سۈرئىتىنى
سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ سۆزلەش سۈرئىتىگە يەتكۈزەلمەسلىك. بۇ قىيىن-
چىلىقنى مەلۇم ۋاقىت چىنىقىش ئارقىلىق كۆپ يولداشلار يېڭىپ
كېتەلەيدۇ. تەكىتلەشكە تېگىشلىكى، مۇشۇ ئىشقا كىرىشكەن بىر خاتى-
رىلىگۈچى سۆزلەپ، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ ئاغزىدىن چىققانلارنى
ئەستايىدىل، تولۇق، توغرا، ئەينەن ھالدا خاتىرىلەش لازىم،
«مۇھىملىرىنىلا خاتىرىلەش» توغرا ئەمەس، چۈنكى، پەقەت ھىكايە-
نىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى ياكى شۇنىڭغا يېقىن شەكىلدە خاتىرىلەپ
قويساق، كېيىن رەتلەش جەريانىدا تەبىئى ھالدا ئۆزىمىزگە قىيىنچى-
لىق تۇغۇلىدۇ.

قانداق قىلساق ئەينەن خاتىرىلەشتە چىڭ تۇرالايمىز؟ بىز خاتى-
رىلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ تۆۋەن تەلەپ، سۆزلەپ ئېي-

تىپ بەرگۈچىنىڭ ئىپتىقانلىرىنى قالدۇرماي، ئەينەن خاتىرىلەش، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق «قوشۇمچە»سىنى قوشماسلىق، ھەم سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ ئىپتىقانلىرىنىڭ گەپ جۈملىسىنى، مەزمۇنىنى زادىلا ئېلىپ تاشلىماسلىق. ئەگەر تەلەپنى يەنە بىرقەدەر ئۈستۈن قويىدىغان بولساق، يالغۇز بىر ئادەمنىڭ سۆزلىگەن ھېكايە، ئىپتىقان ناخشىلىرىنى خاتىرىلەپلا قالماي، شۇ ھېكايە، شۇ ناخشىنى باشقا كىشىلەرمۇ ئېيتالىسا ئۇنىمۇ خاتىرىلەش، بەلكى ئىمكان قەدەر داڭلىق ھېكايىچى، ناخشىچىنى تاللاپ ئۇلارغا ئوبدان سۆزلەپ بېرىش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق سۆزلىگۈچىلەر ۋە ئېيتقۇچىلارنى خوشال-خورام ھالدا قىلچە تارتىنماي سۆزلەش، ئېيتىش ماھارىتىنى تولۇق كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ھەمدە ئۇلارغا بىر خىل ھېكايە ياكى ئۇزۇن داستان-قوشاقلارنى كۆپ قېتىم ئېيتقۇزغاندىن كېيىن تولۇق خاتىرىلەش لازىم. ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق خاتىرىلەنگەن ئەسەرنىڭ دەسلەپكىلىرىگە قارىغاندا، تەبىئىي ھالدا سۈپىتى يۇقۇرى بولىدۇ، ھەم بۇنداق ھېكايە ياكى قوشاق سەممى، ئەينەن خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاپ رەتلىگۈچى خادىملار ئىمكان قەدەر كېيىنكى توپلاش ئۇسۇلىنى قوللانغىنى ياخشى. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى بىر كىشى تەرىپىدىن بىر قېتىم سۆزلەنگەن خەلق ئەدەبىياتىغا سادىق بولۇش يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىمىزگە ھەرگىز زىت ئەمەس. ئالدىنقىسى ئاساس، كېيىنكىسى نىشان بولۇپ، بىز ھەر ئىككىسىگە ئېھتىياجلىق. ئەگەر بىز قايتا-قايتا، ئەينەن خاتىرىلىمەيدىكەنمىز، سەممى بولۇش دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. بىز ھېكايىگە نىسبەتەن ئەينەن بولۇشنى تەكىتلىمەي، پەقەت بىر قېتىملىق خاتىرىلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالساق، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇھىم مەزمۇنى چۈشۈپ قېلىپ، خاتالىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، ھېكايىنىڭ بىر قېتىمقى

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېيتىلىشى شۇ ھېكايىنى ئېيتقۇچىنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى، ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ ياخشى-ناچارلىقى ۋە سۆزلەۋاتقان چاغدىكى كەيپىياتىنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەن بولۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

خاتىرىلەش جەريانىدا، يەرلىك تىل ۋە نەرسە ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدە ئاتىلىش خاسلىقىنى ساقلاش لازىم. بەزى يەرلىك تىل سۆزلەرگە دۇچكەلگىنىمىزدە ۋە نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىسىملىرىنى خاتىرىلىگەندە، ئۇنى مۇۋاپىق خەنزۇ يېزىقىدا يازالمىساق، ۋاقتىنچە شۇ سۆزنىڭ ئاھاڭىنى يېزىپ تۇرساقمۇ بولىدۇ. بەزەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەندە، ئۇنىڭغا ئىزاھات بېرىشكە بولىدۇ. ئەسەر تېپىلغان رايون، توپلىغان ۋاقىت، يەر، سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ ئىسىم پەمىلىسى، يېشى، تۇغۇلغان يېرى، مىللىتى، سالاھىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى قالدۇرماي يېزىپ قويۇش لازىم. توپلانغان ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق كىشىلەر، ئىشلار، ئۆرپ-ئادەت، تۈزۈم، ئاممىنىڭ ئىنكاسى قاتارلىق ماتېرىياللارنىمۇ قالدۇرماي يېزىپ، ئايرىم ماتېرىيال ياكى قوشۇمچە قىلىپ خاتىرىلەش لازىم. چۈنكى، توپلانغان ماتېرىيال قانچە كۆپ، تولۇق بولسا، ئوقۇغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلار ئەسەر يارىتىلغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ھەم بەدىئى ئالاھىدىلىكىنى شۇنچە تولۇق چۈشىنەلەيدۇ.

ئاھاڭ بەلگىسى، نوتىغا ئېلىش، رەسىمگە تارتىش، ئاۋازغا ئېلىش ھەم سۈرەتكە ئېلىش قاتارلىق كۆپ خىل كەسپىي بىلىملەرنى ۋە ئاپپاراتلارنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئىگەللەش خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكى كۈندىن-كۈنگە روشەن بىلىنمەكتە. بىز تىرىشىپ شارائىتنى ھازىرلاپ، ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاپ، ئىلغار تېخنىكىنى ئۆگىنىپ، ئىگەللەپ، خاتىرىلەش خىزمىتىمىزنى ئىلمىيلاشتۇرۇشىمىز ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز بۇندىن كېيىن توپلىغان، خاتىرىلىگەن ماتېرىياللىرىمىز، يالغۇز يېزىلغان خاتىرىلەردىن ئىبارەت بولۇپلا قالماي، بەلكى سۆزلەپ، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ ئۆز ئاھاڭى، ئېيتىش جەريانىدا ئىپادىلىگەن قىياپىتى، خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ پائالىيەت شەكلى ۋە جەريانلىرى ھەر خىل ئاپاراتلار ئارقىلىق تولۇق ئېلىنىشى لازىم. بۇنداق قىلىش كېيىنكى ئىلمىي ئۇسۇلدا رەتلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ مول، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ توغرا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى ۋەتىنىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىيات غەزنىسىگە قىممەتلىك تۆھپەلەرنى قوشىدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم ئەستايىدىل رەتلەش

رەتلەش دېگىنىمىز — ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش شەرتى ئاستىدا، تولۇق توپلاپ ئەينەن خاتىرىلەش ئاساسىدا، بىر قىسىم، نىسبەتەن ياخشى بولغان ئەسەرلەرنى كەڭ تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا مۇۋاپىق رەتلەپ، تولۇقلىغاندىن كېيىن قايتا يېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت.

ئېغىزدا تارقىلىپ يۈرگەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يازما ئەسەرگە ئايلاندۇرغاندا، ھامان بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋالقىسىغا ئوپمۇ ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. لېكىن بىز رەتلەش خىزمىتى جەريانىدا، يېزىق ئارقىلىق، بېكىتىلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس ئەسلى قىياپىتىنى مۇمكىن قەدەر ساقلاپ قالىمىز دېسەك، بەزى زىددىيەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن رەتلىگۈچىلەر تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق پىرىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىپقا ئەمەل قىلىپ، ئەستايىدىل پوزىتسىيە ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە ئىش كۆرۈدىغانلا بولسا شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ساقلاپ قېلىش، يالغىنىنى چىقىرىۋېتىپ، راستىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى ئىنچىكىلەپ ئۆزلەشتۈرۈش، ئەسلى ئەسەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاش مەقسىدىگە ھەقىقى رەۋىشتە يەتكىلى بولىدۇ.

ھەر بىر خاتىرە ئارگىنالىنى قايتا رەتلەش ۋە نەشر قىلىش زۆرۈر بولىۋەرمەيدۇ. ئاساسى بىرقەدەر ناچار ياكى ئاساسەن شاكالغا تەۋە بولغان خاتىرە ئارگىناللارنى قالايمىقان تۈزەشتۈرۈۋەرمەسلىك ۋە ئاما ئارىسىغا تارقاتماسلىق كېرەككى، پەقەت ئۇنىڭ خاتا خەتلىرىنى تۈزىتىپ، ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىك يەرلىرىگە ئىزاھ چۈشەنچە بېرىپ، ئۇنى ئىچكى ماتىرىيال سۈپىتىدە ئازراق نەشر قىلدۇرۇپ، تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە تارقىتىپ بېرىشلا كۇپايە.

رەتلەش بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە قايتا ئىشلەشنىڭ خاراكتىرى تامامەن ئوخشىمايدۇ. خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئۆز ئەمەلىيىتى داۋامىدا مۇشۇ نەرسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشلىرى لازىم، رەتلەشتە خەلق ئىجا-دىيىتىنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆزگەرتىش دىگەندە خەلق ئىجادىيىتى مەلۇم دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولىدۇ. ئۆزگەرتكۈچىلەر ئەسەرنى ئۆز مۇددىئاسى بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. قايتا ئىشلەشتە، خەلق ئەسەرلىرى ئاساسىي تېما قىلىنىپ نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئۆزگەر-تىلىدۇ-دە، ئاپتورلار ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ ئۈچ نۇقتا ئاخىرقى مەھسۇلات (رەسمى ئارگىنال) بىلەن خاتىرە ئارگىنالىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۆزگەرتىشنىڭ ئاز-كۆپ بولغانلىقى ۋە شەخسى ئىجادىي ئەمگەكنىڭ قانچىلىك بولغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆز-ئۆزىدىن پەرقلىنىپ چىقىدۇ. ئەسەرلەرنى رەتلىگەنىدە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى قىياپىتى مۇمكىن قەدەر ساقلاپ قېلىنىشى كېرەك. ئاز-تولا قىسقارتقان، قوشقان ياكى رەتلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىزاھ بېرىش كېرەك. ئەگەر كۆپلەپ قىسقارتىلىپ ياكى قوشۇلۇپ، ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدە ئۆزگىرىش بولسا، ئايرىم مەزمۇنلىرى قايتا يېزىلغان ياكى قوشۇلغان بولسا، ئۇ رەتلەش ئەمەس، بەلكى ئۆزگەرتكەنلىك بولىدۇ. خەلق ئەسەرلىرىدىن ئاز-تولا ئېلىپ، قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ، يېڭى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇلغان، پېرسوناژلار، ۋەقەلىك ئۆزگىرىشى چوڭ بولغان، ھەتتا ئاساسىي تېمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغانلىرى قايتا ئىجات قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنى ئۇچۇق ئېيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بىز يازغۇچى، سەنئەتكار ۋە كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى ئاساسىي تېما قىلىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە، قايتا ئىجات قىلىشقا قارشى تۇرمايمىز، بەلكى مۇشۇنداق قىلىشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلەيمىز. چۈنكى، مۇشۇنداق ئۆزگەرتىلگەن ۋە قايتا ئىجات قىلىنغان ئەسەرلەر يەنىلا ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت باغچىسىدا ئۆزگىچە ئېچىلغان بىر گۈل بولۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. ئېلىمىزدە مۇشۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەنئەتكارلار تولىمۇ كەم بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بىز ئۆزگەرتىلگەن ياكى قايتا ئىجات قىلىنغان ئەسەرلەر (ھەتتا توقۇلغان)نى رەتلەنگەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسىرى دەۋالىدىغان غەيرى ئىلمىي پوزىتسىيىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

رەتلەشكە كىرىشىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئەسلى خاتىرە ئارگىنالىنى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بارلىق ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، كۆڭۈلدە سان تۇرغۇزۇش كېرەك. خاتىرە ئارگىنالنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىقلا، ئاندىن قايسى ئەسەرنىڭ ئاساسى ياخشى، قايسى ئەسەرنىڭ ئاساسى ناچار ئىكەنلىكىنى، قايسى جايلىرىنىڭ ئەڭ ئىسىل، قايسى جايىدا مەسىلە بارلىقىنى، قايسى جايلىرىنىڭ ئارتۇق، قايسى جايلىرىنىڭ كەمتۈك ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، مىڭىمىزدە كونكرېت بىر رەتلەش لايىھىسى شەكىللىنىدۇ-دە، رەتلەش ئىشىمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ. ئاساسىي تېما ۋە قۇرۇلمىسىنى ئويلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۆز ئۇسلۇبىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق، راۋان تىلغا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش — رەتلەش خىزمىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، رەتلەش ئۇسۇلى مۇنداق 3 خىل بولىدۇ.

بىرىنچىسى، مۇستەقىل رەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا خاتىرە ئارگىنال پەقەت بىرلا نۇسخا بولغان ھەمدە ئۇنىڭ ئاساسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغان بولىدۇ. ئۇنى يېزىق جەھەتتىن ئازراقلا رەتلەپ، باشقا جەھەتتە ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل خاتىرە ئارگىنالىنىڭ باش ئايىغى مۇكەممەل، سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى، ئەسەرمۇ بىرقەدەر مۇقىملاشقان بولىدۇ. بۇ چۆچەك، قوشاق، تەمسىل قاتارلىق قىسقا-قىسقا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئومۇملاشتۇرۇپ رەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل رەتلىگۈچىنىڭ قولىدا ئوخشاش تېمىدىكى ئەسەردىن بىرنەچچە نۇسخا بولغان، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى ياكى كەمچىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسىنىلا رەتلەش بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا قوللىنىلىدۇ. يەنى شۇلارنىڭ ئارىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۆكەممەلرەك بولغان بىر-ئىككى نۇسخىنى ئاساسىي نۇسخا قىلىپ، باشقا نۇسخىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق ئاساسىي نۇسخىنىڭ يېتەرسىزلىكى تولۇقلىنىدۇ. بۇ خىل رەتلەش ئۇسۇلى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەك. ئالدى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى نۇسخىلارنى قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلەرنى تېپىپ چىقىش، ئاندىن كېرەكلىك جايلىرىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، قوراشتۇرۇشقا كىرىشىش كېرەك. ئۇلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى مۇمكىن قەدەر بىر نۇسخىغا يىغىنچاقلاش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا جۈملە سۆزلەرنى سىلىقلاش-يۇمشىتىش ئىشىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئەسەرنى باشتىن-ئاخىر بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، قىلچە چاندۇرۇپ قويماسلىق لازىم. بۇ ئۇسۇل پەقەت پېرسوناژلىرى بىلەن ۋەقەلىكلىرى ئوخشاش بولۇپ قىسمەن سيۇژىتلىرىلا ئوخشاشمايدىغان ئەسەرلەرنى رەتلەشتە قوللىنىلىدۇ. نۇرغۇن ئېپىك داستانلار، شەخسلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى خىيالىي ھېكايىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. ئەگەر سيۇژىتتىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولسا، ئايرىم-ئايرىم رەتلەنسىمۇ بولىدۇ. ئۇنى زورمۇ-زور يۇغۇرۇش ھاجەتسىز.

ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل — ئاساسەن شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق رەتلەش ئۇسۇلى. بۇ خىل ئۇسۇل مېغىزى بىلەن شاكىلى ئارىلىشىپ كەتكەن، بەلكى ئۇنىڭ مېغىز قىسمى ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغان ھەممە نەشر قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان ئەسەرلەردە قوللىنىلىدۇ.

بەزى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى، دەۋر چەكلىمىسى ۋە دىخانلار سىنىپىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلار تۈپەيلىدىن بىر قىسىم شاكالىغا تەۋە مەزمۇنلار كۆرۈلىدۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدىن قارىغاندا پايدىلىنىدىغان جايى كۆپ بولىدۇ. ياكى مېغىز قىسمى شاكال قىسمى بىلەن يېپىشىپ قالغان بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى «ئوپېراتسىيە» قىلىپ، ئۇنىڭ شاكاللىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېزىق جەھەتتە ئازراقلا كۈچ سەرپ قىلسا، يەنىلا ياخشى ئەسەر بولۇپ چىقىدۇ. بىراق بۇ خىل ئەسەرلەرنى رەتلەشتە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئېنىق تونۇش كېرەك. ئىككىسىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن «ئوپېراتسىيە»نى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ نادىر جايلىرى بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق جايلىرىنى مۇمكىن قەدەر ساقلاپ قېلىش كېرەك. قالايمىقان قىسقارتىش ياكى خالىغانچە قوشۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

مەيلى يۇقۇرقى رەتلەش ئۇسۇلىنىڭ قايسى بىرى قوللىنىلسۇن، قوشۇشقا، ئېلىۋېتىشكە ۋە ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان قىسمى ئومۇمەن مۇنۇ تۆت مەزمۇندىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. (1) روشەن ھالدىكى فېئوداللىق خۇراپىي ئىدىيىلەرنى، شەھۋانىي، پەسكەش، چاكىنا تەسۋىرلەرنى چىقىرىپ تاشلاش؛ (2) ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە فېئودال ئەدىپلەر تەرىپىدىن بۇرمىلانغان جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ (3) ئېيتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئەستە قالدۇرۇشىدا كۆرۈلگەن بەزى خاتالىقلار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولمىغان جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ، كەمتۈك جايلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ (4) تىل جەھەتتە تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تىلى جانلىق بولۇش شەرتى ئاستىدا تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان يەرلىك شىۋىلەرگە تەۋە سۆز-ئىبارىلەرنى ئۆزگەرتىش. بۇ

www.uyghurkitap.com

تۆت تەرەپ، ھەرقانداق ژانىردىكى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى رەتلەشكە ئوخشاشلا مۇۋاپىق كېلىدۇ. «مىڭ جىياڭ نۈي»نىڭ ھېكايىسى⑥، «قارا بۆرىنىڭ ھېكايىسى»⑦، «ئېگىلگەن ئوغاق»⑧ «جاڭ نىڭ قۇش ئېتىشى ۋە لى نىڭ بېلىق تۇتىشى»⑨ قاتارلىق چۆچەكلەر؛ «شەنبېي خەلق ناخشىلىرى توپلىمى»، شاڭخەي خەلق ئەدەبىياتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى توپلاپ رەتلىگەن لىرىكىلىق داستان «ياتلىق بولۇش يىغىسى»، يۈننەن ئۆلكىلىك مىللى خەلق ئەدەبىياتىنى تەكشۈرۈش بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان دېھۇڭ تەكشۈرۈش ئەترىتى توپلاپ تەرجىمە قىلغان ۋە رەتلىگەن دەيزۇ داستانى «ئېبىك بىلەن ساڭلو» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رەتلەش خىزمىتى داۋامىدا پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەرلەردۇر.

قىسقىسى، رەتلەنگەن ئەسەرلەردە، «4 نى ئۆزگەرتمەسلىك» تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنى، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكلىرى بىلەن قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئەسلى ئەسەرنىڭ ژانىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئەسلى ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەن تىل ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتمەسلىك. مۇشۇ 4 تەلەپ تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلسا، ئاندىن رەتلەش خىزمىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ. مانا بۇ ھەققىي ئىلمىي پوزىتسىيە.

خەلق ئەدەبىياتى بىر خىل تىل سەنئىتى سۈپىتىدە، يازغۇچىلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى بىلەن قىسمەن ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، لېكىن جەمئىيەت، تارىخ، سىنىپ، مۇھىت قاتارلىق كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئىككى خىل ئەدەبىيات يازغۇچىلارنىڭ سالاھىتى، ئىپادىلەش ۋاستىسى، تارقىلىش جەريانى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي شەكلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

تىل ئۇسلۇبى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ناھايىتى كۆپ پەرقلىنىدۇ. خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش-رەتلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتىدىكى ئورتاقلىقنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلق ئەدەبىياتىدىكى خاسلىقنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىۋېلىپ، ئادەتتىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ھازىرقى زامان شېئىر، ھېكايە، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، رەتلەش خىزمىتى ساغلام راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

مەسىلەن، خەلق ناخشىلىرىدىكى مەنا، تىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان جۈملە ۋە ئابزاسلار بىر ئەسەردىلا قانۇنىيەتلىك ھالدا بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. قەدىمقى زاماندا، بۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ۋە پسىخىك سەۋەبلىرى بار ئىدى. بۇ خىل تەكرارلاش ئەڭ ئاۋال تۇرمۇشتىكى بىر خىل ئېھتىياج (مەسىلەن، ئەمگەكنىڭ رىتىملىك بولۇش ئېھتىياجى) دىن كېلىپ چىققان ئىدى، كېيىنچە ئۇ بارا-بارا بىر خىل بەدىئىي ماھارەت، ئىستېتىكىلىق قاراش ھەتتا ئىستېتىكىلىق پرىنسىپ بولۇپ شەكىللەندى. يىزۇلارنىڭ لىرىكىلىق خەلق داستانى «بىر نەۋرە سىڭلىم»دا يىگىتنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسىنى سېغىنىپ قايتا-قايتا ئېيتقان كۈيلىرى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى بارلىق مەنزىرىگە قويۇق ھېسسىيات تۈسى بەخش ئېتىپ، جەمئىي «مەنزىرە تىلى»نى «ھېسسىيات» تىلىغا ئايلاندۇرۇپ باش قەھرىماننىڭ چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدىكى ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن. كىشىلەر ئۇنى چېچىلاڭغۇ، تەكرار ھېس قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كەيپىيات جەھەتتە ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ. ئەمما بەزى رەتلىگۈچىلەر ئۇنىڭ تەكرار — ئوخشاش مىسرالىرىنى يىغىنچاقلىغان، قوشۇۋەتكەن ھەتتا قىسقارتىپ ئېلىۋەتكەن ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن ئىدى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادەتتىكى ئەدەبىي-سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىغانلىق تۈپەيلىدىن، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ماھارىتىنى تاشلاپ قويغانلىق. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش لازىم.

رەتلەش ئىشىغا ئەڭ چوڭ كاشىلا بولغىنى «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولغان سۇيئىستېمالچىلىق خاھىشى. ئۇ قەدىمقىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش، تارايتىۋېتىش، چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىشتە مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىپ. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ چىنلىقىنى بۇزدى.

«قەدىمقىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»نىڭ ئەسلى مەنىسى تارىختىكى مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ئاساستا ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشكە پايدا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. قەدىمقىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىكى «خىزمەت قىلدۇرۇش» دىگەننى بەزى يولداشلار چۈشەنگەندەك ئۇنداق تار مەنىدە چۈشەنىشكە ئەسلا بولمايدۇ. ئۇ ئەقەللىسى، بۇرۇنقى جەمئىيەتنى، مەدەنىيەتنى، ئىدىيىنى بىلىش؛ بۈگۈنكى خەلق ئاممىسىنى مەلۇم دەرىجىدە تەربىيىلەش ۋە خىزمەتلىرىمىزگە ئەينەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ رولنى — ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ نۆۋەتتىكى سىياسىي ھەركەت ۋە بەزى سىياسەتلەرگە بىۋاستە خىزمەت قىلدۇرۇلغاندىلا ئاندىن قەدىمقىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىق بولىدۇ، دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا «خىزمەت قىلدۇرۇش»قا مۇمكىن بولىدىغانلىرى بەكمۇ ئازلاپ كېتىشى مۇمكىن. ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتىغا ھازىرقى جەمئىيەتمىزدىكى سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق، پەزىلەت. ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىدىيە ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەم ۋە تەلەپ قويۇلۇپلا قالماي، بەلكى ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مۇشۇ ئۆلچەم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىسقارتىلسا ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنسە ياكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە سادىق بولۇش «كونسېرۋاتىپلىق قىلغانلىق» دەپ قارىلىپ، بىر مەھەللىك سىياسى ۋەزىپىگە ماسلىشىش خەلق ئەدەبىياتىنى رەتلەشنىڭ بىر پىرىنسىپى قىلىنسا، ئۇ تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق روھقا تېخىمۇ خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

بۈرۈنقى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن خەلق ئەدەبىياتى بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىكى ئىجتىمائى ھادىسە ۋە روھىي ھالەتلەر بىلەن تولىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائى ھادىسە ۋە روھىي ھالەتلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائى نۇقتىئىنەزەرلەر جۈملىدىن سىياسى، ئىقتىسات، ئۆرپ-ئادەت، ئەدەپ-ئەخلاق ھەمدە ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ھىسسىياتى، غايىسى ۋە ئارزۇ-ئۈمىتلىرى بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ ئوخشىمايدۇ. ھەتتا تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە. ئالايلۇق، چۆچەك، رىۋايەت، داستانلاردا كۆپ ھاللاردا ئاكىسى سىڭلىسى بىلەن توي قىلىدىغان، بىر باتۇر بىرقانچە خوتۇن ئالىدىغان، ھايۋاناتلار ئادەمگە، ئادەملەر ھايۋانغا ياكى تاغ-دەريالارغا ئايلىنىپ قېلىشقا ئوخشاش ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەر بولىدۇ. بۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بەزىلىرى مۇمكىن بولمايدىغان، بەزىلىرى قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان، تامامەن چۈشىنىكسىز، بىمەنا ئىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن ۋە تارقالغان قەدىمقى جەمئىيەتتە بولسا، شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئۇلار رېيال (بەزىلىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى رېياللىق، بەزىلىرى روھىي جەھەتتىكى رېياللىق) ئىش بولۇپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ تونۇلغان. بىزدە بەلگىلىك ئىپتىدائى مەدەنىيەت تارىخى، چۆچەكشۇناسلىق بىلەن ئېتنوگرافىيەنى سېلىشتۇرالايدىغان پەننىي ساۋات بولۇپ، كاللىمىز بەلگىلىك تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماتېرىيالىزىم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىشىمىز تەسكە چۈشمىگەن بولاتتى. ھالبۇكى، بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى رەتلىگەندە، ئۇنى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى ئىدېئولوگىيە ياكى مۇئەييەن دەۋردىكى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى سۇبيېكتىپ ھالدا قىسقارتىپ، مەزمۇن قوشۇپ، ئۆزگەرتىپ ياكى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى قەدىمقى بىلەن بۈگۈنكى ھەمكارلاشقان، بۈگۈنكىگىمۇ، قەدىمقىگىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل «يېڭى تىپتىكى بەدىئىي ئەسەر»گە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇنداق «بەدىئىي ئەسەر»نىڭ ئامىغا بولغان تەربىيىۋى رولىنىڭ زادى قانچىلىك چوڭ بولىدىغانلىقىغا بىز بىر نىمە دېيەلمەيمىز. شۇنىسى مەلۇمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ خەلق ئېغىزىدا ئىجات قىلىنغان چاغدىكى ئەسلى قىياپىتىنى ئاللىقاچان يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىلمىي ماتېرىيال بولۇش قىممىتى ئېھتىمال بەكمۇ ئاز، بەكمۇ ئاز قالغانلىقىدا شەك يوق. قىسقىسى «قەدىمقىسىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىنى خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىگە تەدبىق قىلىشقا بولىدۇ بەلكى تەدبىق قىلىش لازىم. شۇنىسى باركى، بىز ئۇنى ماركسىزىمنىڭ جەمئىيەت، تارىخ، تەلىم-تەربىيە، ئەدەبىي-سەنئەت توغرىسىدىكى بىر قاتار نۇقتىئىنەزەر ۋە نەزەرىيىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشىمىز، «خىزمەت قىلدۇرۇش» دىگەن سۆزنى ئەتراپلىقراق، چوڭقۇرراق، توغرىراق چۈشەنگىنىمىز تۈزۈك.

ئاخىردا شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇشىمىز لازىمكى، ئىلمىي ئۇسۇلدا رەتلەنگەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ھۆججەت قىممىتى بولۇش بىلەن بەدىئىي قىممىتىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىككىلىسى تامامەن بىرلىككە كەلگەن ياكى بىرلىككە كېلىشكە ئاز قالغان بولىدۇ. بىز خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ چىنلىقىنى جەزمەن ساقلاش ئاساسىدا

www.uyghurkitap.com

توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى ئىلمىي، ساغلام يول بىلەن ئالغا يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم.

---

ئىزاھلار:

① «ئەدەب خاتىرىلىرى، ۋاقىتلىق تۈزۈملىرى».

② «خەن مەلۇماتلىرى، ئەدەبىي ـ سەنئەت تەزكىرىلىرى».

③ «بېيجىڭ داشۆ كۈندىلىك ژورنىلى» 1918 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

مەزكۇر «نىزامنامە»، «قوشاق» ھەپتىلىك ژورنىلىنىڭ 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. شۇ چاغدا بەزى ماددىلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، «بىر جايدا قوللىنىلغان ئامىباپ سۆزلەر (ماددىسى) بىر يەردە قوللىنىلغان ئامىباپ سۆزلەرنىڭ تاۋۇشى بولۇپ، خېتى بولمىسا، ھەممىسى ئېلىپبەلىك ئامغىلار ياكى رىم ھەرپى بىلەن ۋە ياكى خەلقارالىق تاۋۇش بەلگىسى بىلەن ئېنىق ۋە تەپسىلى ئىزاھلىنىشى لازىم» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

④ «قوشاق» ھەپتىلىك ژورنىلىنىڭ نەشرىگە بېغىشلانغان سان، 1922 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.

⑤ خې چىفاڭ «رىيالىزىم توغرىسىدا» شائخەي ئەدەبىي ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1959 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى يېڭى سانى.

⑥ جاڭ سەيجىن توپلاپ رەتلىگەن: «بېيجىڭ خەلق رىۋايەت، ھىكايىلىرى ماتېرىياللىرى» بىرىنچى قىسىم. جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، بېيجىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە تۈزگەن. 1960 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑦ گو ۋەنجۈەن: «چوڭ قارا بۆرە ھىكايىسى» شائخەي يادۇڭ كۇتۇپخانىسى، 1929 ـ يىلى.

⑧ دوڭ جۈنلۈن توپلىغان «بوغداي خىلىنى تارقىتىش». خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1952 ـ يىلى نەشرى.

⑨ سۇڭ خەنبىڭ توپلاپ رەتلىگەن «خەلق ئەدەبىياتى»نىڭ 1957 ـ يىللىق 9 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باپ    ئەپسانە ۋە رىۋايەت

## بىرىنچى بۆلۈم    ئەپسانە

### 1. ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى، مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقىلىشى

قەدىمقى زامانلاردا پەيدا بولغان ئەپسانە، خەلق ئەدەبىياتى غەزنىسىدىكى زور بايلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئەپسانە خەلق ئەدەبىياتى مەنبەلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە، ئەمگەكچى خەلق ئەزەلدىن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىغىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداقلا خەلق ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا خەلقنىڭ ھاياتى ۋە تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئەپسانىلەر ئاجايىپ-غارايىپ خىيالىي پىكىرلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل ئاڭ شەكلى، ئۇزۇندىن بۇيان ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، ئىجتىمائىيشۇناسلىق ۋە دىنىدىن ئىبارەت ھەرقايسى ساھەلەردىكى تەتقىقاتچىلار ئەپسانىگە قارىتا تۈرلۈك چۈشەنچىلەرنى بېرىپ، ھەر خىل ئېقىملار بارلىققا كەلگەن ئىدى. تەبىئەتپەرەسلەرچە، ئەپسانە قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان نەزىرى جەھەتتىكى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشىدىكى ئىزلىنىشى؛ تارىخشۇناسلارچە بولسا، ئەپسانە ئەينى تارىخنىڭ ھەقىقى خاتىرىسى؛ ئىجتىمائىيشۇناسلارچە بولسا، ئەپسانە ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە دىنىي مۇراسىملىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك نەرسە؛ ئىنسانىيەت تەرەپدارلىرىچە بولسا، ئەپسانە ئىپتىدائىي چوقۇنۇشنىڭ قالدۇغى. بۇ ئېقىملار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەپسانىنىڭ بەزى بىر كۆرۈنۈشىنى ياكى ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئەپسانىگە نىسبەتەن ئومۇمىي يۈزلۈك، ماھىيەتلىك، توغرا ئۇقۇم بېرەلمىگەن.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىم بىزنىڭ ئەپسانىلەرنى توغرا چۈشىنىشىمىزنى ئىلمىي قورال بىلەن تەمىنلىدى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھەرقانداق ئەپسانە، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىپ تەبىئەت كۈچىنى بويسۇن-دۇردى، تىزگىنلىدى ۋە ئوبرازلاشتۇردى.» ئەپسانە — «خەلقنىڭ خىيالى ئارقىلىق بىر خىل ئاڭسىز بەدىئىي پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكەن تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي فورمىنىڭ ئۆزى.» ماركسنىڭ بۇ ھۆكۈمى ئەپسانىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى؛ ئەپسانىنىڭ باشقا ئاڭ شەكىللىرى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ۋە پەرقىنى روشەن ئايدىڭ-لاشتۇردى. ئەپسانە — خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر خىل شەكلى، ئۇ، قەدىمقى خەلق ئىجات قىلغان، تەبىئەتنى، ئىنسان بىلەن تەبىئەت-نىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئىجتىمائىي شەكىللەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، يۈكسەك خىيالىي تۈس ئالغان چۆچەكلەر.

ھەممە مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ باللىق دەۋرلىرىدە ئازدۇر-كۆپتۇر ئەپسانە ھاسىل قىلغان. مانا بۇ ئەمىلى پاكىتتىن ئەپسانىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە رىيال ئاساس ۋە ئىدىيىۋى ئاساس بولغانلىقىنى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەپسانىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايات ئۈچۈن تەبىئەتكە قارىتا قىلغان كۈرەشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-لىك. ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ئىنتايىن ئاددى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۆزگىرىشچان تەبىئەت كۈچى ئىنسانلارغا جىددىي تەھدىت سالغان ئىدى. قەھرىتان سوغاق، تومۇز ئىسسىقلار، بوران، يامغۇر، گۈلدۈرماما، چاقماقلار، زەھەرلىك ئىلان، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ بوزەك بالىسى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنداقلا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ رىيال دۇنياغا بولغان تونۇشىمۇ گۆدەكلىك باسقۇچىدا ئىدى. كۈن، ئاينىڭ ئايلىنىشى، كېچە-كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى، سۇ ياكى قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى، ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇشى، چوڭ بولۇپ قېرىشى، كېسەل بولۇشى ۋە ئۆلۈشى... ئۇلارنى قايمۇقتۇراتتى ۋە ھەيران قالدۇراتتى. تەبىئەت كۈچى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن بىر خىل يات، سىرلىق ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر نەرسە بولغان. لېكىن يۇقۇرىدا دەپ ئۆتكەندەك، تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار تەبىئەتنى بىلىشكە تەقەززا بولغان ھالدا ئاسمان-زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ئادەمگە ئوخشىتىپ ھاياتلىق، ئىرادىلىك دەپ قارايدۇ؛ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ جەريانلىرى ۋە سەۋەپ نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ ئادەمگە ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ھەمدە بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈيۈك ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل «ھەممە نەرسىدە روھ بار» دىگەن ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەبىئەت ۋە تەبىئەت كۈچىنىڭ ھەممىسى ئادەملەشتۈرۈلگەن ۋە ئىلاھلاشتۇرۇلغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەتكە نىسبەتەن پاسسىپ ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ھايات ئۈچۈن ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ھارماي كۈرەش قىلىپ، تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇشنى، ئەمگەكنى يېنىكلىتىپ تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئۈمىت قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىنى ئاكىس ھالدا تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرىدۇ-دە، جانلىق سىيۇژىتلارغا

www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپسانە بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، باللارچە ئاجايىپ ساددا خىياللار بىلەن تولغان ئەپسانە ئىجادىيىتى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى مۇشكۇل شارائىتتا تەبىئەتنى تونۇشنى ۋە بويسۇندۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان بىر خىل مەنىۋى پائالىيىتى.

ئەپسانىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەينى زامانىدىكى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇ چاغلاردا ئىنسانلار كوللېك-تىپقا تايىنىپ، بىرلىكتە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ: يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا بىرلىكتە قارشى تۇرىدۇ. ئەمگەك ھوسۇلى چەكلىك بولغاچقا تەڭ تەقسىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىدە، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ھېساپلىنىدۇ، ھەمدە ئۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزى بولىدۇ. شۇڭا تەبىئەتنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئەپسانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت توقۇنۇشى بولمىغاچقا، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش جەريا-نىدا مەيدانغا كەلگەن ھۈنىرى يۇقۇرى، باتۇر شەخسلەر بارلىق ئەزالارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ، ئۇ ئىلاھلاشتۇرۇلىدۇ ياكى يېرىم ئىلاھلاشتۇرۇلىدۇ. تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئۈمىدى شۇلارغا باغلىنىدۇ.

بىر قىسىم ئەپسانىلەردە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ماجرا ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەپسانىلەر ئاساسەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ چاغدا كوممۇنا تۈزۈمى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تالىشىش يۈزىسىدىن پارتلىغان جەڭلەر يەنىلا ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىشى بولۇپ ھېساپلىناتتى. جەڭنىڭ غەلىبىسى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ تۆھپىسى كوللېكتىپنىڭ شان-شەرىپى دەپ قارىلاتتى. شۇڭا كىشىلەر مۇنداق جەريانىنى ئىلاھلاشتۇرغان، بۇ خىل مەزمۇندىكى ۋەقەلەرمۇ ئەپسانە تەركىۋىگە كىرىدۇ.

دىمەك، ئەپسانە ئەكس ئەتتۈرگەن نەرسە، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ رىيال دۇنياغا بولغان تونۇشلىرى. مۇنداق تونۇشلارنى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە بەلگىلىگەن. ئەپسانە — رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئاڭ شەكتەي؛ مەلۇم ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىدە ھاسىل بولغان ئۈستقۇرۇلما. بۇرۇن بەزى ماركسىزمچى بولمىغان ئالىملار، مەسىلەن، تىل ئېقىمدىكىلەر: مەرۋايىت سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ كېسەللىكىدىن پەيدا بولغاندەك، ئەپسانە تىل كېسەللىكىدىن پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىچە، ئەپسانە قەدىمقى ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى بىرەر ئېغىز گەپنى خاتا ئاڭلىۋالغانلىقىدىن ۋە بۇ گەپنى كېيىنكى ئادەملەرنىڭ شاخلىتىشىدىن پەيدا بولغانمىش؛ ئوخشىتىش ئېقىمدىكىلەر، ئەپسانە بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ دانا پىكرىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ، ئۇلار ئەپسانە — قەدىمقى دانىشمەنلەرنىڭ جانلىق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق فىزىكىلىق، خىمىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنى ياكى ئاسترونومىيە ئىلمىدىكى ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشتىن ياكى ئەخلاقىي ۋە دىنىي تەلىم ئېلىپ بېرىشىدىن پەيدا بولغان، دەپ قارايدۇ. ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن بۇرژۇئا ئالىمى فۇشى ئەپسانە قەدىمقى ئادەملەرنىڭ «ھورۇنلىقىدىن پالما دەرىخى تۈۋىدە ئۇخلاپ، كۈپ-كۈندۈزدە كۆرگەن چۈشىدە شەيتان جىنلارنى كۆرگەنلىكى»نىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەپسانىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ ئىدىيالىزم پاتقىقىغا پاتقانلىق خاتالىقى بولىدۇ.

ئەپسانىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇئەييەن رىيال ئاساس ۋە ئىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

يېڭى ئاساس بار. دېمەك، ئۇنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنى بەلگىلىگەن پەقەت ئىنسانلارنىڭ باللىق باسقۇچىدۇر.

تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەبىئەت بارغانسېرى تىزگىنلەندى، كىشىلەرنىڭ تونۇشى يۇقۇرى كۆتىرىلدى. سىنىپنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن دىققەت مەركىزى يۆتكەلدى. مانا شۇ چاغدىلا تەبىئەتنى، جەمىيەتنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئىنسان ئېڭىنىڭ بەلگىسى بولماي قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىسىنىڭ ئەينىكى بولغان خەلق ئەدەبىياتى مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە بىرقەدەر چوڭراق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى، بۇ تەبىئىيدى. ئەپسانىمۇ يا بالدۇر يا كېيىن ھالاك بولۇشقا يۈزلىنىدۇ. بەزىلىرى بولسا چۆچەككە ئوخشاش باشقا خەلق ئەدەبىياتى شەكلىگە ئايلىنىدۇ. ئەپسانىنىڭ پىكىر قالدۇقلىرى خەلق ئىچىدە ئاپەتلەرگە خۇراپىي قاراشلارنى ۋە يېڭى جىن-شەيتانلارنى ھاسىل قىلىدۇ، لېكىن خۇراپات ۋە خام خىياللار ئەپسانىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئەپسانىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، خالاس.

ئەلۋەتتە ئۇزۇن، مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە، ئەپسانە خەلق ئىچىدە تارقىلىۋېرىدۇ. لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەپسانىنىڭ تارقىلىشى بارغانسېرى ئاجىزلىشىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپسانىنىڭ تارقىلىشى ئاساسەن ئېغىزدىن ئېغىزغىچە بولغانلىقتىن ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ھەم ئاسانلا يوقىلىدۇ. بولۇپمۇ سىنىپىي جەمىيەت شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ماددىي تەقسىمات ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسىدە يۈز بەرگەن سىنىپىي كۈرەش مۇقەررەر ھالدا ئاڭ شىكتەي جەھەتتە ئەكس ئېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي جەمىيەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

قالغان ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنى ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگەرتىدۇ. يېقىنقى يىللاردا چاڭشا ماۋاڭدۇيدىكى خەن سۇلالىسىنىڭ گۆرىدىن چىققان دۇردۇن كىمخاپتىكى رەسىملەردە ئىپادىلەنگەن پانى دۇنيا ھەققىدىكى ئەپسانە پومىششىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپلاشتۇرۇلغان: رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئورۇننى ئىگەللىگەن ئادەم باشلىق ئىلان — فۇشى ئەسلىدە پەقەت بىر ئاۋۇلنىڭ مەنىۋى ئىلاھىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى پادىشاسى قىلىنغان؛ ئۇنىڭ پانى دۇنيادىكى دەرىجىسىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، بۈيۈك ئىلاھقا ئايلاندۇرۇلغان. رەسىمدە ئۇ قۇياش بىلەن ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ھەيۋەتتىدىن گويا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەرۋاھلىرىنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە قوغدىغۇچى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. يەنە بىر مىسال: گۇن ئەپسانىلەردە ئەسلى پىرومىتېچە قەھرىمان ئىدى، لېكىن ئۇ خەۋەر كېسىكىنى ئوغۇرلاپ پادىشانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا ياقماي قالىدۇ؛ «شاڭشۇ رودىيەن» دېگەن كىتابتا گۇن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ، خەلققە زىيان سالغۇچى شەخس بولۇپ قالىدۇ؛ پادىشا شۇن ئۇنى شەرقىي دېڭىزدىكى يۈشەن تېغىغا پالىۋېتىدۇ؛ «زۇجۇەن»دە بولسا، ئۇ «4 يالماۋۇز»نىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئايال پادىشا نۈۋا ئادەم ياراتقانلىق ھەققىدىكى ئەپسانىمۇ ئادەم ياساش (يارىتىش) ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، ياسالغان ئادەملەر ئىسىلزادە ھەم پەسلەرگە ئايرىلغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. روشەنكى، مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەپسانىلەر تارقىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

ئەپسانە ئاسەن يىراق قەدىمقى دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ تارقىلىشى جەمئىيەت خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرىدۇ، ياكى يوقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەپسانىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى ئومۇمەن قەدىمقى خاتىرىلەرگە تايىنىش ئاساسىدا بولىدۇ. ئەپسانىلەر دەسلەپتە باخشىلار ۋە دىنىي مۇراسىم، دىنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق تارقالغان. لېكىن ئۇ پەقەت مەلۇم دەۋردە، مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قېلىنغان. چۈيۈەن «9 ناخشا»نى چۇ بەگلىكىنىڭ تەزىيە قوشىقىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىگەن، شۇ سەۋەپتىن بىز «9 ناخشا» ئارقىلىق قۇياش، تاغ مۇئەككىلى، بامبۇك پەرىسى ۋە سۇ ئىلاھلىرى توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئەپسانىلەرنى بىرقەدەر چۈشىنىپ ئالدۇق. قەدىمقى ئويما ۋە سىزما رەسىملەرمۇ ئەپسانىلەرنى ساقلاش رولىنى ئوينىغان.

قەدىمقى كىتاپلاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چۇ بەگلىكىنىڭ خان ئىبادەتخانىسىدا ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ لۇلىڭگۇاڭ ئوردىسىنىڭ تاملىرىدا ناھايىتى كۆپ ئەپسانە ۋە تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا سىزىلغان رەسىملەر بولۇپ، بۇ ئوردىلار ئاللىقاچان خاراپ بولۇشى بىلەن بىزگە ئۇنىڭدىن ھېچنېمە قالمىغان. خەنزۇلارنىڭ ئەپسانە-لىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدىكى ئاساسىي شەكلى — يېزىق (پۈتۈك) ماتېرىياللار ئومۇمەن قىسقا ۋە پارچە-پۇرات بولغاچقا بىزنىڭ خەنزۇ ئەپسانىلىرىنى چۈشىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن قىيىنچىلىقلار تۇغۇلىدى. مۇنداق ئەھۋالنىڭ شەكىللىنىشىدە كۆپ تەرەپلىملىك سەۋەپلەر بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىق بىر سەۋەپ — قەدىمقى تارىخشۇناسلارنىڭ ئەپسانىگە كەمسىتىش، چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانلىقىدىندۇر. ئۇلار ئەپسانىلەرگە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ، ئۇنى ئاساسسىز كۈلكىلىك توقۇلما نەرسە دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىۋار بەرمىگەن، بەزىدە ئۇ توغرىلۇق گەپ بولغاندا، ئەپسانىلەرنى «تارىخلاشتۇرۇش»قا ئۇرۇنغان. كۆڭزى ئۆزىنىڭ ئەپسانىلەرگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. بەزىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن: ئەپسانىلەردە «خۇاڭدىنىڭ تۆت يۈزى بار»، «خۇاڭدى ئوتتۇز مىڭ يىل ياشىغان» دېيىلگەن، راستمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ» چۈشەنچە بەرگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تارىخشۇناس سىماچيەن ئۆزىنىڭ «تارىخنامە، بەش خاقاننىڭ تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «ھەممە خۇاڭدى توغرىلىق گەپ ئۇرىدۇ، گەپلىرى قولاشمايدۇ، مۆتىۋەر زاتلار توغرىلىق ئېغىز ئېچىش تەس» دەپ يازغان؛ يەنە ئۇ «چوڭ زاتلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتاپتا: «دىيۈبىنجى»، «شەنخەيجىڭ» دېگەنگە ئوخشاش ئاجايىپ-غارايىپلار ئۈستىدە توختىلىشقا پېقىر جۈرئەت قىلالمايدۇ» دېگەن. مانا بۇ خىل كەيپىياتنىڭ تەسىرى ئاستىدا نۇرغۇنلىغان ئەپسانىلەر قالدۇرۇپ قويۇلغان ياكى «تارىخلاشتۇرۇۋېتىلگەن». بەزى ئەدىپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تارىخ، جۇغراپىيە توغرىلىق بىر نىمە يازغاندا ياكى بىرەر مەسىلىنى چۈشەندۈرگەندە، بىرەر پىكرىنى بايان قىلغاندا بىر قىسىم ئەپسانىلەرنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ھال ئەمەلىيەتتە ئەپسانىلەرنى ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينىغان. ئەپسۇسكى مۇنداق ئەپسانىلەر ئومۇمەن ئۈزۈندە ياكى يىغىنچاقلانغان شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن، «جۇاڭزى»، «لېزى» ۋە «تەڭرىگە سوئال»لاردا شۇنداق ئەھۋاللار بار. بۇنىڭدىن باشقا، ئېلىمىزنىڭ قۇللۇق جەمئىيىتى ۋە فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ دەسلىۋىدە جەڭ قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىتاپلار ۋەيران بولغان، شۇ سەۋەپتىن بەزى خاتىرىلەنگەن ئەپسانىلەرمۇ يوقالغان. مەسىلەن، چىن شىخۇاڭنىڭ كىتاپلارنى كۆيدۈرۈشى. شاڭ يۈنىڭ شەنياڭغا ئوت قويۇشى ۋە غەربىي خەن سۇلالىسى ۋە ۋېي، جىڭ سۇلالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ قالايمىقانچىلىقىدا، ئەپسانىلەر يېزىلغان نۇرغۇن كىتاپلار (مەسىلەن، «گۈيزاڭ»، «شايۇ ھەققىدە» قاتارلىقلار) يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن ئەپسانىلەر ئىچىدە بىرقەدەر كۆپ تارقالغىنى «تاغ - دەريالار»، «چۇ نەزمىلىرى»، «خۇەينەنزى» قاتارلىقلار بار. «گۇيىۇي»، «زۇجۇەن»، «لۇڭ خىڭ» (مىزان توغرىسىدا) قاتارلىق كىتاپلاردىمۇ ئاز - تولا ماتىرىياللار بار. ئىش قىلىپ ئەپسانىلەر يېزىلغان ماتىرىياللار ئاز بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماتىرىياللاردىن ئېلىمىزنىڭ ئەپسانىلىرىنىڭ كۆپ ھەم مول مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىز پەقەت خەنزۇلارنىڭ ئەھۋالى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى بىرقەدەر كېيىن قالغاچقا، ناھايىتى نۇرغۇن ئەپسانىلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، يۈننەن ئۆلكىسىدىكى 22 ئاز سانلىق مىللەت ۋە كۇسۇرگلار ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانىلىرىنى بىرقەدەر مۇكەممەل ھالدا ساقلاپ كەلگەن. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە-لىرى — ئېلىمىزنىڭ ئەپسانە غەزىنىسىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان، بۇ ئەپسانىلەر ئېلىمىزنىڭ ئەپسانىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتىرىيال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

2. ئەپسانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بىلىشى ۋە ئارزۇ - ئارمان-لىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن تۆۋەندىكى 3 تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈش. كەڭ، مول تەبىئەت ئىنسانلارنى ھايات شارائىتى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مەنبەدۇر. ئىنسانلار ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تەبىئەتتىكى ھادىسىلەرنى بىلىش ۋە تەبىئەتنىڭ قانۇنلىرىنى ئىگەللەشكە ئىنتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەبىئەتنى تىزگىنلەپ، ئەمگەكنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۈرۈش ئارقىلىق

تۇرمۇشنى ياخشىلاش مەقسىدىگە يېتىدۇ. بۇ، ئىنسانىيەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇزۇن مۇددەتكىچە تۈگىمەيدىغان جەريان. بۇ جەريان ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ دەسلەۋىدىن تارتىپلا باشلانغان. ئۇ چاغدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتى ئىنسانلار ئۈچۈن مۇھىم ھىساپلانغان. شۇنداقلا ئۆزگىرىش-چان، رەھىمسىز تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىپتىدائى ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن تەھدىتلىرىمۇ ئىنتايىن زور بولغان، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىپتىدائى ئىنسانلار تەبىئەتنى بىلىشكە تەشنا بولغان. ئۇلار ھىچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىش يولىدا ئويلاش ۋە ئىزلىنىشلەرگە كىرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەپسانىلەردە ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئىپادىلىرى كۆرۈلىدۇ. ئاسمان، زىمىن قانداق ھاسىل بولغان، ئىنسانىيەت قانداق تۆرەلگەن، كۈن، ئاي نىمە ئۈچۈن غەرپكە ئولتۇرىدۇ، دەريالار نىمە ئۈچۈن شەرققە ئاقىدۇ، سۇ ۋە ئوت ئاپەتلىرى نىمە سەۋەپتىن پەيدا بولىدۇ، ئىنسانلارغا كېسەل قەيەردىن كېلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھايات-ماماتلىق تەقدىرىنى كىم بەلگىلەيدۇ، ھەتتا ئاسماندا نىمە ئۈچۈن رەڭدار بۇلۇتلار پەيدا بولىدۇ، ئاي نىمە ئۈچۈن بەزىدە تولۇق، بەزىدە كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ دىگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئەپسانىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەمدە ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە چۈشەنچە بېرىلگەن. بۇ مەسىلىلەرگە دائىر پىكىرلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ بۇنداق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى ھەمدە چۈشەنچە بېرىشكە ئۇرۇنىشى، ئۇلارنىڭ تەكرار ئەمەلىيەت ئاساسىدا تەبىئەتنى كۆزىتىش ئارقىلىق قىسمەن تونۇشقا ئىگە بولغان-لىقىنى، شۇنىڭدەك تەبىئەت دۇنياسىدىكى بەزەن قانۇنىيى خاراك-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تىرلىك ھادىسىلەرگە دىققەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا تەبىر بېرىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانىيەت بالىلىق دەۋرىدىلا ئىزلىنىش روھىغا ئىگە بولغان، گەرچە مۇنداق روھ ئىنتايىن گۆدەك ھالەتتە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كېيىنكى دەۋردىكى ئىلىم-پەننىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قىممىتى ناھايىتى زور.

لېكىن ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە ئۆزلىرى جاۋاب بېرەلمىگەن، ئۇلار «ھەممە نەرسە روھقا باغلىق» دېگەن كۆزقاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گۆدەكلەرچە تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسىلەرنى ۋە ھادىسىلەرنى ئادەملەشتۈرگەن ھەمدە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرگەن، ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئالەمنى بويى 90 مىڭ لى كېلىدىغان پەنگۇ بىنا قىلغانمىش؛ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن كۆزى كۈن بىلەن ئايغا، پۇت-قولى ۋە بەدىنى جاھاننىڭ 4 قۇتۇبى ۋە بەش تەرەپتىكى تاغلارغا، قانلىرى دەرياغا، گۆشلىرى ئېتىزلارغا، تېرە ۋە تۈكلىرى ئوت-چۆپ، دەرەخلەرگە ئايلانغانمىش؛ شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالەم پەيدا بولغانمىش. بۇ ئەپسانە ئەسلى جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ، 3 پادىشالىق دەۋرىدە شۈي جىڭ «ئەپسانىلەردىن پارچىلار» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ ئۇنى خەنزۇ ئەپسانىلىرىگە كىرگۈزگەن. خەنزۇ ئەپسانىلىرىدىكى جۇلۇڭمۇ ئالەمنى ياراتقۇچى ئىلاھمىش، ئۇ ئادەمسىمان ئىلان بەدەنلىك قىپ-قىزىل نەرسە بولۇپ، بويى مىڭ لى كېلەرمىش؛ ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئۇدۇل قادىلىغلىق بولۇپ، كۆزىنى ئاچسا كۈندۈز بولۇپ، يۇمسا كېچە بولارمىش؛ ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلسا باھار-ياز، يۇمۇلسا كۈز-قىش بولارمىش، قىسقىسى، ئۇ پۈتۈن ئالەمدىكى ئاي، كۈن، كېچە،

كۈندۈز، پەسىل، مەۋسۇم ۋە ھاۋارايىغا ئوخشاشلارنىڭ پىرى ئىمىش.

ئاسمان، زېمىن، كۈن، ئايلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئەپسانىلەردە ئاشۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن، ئەمدى ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى قانداق چۈشەندۈرۈلگەن؟ بۇنىڭغا جاۋابەن ئادەمنى ياراتقۇچى ئانا — نۈيۋا توغرىسىدىكى رىۋايەت مەيدانغا كەلگەن. بۇ رىۋايەت دەسلەپتە چۈيۈەننىڭ «تەڭرىگە سوئال» دېگەن ئەسىرىدە «نۈيۋانىڭ جىسمى بار، ئۇنى كىم ياسىغان؟» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. روشەنكى، بۇ دەل «ئادەمنى نۈيۋا ياراتقان» دېگەن ئەپسانىگە قويۇلغان سوئال بولسا كېرەك. بۇ ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، نۈيۋا سېرىق توپىدىن لاپ ئۇرۇش ئارقىلىق ئادەم ياسايدىكەنمىش؛ لېكىن مۇنداقتا ياساش سۈرئىتى بەك ئاستا بولۇپ قالغاچقا، ئۇ بىر تال تۇم ئاغامچىنى لايغا تىقىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يېپىشقان لاينى يېپىشتۇرۇپ يەر يۈزىگە چاچقانمىش، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ياساش سۈرئىتى تېزلىشىپ، توپ-توپ ئادەملەر مەيدانغا كەلگەنمىش. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدىمۇ، ئادەم تۇپراقتىن ياسالغان، سېرىق تۇپراقتىن ئەر كىشى، ئاق تۇپراقتىن ئايال كىشى ياسالغان دەيدىغان ئەپسانىلەر بار. يەنە بەزىلىرىدە بولسا، ئادەم تۇخۇمدىن تۆرەلگەن ياكى قاپاقتىن مېڭىپ چىققان دېگەنگە ئوخشاش ئەپسانىلەرمۇ بار.

كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە دەريا سۇلىرىنىڭ ئېقىش نىشانىسى توغرىسىدىمۇ، ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆز زامانىسىدا گۇڭگۇڭ جۇەنشۈدى بىلەن پادىشالىق تالىشىپ مەغلۇپ بولغانلىقتىن غەزىۋىگە چىدىماي بېشىنى بۇجۇشەن تېغىغا ئۇرغانمىش؛ بۇجۇشەن تېغى ئەسلىدە تۈۋرۈك سۈپىتىدە ئاسماننى تىرەپ تۇرغاچقا، باشنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۆرۈلۈپ چۈشكەنمىش، يەنى ئاسمان غەرپ-شىمال تەرەپكە

قىڭغىيىپ زېمىننىڭ شەرقىي جەنۇبى كەمتۈك بولۇپ قالغانمىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاي، كۈن، يۇلتۇزلار غەرپكە ئولتۇرىدىغان، دەريا سۇلىرى شەرققە قاراپ ئاقىدىغان بولۇپ قالغانمىش. يەنە بەزى ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئاسماندا 10 قۇياش بولۇپ، ھەممىسى شاھ جۈننىڭ ئوغلانلىرىمىش؛ ئۇلار ئېگىزلىكى نەچچە مىڭ مېتىر كېلىدىغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرارمىش؛ ھەر كۈنى ئۇلار ئانىسى شىخې ھەيدىگەن ھارۋىغا ئولتۇرۇشۇپ شەرقتىن غەرپكە سەپەر قىلىپ، غەرپتىكى بېيچۈەن بۇلىقىدا ھاردۇق ئالارمىش؛ ھەر كۈنى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن يەنە خەنچى كۆلىدە يۇيۇنارمىش. كۈن چىقىش ۋە پېتىشتىن ئىبارەت بۇ تەبىئەت ھادىسىنى ئىپتىدائى ئادەملەر مانا شۇنداق ئىنسانلار تۇرمۇشىغا باي مەزمۇنلار بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشقان.

يۇقۇرىدىكى ئەپسانىلەر — غەلىتە خىيالىي ۋەقەلەر بولسىمۇ، لېكىن ئىپتىدائى ئادەملەرنىڭ ساددا، ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىستىك كۆزقارىشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەپسانىلەردە ئاسمان-زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەر ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىمۇ ماددىدىن ئۆزگىرىپ ھاسىل بولغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ھامان كىشىلەرنىڭ ئەمگىكىدىن ئايرىلىپ كېتەلمىگەن. شۇڭا، مۇنداق ئەپسانىلەر ئىنساندىن تاشقىرى سېھرى كۈچ بىلەن تولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار، كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ئالەم تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىنا بولغان دەيدىغان خۇراپى كۆزقاراشقا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

ھەر خىل تەبىئى مەۋجۇداتلار ۋە تەبىئەت كۈچلىرى ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر خىل رول ئوينىغان. شۇڭا ئىپتىدائى ئادەملەر ئۇلارنى ئادەملەشتۈرگەندە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يەتكۈزىدىغان پايدا-زىيىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا ئوخشاشمىغان ئوبرازلارنى

ئىنئام قىلغان. ئىنسانلارغا پايدىلىق ياكى ئاساسەن پايدىلىقلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈپ مەدھىيىلىگەن، ئىنسانىيەتكە زىيان-زەخمەت كەلتۈرىدىغان ۋە تەھدىت سالىدىغان ۋەھشى ھەم يىرگىنىشلىكلىرىنى سەلبى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇلاردىن يىرگىنىدىغانلىقى ۋە قورقىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، قۇياش ئىنسانىيەتكە يورۇقلۇق ۋە ئىللىقلىق بەخش ئەتكەندە كىشىلەر ئۇنى گۈزەل، يېقىملىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن، لېكىن بەك ئىسسىق بولۇپ قۇرغاقچىلىق پەيدا قىلغاندا، ئۇنى بوي سۇندۇرۇش خىيالىدا بولغان. ئىپتىدائى ئىنسانلار كېسەل قاتارلىق ئاپەتلەرنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالغاچقا، ۋابانى ئىدارە قىلغۇچى شى ۋاڭمۇنى «يىلپىز قۇيرۇقلۇق، يولۋاس چىشلىق، ھۆكرەپ يۈرىدىغان، سۈرلۈك» يامان ئىلاھ سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان؛ دەريالار ئىنسانىيەتكە ھەم زىيان، ھەم پايدا كەلتۈرگەچكە، ئەپسانىلەردە سۇ ئىلاھىنى سەت ھەم چىرايلىق سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان. «9 غەزەل»دە سۇ ئىلاھى يېقىملىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، بىراق «شەنخەيجىڭ»دە بولسا ئۇ «سەككىز باشلىق، سەككىز يۈزلۈك، سەككىز پۇتلۇق، سەككىز قۇيرۇقلۇق» ئاجايىپ سەت ئەجدىھا سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ھەتتا «سۇ ئاپىتى ئىلاھى شاڭشى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ قېنى سېسىق بولغاچقا گىيا ئۈنمىدى» دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئىپتىدائى ئادەملەرنىڭ بۇ خىل ساددا ئىستېتىك قارىشى ئەمەلى تۇرمۇشتىكى پايدا-زىيان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جانلىق تەسەۋۋۇرلار ئاساسىدا ھەر خىل غەيرى ھەم رىيال ئوبرازلارنى ياراتقان.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىنى ۋە تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش. ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا تىز پۈكمەسلىك پوزىتسىيىسى تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش ئىرادىسىدە ۋە پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار ئەپسانىلەردە جانلىق ئىپادىلەنگەن. ئەينى زاماندا ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا پاسسىپ ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەپسانىلەردە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ئەپسانىلەردە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، بولۇپمۇ تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولۇش ئارزۇسى ۋە قەتئىي جاسارىتى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەر خىيالىي تەسەۋۋۇر ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن تولغان.

«نۈيۋانىڭ ئاسماننى يامىشى» دېگەن ئەپسانە، ئانىلىق-ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خېلى بۇرۇنقى ئەپسانىلەردىن بولۇشقا مەنسۇپ. بۇ ئەپسانىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن خىلمۇ-خىل بالايى-ئاپەتلەر يىغىنچاقلانغان ۋە مۇبالىغە قىلىنغان. پەلەك ئۆرگىلىگەن، زېمىن چۆرگىلىگەن، يانار تاغ-لاۋۋىلار جاھاننى قاپلىغان، كەلكۈن ھەممە يەرنى بېسىپ كەتكەن، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئادەملەرنى يېيىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان... جىددىي پەيتتە نۈيۋا كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، ھەر خىل چارىلەرنى قوللىنىپ غەلىبە قازىنىدۇ. ئالايلۇق، ئۇ رەڭدار تاشلارنى ئېرىتىپ تاۋلاپ ئاسماننى يامايدۇ؛ تاشپاقىنىڭ تۆت پۇتىنى كېسىپ، زېمىننىڭ تۆت تەرىپىگە تىرەپ تۈۋرۈك قىلىدۇ. قارا ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ، قومۇشنىڭ كۈلى بىلەن كەلكۈننى توسايدۇ. قىسقىسى، بۇ ئەپسانىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كۈچى، ئەقىل-پاراسىتى ۋە غەيرەت-شىجائىتى نۈيۋانىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى ناھايەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ئەپسانىدە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئورۇنلاپ، ئىنسانلارنىڭ مەقسەتكە يېتىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ياردەملەشكەن ئىلاھ بىر ئايال ئىكەن، ئەلۋەتتە بۇنى، ئانىلىق

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇقداشلىق تۈزۈم شارائىتى ئاستىدىكى ئايالLارنىڭ ھەممىگە خوجا بولۇش ئورنى ۋە رولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

قۇرغاقچىلىق ۋە سۇ ئاپىتى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكتىن، بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلارمۇ نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئېلىمىزدىكى خەنزۇلارنىڭ ئەپسانىلىرىدە «لى نىڭ توققۇز قۇياشنى ئېتىپ چۈشۈرۈشى» ۋە گۇن، يۈيلەرنىڭ كەلكۈن سۈنى تىزگىنلىشى دېگەن رىۋايەتلەر بار. ئىپتىدائىي ئىنسانلار: قۇرغاقچىلىق ئون قۇياشنىڭ تەڭلا چىقىشىدىن پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئۇلار ئارتۇق قۇياشلارنى يوقىتىش ئۈمىدىنى مەرگەنلەرگە باغلىغان؛ جۈملىدىن ئۇلار ئادەم ۋە ئوق يانىڭ رولىنى پانتازىيە ئارقىلىق تولىمۇ مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، ئوق يا ئېتىش مەرگىنى يى نى توققۇز قۇياشنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ قۇرغاقچىلىقنى يوقاتقان دەپ تەسۋىرلىگەن. ئىپتىدائىي سايمانلار ئۇلۇغۋار شىجائەت بىلەن مەلۇم رېياللىق ئاساسىدا خىيالىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن. گۇن، يۈيلەرنىڭ سۈنى تىزگىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەپسانە ئاتا — بوۋىلىرىمىزنىڭ قىيان سۇ بىلەن قىلغان كۈرىشى ۋە ئۇلارنىڭ قىيان سۈنى تىزگىنلەش ئارزۇسىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەپسانىلەردە قىيان سۇ ئاپىتى ئادەملەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئادەم چىراي، ئىلان بەدەن، قىزىل چاچلىق سۇ ئىلاھى گۇڭ گۇڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى توققۇز باشلىق، ئىلان بەدەن شاگىشى، شۇنىڭدەك كېيىنرەك «زىيانكەش» سۇ پەرى ۋۇجىچى قاتارلىقلار مەيدانغا چىققان، يەنە گۇن، يۈيلەرنىڭ سۈنى تىزگىنلىشىگە ياردەملەشكەن چىلۋى، يىڭلۇنلەر مەيدانغا كەلگەن؛ ئېيتىلىشىچە، گۇن ئۆلگەندىن كېيىن جەسىدى 3 يىلغىچە سېسىمىغان بولۇپ، ئاخىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

يۈي ئۇنىڭ قوسىغىنى يېرىپ چىققاندىن كېيىن، يەنى ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن سېرىق ئېيىققا ئايلىنىپ چوڭقۇر قاينامغا چۆكۈپ كەتكەن ۋە يۈي، گۇننىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، گۆك گۆك قاتارلىق سۇ ئىلاھلىرىنى بوي سۇندۇرغان، ھەمدە ئۇ سېرىق ئېيىق سۈپىتى بىلەن تاغلارنى تېشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. دېمەك، گۇن، يۈيلەرنىڭ سۇنى تىزگىنلىشىمۇ تەبىئەتنى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بوي سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئەپسانىدە رىياللىق ئاسلى مەلۇم دەرىجىدە كۆپەيگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قىيان سۇ بىلەن كۆرەش قىلىش جەريانىدىكى قەيسەر روھى خېلى كۆپ دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت — سىنىپىي لۇنۇش ئالامەتلىرىمۇ ئىلاھى پادىشانىڭ گۇننى ئۆلتۈرگەن ۋەقەگىدە تېپىك ئىپادىلەنگەن.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەپسانىلەردە، يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇشتىكى كۈچلۈك ئارزۇسى ۋە تىز پۈكمەس ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭغا «كۇافۇنىڭ قۇياشنى قوغلىشى»، «جىڭۋېينىڭ دېڭىزنى تىندۇرۇشى» تېپىك مىسال بولالايدۇ: كۇافۇ قامىتى ئېگىز گىگانت بىر ئادەم ئىكەنمىش، ئۇ قۇياشنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ ئۇسساپ كېتىپ ئۆلگەنمىش، ئۇ، ئۆلۈش ئالدىدا قولىدىكى ھاسىنى دالىغا تاشلىۋەتكەنلىكتىن، كېيىن ھاسا چۈشكەن يەردە بىپايان شاپتۇللۇق پەيدا بولغانمىش. بۇ ئەپسانىدىمۇ كۇافۇنىڭ تىز پۈكمەس ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن؛ يەندى شاھىنىڭ كىچىك قىزى نۈيۋا شەرقىي دېڭىزدا چۆمۈلۈپ ئويناپ تۇنجۇقۇپ كېتىپ چىرايلىق بىر قۇشقا ئايلىنىپ قالغانمىش، قۇشنىڭ ئىسمى جىڭۋېي بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياغاچ ـ تاشلارنى چىشلەپ توشۇپ، بىپايان شەرقىي دېڭىزنى تىندۇرغانمىش. مانا بۇ چوڭ بىلەن كىچىك، كۈچلۈك بىلەن ئاجىز ئوتتۇرىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، بۇنىڭدا كىچىك جىڭۋېينىڭ ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن.

تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئەپسانىلەردە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. چۈنكى تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش كۈرىشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولغان، ئەينى زاماندا كىشلەر دائىم ئاچارچىلىق ۋە ئۆلۈم تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن، لېكىن ئۇلار ئەپسانىلەردە ئۆز كۈچىنى، ئەمگەكنىڭ كۈچىنى نامايەن قىلغانلار سۈپىتىدە قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە خوجا بولۇشتەك ئىپتىخارلىق روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ھالبۇكى، ئاشۇ خىل تەسەۋۋۇر ئارقىلىق تەبىئەتنى بوي سۇندۇرىدىغان ھادىسىدىن ئۆتۈپ، ئەينى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ قۇدرەتلىك تەبىئەت ئالدىدا ئامالسىز قالغانلىقىدەك رىياللىقنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش يولىدىكى ئۇزۇن، جاپا ـ مۇشەققەتلىك تارىخىي مۇساپىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۇش. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىككى خىل مەزمۇندىكى ئەپسانىدە، ئاساسەن ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىپادىلەنگەن. ئەمدى ئەپسانىلەر ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئاز ساندىكى مۇرەككەپ ئەپسانىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تالىشىش سەۋەبىدىن جېدەل ـ ماجرا تۇغۇلىدۇ. ھەتتا قوراللىق جەڭ پارتلايدۇ. خۇاڭدى بىلەن چيۇ ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭ ئىپادىلەنگەن ئەپسانىدە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي

رىياللىق خىيالىي شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: چىۋ ئاكا-ئۇكا بولۇپ 81 ئادەم ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارچە سۆزلەيدىغان ھايۋانلار بولۇپ، مىس باشلىق، تۆمۈر پىشانە ئىكەن؛ جەڭدە چىۋ تۇمان پەيدا قىلىدىكەن، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن خۇاڭدى نىشان كۆرسەتكۈچ ھارۋا ياسىتىدىكەن؛ چىۋ بوران-يامغۇر پەيدا قىلغاندا، خۇاڭدى دۆ-پەرىزاتلارنى ياردەمگە چاقىرىدىكەن، ئاقىۋەت چىۋ مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلتۈرۈلىدىكەن. ئەپسانىدە جەڭ ناھايىتى قىزىقارلىق ھەم جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

«شىڭتىيەن — ۋۇگەن چىننىڭ نەيزىۋازلىغى» دېگەن ئەپسانىدە ھۆكۈمران كۈچلەرگە قارشى بىر ئوبراز يارىتىلغان. شىڭتىيەن تيەندى بىلەن ھوقۇق تالىشىپ، شىڭتىيەنىنىڭ كاللىسى كېسىپ تاشلىنىدىكەن، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ كىندىكىنى ئېغىز، ئەمچىكىنى كۆز قىلىپ، نەيزىۋازلىقنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. بۇ يەردىكى تيەندى شاھ جاھاندىكى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ، بۇنىڭ ھۆكۈمرانلىغىغا قارشى شىڭتىيەنىنىڭ (خەلقنىڭ) تىز پۈكمەي قەتئى قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى — كۈرەش قىلغانلىغى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەپسانىدىكى ۋەقە تارىخ تەرەققىياتىغا زىچ ماسلاشقان بولۇپ، خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، ئەپسانىلەردە ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ قىيىن شارائىتتا تۇرغىنىغا قارىماي، ياۋايى تۇردە يېڭىلىققا ئىنتىلگەن روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن؛ خالىس، قورقماس، قەتئى روھى، گۈزەل ئەخلاقىي-پەزىلەتلىرى ۋە قىيىنچىلىق ھەم ياۋۇزلۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى ئەقىل-پاراسەت، قابىلىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن. ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ناھايىتى ياخشى باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان. ئەمما ئەينى زاماندىكى تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شارائىتتا، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئاكتىپچانلىق روھى ئاڭلىق ئاساستا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەپسانىلەردە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئۇنى بوي سۇندۇرۇشتەك كۈچلۈك ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يەنە تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا قانچىلىك بىلىمسىز ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىمۇ ئىپادىلەنگەن؛ بەزىلىرىدە ھەتتا تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشتەك ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، بوران، يامغۇر، گۈلدۈرماما، چاقماق چېقىشلار ۋە ياۋۇز يىرتقۇچ ھايۋانلار تەسۋىرلەنگەندە، ھەمىشە دېگۈدەك ئاشۇ خىل ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. ئەپسانىلەرنىڭ بەزىلىرىدە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سېھرى كۈچىگە نىسبەتەن تۇغۇلغان فانتازىيىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ سەگەكلىك بىلەن تەبىئەتنى تونۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان. ئوبيېكتىپ جەھەتتە دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىغا مەدەتكار بولۇپ قالغان، جۈملىدىن بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئادەملەشتۈرۈلگەن ئەرۋاھ، ئەۋلىيا-ئەنبىيالار، تارىخىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلىگە ئايلىنىپ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇنىڭدىن ئوڭايلا پايدىلىنىپ كەتكەن.

### 3. ئەپسانىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئەھمىيىتى

ئەپسانىلەر خېلىلا ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر خىل ئاڭ شەكلى (ئىدېئولوگىيە) بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ خاراكتېر، ئىدىيە ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردە روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچىدىن. ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى تونۇشى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇشلىرىغا يېقىندىن ئەگەشكەن ھالدا كەڭ دائىرىلىك تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. كىشىلەر ئەپسانىلەر ئارقىلىق تۈمەنلىگەن شەيئىلەرنى چۈشەندۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تارىخ ئۆگىنىپ، ئەمگەكنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى؛ كۈرەش ئىرادىسىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ياخشى-يامانىنى ۋە ھەق-ناھەقنى ئېنىقلاپ پەرقلەندۈرۈپ كەلدى؛ جۈملىدىن ئۇلار قەھرىمانلارنى ماختاش ئارقىلىق ئۆز ئەجداتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ روھىي-ئەرۋاھلىرىنى مەدھىيىلەپ كەلدى. دېمەك، ئەپسانىلەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە بىر خىل ئەخلاقىي پىكىرلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى جەمىيەت تەرتىۋىنى ساقلاشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم روللارنى ئوينىغان؛ ئەپسانىلەرنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بىخ ئۇرۇۋاتقان ھالەتتىكى ئەدەبىياتى، تارىخى، دىنى، پەلسەپىسى، قانۇنى ۋە ئىلىم-پەنى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەپسانىلەرنىڭ خەلقچىللىقى ۋە ئەمەلىيەتتە كۆپ خىل ئاڭ شگتەيىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى، خەلق ئەدەبىياتى دائىرىسىدە خېلى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ يەردە، ئەپسانىلەر بىلەن ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىپتىدائىي دىن — بىر خىل ئىستىخىيىلىك يوسۇندا ھاسىل بولغان ئومۇم خەلق دىنى بولۇپ، ئۇنىڭ چوقۇنىدىغىنى كىشىلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىش مۇمكىن بولمىغان ياكى كونترول قىلىشقا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان تەبىئەت كۈچلىرىدۇر. ئۇنىڭ شەكلى ئاساسەن تۇتېمىزىم ۋە سېھىرگەرلىكتىن ئىبارەت. ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئەپسانىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار: بىرىنچىدىن، ئىككىلىسىنىڭ شەكىللەنگەن ئاساسى ئوخشاش. ماددى تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئەينى زاماندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناچار بولغانلىقتىن، تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشلەردە كىشىلەر زەئىپ ۋە كۈچسىز ھالدا ئىدى. ئىدىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەبىئەتنى ئوبيېكتىپ ئىلمىي ئاساستا تونۇش يېتەرسىز بولۇپ، تەبىئەت كۈچلىرى ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلالايدىغان ئەمەلىي نەرسە دەپ تونۇل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غان: ئىككىنچىدىن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش شەكلى
پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، تەبىئەت ئادەملەشتۈرۈلگەن ۋە ئەپسانە-
لەشتۈرۈلگەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئىپتىدائىي ئادەملەر ئىپتىدائىي دىن ۋە
ئەپسانىلەرنى ئىجات قىلىشتا مەلۇم مەنپەئەتنى مەقسەت قىلغان، يەنى
تەبىئەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىق ۋە تەبىئەتتىن تېخىمۇ
كۆپرەك تۇرمۇش بايلىقلىرى ئېلىشنى ئۈمىت قىلىشقان، شۇڭلاشقا
دىن بىلەن ئەپسانە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىككى خىل مۇھىم ئاڭ
شەكلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئالايلۇق،
ئىپتىدائىي دىنلاردا تەرغىپ قىلىنغان قۇياش، سۇ ۋە ھايۋانلارغا
چوقۇنۇش بولسا، ئەپسانىلەردىمۇ ئەكس ئەتكەن. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا «تاغ دېڭىز تەزكىرىسى»دىكى «بەش نومۇلۇق تەزكىرە»
شۇ زاماندىكى «باخشىلار كىتاۋى» ئىكەن، ئەمما بىز يەنىلا ئىككە-
سىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. ئالدى بىلەن
ئېيتقاندا، ئەپسانىلەردە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش
روھى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئۇنىڭدا خىيالىي شەكىللەر
ئارقىلىق ئەمگەكنىڭ كۈچ قۇدرىتى، ئادىمزاتنىڭ كۈچى تەكىتە-
لىنىپ، كىشىلەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرا
ئىنكاس قىلىنغان ھەم كىشىلەر تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا تىز پۈك-
مەسلىككە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ئىپتىدائىي دىنلار بولسا، ئاساسەن
كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش كۈرىشى جەريانىدىكى پاسسىپ
خاھىشلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن. گەرچە ئىپتىدائىي دىنلارمۇ سېھرىي
كۈچ ئارقىلىق تەبىئەتنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلسىمۇ،
ئەمما ئۇلار كۆپىنچە تەبىئەت ئوبيېكتلىرىغا خوشامەت قىلىش ۋە
يالۋۇرۇشنى ئىپادىلەپ، ئادىمزات بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى
خاتا ئىنكاس قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە قارشى كۈرەش ئىرا-
دىسىنى بىخۇتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەپسانە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەردىكى ئۇقۇم ۋە تەبىئەتنى كونترول قىلىش يولىدىكى ئارزۇ-ئارمانلار تىل ۋە ئېغىز-قوشاقلار ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ؛ ئىپتىدائى دىنلاردا بولسا، بۇ نەرسىلەر يىغىشتۇرۇلۇپ — دىنىي مۇراسىملار ئارقىلىق دائىم دىگۇدەك ئوبيېكت نىشانىنىڭ شەكلى، ھالىتى ۋە ھەركىتى تەقلىت قىلىنغان ھالدا شۇنىڭغا مۇناسىپ مەلۇم پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئەپسۇن-دۇرۇتلار ئوقۇلىدۇ، مانا شۇ ۋاستىلەر ئارقىلىق تەسىر ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنىلىدۇ ياكى بولمىسا پىرىخونلۇق ئۇسۇل-ناخشا، مۇناجاتلار بىلەن پەرىشتىلەر يىغلىتىلىپ، بولاردىن ئاپەتنى توگىتىپ، بەخت ئاتا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. قەدىمقى زاماندىكى ۋوجىيەن مانا شۇنداق مەخسۇس ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان دىنىي داھى بولۇپ، ئاتالمىش «باخشىچىلىق» پائالىيەتلىرى يۇقۇرقىدەك دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا قوللىنىلىدىغان ھونەر ۋە ۋاستە ھىساپلانغان. ئىپتىدائى دىنلار ئەنە شۇنداق دىنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق كىشىلەردىكى تەبىئەت كۈچلىرى سىرلىق دىگەن تونۇشلارنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ، كىشىلەرنى ئىلاھىي ئەرۋاھلارغا تېۋىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇكى، ئىپتىدائى دىنلار ئەينى زاماندا كۈچلۈك روھىي قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئىقتىسادىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەشتە ئىپتىدائى كوممۇنالارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلاپ تۇرۇشتا ئىنتايىن زور رول ئويناپ، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىگىمۇ كۆپ تەرەپتىن تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما دىن سېھرىگەرلىك ۋە قوللۇق ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، جەمىيەتتە سىنىپىي ئايرىلىش كېلىپ چىققاندا، مۇقەررەر ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىپ، ئىپتىدائى جەمىيەتتە ئىستىخىيىلىك ھالدا كېلىپ چىققان دىننىڭ خاراكتېرى تەدرىجى ئۆزگىرىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن يارىتىلىدىغان دىنغا ئايلىنىپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى، ئەۋلىيالار ھەققىدىكى فانتازىيىلەر ئىجتىمائى ىبقىندىلىق تۇسنى ئېلىش بىلەن تەڭ ئىلاھىي كۈچلەر ھەممىگە قادىر بولۇپ، ئەۋلىيالار ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىدۇ.

ئىككىنچى، ئەپسانىلەر خەلق ئەدەبىياتىدا فانتازىيىگە ناھايىتى باي شەكىل بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. ئەپسانىلەر ئاجايىپ-غارايىپ خىيال-پانتازىيىلەر ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: ئەپسانىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن زىددىيەتلەر «سانسىز، مۇرەككەپ ئەمىلى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرىشى كىشىلەردە پەيدا قىلغان سادda، قىياسى، سۇبيېكتىپ-خىيالى ئۆزگىرىشلەردۇر»①

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئىچىدە ئەپسانىلەر خىيالىي نەرسىلەرنى ئەڭ تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بولۇپ، ئەڭ جۇشقۇن ۋە جانلىق شەكىل ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەزى ئوبرازلار، پانتازىيىلەر شۇنچە قىزىقارلىق، ئېنىق ۋە تەبىئىدۇر. مەسىلەن، ئىپتىدائى ئادەملەر يېڭى كۆتىرىلگەن قۇياشنىڭ نۇر چېچىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، قۇياش ھەر كۈنى كۆلدە يۇيۇنۇپ ئاندىن كۆككە كۆتىرىلىپ چىقىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان. يەنە بوران، يامغۇر، گۈلدۈرماما، چاقماقلارنى پەيدا قىلغۇچى بىر تۈرلۈك ھايۋان دەپ پەرەز قىلىپ، ئۇنى 7 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى دېڭىز ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، بەدىنى سىلىق ھەم مۈڭگۈزى يوق، ھەركەتلەنسە بوران-يامغۇر ھاسىل بولىدۇ، كۆز بىلەن ئايدەك نۇر چېچىپ پاقىرايدۇ، ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك گۈكىرەيدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان.

① ماۋ زېدۇڭ «زىددىيەت توغرىسىدا»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى». ئۇيغۇرچە نەشرى 1-توم 619-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەپسانىلەردىكى ئوبرازلار ئاددىي-ساددا ھەم گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا دەبدەبىلىك سۆز-ئىبارىلەر ۋە چۈشىنىكسىز ۋاڭ-چۇڭلارمۇ يوق، ئەكسىچە ئۇ كەڭتاشا ۋاقىت ۋە ئالەمنى نامايەن قىلىپ، بولۇپمۇ شۇلار قوينىدا كىشىلەرنىڭ ئېلىپ بارغان جاپالىق ھەم داغدۇغىلىق ئىجادىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە كىشىلەرنى تىمتاسلىق ئىچىدە سادا ئاڭلاۋاتقاندەك، كۆركەمسىزلىك ئىچىدە گۈزەللىكنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، روھىنى ئۇرغۇتىدۇ.

ئەپسانىلەر ئاجايىپ خىيالىي تەسەۋۋۇرلارغا تولغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ئەمەلىي تۇرمۇشتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. شۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان ھالدا يارىتىلىدۇ. مەسىلەن، نۈيۋانىڭ سېرىق توپىدىن لاي ئېتىپ ئادەم ياسىغانلىقى ھەققىدىكى خىيالىي رىۋايەت ئەينى زاماندىكى ساپالچىلىق ھۈنىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېلىمىز خەلقىنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل بولغانلىقى، ھەمدە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدىنىدە دائىم تەر كىرلىرىنىڭ بولۇشى مۇشۇنداق فانتازىيىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

نۈيۋانىڭ رەڭدار تاش بىلەن ئاسماننى ياماشانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت ئەينى زاماندىكى مىتال تاۋلاش ھۈنىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا سەھەر ۋە كەچتىكى رەڭمۇ-رەڭ شەپەقنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەندۈرۈش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن. قۇرغاقچىلىق كۈنلەردىكى قاتتىق تومۇز ئىسسىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ئون قۇياش بىر ۋاقىتتا تەڭلا كۆتۈرۈلگەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان ۋە شۇ رىۋايەتتىكى «يى پالۋاننىڭ توققۇز قۇياشنى ئېتىپ چۈشۈرۈشى»دە ئىشلەتكەن قورالى نەق شۇ ئەينى

زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش قورالى — ئوق يا بولغان. بۇ خىل ئەسلى تۇرمۇشتىن كېلىپ چىققان پانتازىيىلەر، بۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي ئىختىيارسىز ئېلىپ بېرىلغان ئاڭ-پىكىر پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەپسانىلەردە ئىستىخىيىلىك خىيال فانتازىيىلەر ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ئەمىلىيەت ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، بارلىق ئەرسىلەر جانلىق ۋە ئاجايىپ نەرسىلەرگە ئوخشىتىلىپ، ئوبراز يارىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، مۇھەببەت-نەپرەتلىرى سىڭدۈرۈلگەن. بۇ خىل ئىختىيارسىز ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بەدىئىي پىششىقلاش جەريانى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئاڭ شارائىتلىرىغا باغلىق بولۇپ، بۇ جەرياننىڭ مەھسۇلى بولغان ئەپسانىلەرمۇ ئىنسانلار گۆدەكلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ماركس بۇ خىل ئەھۋاللارغا ئاساسەن، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەڭپۇڭسىزلىق قانۇنىيىتىنى يەكۈنلەپ چىقىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «سەنئەت توغرىسىدا توختالساق، كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئۇنىڭ گۈللىنىش دەۋرى ھەرگىز جەمىيەت تەرەققىياتى بىلەن تاناسىپ بولمايدۇ، شۇنداقلا، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ گەۋدىسى ھېساپلانغان ماددىي ئاساسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەنمۇ تاناسىپ بولمايدۇ». ئۇ يەنە: «بەزىبىر زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەدىئىي شەكىللەر سەنئەتنىڭ ئۆز دائىرىسى ئىچىدە، پەقەت سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ تېخى تەرەققىي تاپمىغان دەۋرىدىلا ئوتتۇرىغا چىقالىشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ماركس يەكۈنلەپ چىققان بۇ قانۇنىيەت، ئەپسانىلەرنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەپسانىلەردە تەسۋىرلەنگەن قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسىلا ئەۋلىيا ياكى يېرىم ئەۋلىيالاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوبرازلار ئاساسىي نۇقتا قىلىنىپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەپسانىلەردىكى ئەۋلىيا ياكى يېرىم ئەۋلىيالارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەمەلىي ئاساس تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. بىرى، تەبىئىي كۈچ ۋە تەبىئىي نەرسىلەر، يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش داۋامىدا مەيدانغا چىققان قەھرىمانلار ۋە داھىلار.

تەبىئىي ئوبيېكتلار تەسۋىرلەنگەن ئوبرازلاردا، ئىپتىدائىي ئادەملەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بىر تەرەپتىن نادانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىپ بىلىشكە قانچىلىك ئىنتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر خىل تەبىئەت ئوبيېكتلىرى بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پايدا-زىيان مۇناسىۋەتلىرى يەنىلا شۇ ئوخشاشمىغان تەسۋىرىي ئوبرازلار ۋە ھېسسىيات-خاھىشلاردا ئوچۇق ئاشكارا ئىزھارلانغان.

تەبىئەت دۇنياسى ۋە ياۋۇز كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ئەۋلىيا ياكى ئۇلۇغ زاتلار بولسا، ئەپسانىلەردە تەسۋىرلەنگەن شانلىق ئوبرازلاردۇر. بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بار. ئىدىيە جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ قەھرىمانلار ئومۇمەن پىداكارلىق روھىغا، ئادىمىزاتتىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئاجايىپ ماھارەت ۋە قەتئىي ئىرادىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سېھرى كۈچ-قۇدرىتى ئادەتتىكىدىن يۇقىرى؛ يەنە كېلىپ ئۇلار خەلقلەرنىڭ ئەمگەك جەريانى ۋە ھايات كەچۈرۈش يولىدىكى مەنپەئەتلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، بۇ ئوبرازلارنىڭ بوي تۇرقى ئادەتتە زور، كۈچ-قۇۋۋىتى چەكسىز بولۇپ، بۇ ئېنىقكى، ئەينى زاماندىكى قورال-سايمانلارنىڭ قوپال ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاددى بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، كۈننى قوغلىغان كۋافۇ قۇلاقلىرىغا ئىككى سېرىق ئىلاننى ئوراپ، قوللىرىدا ئىككى سېرىق ئىلاننى كۆتىرىپ يۈرىدىغان بىر ئوبراز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر سۇ ئىچىشتە خۇاڭخې، ۋېيخې دەريالىرىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قۇرۇتىۋەتكەن ھەيۋەتلىك ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك، زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تەسۋىرلەردە يەنە جىڭ ۋېغا ئوخشاش بەدەن جۇغى كىچىك ياكى بەدەن قۇرۇلۇشى غەلىتىلەرمۇ بار. جۈملىدىن ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالامەتلەرگە ئىگىلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ئۇزۇن بىلەك-لىكلەر دۆلىتىدىكى كىشىلەرنىڭ بىلەكلىرى ئۇزۇن بولۇپ، ئاسان بېلىق تۇتالايدۇ. قاناتلىقلار دۆلىتىدىكى ئادەملەرنىڭ قۇشلارنىڭكىگە ئوخشاش قانىتى بار، ئۇچالايدىغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل ئوبرازلاردا كوللىكتىپنىڭ توپلاشقان كۈچى نامايەن قىلىنغان ۋە مۇبالىغە قىلىنغان. ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ئۈمىتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنداقلا بۇ ئوبرازلاردا يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىما-ئىي مۇناسىۋەت ۋە ئەخلاقىي ئۇقۇملارمۇ جانلىق يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي دەۋردىكى بىر خىل ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئاڭ شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە. نۈيۋانىڭ لايدىن ئادەم ياساپ، تاشتا ئاسمان يامىغانلىق ئىشىدىن بىزنىڭ ئىلگىرى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋالا-لايمىز.

شى، يۈلارنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى ھەققىدىكى ئەپسانە، يىراق قەدىمقى خەلقلەرنىڭ كەلكۈن سۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەش جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شىڭ تيەننىڭ ئۆلتۈرۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىشى ھەققىدىكى رىۋايەت بولسا، جەمىيەتتىكى ھۆكۈمران كۈچلەر-
نىڭ شەكىللىنىشى ۋە جەمىيەتتىكى قارىمۇ-قارشى كۈچلەرنىڭ
مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەپسانىلەر ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنى چۈشىنىشتە ئوگەن-
مەي، ئىگەللىمەي بولمايدىغان ئاچقۇچلۇق نەرسە. ئېنگېلس ئىپتى-
دائى جەمىيەتنى تەرىپلىگەندە كۆپلىگەن ئەپسانىۋى ماتېرىياللاردىن
پايدىلانغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەپسانىلەرنىڭ تارىخىي قىممە-
تىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەپسانىلەر يەنە گۈزەل سەنئەت جەھەتتىمۇ يۇقىرى بەدىئى
قىممەتكە ئىگە، ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش لازىمكى، ئەپسانىلەر
ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىدىكى قەھرىمانلىق جاسارىتى ۋە
گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى نامايەن قىلغان. ئىپتىدائى ئادەملەر
قىيىن ۋە جاپالىق شارائىتلاردا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ھارماستىن
كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش
تارىخىي سەھىپىسىنى ئېچىپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ بۇ جاسارىتى مەد-
ھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ.

بىز ئەپسانىلەر ئارقىلىق، ئىپتىدائى باسقۇچتىكى سىنىپسىز جەمى-
يەتنىڭ بەزى ئىسىل خىسلەتلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئېنگېلس
«ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن
كىتاۋىدا مۇنداق بايان قىلغان ئىدى: «بۇ خىل — شۇنچە ئاددى-
ساددا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى نېمىدېگەن ئاجايىپ، نېمىدېگەن گۈزەل
تۈزۈم-ھە؟! ھىندىئانلار بىلەن ئۇچراشقانلىقى، تېخى چىرىكلىشىپ
كەتمىگەن ئاق تەنلىكلەر، بۇ خىل ۋار-ۋارلارنىڭ غورۇرى، ھەق-
قانىلىقى، چىداملىقى ۋە قەيسەرلىكىنى ماختىماي قالمايدۇ. بۇ ماخ-
تاشلار ئاشۇ خىل جەمىيەتنىڭ قانداق ئەرلەر ۋە قانداق ئاياللارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىيالايدۇ»①. بىزنىڭ ئەپسانىلەر ئارقىلىق ئېرىشكەن ئورتاق بىلىشىمىز يۇقۇرى باسقۇچلۇق ۋە سىنىپسىز جەمئىيەت قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىمىزدە جەزمەن زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى؛ ئىككىنچىدىن، ئەپسانىلەردىكى ئاكتىپ ھالدا يۇقۇرىغا ئىنتىلىشتەك ئارزۇ-ئۈمىتلەر، كۈچلۈك، جۇشقۇن ھېسسىياتلار، ئاجايىپ-غارايىپ تەسىرلىك ھادىسىلەر، كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۈچۈن تەربىيىۋى رول ئويناپ، رومانتىكىلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى يازغۇچىلار ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك ئۇلۇغ شائىرى چۈي يۈەن ئەپسانىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى «جۇدالىق زارى»②نى يېزىپ چىققان، بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ ئەجدىھانى مىنىپ، شامالدەك غۇيۇلداپ ئۇچۇپ، ئالەم بوشلۇقىدا ساياھەت قىلغانلىقى، جوڭخۇانى قايتا كۆرۈپ، پەرىزاتلارنى قىچارغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ، شۇنداق ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چۇ مەملىكەتىنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئالدىدا ھەرگىز تىز پۈكمەيدىغان ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. كېيىنكى دەۋرلەردىكى تاۋيۈەنمىڭ، لى بەي، لى خې، لى شاڭ قاتارلىق ئاتاقلىق شائىرلارمۇ ئەپسانىلەردىن ئەدەبىي تېمىلار ۋە بەدىئىي ئوبرازلارنى ئاللاپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە رومانتىكىلىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ ئىجات قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە، خەلق ئەدەبىياتى دائىرىسىدە ئەپسانىلەر گەرچە ساپ فانتازىيىلىك شەكىل بىلەن

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4-توم خەنزۇچە 92 — 93-بەت.

② ساۋۇت شەكلىدە يېزىلغان شېئىر.

ئوتتۇرىغا چىقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن فانتازىيە ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى سۈپىتىدە ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلىپ، ئۇزۇن تارىختىن بېرى كونىرىماس ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئۇسلۇپ، رىۋايەت، ھېكايە، ناخشا-غەزەل، مەدداھلىق ۋە كىچىك تىياتىرلارنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ كەلمەكتە.

ئەپسانىلەر ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە باشقىدىن ئىجات قىلىنىپ چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما تارىخ ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆچمەس جەلپ قىلىش كۈچىگە ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم رىۋايەت

## 1. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى، كېلىپ چىقىشى، تارقىلىشى

رىۋايەت ئەمگەكچى خەلق ئىجات قىلغان تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە يەرلىك قەدىمىي يادىكارلىقلار، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئالاقىدار ۋەقەلەردىن ئىبارەت. رىۋايەتلەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئىسىم-پەملىسى بار، بەلكى نۇرغۇنلىرى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر؛ ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ھامان شۇ يەردىكى مەلۇم تەبىئىي ۋە سۇنئىي نەرسىلەر ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن ئالاقىدار بولىدۇ. يەنە كېلىپ رىۋايەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى شۇ ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىر خىل ئىسپاتمۇ بولالايدۇ. كۆپ جايلاردا رىۋايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئەملىي يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ؛ شۇڭا ئۇلار مەلۇم تارىخىي، ئەملىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بەلگىلىك تارىخىي خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئەپسانىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ھەممىسىدىلا ئىجتىمائىي رىياللىق ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكتىن، ئۇ مەلۇم تارىخىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەمما رىۋايەتلەر ئادەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك كەڭ مەنىدىكى تارىخىيلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخ بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا بەلگىلىك ۋەقە ياكى تارىخىي ۋەقەلەرنى بىۋاستە شەرھىلەپ بېرەلەيدىغانلىقى ۋە بەزىدە مەنبەئەنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە ئىسپاتىنى سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق تار مەنىلىك تارىخىي ئىپادىلەش شەكلى بولالايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق. خەلق رىۋايەتلەر ئارقىلىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھادىسىلەر، ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرنى شەرھىلەپ بېرىپ، خەلقنىڭ كۆزقارىشىنى ۋە ئارزۇلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رىۋايەتلەرنى «ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن تارىخ» دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنداق بولۇشقا قارىماي، رىۋايەتلەر چىن مەنىدىكى تارىخ ئەمەس: جاڭلاڭ ئايالىلارغا چاخچاق قىلغانلىقتىن، مىڭ جاڭنۇي يىچۇنكوغا كەلگەندە، يىغلاپ ياشلىرى قۇرىغانلىقتىن بولاق ھاسىل بولۇپتۇ؛ خې لوڭ تۇل خوتۇنغا تەقدىم قىلغان چىچەك گۈللۈك ھاسا، خەلققە بەخت كەلتۈرىدىغان ئەجدىھار شەكىللىك ھاسىغا ئايلىنىپتۇ، دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەملىيەتتە يۈز بەرگەن ئەمەس، رىۋايەتلەر بەلگىلىك تارىخىي ئەملىيەتكە ئاساسەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن چاغدا، تاللاش،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوراشتۇرۇش، توقۇش، مۇبالىغىلاشتۇرۇش، كۆپتۈرۈش، خىيال، تەسەۋۋۇر قاتارلىق ئەدەبىي پىششىقلاشتۇرۇشتىن ئۆتىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغانلىرىدا كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنلىرى مەلۇم تارىخىي شەخسكە، ۋەقەگە ۋە مەلۇم سۇنئىي، تەبىئىي نەرسىلەرگە يۈكلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ھېكايىلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىلىدۇ. مەسىلەن، لۇبەن ھەققىدىكى رىۋايەتنى، ئالساق ۋاڭ نياڭشەن ھەققىدىكى رىۋايەت، لى فېڭتاۋ ھەققىدە رىۋايەت، گۇئنى ئوۋ ھەققىدە رىۋايەت قاتارلىقلارنى ئالساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ خىل ئەھۋالغا مەنسۇپ رىۋايەتلەردۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رىۋايەتلەردە مەلۇم تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان چۈشەنچىسى، كۆزقارىشى ۋە ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ. ئەكسىچە بۇنىڭ ئۆزى راس تارىخىي ۋەقەلەر سۈپىتىدە قايتا گەۋدىلەنمەيدۇ. رىۋايەتلەر چىن مەنىدىكى تارىخ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ماتېرىيال تاللاش نۇقتىسى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتلەردە ئوخشىمايدۇ، رىۋايەتلەر بەدىئىي ئىجادىيەتنى نوقتا قىلىپ ماتېرىيال تاللايدۇ. بەزى ماتېرىياللار تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا ئانچە مۇھىم ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما رىۋايەتلەرنىڭ ئىجات قىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. لۇبەن چۇنچيۇ زامانىدا لۇ بەگلىكىدە ئۆتكەن بىر ھۈنەرۋەن بولۇپ، ئۇ مۇھىم تارىخىي شەخس ئەمەس، مىڭ چاڭنۈي رىۋايىتىنىڭ ئەسلىسىدە: چى سەركەردە چىلاڭنى جەڭدە ئۆلتۈرگەن؛ ئۇنىڭ خوتۇنى شەھەر سىرتىدا ئېسىلىپ ئۆلۈشنى رەت قىلغان دېيىلگەن، بۇنىمۇ چوڭ ۋەقەلىك دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنى كىشىلەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تارقىتىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ھەممە كىشى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان رىۋايەتلەرگە ئايلاندۇرغان. يېڭى رىۋايەتلەردە ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈ-

لىدۇ. قەھرىمان شەخسلەر مەدھىيىلىنىدۇ؛ تولا ھاللاردا مەنىلىك كىچىك ئىشلار تاللاپ ئېلىنىپ پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە تارقالغان «خەق، بەك ئەدەپلىك ئىكەن» دېگەن رىۋايەتنى ئالىدىغان بولساق، بۇنىڭدا 8-ئارمىيىمىزنىڭ ئۇزۇن سەپەر قىلىش جەريانىدا ئاچلىققا چىداپ، يۇقىرىلارنىڭ قويۇپ قويغان تاماقلىرىنى قەتئىي يېمىگەنلىكى سۆزلەنگەن؛ بۇ بىر كىچىك ئىش ئارقىلىق خەلق ئارمىيىسىنىڭ ئاممىۋى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتەك ئېسىل ئىستىلى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي مەلۇماتلىق ئەمەلىي تەلۋى بىرقەدەر تولۇق بولۇپ، رىۋايەتلەر بەزى ھاللاردا تارىخىي ئەمەلىيەتنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يۇ فېي رىۋايەتلىرىنى ئالساق يۇفېينىڭ قىلغان، ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى بايان قىلىنغان ئەمەس ۋە ئۇنىڭ ھەممە ئىشىغا باھا بېرىلگەن ئەمەس. بۇنىڭدا پەقەت ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنگە سادىق بولۇشتەك خىسلىتىنىڭ بىر تەرىپىلا ئالاھىدە ئىپادىلەنگەن. ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە، تارىخنى ھەقىقىي يېزىپ، ئۇدۇلىسىغا بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، رىۋاتتە بولسا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لياڭ جۇ ھېكايىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئېلىپ ئېيتساق، شۇ ھېكايىدىكى ۋەقەلەرنىڭ راس يۈز بەرگەن-بەرمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاش قىيىن. ئەمما ئۇنىڭدا بەدىئىي ئوبرازلار ھەم سيۇژىتلار ئارقىلىق فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلىنغان. خېلى كۆپلىگەن توقۇلما رىۋايەتلەر مەسىلەن، ئاق يىلان ھەققىدىكى ۋە پىلە قۇرۇتىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئەمەلىيەتتە «تارىخىي بايان قىلىش ئۇسلۇبى»دا بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئەمەس، يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي ئامىللىرى كۆپىيىپ بارسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوخشاشلا ئەدەبىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ. مەسىلەن، «ماۋجۇشى پۇقرالارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى چۈشىنىدۇ» دېگەن رىۋايەت ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش مەزگىلىدە جىڭگاڭشەن رايونىدا تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ماۋجۇشىنىڭ بىر يېزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ياشلاردىن، قېرىلاردىن، باللاردىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا قانداق تەلەپلىرىنىڭ بارلىقىنى سورىغانلىقى، شۇنداقلا بىر-بىرلەپ ھەل قىلىپ بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ؛ ئىنقىلاۋىي رەھبەرلەرنىڭ ئاممىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىستىلى مەدھىيە-لىنىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى مۇقەررەر ھالدا ئەدەبىي جەھەتتىن يىغىنچاقلانغان، ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا تەسەۋۋۇر سىڭدۈرۈل-گەن، بۇ ئارقىلىق ئۇ تېخىمۇ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىنغان. «قىزىل ئارمىيە قەۋرىستانلىقى» دېگەن رىۋايەتتە قىزىل ئارمىيە سانتار-كىسىنىڭ (خۇشى) ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى قەۋرە توپىسىنىڭ كىشىلەر-نىڭ كېسىلىگە شىپا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ۋەقە خەلق ئاممىسىنىڭ قىزىل ئارمىيىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئىپادى-لەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رىۋايەت تارىخىي ئەمىلىيەتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرمەستىن، بەلكى تارىخنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەمما بۇ بىر تەرەپتىن شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رىۋايەتلەر تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، شۇنداقلا مەۋجۇت شەيئىلەر بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇنداق رىۋايەتلەر يېقىندىن بارلىققا كەلگەن چاغلاردا كىشىلەر ئۇنى ھامان راس بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەدەك بايان قىلىدۇ ھەم تارقىتىدۇ. ئەلۋەتتە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىنى

ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى ئازلاپ بارىدۇ. ۋاھالەنكى، بايان قىلىش ئۇسۇلى تارىخنى بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن، تەبىئىكى راستەك بىلىنىدۇ. بۇ خىل ھەقىقى ئىشىنىش تۇيغۇسى رىۋايەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدىبى سېھرى كۈچىنى شەكىللەندۈرگەن.

رىۋايەتلەر تارىختا ئەگەشكەن ھالدا بارلىققا كېلىدۇ. ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن. قەدىمقى رىۋايەتلەردىن خۇاگدى توغرىسىدىكى رىۋايەتتە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كونا كىتابلاردا بولسا خۇاگدى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلاردا: ئۇ «قاش تېشىدا ھەربى ياراق ياسىغان»، «سەپەرگە چىققاندا ئاجايىپ ئۇرۇش ھارۋىسى، ئوق يالارنى ياساپ بىللە ئېلىپ يۈرگەن، بەش خىل رەڭلىك كىيىم تەييارلىغان؛ ئۇنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى لېي زۇ پىلە قۇرۇتى باققان، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ساڭ جېي يېزىق ئىجات قىلغان؛ لىڭ لۇن چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ياسىغان» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بار. ياۋ، شۇن، يۇ قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى گۇمران بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئۈچ چوڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ دانىشمەنلىك بىلەن ئىش قىلىپ ئورنىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىگە ئوخشاش رىۋايەتلەر باشلانغۇچ كوممۇنىزىمنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىكى ئىجتىمائى ھالەتنى ئوچۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن؛ ئىپتىدائى ئادەملەر ئەڭ بۇرۇن ئەپسانىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىجتىمائى پائالىيىتىنى ئىپادىلىگەن. ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەپسانىلەرنىڭ ئىجات قىلىنىش ئاساسى ئاجىزلىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ كۈنسېرى گۈللىنىشى ۋە مۇرەككەپلىشىشى، ھەربى ئۇرۇشلار، قەھرىمانلىق ئىشلار

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق چوڭ-چوڭ ۋەقەلەر كىشىلەرنىڭ ئۆز تارىخىنى مەدھىيىلەش تەلىۋىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، رىۋايەتلەر تەدرىجى ھالدا گۈللىنىشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن شەخسلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر رىۋايەتلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋال ياكى ئەپسانىلەر تارىخىلىشىش ئارقىلىق، رىۋايەتلەرگە ئايلىنىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىشكە باشلىدى. مەسىلەن، خۋاڭدى بىلەن چىيۇ ئۇرۇشى توغرىسىدا، شيايۇنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى توغرىسىدا ئەپسانىلەر پەيدا بولۇش بىلەن بىللە رىۋايەتلەرمۇ پەيدا بولدى. ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى رىۋايەتلەر ئەپسانىلەرنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان. شۇڭا ئۇلاردا خىيالى نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، يىن گاۋزۇڭ دەۋرىدىكى ۋەزىر فۇيۇ كەمبەغەل ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققاچقا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بىر يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن، بۇ يۇلتۇز فۇيۇشىڭ يۇلتۇزى① دەپ ئاتالغان دېگەن رىۋايەتتە ئىپتىدائىي دەۋر كۆزقاراشلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئىپادىلەنگەن. جەنگو دەۋرىنىڭ چىن جياۋۋاڭ زامانىدا شۇ ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى لى بىڭ تەختتە تۇرغان چاغلىرىدا، سۇ ئىنشائاتلىرى ياساپ، دۆڭلەرنى تۈزلەپ، ئويلارنى تىندۇرۇپ يۈز مىڭ مولاپ يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ سىچۈەن ئويمانلىقىدىن كەلكۈن ئاپىتىنى يوق قىلىپ، ئۇ يەرنى چەكسىز ئېكىنزار، مۇنبەت، بايلىق كانىغا ئايلاندۇرغان، شۇڭلاشقا سىچۈەن خەلقى ئارىسىدا ئۇنىڭ شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك

① «چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ داستانلىرى. جۇدالىق زارى»دا «تام سوقاتتى فۇيۇ بىر چاغلاردا، ئۇنى ۋۇدىڭ بېگىم ئۆزىگە قىلغاچ ۋەزىر. بولدى ئىشەنچلىك خادىم» دېيىلگەن؛ «چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ داستانلىرى. يىراققا سەيلە قىلىش»تا «فۇيۇنىڭ يۇلتۇزغا ئايلانغانلىقىنى ئاڭلاپ كىشىلەر قالدى ھەيران؛ خەنجۇڭنىڭ پەرىشتىگە ئايلانغانلىقىنى ئاڭلىغانلار قالدى ھاڭ-تاڭ» دېيىلگەن.

بىرقاتار رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان، رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، لى بىڭ كالىغا ئايلىنىپ ئىلاھى دەريادىكى كەلكۈن پەيدا قىلغۇچى ئەجدىھار بىلەن ئېلىشقاندا، قارا بوران چىقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن، ئۇلار ئىنتايىن جىددى ئېلىشىشقان. كېيىن لى بىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرى ياردەم قىلىپ، ياۋۇز ئەجدىھارنى نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرگەن، بەزىلەر: ئۇلار ياۋۇز ئەجدىھارنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، چوڭ زەنجىر بىلەن باغلاپ، دۆڭ ئاستىغا بەنت قىلىپ قويغان، دېيىشىدۇ، دىمەك لى بىڭنىڭ سۇنى تىزگىنلىشىدىمۇ ئەپسانىلىق پۇراق كۈچلۈك. لېكىن ھېكايىنىڭ رېيال ئامىللىرى نىسپى ھالدا كۆپىيىپ بېرىش بىلەن خىيالى تەساۋۇرلار مۇھىم ئورۇنىنى ئىگەللىيەلمىگەن. بۇ رىۋايەت بىلەن تارىخنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ ئۇ كىشىلەرنى بەكمۇ ئىشەندۈرىدۇ. مانا بۇ ھال ئۇنى ئەپسانىلەردىن پەرقلەندۈرگەن. كېيىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئوخشىمىغان تارىخي دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بارلىققا كېلىدۇ، رىۋايەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىشلار ۋە شەخسلەر كۆپ ھاللاردا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ مەلۇم دەرىجىدە ۋە مەلۇم تەرەپتىن دەۋرنىڭ تەلىۋىنى نامايەن قىلىپ، ئامىمىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، پۇرولېتارىيات ئىنقىلاپچىلىرى ھەققىدىكى يېڭى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەپ ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى تارىخي تەرەققىياتنىڭ تەلىۋىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىدا؛ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ شەخسلىرىدىن باۋ گۇڭ، يۆ فېي، لى بىڭ، شى مىنباۋ قاتارلىقلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىشىدىكى سەۋەبىمۇ، بۇرۇن ئۇلارنىڭ دۆلەت، خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغانلىقى، ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە

ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن بولغان.

رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، تارقىلىش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز تۈردە تەكشۈرۈلىدۇ ۋە تاللىنىپ بارىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى قانچىكى زور بولسا، بەدىئىيلىكى قانچىكى يۇقىرى بولسا، ھاياتى كۈچى شۇنچە قۇدرەتلىك بولىدۇ. لۇبەن ھەققىدىكى رىۋايەت چۈنچيۇ، جەنگو دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن، دوڭ يوڭ ھەققىدىكى رىۋايەت ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ئالدىنقىسىدا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك ئىكەنلىكى مەدھىيىلەنگەن. كېيىنكىسىدە، خەلقنىڭ ئېزىلگۈچىلەرگە بولغان ھېسداشلىقى ۋە گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن، شۇڭا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە. رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىش جەريانى ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز پىششىقلاپ ئىشلىنىش جەريانى بولىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ بىر خىلى: ئەمەلىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شەخسەن ئۆز تەسىراتى بويىچە بۇرۇنقى رىۋايەتلەردىكى پىكىرلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شاللاپ، ۋەقەلىكلەرنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. مىڭ جاڭنۈي ھەققىدىكى رىۋايەتتىكى چىلاڭنىڭ خوتۇنىنى چى بېگى شەھەر سىرتىدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىنغان دېگەن ۋەقە رەت قىلىنغاندىن باشلاپ، رىۋايەت ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش بىلەن سۈي، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، مىڭ جاڭنۈي يىغلاپ سەددىچىنغىچە بارغان دېگەنگە تېزلا ئۆزگەرگەن. شىمالى چى سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى شىمال تەرەپتە سېپىل سالدۇرۇش ئۈچۈن خەلقنى كۆپ قېتىم ئالۋاڭغا ھەيدىگەن، پۇقرالار ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلغان؛ كۆپلىگەن كىشىلەر ئىش ئورنىدىلا ئۆلگەن. خەلق رىۋايەتچىلىرى چىن شىخۇاڭنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى ياسىتىشتەك تارىخىي ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، چى لاڭنىڭ خوتۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىغلاپ سەددىچىن سىپىلىغىچە كەلگەن دىگەن ھىكايىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككى ۋەقەنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى مۇكەممەل-يېڭى تارىخىي رىيالىلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رىۋايەت①كە ئايلاندۇرغان. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى ۋە قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەن. پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى — ئوخشاش ئىشلارنى ۋايىغا يەتكەن بىرەر شەخسنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

لۇبەن ھەققىدىكى رىۋايەت، باۋگوڭ ھەققىدىكى رىۋايەت بۇنداق پىششىقلاپ ئىشلەشلەردىن ئاللا بۇرۇن ئۆتۈپ بولغان. لۇبەن ئەسلىدە ياغاچچى ئىدى. ئۇ ئەقىل جەھەتتە كامالەتكە يېتىشىنىڭ تىپى بولغاچقا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر تارقىلىش جەريانىدا ئۆزلۈكسىز بېيىپ-كېڭىيىپ بارغان. قۇرۇلۇش ئىلىپ بېرىش، مىتال تاۋلاش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەرەپلەردىكى رىۋايەتلەرمۇ ئۇنىڭ نامىغا توقۇلغان. مەسىلەن، بېيجىڭدىكى گۇگوڭ خان سارىيىنىڭ قاراۋۇل بىناسى بىلەن جاۋجو كۆۋرۈگىنىڭ قۇرۇلۇشى لۇبەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ لېكىن كىشىلەر قۇرۇلۇشى نەپىس بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى لۇبەننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولغان، ياكى ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن، دەپ رىۋايەت قىلىپ كەلمەكتە. دىمەك رىۋايەتلەرنىڭ ۋەقەلىرى ئاشۇ يوسۇندا كۆپىيىپ، چېتىشىدىغان تەرەپلىرىمۇ كېڭىيىپ بارغان؛ شۇنىڭ بىلەن رىۋايەتلەردىكى باش قەھرىمانلار كۆپلىگەن كەسىپلەرنى ئىگەللىگەن ماھىر ئۇستىلارغا ئايلىنىپ نامايەندە بولۇپ كەلگەن. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلىنى بۇرۇندىن تارقىلىپ

---

① جوڭ جىڭۋېن: «ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان مىڭ جاڭنۇيىنى ئاقلاش» «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» خەنزۇچە 1979-يىل 7-سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى رىۋايەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يېڭى رىۋايەتلەرمۇ تارقىلىش جەريانىدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ، پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ. ئەمما يېڭى رىۋايەتلەرنىڭ ئىجات قىلىنىشى نىسبەتەن ئازلاپ كەتمەكتە. تارىخىي ئامىللارنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى، تارقىلىش ۋاقتىنىڭ قىسقا بولۇشى بىلەن كىتاپ ئارقىلىق تارقىتىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، رىۋايەتلەردىكى ئۆزگىرىش ئانچە چوڭ بولمايۋاتماقتا.

رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىشىدا مەركىزى نۇقتا بار، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. كۆپ ھاللاردا رىۋايەتلەردىكى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن ئورنى مۇقىم بولۇپ يەرلىك ئالاھىدە مەنزىرىلەر، مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقە، قەدىمى يادىكار-لىقلار بىلەن باغلانغان بولىدۇ. مەسىلەن، شىخو كۆلى رىۋايىتى، چاڭبەيشەن مېھىرگىياسى رىۋايىتى، جىڭدىجېن چاقچۇق قاچىلىرى رىۋايىتى، ياتلىق قىلىنغان پوياڭ رىۋايىتى، ليۇ سەنجې رىۋايىتى، جىڭگاڭشەندىكى ئىنقىلاپقا دائىر رىۋايەتلەر ۋە گۇاڭدۇڭدىكى دىخانلار رەھبىرى پېڭبەي ھەققىدىكى رىۋايەتلەر شۇ يەر، شۇ رايونلاردا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. يەنە بەزى مۇنەۋۋەر رىۋايەتلەر كەڭ تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى، باشقا جايلاردىكى باشقا مىللەتلەر-نىڭ ئىشلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، مۇنداق رىۋايەتلەر ھېكايە قىلىنغاندا، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئىجات قىلىنغاندەك ھىس قىلىمىز، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، لياڭ سەنبەي بىلەن جۇ يىڭتەينىڭ قەۋرىسى جېجياڭ، جياڭسۇ، سەندۇڭ، ئەنخۇي، خېنەن، خېبېي قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ھەممىسىدە بار ئىكەن؛ مېڭ جاڭنۈينىڭ يۇرتىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر خىل ۋە مۇرەككەپ ئىكەن. لياڭ سەنبەي بىلەن جۇ يىڭتەي ھەققىدىكى رىۋايىتى بەيزۇ مىللىتىنىڭ ئىچىدىمۇ تارقالغان بولۇپ، بارلىققا

كېلىشى بىلەنلا مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىلگەن، ھېكايىدە ئۆي ئۈستىگە يېپىلىدىغان كاھىشلار ياغاچقا ئۆزگەرتىلگەن؛ لياڭ سەنبەي بىلەن جۇ يىڭتەي بۇرۇن يېشىل ئورمانلاردا سەيلە قىلغان، دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۇلار ئۆزلىرى مەكتەپ سالغان، ئۇستەل-ئورۇندۇقلارنى ياسىغان، سۇ توشۇپ ئوتۇن يېرىپ، تاماق ئېتىشىپ ئەمگەك ماھىرلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن دېيىلگەن؛ سىيۈژىت جەھەتتە «18 قېتىم ئۇزۇتۇش» ۋەقەلىگىنىڭ ئورنىنى بېيىت ئېيتىش شەكلى ئىگەللىگەن. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى بەيزۇ خەلقىنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئىجتىمائى ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، شۇ رايوندا تارقىلىپ يۈرگەن لياڭ سەنبەي بىلەن جۇ يىڭتەي ھېكايىلىرىنىڭ مىللى ئالاھىدىلىگىنى شەكىللەندۈرگەن.

بەزى رىۋايەتلەر ئوخشاش تېمىدىكى قوشاق، ناخشا، ئەلنەغمە قاتارلىقلارغا ياندىش بولغان ھالدا خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كەلگەن، بۇ شەكىللەر ئۆز-ئۆزىدىن ياكى رىۋايەتلەردىن بۆلۈنۈپ چىققان. مەسىلەن، «مېڭ جاڭنۈينىڭ سەددىچىنغا قاراپ يىغلىشى» دىگەن ئويۇننىڭ بېيىتلىرى، لياڭ جۇ ئەلنەغمىلىرى قاتارلىقلار شۇنىڭغا كىرىدۇ؛ ياكى مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىجات قىلىنىدۇ، ئالايلۇق، باھادىر شاھ لى زىچېڭ ھەققىدىكى قوشاق ۋە تەيپىڭ تيەنگو، يىخېتۇەن ھەركىتى توغرىسىدىكى قوشاقلار.... ئوخشاش مەزمۇندا ھەر خىل شەكىللەر بىلەن تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان: چۈنكى، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، ئۇلارغا بەرگەن تەسىرىمۇ چوڭقۇر بولغان.

رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىشى جەريانىدا كۆپ ھاللاردا «ئىككى خىل مەدىنىيەت»نىڭ كەسكىن كۆرىشى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋەپ شۇكى، رىۋايەتلەردە دائىم ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنىدۇ، تارىخقا باھا بېرىلىدۇ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ؛ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار جەزمەن سۆكىلىدۇ. پاش قىلىنىدۇ؛ فېئوداللىق قائىدە-يوسۇنلارغا نارازىلىق ۋە قارشىلىق بىلدۈرۈلىدۇ؛ قەبىھ شەخسلەرگە ئۆچمەنلىك ۋە مەنسىتمەسلىك ئىپادىلىنىدۇ. رىۋايەتتە ئېقىپ يۈرگەن گەپلەرنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولىدۇ، شۇڭا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار رىۋايەتلەرنى جېنىنىڭ بىرىچە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدۇ؛ ئۇلار خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان باش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى بۇرمىلاپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنى گۈزەللەشتۈرۈپ، سىنىپىي زىددىيەتلەرنى كېلىشتۈرۈشكە فېئوداللىق خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىپ، فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاقىنى قوغداشقا جېنىنىڭ بىرىچە ئۇرۇنىدۇ. ئالايلۇق ئۇلار لياڭ جۇ ھەققىدىكى رىۋايەتتىكى، لياڭ سەنبەي بىلەن جۇيىڭتەيدىن ئىبارەت ئاشىق-مەشۇقلارنى ئاسماندىن ھۆر-پەرىلەر سۈپىتىدە يەرگە چۈشكەن، قائىدە بويىچە «چىن» ئالەمگە كېتىشى كېرەك دەۋېلىپ فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ جىنايىتىنى ئاقلىماقچى بولىدۇ. ھەتتا فېئوداللىق ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە قۇل قىلىشىنى پاش قىلغان ۋە ئەيىپلىگەن مىڭ جاڭنۈي رىۋايىتىنى ئۆزگەرتىپ خان-پادىشالارنى مەدھىيىلىگەن قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ دىخانلار قوزغىلىڭى ئەكس ئەتكەن رىۋايەتلەر دائىم دىگۈدەك ئەكسىيەتچى سىنىپلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلىدۇ ۋە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلىدۇ. «مىڭ، چىڭ ئوردىسىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار غەزنىسى»دە «سۇ بويىدا»نىڭ تارقىلىشىنى چەكلەش شۇنداقلا ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىش ھەققىدىكى پەرمانلار يېزىپ قالدۇرۇلغان. تەيپىڭ تيەنگو ۋە يىخېتۇەن ھەركىتى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ پىچەتلەشكە ئۇچرىغان. بۇلا ئەمەس، ئۇلار يەنە بېلىق كۆزىنى مارجان قىلىپ كۆرسىتىپ، دىخانلار قوزغىلىڭىغا ھاقارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلتۈرىدىغان رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىقىپ ئۇلارنىڭ دىققەت-ئېتى-ۋارىنى بۇرىۋەتمەكچى بولىدۇ. مەسىلەن، «رەھىمسىز خوانچاۋ» ۋە «قالدۇرۇلغان ئون سەككىز ئائىلە» دىگەن رىۋايەتلەردە خوانچاۋ ئادەم ئۆلتۈرگەندە كۆزىنى لىپ قىلىپ قويمايدىغان ئالۋاستلار پادىشاسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ؛ دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن، قەدىمقى زامان ئەمگەكچى خەلقلىرى رىۋايەتلەرنى ئىجات قىلىش ۋە تارقىتىش جەريانىدا مەلۇم قالاق ئىدىيەلەرنى ئىپادىلەپ قويۇشتىن خالى بولالمىغان بولۇشلىرى مۇمكىن، ئالايلۇق، فېئوداللارچە سادائەت-ۋاپادارلىق ئىدىيىسى، تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى، شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسى، پاك ئەمەلدارنىڭ ماھىيىتىنى توغرا تونىيالماسلىق تولىمۇ يۇقۇرى ئۈمىتتە بولۇپ قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى كۆرەلمەسلىك قاتارلىقلار شۇنىڭغا كىرىدۇ. بىراق بۇنىڭغا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ.

يېڭى رىۋايەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىجتىمائىي شەرت-شارائىتلار ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى دەۋردە، ئىشچى-دېخان خەلق ئاممىسى پارتىيەنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، كۆرەشلەرنىڭ تاۋلىشىدىن ئۆتۈپ سىنىپىي ئېڭىنى يۇقۇرى كۆتىرىدۇ، ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى ھەققىدە بىرقەدەر ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇلار نۇرغۇنلىغان قەھرىمانلارنى، تىللاردا داستان بولىدىغان ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە ئۇلارنى تولۇپ-تاشقان ھىسسىيات بىلەن مەدھىيىلەپ، يېڭى-يېڭى رىۋايەتلەرنى ئىجات قىلىش بىلەن رىۋايەت ئىجادىيىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى. خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى يېڭى رىۋايەتلەردە بىرقەدەر تولۇق ئىپادىسىنى تاپتى. «قىزىل ئارمىيە شەپكىسى» دىگەن رىۋايەت خەلق

ئاممىسىنىڭ دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز ئورۇندا تۇرغان ۋەزىيەتتە ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ يېڭىلمەس ئىكەنلىكىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچىنى ئىپادىلىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۆز قوشۇنى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۇلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ، قوغدايدۇ، ئۆزلىرىنى قىزىل ئارمىيىنىڭ تەقدىرىگە مەھكەم باغلايدۇ. «مودەن گۈل» دىگەن رىۋايەتتە يولداش چېن يىنىڭ ئۆز قولى بىلەن تىككەن ئىككى تۈپ مودەن گۈلنىڭ ئۇرۇش يىللىرىدا غۇچچىدە ئېچىلغانلىغى، بۇنىڭ ئىنقىلاپنىڭ چوقۇم غەلىبە قازىنىدىغانلىغىغا سىمۋول قىلىنغانلىغى بايان قىلىنغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان چاغلاردا مودەن گۈلمۇ نابۇت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، ئىككىنچى يىلىلا ئىككى تۈپ مودەن گۈل قايتىدىن ئاجايىپ باراقسانلاشقا باشلايدۇ. رىۋايەتلەردىكى ۋەقەلىكلەر كۆپتۈرۈپ، ئاشۇرۇپ، خىيالىي رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ خەلقنىڭ ئىنقىلاپ غەلىبىسىگە بولغان ئۈمىت ۋە ئىشەنچىنى روشەن، گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلەپ، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى ۋە قەتئىي ئىرادىسى نامايەن قىلغان. يېڭى رىۋايەتلەرنى سىنىپىي دۈشمەنلەر بەك ئۆچ كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پارتىيە ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئىنقىلاپچىلارنى يوقاتتى، بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلاپ يوللىرىنى ئىپادىلەشنى، ئىنقىلاۋىي ئەجداتلارنى مەدھىيىلەيدىغان رىۋايەتلەرنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن جېنىنىڭ بېرىچە باستى. ئەمما، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى باسىدىغان ھەرقانداق ئەكسىيەتچى ئۇرۇنۇشلار بەربىر مەغلۇپ بولىدۇ، تارىخىي ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلىغان. يېڭى رىۋايەتلەر پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىي بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا

ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىدۇ.

## 2. رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈرلىرى

رىۋايەتلەر خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە تارقالغان بولۇپ، كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە. ئائىلىلىق، دۆلەت ۋە مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار، سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ تۆھپىلىرى، شۇنىڭغا ئوخشاش ئائىلە، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى رىۋايەت سۈپەتىدە ئەدەبىي ياقتىن پىششىقلاپ ئىشلىنىپ مەيدانغا چىقىدۇ، بۇلارنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

### (1) شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

بۇ خىل رىۋايەتلەردە شەخسلەر مەركەز قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغان باش قەھرىمانلار تارىخىي شەخسلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمىغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق، ئۇنداق ياكى مۇنداق تۆھپىلەرنى ياراتقان، تارىخنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان بولىدۇ. خەلق ئۇلارنى خاتىرىلەپ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن رىۋايەتلەرنى ئىجات قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن تەرجىمھال يېزىپ، مۇنار تىكلەيدۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە تارىخىي شەخسلەرگە قارىتا تەنقىت ۋە پاش قىلىشلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا خەلق ئاممىسىنىڭ تونۇشىنىڭ روشەنلىكى ۋە ھەق-ناھەق كۆزقارىشىنىڭ كەسكىنلىكى ئىپادىلەنگەن، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار «پەيغەمبەر» دەپ ئاتىۋالغان كۆكزى «كۆكزى ۋە سەيياكلاك» دېگەن رىۋايەتتە توققۇز تولغىماچ مارجانغا تۆشۈك ئېچىشتىن ئىبارەت قىيىن مەسىلە ئالدىدا ئۇ يەنىلا خەلق ئىچىدىكى سەيياكلاكتىن سوراپ بىلىشكە موھتاج بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇ ھەممە نەرسىنى بىر كۆرۈپلا بىلىۋالىدىغان «ئەۋلىيا» ئەمەس. «جۇيۇەنجاڭ ھەققىدىكى ھېكايە»دە جۇيۇەنجاڭنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىپلا خۇشامەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا خۇشتار بولغانلىقى؛ ئۆزىنىڭ كونا يۇرتىدىكى باش نايىپنى كۆككە كۆتىرىپ ماختاپ، كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايدىغان قەدىناس ئاغىنىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى مەسخىرە قىلىنىدۇ.

رىۋايەتلەردە تارىختا بولۇپ ئۆتكەن خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. مەسىلەن، سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن ۋاڭ بو، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن چاڭ سىچىڭ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن لى زىچېڭلاردىن تارتىپ چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە خۇنەننىڭ غەربىدە ئۆتكەن مياۋزۇ مىللىتىدىن بولغان ۋۇبايۇ قاتار-لىقلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «زالىملار زۇلۇم سالسا، خەلق ئىسيان كۆتىرىدىغان» ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش بايان قىلىنغان، دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازلىرى يارىتىلغان، خەلقنىڭ ئازاتلىققا بولغان تەشنالىقى ئىپادىلەنگەن.

رىۋايەتلەردە يەنە ھۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدىكى تەرەققىپەرۋەر تارىخىي شەخسلەر مەدھىيىلەنگەن. مەسىلەن، شى مىنباۋ، لى بىڭشىڭ پايدا-زىيانغا بېرىلمىگەن؛ باۋجىڭ، خەيرۇي ھوقۇق بىلەن كارى بولماي، خەلققە نىجاتلىق تىلىگەن؛ يۆفېي، چى شۇيگۇاڭ، لىن زېشۇيلەر ۋەتەننى سۆيۈپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرغان ۋە باشقىلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى رىۋايەتلەردە مۇناسىپ ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە مەدھىيىلەنگەن، رىۋايەتلەرنىڭ ئاپتورلىرى كوللىكتىپ ئىجات قىلىش ۋە تارقىتىش جەريانىدا، خەلقنىڭ ئەقىل پاراسىتىنى ۋە كۈ-چىنى ئاشۇ تارىخىي شەخسلەر ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى غايىۋىلاشتۇرغان، بۇ خىل ئەدىبى ياقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىششىقلاپ ئىشلەش، كىشىلەرنىڭ تارىخىي شەخسلەرگە بولغان ئۈمىت، ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مادىدى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرمۇ خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە پارلاق ئوبراز سۈپىتىدە دائىم دىگۈدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. لۇبەن توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ ئېقىپ يۈرگىنىگە ئىككى مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىكى لۇبەن ئوبرازى ئۈزلۈكسىز بېيىش ئارقىلىق ماھىرلىقنىڭ تىپى بولۇپ قالغان. كېيىنكى ئەۋلادلار لۇبەننى ياغاچچىلارنىڭ پىرى دەپ تەرىپلەشكەن. ئۇلۇغ شائىر چۈيۈەن سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان. كىشىلەر ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ رىۋايەتلەردە «جۇدالىق زارى» ناملىق داستاننى ئوقۇغاندا تاغ مۇئەككىلىرىمۇ تەسىرلەنگىنىدىن يىغلاپ كەتكەن، دېيىشىدۇ؛ كىشىلەر يەنە رىۋايەتلەردە كىشىلەرنىڭ 5-ئاينىڭ 5-كۈنى ئەجدىھا سۈرەتلىك كېمىلەردە ئۈزۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، زۇڭزا يېيىشنى چۈيۈەننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بولغان، دېيىشىدۇ. ئۈچ پادىشالىق دەۋرىدىكى مەشھۇر تېۋىپ خۇاتو، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چوڭ خەتتات ۋاڭشىجى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لى بەي، ھەمدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يازغۇچى فوسۇڭلىڭ ۋە ساۋشۆچىن قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە رىۋايەتلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، بۇ رىۋايەتلەردە ئاشۇ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تالانت-ماھارىتى گەۋدىلىك مەدھىيىلەنگەن؛ ئۇلارنىڭ، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشى تەكىتلەنگەن-تەشەببۇس قىلىنغان: «تىرىشچانلىقتىن تالانت كېلىپ چىقىدىغانلىقى» كۆرسىتىلگەن.

«لۇبەننىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشى» دىگەن رىۋايەتتە لۇبەننىڭ كىچىكىدىن تىرىشچان، ئۆگىنىشكە ئامراق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ 6-7 يېشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن باشلاپلا پالتا-ھەرىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئاخىرى، مىڭ جاپالار بىلەن گاز ئۇستامىنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ئۈچ يىل ئۇيقۇ ۋە تاماقىنى تەرك ئېتىپ ئۆگۈنۈپ ئاخىرى تەڭداشسىز ئۇستىغا ئايلانغانلىغى سۆزلىنىدۇ.

«لى بەي ۋە مومايىنىڭ تۆمۈرلومنى بۆلەپ يىڭنىگە ئايلاندۇرغانلىغى» دېگەن رىۋايەتتە: شائىر لى بەي بىر مومايىنىڭ بىر لومنى سۈركەپ يىڭنىگە ئايلاندۇرۇۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالغاندا موماي: «تۆمۈر لومنى سۈركەۋەرسەڭ يىڭنە بولىدۇ» «ئەجرى قىلىۋەرسەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن لى بەي شۇ كۈندىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاخىرى ئاتاقلىق شائىرغا ئايلىنىدۇ، دېيىلگەن.

پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي داھىلىرى ۋە قەھرىمانلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن پارلاق تىپلاردۇر. ئۇلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە يىپ-يېڭى ئىنقىلاۋىي تېمىلارنى بەخش ئەتتى، خەلق ئاممىسى چەكسىز سېغىنىش ۋە يېقىنلىق ھىسسىيات بىلەن رىۋايەت ئىجادىيىتى ئارقىلىق ماۋزېدۇڭ، لىۋشياۋچى، جۇئېنلەي، جۇ دې، خېلوڭ، چېن يى، پىڭ دېخۇەي، پىڭ بەي، لىۋجىدەن، ياڭ چىڭيۈي قاتارلىق ئىنقىلاۋىي رەھبەرلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. ئۇلارنىڭ ئالىجاناپ ئىدىيىسىنى ۋە ئىنقىلاۋىي پاراستىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىغانلىغى، كەمتەر، چىقىشقاق، چىدامىلىق، ئاددى-ساددا ئىسىل ئىستىلىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى نۇرلاندۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى چىن قەلبىدىن تەسىرلەندۈردى. يولداش پىڭ دېخۇەي، بىڭ جياڭ رايونىدا ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەر بىلەن ئۈچ يىلدىن كۆپرەك شۇغۇللانغان بولۇپ ئۇ توغرۇلۇق تارقالغان رىۋايەتلەر تاكى ھازىرغىچە شۇ يەردىكى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە.

«سەن راستىنلا سۆزلۈك ئاسمان ئىكەنسەن» دېگەن رىۋايەتتە، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان قېرى دېخان ئۈچۈن قىساس ئالغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

«ئەجدىھار سۈرەتلىك ھاسا» رىۋايىتىدە يولداش خېلۇگىنىڭ ئۆزى ئىنتايىن ئەتىۋارلايدىغان تېۋىلغىدىن ياسالغان رەڭدار ھاسىنى بىر تۇل خوتۇنغا تەقدىم قىلغانلىقى ماختالغان: چىڭ شاڭ يېزىسىدىكى يالاقچىلار بۇ ھاسىنى ئاقتۇرۇپ تېپىش ئۈچۈن كەلگەندە، ھاسا، «گۈر» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ، بىر ئەجدىھارغا ئايلىنىپ، خۇڭخۇ كۆلىگە بېكىنىۋالغانىمىش ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە يامغۇر ياققاندا ئېتىلىپ چىقىپ كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇپ، خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىپ بەرگەنمىش. بۇ رىۋايەت ئىنتايىن تەسىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنقىلاۋىي داھىلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن گۆش بىلەن قاندەك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى ھەمدە خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي داھىلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

رىۋايەتنىكى باش قەھرىمان ئىچىدە تارىخىي شەخسلەردىن باشقا يەنە بەدىئىي قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىرىلغان تىپلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ تەقدىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ۋەكىللىك خاراكتىرگە ئىگە؛ ئۇلارنىڭ تەقدىرى، سەرگۈزەشتىلىرى مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىسمى تارىختا ھەقىقى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئىسمى بولسىمۇ، لېكىن، ئېقىپ يۈرۈش جەريانىدا بەدىئىي پىششىقلاشتىن ئۆتكەنلىكتىن، ئەمەلىيەتتە مەلۇم تەرەپنىڭ ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي كۈچنىڭ تىپىك پېرسوناژىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئەر ـ خوتۇن خەنپىڭلار توغرىسىدىكى رىۋا-يەتتە فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ شەھۋەتخور زالىملىقى پاش قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئېزىل-گەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ئۈچۈن مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتىرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىگە. يامانلىق قىلىشنى خالىمىغان ئەزىمەت توغرىسىدىكى رىۋايەتتە قول قىلىنغانلارنىڭ زوراۋانلارغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلىقى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن؛ خەلقنىڭ ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان كۈرەش ئىرادىسى قىزغىن كۈيلەنگەن؛ بۇنىڭدا قايغۇلۇق، ھەيۋەتلىك ۋە ئاجايىپ ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار بىلەن مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان ئانتاگونىستىلىك زىددىيەت كەسكىن تۈردە ئىپادىلەنگەن. دۆڭ يۈك ھەققىدىكى رىۋايەتتە ئىزىلگۈچىلەرگە چوڭقۇر خەيرىخاھلىق بىلدۈرۈلگەن. رىۋايەتتە ئىپادىلەنگەن ئۆزى ئىشلەپ، ئۆزى چىشلەيدىغان تۇرمۇشنى قوغلىشىشتەك كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئادەملەر توغرىسىدىكى يېڭى رىۋايەتلەردە مەسىلەن، «خېلۇڭنىڭ بىر ئات، بىر تال مىلتىق بىلەن چىن خىيىنى قوبۇل قىلىشى» «جاۋبىنلياڭنى پاراسەت بىلەن يوقىتىش» «بىرىنچى ھەربى سىگنال» قاتارلىق رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىي پېرسوناژلىرى يېڭى دەۋردىكى خەلق ئىرادىسىگە ۋە كۈچىگە ۋەكىللىك قىلغان قەھرىمانلار بولۇپ، ئۇلار دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە پاراسەتلىك، تەمكىن بولۇپ، قەھرىمانلىق شىجائىتىنى نامايەن قىلغان. ئاجىز بولسىمۇ كۈچلۈك دۈشمەننى يېڭىپ ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلىقنى كۆرسەتكەن.

(2) تارىخىي رىۋايەتلەر

بۇ خىل رىۋايەتلەر تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخقا قارىشىدۇر. بۇنداق رىۋايەتلەردە كۆپىنچە مەلۇم تارىخىي ۋەقە مەركەز قىلىنىپ، ھەر خىل قاتلاملار ۋە ھەر خىل كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ئەتراپلىق نامايەن قىلىنىدۇ. تارىخىي چىنلىق كۆرسىتىلىپ، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى ئىپادە قىلىنىدۇ.

جۇڭخۇا مىللىتى ئەزەلدىن خورلۇقنى ياقتۇرمايدىغان مىللەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان مىللى مۇستەقىللىقنى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن سانسىز قېتىم ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر قوماندانلاردىن ياڭ يېنىڭ تۆت ئەۋلادى دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان؛ كىران ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا زەربە بەرگەن، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى توغرىسىدا ئەينى ۋاقىتتا: «ئالەمدىكى مەرت-دانىشمەنلەرنى بىلمەيدىغان ئاۋام يوق، ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمەت-شاپائەتلىرى مەڭگۈ ياتلىنىدۇ»① دېيىلگەن. تاھازىرغىچە ياڭ سەركەردە جەمەتىنىڭ ئىش-ئىزلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئىشلەنگەن تىياتىرلارنى ئوينىلىپ، ئۇلار ھەققىدىكى ناخشىلار ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ياڭ ئائىلىسىنىڭ ئايال قەھرىمانى مۇگۈيىڭ مىللى ئەنئەنىمىزدە «ياغلىق ئارتقان قەھرىمان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر؛ ياڭ ئائىلىسىدىكى ھەسەتخور ۋە زىيانكەش مۇپەتتىش فەن رېنمې بولسا ھىلىگەر ئەمەلدارنىڭ تىپى بولۇپ كەلمەكتە. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چىن شۈيگۇاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قەتئى زەربە بېرىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەربى بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلدۇ. نەتىجىدە ئۇ، ئوغلىنىڭ بېشىنى كېسىپ سازايى قىلدۇ. خەلق چىن شۈيگۇاڭنىڭ مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشنى مۇھىم بىلگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى توغرىسىدا رىۋايەت توقۇيدۇ. بۇ رىۋايەتلەر جېجاڭ، فۇجيەن قاتارلىق دېڭىز بويى رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. چىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونى تالان-تاراج قىلىشقا كىرىشىپ، جۇڭگونىڭ مۇھىم پورتلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىشغال قىلىۋالدۇ.

---

① ئاۋ ياڭشيۇنىڭ «ياردەمچى ئامبارچى ياڭ جۇنچىنىڭ قەۋرە تەركىزىسى»دىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەجنەبىلەر ماللىرىنى كۆپلەپ بازارغا تۆكۈپ، زومىگەرلىك بىلەن ئېلىمىزدىن يەر-ماكان ئىگەللەپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، جۇڭگونى ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، دۇنيانى زىل-زىلىگە سالغان يىخېتۇەن ھەرىكىتى پارتلايدۇ. جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ كۆرەش بورىنى پۈتۈن جۇڭگونى قاپلايدۇ. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرى بولسا يىخېتۇەن ھەرىكىتىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، ئۇنى خالىغىنىچە بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن تۆھمەت چاپلاپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىشمۇ لېكىن مېھنەتكەش خەلق رىۋايەتلەر ئارقىلىق بۇ ئۇلۇغ كۆرەشنى سۈرەتلەپ، تارىخنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. «پولات قەلئە» «يەرلىك زەمبىرەك پادىشاسى»، «تۆمۈرچى پېڭ ئۇستام» قاتارلىق رىۋايەتلەردە تاجاۋۇزچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كەسكىن كۆرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان مىللى ئىپتىخارغا باي قەھرىمانلار مەدھىيىلەنگەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ياۋغا تىز پۈكۈپ تەسلىم بولۇشتەك شەرمەندىلىكى ئەيىپلانغان.

جۇڭخۇا مىللىتى شەرەپلىك ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ئىگە مىللەت. فېئوداللار ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇزۇن مۇددەت بېشىدىن كەچۈرگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى خۇددى دولقۇندەك ئۇزلۇكسىز كۆتىرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ «رەسمى تارىخ» لىرىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى بۇرمىلىنىپ، ھاقارەت قىلىنىپ كەلگەن، لېكىن، خەلق ئاممىسى ئۆز رىۋايەتلىرىدە ئۇلارغا رەددىيە بەرگەن. بۇ خىل رىۋايەتلەردە ئەمەلدارلار بېسىمىنىڭ خەلق قوزغىلاڭلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي چىنلىق كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قوزغىلاڭغا قاتناشقان قەھرىمان، مەرتلەر مەدھىيىلەنگەن. لياڭشەن بۇ كۆلى بويىدىكى قوزغىلاڭ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

مۇشۇ خىلدىكى رىۋايەتلەر ئىچىدە خېلى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە.
بۇ رىۋايەتلەردىكى شىڭجىڭگاڭنى پەم بىلەن ئېلىش، ۋۇسۇڭنىڭ
يولۋاسنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشى، ياڭجىينىڭ شەمشەر سېتىشى
قاتارلىق جانلىق ھېكايىلەردە قوزغىلاڭ قەھرىمانلىرىنىڭ «ئادالەت
ئۈچۈن يول ئاچىدىغان» يامانلارنى يوقىتىپ، ياخشىلارنى خاتىرجەم
قىلىش» تەك ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن؛ لى كۈي، لۇ جە-
شىن، ۋۇ سۇڭ قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. لياڭشەن
كۆلى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە خەلق ئارىسىدا ئېقىپ
يۈرۈپ، قىزغىن قارشى ئېلىنغان، شۇڭا نۇرغۇن رىۋايەتلەر قوشاق-
لارغا، تىياتىر غەزەللىرىگە ئايلىنىپ، تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ كەتكەن.
مىلادىدىن ئىلگىركى 209 - يىلى چىن شىڭ، ۋۇ گۇاڭلار زىشاڭ
يېزىسىدا توغ كۆتىرىپ مەيدانغا چىققان بۇ كۆتىرىلىش مەملىكىتىمىز
تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك دىخانلار قوزغىلىڭى
بولۇپ، شۇ يەرلەردە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە رىۋايەتلەر
ئېقىپ يۈرگەن. فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قاينام-
تاشقىنلىق تەيپىڭ تيەنگو دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى
ھەركەت ئون تۆت يىلغا سوزۇلۇپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېرىمىغا
كېڭەيدى؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە
بەردى. بۇ ھەركەتنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ۋە كۆلىمى كەڭ بولغانلىقتىن
بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ گۇاڭشى،
خۇبېي، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق تەيپىڭ ئارمىيىسى ئۇزۇن
مۇددەت ھەركەتلەنگەن رايونلاردا مۇنداق رىۋايەتلەر تېخىمۇ كەڭ
تارقالغان. «چى ۋاڭ — ۋاڭچۇنباۋ»، «ئون ئۈچ توپ دەرەخ» قاتارلىق
رىۋايەتلەردە مىڭ ئوردىسىنىڭ زوراۋان مەمۇرىيىتى، يېزا فېئوداللىق
كۈچلىرىنىڭ دىخانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن رەھىمسىز زۇلمى، بىشەم-
لىكى پاش قىلىنغان، سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈرلىكى،

نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغانلىقىنى جانلىق سۈرەتلەنگەن. بۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن رىۋايەتلەردە تەيپىن ئارمىيىسىنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە قەتئىلىك كۆرسەتكەنلىكى، خەلقنى ئاسرىغانلىقى مەدھىيىلەنگەن. «پومىششىكنىڭ ئەرزى» دېگەن رىۋايەتتە ئۈچ پومىششىكنىڭ تەيپىڭ ئارمىيىسى يېرىنى تەقسىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن پادىشا ئوردىسىغا بېرىپ ئەرز قىلغانلىقى، لى شۆچىڭ تەرىپىدىن رەددىيە بېرىلىپ، ئاغزى-بۇرنى ئېتىلىپ قالغانلىقى سۆزلىنىدۇ. «ئېسىپ قويۇلغان قاتىلما» دېگەن رىۋايەتتە تەيپىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىگە-چاقىسىز گۆدەك باللار ئۈچۈن قاتىلما ئېتىپ قويغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا قوزغىلاڭچى ئارمىيىنىڭ خەلق ئاممىسىغا قىلغان چوڭقۇر غەمخورلۇقى جانلىق بايان قىلىنغان. «خۇڭيائىڭنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ياۋۇزلار يۇرتىدىن ئۆتتىشى» دېگەن رىۋايەتتە تەيپىڭ ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق ئىنتىزامى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان قېرىنداشلىق ھېسسىياتى مەدھىيىلەنگەن. «تەيپىڭ ئارمىيىسى كەتمىدى»، «تەيپىڭ قۇدۇغى» قاتارلىق رىۋايەتلەردە خەلق ئاممىسىنىڭ تەيپىڭ ئارمىيىسىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىشى ئىپادىلەنگەن. بۇ رىۋايەتلەر خەلقنىڭ مەيدانىنى، قاراشلىرىنى، ھېسسىياتلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخىي چىنلىقنى ئېچىپ بەرگەن.

يېڭى تارىخىي رىۋايەتلەردە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مۇشەققەتلىك ۋە شەرەپلىك مۇساپىسى بايان قىلىنغان، جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدكۆتىرىپ، ئىنقىلاپ قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، خەلق قوراللىق كۈچلىرى مەدھىيىلەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشەنچ ۋە ئىنقىلاۋىي غايىسىنى ئىپادىلىگەن. ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى رىۋايەتلەردە قىزىل ئارمىيىدىن ئىبارەت قەدىمدىن تارتىپ كۆرۈلمىگەن خەلق ئارمىيىسى

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنىڭ خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. «توز ھەققىدە ھېكايە» ۋە «ۋاڭ مېي قىزچاقنىڭ ئارمىيىگە قاتنىشىشى» قاتارلىق رىۋايەتلەردە ئەينى ۋاقىتتىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش داۋامىدىكى جاپالىق كۈرەشلىرى، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزىل ئارمىيىگە نۇرغۇن چارە-ئاماللار ئارقىلىق ياردەم بەرگەنلىكى نامايان قىلىنغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن 2-قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدىكى رىۋايەتلەر تومۇرداش بولۇپ، ئومۇمەن بۇ رىۋايەتلەردە كۈرەش راۋاجلانغانسېرى بۇنىڭدىكى ۋەقەلەر دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ بارىدۇ؛ رىۋايەتتە ئىپادىلەنگەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭى، كۈرەش قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقى تېخىمۇ ئۆسۈپ بارىدۇ. «لى مومايىنىڭ گۈرۈچ تاسقىشى»، «كىچىك ھەييار» قاتارلىق رىۋايەتلەردە ئىنقىلابىي خەلقلەرنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە نىسبەتەن چوڭقۇر تونۇشى، كۈچلۈك نەپرىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئوينىغان كۈچلۈك رولىنى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. يېڭى تارىخىي رىۋايەتلەردە يارىتىلغان كوللېكتىپ قەھرىمانلارنىڭ ئاممىۋى ئوبرازى ئېقىپ يۈرۈپ پىششىقلانغان ۋاقتى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىياسىي جەھەتتىن خېلى يۈكسەك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ سەۋەبى: پرولېتارىيات سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئىنقىلابىي ئەڭ كەڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلغان، خەلق ئىنقىلابىي داۋامىدا مەيدانغا چىققان قەھرىمانلار ماركسىزىم-لېنىنىزىم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايىسى ۋە قىزغىنلىقى، كۈرەش قىلىشتىكى ئەقىل-پاراسىتى ۋە سەنئىتى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن.

(3) يەرلىك مەنزىرە ۋە شەيئىلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

بۇ خىل رىۋايەتلەردە تاغ-ئورمانلار، قەدىمقى ئاسارە-ئەتىقىلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈل-گىيا، دەل-دەرەخلەر، ھەر خىل جانىۋار، قۇرۇت-قوڭغۇز، بېلىقلار، ئۆرپ-ئادەت ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار تەسۋىرلەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئىسىملىرى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئەپسانىلەرگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن چىندىن ئوخشىمايدىغان جايلىرى بار: بىرىنچىدىن، ئەپسانىلەرنىڭ چۈشەندۈرىدىغىنى ئاساسەن ئومۇملىق خاراكتېرىگە ئىگە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت، مەسىلەن، ئاسمان، زېمىننىڭ، كۈن، ئاينىڭ، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلار؛ رىۋايەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە بولسا مەلۇم ئالاھىدە رايوننىڭ ئالاھىدە نەرسىلىرى تەسۋىرلىنىدۇ، مەسىلەن، مەلۇم تاغ، مەلۇم دەريا، كۆل، مەلۇم داۋى-دەرەخ، مەلۇم ھايۋان چۈشەندۈرۈلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەپسانىلەردا شەيئەلەرنىڭ كېلىش مەنبەئى ئاساسەن خام-خىيال (پانتازىيە) شەكلى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ؛ رىۋايەتلەردە بولسا گەرچە بەزىدە فانتازىيە تەركىپلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار كۈندۈلۈك تۇرمۇش شەكلى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ، ئۈچىنچىدىن، ئەپسانىۋى ئادەملەر چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئەپسانىلەردە راست ئادەم دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. رىۋايەتلەردە بولسا رىۋايەت قىلىنغان ۋەقەلەر بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەتتىكى ۋەقەلەرگە چېتىلسا، راست بولغان ۋەقەگە ئوخشىتىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىشەنچلىك مەسلىھەتلەردە مۇرەككەپ ئەھۋاللار گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ئوردا ئىچىدىكى چۆپكە ئوخشايدىغان ئادەملەر»، «پەرۋانە»، «ۋاڭ فۇشى»، «چى شۈيخې دەرياسى» قاتارلىق رىۋايەتلەردە سۆزلىگۈچىمۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ ۋەقەلىككە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، شۇنداقلا ھەممىسىگە ئىشەنمەيمۇ قالمايدۇ.

ئەمگەكچى خەلق بىر تەرەپتىن ئىجتىمائى ئەمەلىيەتكە قاتناشقاچقا، ئىجتىمائى تۇرمۇش تەجرىبىسىگە باي بولىدۇ، ئۇلارنىڭ جەمىيەتنى كۆزىتىشى چوڭقۇر بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قاتناشقاچقا يەرلىك تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە نەرسىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مىڭىسىدە ئوي-پىكىر پەيدا بولىدۇ-دە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدىكى تەسىراتلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ئاساسىدا ھېكايە توقۇشقا باشلايدۇ. مىللەتنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ھەمدە يەرلىك مەنزىرىلەرنىڭ خىلمۇ-خىل ئالاھىدىلىكلىرى جۈملىدىن خەلقنىڭ تۇرمۇشنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى، تارىخ جەمەتتىكى ئىزلىنىش-قىزىقىشلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

تاغ-دەريالار مەنزىرىلىرىگە ئائىت رىۋايەتلەردە خەلقنىڭ يۇرتىنى قىزغىن سۆيۈشتەك مېھىر-مۇھەببىتى بايان قىلىنغان؛ تەبىئىي ۋە سۇنئىي نەرسىلەرگە قىزىق ۋە ئەھمىيەتلىك چۈشەنچىلەر بېرىلگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى بىپايان، تاغ دەريالىرىنىڭ مەنزىرىلىرى خىلمۇ-خىل بولغاچقا بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرمۇ خىلمۇ-خىل، رەڭمۇ-رەڭ خاڭجۇ ئەتراپىدا ئېقىپ يۈرگەن قۇياش ئىزلەش توغرىسىدىكى رىۋايەت شەكىل جەھەتتە بىرنەچچە جاينىڭ مەشھۇر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاتا-بالا لىيۇ چۇنلارنىڭ نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ قۇياش ئىزلىگەنلىكى ھېكايە قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ يورۇقلۇققا، بەختكە بولغان تەشنالىقى ئىپادىلەنگەن. تەيۋەندىكى «قۇياش بىلەن ئاينىڭ سازلىقتىن قۇتۇلۇشى» توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ رىۋايەتتە بۇرۇنقى زاماندا ئىككى ئەجدىھا قۇياش بىلەن ئاينى بۇلاپ سازلىققا ئېلىپ چۈشۈپ تويىنغانلىقى؛ ئادەمزاتلار ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغاندا بىر جۈپ يىگىت قىز كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، قۇياش بىلەن ئاينى ئاسماندىكى ئەسلى جايىغا ئېسىپ قويغانلىقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن ئەجدىها ئويۇنىغان سازلىق قۇياش بىلەن ئاي پاتقاقلىقى دەپ ئاتالغانلىقى ھىكايە قىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتتە خەلق-نىڭ قاراڭغۇلۇقنى يوقىتىپ، يورۇقلۇقنى قولغا كەلتۈرۈشتەك قەيسەر ئىرادىسى جانلىق ئىپادىلەنگەن، ئۇندىن باشقا «كاككۇك ئىزلەش» دېگەن رىۋايەتتە فېئوداللىق ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا قۇربان بولغانلارغا چوڭقۇر خەيرى خاھلىق بىلدۈرۈلگەن. «كالتە قۇيرۇق قۇچقاچ ھەققىدە ھىكايە»دە چاڭبەيشەن تېغىدىكى ئىككى خىل قۇچقاچنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقلەر ئارىسىدىكى چوڭقۇر سىنىپىي مۇھەب-بەت مەدھىيىلەنگەن. يېڭى رىۋايەتلەردىكى تاغ-دەريا مەنزىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھىكايىلەرمۇ بار. ئالايلۇق: ئات تۇيىقى شەكىللىك قۇدۇق ھەققىدىكى رىۋايەت، خوڭتەنخې دەرياسى ھەققى-دىكى رىۋايەت، قۇيۇن قوشى ھەققىدىكى رىۋايەت قاتارلىقلاردا تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئالاقىدار ئىشلار بايان قىلىنىش بىلەن خەلقنىڭ ئىنقىلاپ داھىلىرىنى قىزغىن سۆيۈش قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش ۋە قەتئىي ئىنقىلاۋىي ئىرادە تىكلەشتەك خىسلەتلىرى نامايەن قىلىنغان. بۇ رىۋايەتلەر روشەن دەۋر خۇسۇسى-يىتىگە ئىگە.

مەملىكىتىمىزنىڭ يېرى كەڭ بايلىقى مول، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئەمگەكچان قەھرىمان خەلقىمىز شانلىق ماددى مەدىنىيەتلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن «جىسمانى ئەمگەك قىلغۇچىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇنىدا تۇرغان» كونا جەمئىيەتتە ئۇلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەمگىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ شەھۋەتپەرەستلىك قىلىشىغا كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ماددى ئاساس بولۇپ بەرگەن تىرىك تاپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بولسا، جېمىكى داڭدار كەشپىياتلاردىن بەھرىمەن بولۇپ، جاپاكەش ئەمگەكچى خەلق يىل بويى ئاچ-

www.uyghurkitap.com

زارلىقتا ئۆتكەن: ھاياتىمۇ خەۋپ ئىچىدە قالغان؛ پەلەك ئاشۇنداق
تەتۈر ئىدىكى، بۇ تارىخى ئەمىلىيەتلەر گۈزەل سەنئەت، يەرلىك
ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى رىۋايەتلەردە
كۈچلۈك تۈردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە
داڭ چىقارغان جىمىك دىجېن پار-پۇر قاچا-قۇچىلىرى، پار-پۇر
سايمان ئۇستىلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان پار-پۇر قاچا-قۇچا ھۈنەر-
سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى يېڭىلاپ، چوڭ كۈچ بىلەن ئىجات-
چانلىقنى جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، لېكىن ئەكسە-
يەتچىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بۇ ھۈنەر-سەنئەت ئەھلى
كۆپ مۇشكۈللۈكلەرگە ئۇچرىغان. «ئەجدىھا-ئەنقا سۈرەتلىك كارۋات»
دىگەن رىۋايەتتە فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقنى شەپقەتسىزلىك
بىلەن قۇل قىلغانلىغىنى جۈملىدىن بىر پىشقەدەم ھېجىرچىنىڭ قىزى
ئەۋلىيانىڭ كۆرسەتمىسى بويىنچە جېنىنى پىدا قىلىپ خۇمدانغا ئۆزد-
نى ئاتقانلىغى، شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھا، ئەنقا سۈرەتلىك كارۋات
پىشىپ چىققانلىغى، شۇنىڭدىن كېيىن جىمى ھېجىرچى-خۇمدانچى-
لارنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىنغانلىغى غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىنغان.
يۇنجىن رىۋايىتى — «كىمخاپ ئۈستىگە گۈل تىكىش»دىمۇ ئوخشاشلا
فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلىك كەيپ-ساپالىق
تۇرمۇشى پاش قىلىنغان. بۇنىڭدا ھۆكۈمرانلار ئۇستىلارنى گۈللۈك
قول ياغلىقلارنى توقۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ، ئۇستىلار مىڭ بىر مۇشەق-
قەتتە يۇنجىن (بۇلۇت گۈللۈك ياغلىق)نى توقۇپ چىققاندىن
كېيىن دۆلەت غەزنىسىگە سولىۋالىدۇ. شەرقى شىمالدا تارقالغان
مېھرى گىيا توغرىسىدىكى رىۋايەتتە، جاپاكەش خەلقنىڭ قېلىن
ئورمانلارنى، تاغ-دەريالارنى كېزىپ، دالا-تۈزدە يېتىپ-قوپۇپ،
ئاران تەسلىكتە مېھرى گىيانى كولاپ كەلسە ئۇنىڭ راھىتىنى پۇلى
بارلارنىڭ كۆرگەنلىگى تەسۋىرلەنگەن. بۇ رىۋايەتلەردە ئەمگەكچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، ئەقىللىق ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەر چوڭقۇر پاش قىلىنغان.

خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، مىللەتنىڭ تارىخى، تۇرمۇش شارائىتى ۋە مىللىي روھىي ھالىتى قاتارلىقلارنى بەلگىلەيدىغان نۇرغۇن ئامىللار بار. ئېلىمىز خەلقى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا ھەر خىل مول مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆرپ-ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. دۇەنياڭجې بايرىمىدا زۇڭزا يېيىش، ئەجدىھا سۈرەتلىك كېمە ھەيدەش ئۆرپ-ئادىتى چۈيۈەن رىۋايىتى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇرۇن ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئوچىقى بېشىدا ئوچاق ئىلاھىنىڭ بۇتى تۇراتتى. خەلق ئارىسىدا ئوچاق ئىلاھى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر تارقالغان. بەزى رىۋايەتلەردە ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك قىلىنىپ، ئۇ ئاچكۆز، ئىچى تار ئەمەلدار سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. يەنى ئۇ «يوغان ئېچىلغان ئالقان»نىڭ تامغا چۈشۈرۈلگەن سايىسىگە تەقلىت قىلىپ ياسالغان دېيىلىدۇ؛ يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ۋاپاسىز يىگىتكە تەقلىت قىلىپ ياسالغان دېيىلىدۇ. بۇ خىل رىۋايەتلەردە ئەمەلىيەتتىكى تەكشىسىزلىك پاش قىلىنغان. جۈملىدىن خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش تەندىنسىيىلىرى ئىپادىلەنگەن. پۇياڭ رايونىدا تارقالغان قىز ياتلىق قىلغاندا مەرسىيە ئوقۇش ئادىتى توغرىسىدىكى رىۋايەتتە فېئوداللىق ئىمتىيازنىڭ جىنايىتى رەھىمسىز پاش قىلىنغان. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەتلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە مىللىي خۇسۇسىيەتلەر ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ناخشىچى پەرىزات ليۇسەنجې ھەققىدىكى رىۋايەتتە جۇاڭزۇ خەلقىنىڭ نېمە ئۈچۈن ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغانلىقى، ئۇسۇلنى ئوبدان ئوينايدىغانلىقى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان دەرىجىدە يېشىپ بېرىلگەن. دەيزۇلارنىڭ «سۇ چېچىش بايرىمى» ھەققىدىكى رىۋايەتتە بۇ بايرامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئەھمىيىتى ئىسپاتلاپ بېرىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«سۇ چېچىش بايرىمى» ھەققىدىكى بەزى رىۋايەتلەر جۇكبلياك بىلەن باغلىق بولغان. لىزۇ مىللىتىنىڭ «مەشئەل» بايرىمى ھەققىدىكى رىۋايىتىدىمۇ خۇددى شۇنداق ئەھۋاللار بار. بىز بۇنىڭدىن خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاكا-ئۇكىدەك يېقىنلىقىنى ۋە زىچ ئالاقىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۇقۇرىدا شەرھىلەپ ئۆتكىنىمىزدەك مەنزىرە — ئاسارە-ئەتىقىلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە تەبىئى ۋە سۇنئى نەرسىلەر تارىخلاشتۇرۇلغان ياكى ئادەملەشتۇرۇلگەنلىكتىن ئۇ نەرسىلەر كىشىلەر تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن. رىۋايەتلەردە ئۆرپ-ئادەتلەرمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق تەرىپلەنگەن. بۇ رىۋايەتلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخنى شەرھىلەشتەك قەتئى تىلىگىنى، يەنە ساغلام مول تۇرمۇش ھەۋەسلىرىنى ۋە ئاجايىپ جانلىق بەدىئى تەسەۋۋۇر كۈچقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

رىۋايەتلەرنىڭ يۇقۇرقىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىشى كۆرۈنىشتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دائىم دىگۇدەك بىر-بىرىگە كىرىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ.

ئەنئەنىۋى رىۋايەتلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخنىڭ بەدىئى خاتىرىسى بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇ مۇھىم تارىخى قىممەتكە ئىگە. ئەنئەنىۋى رىۋايەتلەردە ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، قەھرىمان، قارشىلىق كۆرسىتىش جۇرئىتىگە ئىگە خەلق ئىكەنلىكى؛ جۇملىدىن ھەق-ناھەقنى روشەن پەرق ئېتىدىغان، مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق خەلق ئىكەنلىكى نامايان قىلىنغان. مۇنەۋۋەر رىۋايەتلەر ئارقىلىق مىللەتنىڭ ۋە سىنىپنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىنى ئەلگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۇرگىلى، خەلقتە ۋەتەننى، يۇرتنى سۆيۈش، مىللەتنىڭ تارىخىنى ھۆرمەتلەش تەربىيىسىنى ئېلىپ بارغىلى، خەلقنىڭ قوزغىلىپ،

زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇشىغا ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ. بىراق قەدىمقى ئەمگەكچى خەلقلەردە ئىلمى تارىخى قاراشنىڭ ۋە ئاڭلىق سىنىپىي ئاڭنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دىمەك ئۇلارنىڭ تارىخى ۋەقەلەر، شەخسلەر ۋە ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە نىسبەتەن قارىشىدا، تەبىئىكى دەۋر ۋە سىنىپ چەكلىمىسىنىڭ تەسىرى، جۈملىدىن ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى ئەكس ئەتكەن. ئىنقىلاۋىي رىۋايەتلەر ئەنئەنىۋى رىۋايەتلەرنىڭ چەكلىمىلىكىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋى كۈرەش ئەمىلىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىنقىلاۋى ئىدىيىلەرنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىجات قىلغان رىۋايەتلىرى بولۇپ، ئۇ ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە قەھرىمانلىق ئۈلگىلىرىنى تىكلەشتە كۈچلۈك قورال بولالايدۇ.

### 3. رىۋايەتنىڭ بەدىئى خۇسۇسىيىتى

رىۋايەتلەر ھىكايە ۋەقەلىكى ۋە شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتلەردە گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، ھىكايە ۋەقەلىگى جەھەتتە «ئاجايىپ-غارايىپلىغى» گەۋدىلىكتۇر. «ئاجايىپ-غارايىپلىغى» دىگەندە ھىكايە ۋەقەلىگىنىڭ ئالدى بىلەن ئاساسى جەھەتتىن تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك بولۇشى، ھىكايىنىڭ رىۋاجى ئاساسەن تۇرمۇش لوگىكىسىغا ئۇيغۇن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش خام ماتىرىياللىرىنى تېخىمۇ تاللاش، يىغىنچاقلاش، ياساش، رەڭدار قىلىش مۇبالىغىلاشتۇرۇش، پانتازىيىلىك قىلىش، جۈملىدىن تەسادىپى «كىشىلىك دۇنياسىدىن ھالقىپ كەتكەن» ۋەقەلەر ئارقىلىق ھىكايىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىمەك، ھىكايە ۋەقەلىگىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق بولۇشى بىلەن كۈتمىگەن يەردىن چىقىشى؛ چىنلىق سىزىلىپ تۇرۇش بىلەن بىللە نىسبەتەن ئەگرى توقاي، ئاجايىپ-غارايىپ بولۇشى ھەمدە كىشىنى

جەلپ قىلالايدىغان ئۈنۈمگە ئىگە بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل
ئەھۋال — خۇسۇسىيەتلەر بەزى كەڭ تارقالغان، زور تەسىر كۆرسەت-
كەن رىۋايەتلەردە ئالاھىدە ئومۇملاشقان بولۇپلا قالماستىن بەلكى
كۆپلىگەن ھەجمى بىرقەدەر كىچىك، ۋەقەلىكى بىرقەدەر ئاددى
رىۋايەتلەردىمۇ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە
ھىكايىنىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىقى رىۋايەتنىڭ تارقىلىشىدىكى بىر
مۇھىم شەرت.

رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا مۇئەييەن تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى
بولىدۇ، شۇنداقلا ھىكايە تارىختا ياكى ئەمەلى بار نەرسىلەرگە بېقى-
نىدۇ. رىۋايەتلەردىكى ۋەقەلەر ھەم شەخسلەر ئاساسەن تۇرمۇشنىڭ
ئۆز ھالىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، شۇڭلاشقا رىۋايەتلەر ئىجتىمائى ئامىل-
لارغا ۋە رىيال ئامىللارغا ئىگە بولىدۇ. «شاڭ دوگىيۇگىنىڭ يەتتە
پەرىزاتقا يولۇقىشى» دىگەن رىۋايەتتىمۇ، شاڭ دوگىيۇگىنىڭ مۇھىم
پائالىيەتلىرى كىشىلەر ئارىسىدا بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ
رىيال تۇرمۇشتىكى شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ئىكەنلىكىنى، ئەرلەر يەر
تېرىپ، ئاياللار رەخت توقۇغانلىقىنى، ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ ئۆز
كۈچىگە تايىنىپ ياشايدىغان ئىدىيىۋى ھىسسىياتى نامايەن قىلىنغانلىقى-
نى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «ئاق ئىلان تەزكىرىسى» قارىماققا ئاجايىپ-
غارايىپ تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسى ۋەقەلىكى كىشىلەرنىڭ
تۇرمۇشىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىشلاردىندۇر. رىۋايەتلەر كۆپ ۋاقىت-
لاردا يەرلىك تەبىئى نەرسىلەر، سۈنئى نەرسىلەر ۋە ئۆرپ-
ئادەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى
ۋە ئەمەلىيەتتە كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى مول بولىدۇ. مەسىلەن،
«ئاق ئىلان تەزكىرىسى» لې نىڭ مۇنارىسى بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىپ
كەتكەن ئەپسانىلەردىن ئۆزگىرىپ مەيدانغا چىققان پادىچى يىگىت-
توقۇمىچى قىز ھىكايىسى قىزدىن كەشتىچى بولۇش، يىگىتتىن چەۋەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۈنەرۋەن بولۇش تەلەپ قىلىنىدىغان ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن بىرلەشىپ كەتكەن. بۇ يۇقۇرىدا ئېيتقان ئەھۋاللارغا مەنسۇپ. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن رىۋايەت ئاجايىپ-غارايىپلىققا ئىگە ئىكەن، ھەر ھالدا «ئاجايىپ غارايىپلىق» گەۋدىلىنىشى كېرەك. بۇ رىۋايەتتىكى ھېكايىلەرنىڭ تەرەققىياتى كۆپ ھاللاردا تويۇقسىز يۈز بېرىدىغان تەسادىپى، كىشىلىك دۇنياسىدىن ھالقىغان سېيۇژىتلەرنى ئۆزگىرىشىدىكى ۋاستە، پەيت قىلىغان. چۈنكى، رىۋايەتتىكى ۋەقە (ھېكايە) تۇرمۇشتىكى راست ئىشلارغا قارىغاندا ئەگرى-توقاي، ناھايىتى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. شادىيانە ئۇچرىشىش، قايغۇلۇق ئايرىلىش ناھايىتى كۈچلۈك-شىددەتلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، باھادىر شاھ لى زىچېڭ، قىش پەسلىدە قوشۇننى باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىن كېچىپ ئۆتۈشنى ئويلاپ، تىت-تىت بولغانلىقتىن ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئاقىرىپ كېتىدۇ. شۇ ئەسنادا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى بىر كېچىدىلا مۇزلاپ ئۆتكۈدەك بولىدۇ. لۇبەن تاغدىن تاش ئېلىپ كېلىپ، بىر ئاخشامدىلا جاۋجو كۆۋرۈكىنى ياساپ چىقىدۇ؛ چىلاڭ ھاشادىن قېچىپ كېتىۋېتىپ، تويۇقسىز مېڭ جاڭنۈيگە ئۇچراپ قالىدۇ، مېڭ جاڭنۈي ئۇزۇن يوللارنى كېزىپ، ئىز-ئىزلاپ زار-زار يىغلاپ ئاھى بىلەن سەددىچىننى غولىتىۋېتىدۇ. مانا بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار يۇقۇرقى دىگىنىمىزگە مىسال بولالايدۇ. بولۇپمۇ لياڭشەنبەي بىلەن جۇيىڭتەي ۋە ئاشىق-مەشۇق خەن خىڭلەرنىڭ تىراگىدىيىلىك ھېكايىلىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاساسى قەھرىمانىنىڭ تەقدىرى باقى ئالەمگە باقىۋەندە بولۇش بىلەن تۈگەيدۇ. دىمەك، رىۋايەتلەردە غەلىتە ئىشلار ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن.

يېڭى رىۋايەتلەردە ئەنئەنىۋى رىۋايەتلەردىكى ھېكايە ۋەقەلىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنغان. يېڭى رىۋايەتلەردە ئۇرغۇنلىغان راست ئادەم، راست ئىشلار تەسۋىرلەنگەن، بۇنىڭدىكى ئامىللار كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان. تىللاردا داستان بولىدىغان ئامىللاردۇر. ئەمما رىۋايەت قىلغۇچىلار كۆپ ھاللاردا گۈزەل تەسەۋۋۇر، ئويدۇرما — مۇبالىغە قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئوبدان ئىشقا سالغانلىقتىن ھېكايە تېخىمۇ قىزىقارلىق، تەسىرلىك بولۇپ چىقىدۇ-دە. خەلقىنىڭ قايناق ئىنقىلاۋىي ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاق چاچلىق قىز رىۋايىتىدە ئاساسى قەھرىماننىڭ ئوخشىمىغان كەچۈرمىش-لىرى. «كونا جەمئىيەتتە ئادەم جىنغا ئايلانغان بولسا، يېڭى جەمئىيەتتە جىندىن ئادەمگە ئۆزگەرگەن»لىگىدىن ئىبارەت تارىخى چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ رىۋايەت ناھايىتى ئاجايىپ-غارايىپلىقتا ئىگە. «چىن يەڭگىنىڭ خەۋەر يەتكۈزۈشى» دېگەن رىۋايەتتە ئاساسى قەھرىمان ئايالنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىق شارائىت ئاستىدىمۇ خەۋەر يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىغانلىقى مەدھىيىلەنگەن. ھېكايىنىڭ بىرقانچە بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدا تۇيۇقسىزلىق، تەسادىپىلىق ئامىللىرى بار. شۇڭا رىۋايەت ئەنسىزلىك، ئەگرى-توقايلىق بىلەن تولغان بولۇپ رىۋايەتتە ئاساسى قەھرىمان ئايالنىڭ ئەقىل-پاراستى، ئېغىر بېسىقلىغى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرىلگەن. «ئەجدىھا سۈرەتلىك ھاسا»، «قىزىل ئارمىيە قەۋرىستانلىقى»، «قىزىل ئارمىيە ئېلانى»، «قىزىل ئارمىيە كۆۋرۈكى» قاتارلىق رىۋايەتلەردىمۇ پانتازىيە ئامىل-لىرى بار. بۇ يېڭى رىۋايەتلەردىكى مۇبالىغە، تەسەۋۋۇرلار خەلق ئۆز كۈچىنى تونۇغان، غەلىبە — تاڭ نۇرىنى كۆرگەن، يەنى قەد كۆتىرىپ ئازاتلىققا ئېرىشكەن ئەھۋال ئاستىدا جارى قىلىنغان. شۇڭا بۇنىڭدا ئىنقىلاۋىي ئۈمىتۋارلىق روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

رىۋايەتلەردە يارىتىلغان پېرسوناژلار كۆپ ھاللاردا، ھېكايە سيۇژىتى (ۋەقەلىكلىرى) بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ۋەقەلىك-

تىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھىسسىياتى مۇھىمى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، قاتمال تەسۋىرلەشلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. «لى نىڭ ئاجايىپ يوغان ئىلانىنى چېپىپ تاشلىشى» دېگەن رىۋايەتتە 12-13 ياشلىق بىر قىزنىڭ ئۇزۇنلۇغى 8-7 جاڭ كېلىدىغان، ئۇن نەچچە قات يۆگىلىدىغان چوڭ ئىلانىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ؛ ئاساسى قەھرىمان سەبىي ئاجىز بىر بالا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىلان بىلەن ئېلىشقاندا ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئوچۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «يامانلىق قىلمايدىغان ئەزىمەت» دېگەن رىۋايەتتە بىرنەچچە پېرسوناژنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەتلىك بولۇشتەك خاراكتېرى كىشىنىڭ قەلىب تارلىرىنى چېكىدىغان بىر تالاي ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. «پاختىلىق كىيىم»، «نەشپۈت تۈۋىدە» دېگەن يېڭى رىۋايەتلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا جۇ ئېبلەينىڭ يېڭى پاختىلىق كىيىمنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈشتەك، ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ بىر تالمۇ نەشپۈتىنى بىكارغا يېمەسلىكتەك پەزىلىتى ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. «8-ئارمىيە ئايال جەڭچىسىنىڭ مىلتىق ئولجا ئېلىشى»دا بىر ياش ئايال جەڭچىنىڭ قۇرۇق قول بىلەن ئىككى قوراللىق دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ھېكايىدە جىددى توقۇنۇش ئارقىلىق ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلارنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك، قورقماس ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك نامايەن قىلىنغان.

بۇ رىۋايەتلەردىكى پېرسوناژلارنى سۈرەتلەشتە ئومۇمەن يۈزەكى سۈرەتلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان؛ پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنىڭ بىر تەرىپىلا تەكىتلەنگەن. شۇڭا ئوبرازلار ساددا ۋە روشەن ھالدا گەۋدىلەنگەن بولۇپ، كىشىدە ئېنىق تەسىر قالدۇرىدۇ. لۇبەننىڭ ئەقىل-پاراستى، خۇا تۇنىڭ چېۋەرلىكى، باۋ گۇڭنىڭ پاك قەيسەرلىكى، لى كۈينىڭ تۈز قارامىلىغى، ۋاڭ يىجېنىڭ جاپاغا چىداپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قېتىقىنىپ ئۆگىنىشى، شۈي ۋىنجاڭنىڭ يۇمۇرلۇق قىزىقچىلىقى، بەي ئاننىڭ قەيسەرلىك بىلەن پانى دۇنيادىن بەخت ئىزلىگەنلىكى، ئەزىمەت بۇۋىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا باي ئىكەنلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر يېڭى رىۋايەتلەردىمۇ خېلى كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، «ئامىغا ياردەم قىلىشنى ئۇنتۇماسلىق»، «باش قوماندان جۇ دېنىڭ ئوتنى تېنىپ كۆرۈشى» دېگەن رىۋايەتلەردە يولداش جۇ دېنىڭ ئامىغا ۋە جەڭچىلەرگە قىزغىنلىق بىلەن غەمخورلۇق قىلغانلىقى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. رىۋايەتلەردە پېرسوناژلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنگەچكە بەزى پېرسوناژلار ئۆزىنىڭ مەلۇم پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. رىۋايەتلەردە سەلبىي شەخسلەر كۆپىنچە ھەجۋىي رەسىملەردەك سۈرەتلەنگەن بولۇپ، بىرنەچچە قۇر خەت بىلەنلا ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ تاشلانغان.

رىۋايەتلەردە قەھرىمانلار دائىم دېگۈدەك مۇبالىغىلەشتۈرۈش ۋە ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىق غايىۋىلاشتۇرۇلىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردىكى ئاساسىي قەھرىمانلار ئادەمدىن ھالقىغان ئاجايىپ كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەنئەنىۋى رىۋايەتلەردە نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «جاۋ جۇ كۆۋرۈكى»دىكى لۇبەن، «قۇياش ئىزلەش»دىكى باۋچۇ، «لىيۇ سەنجې»دىكى لىيۇ سەنجې قاتارلىقلار شۇلار تىپىغا كىرىدۇ. يېڭى رىۋايەتلەردە قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئوبرازى كۆپىنچە مۇبالىغىلەشتۈرۈش، ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن يارىتىلسىمۇ، لېكىن يەنە بەزىلىرى خىيالەن پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ. مەسىلەن، «ۋىباۋچۈن ھەققىدە رىۋايەت»دە بىر جۇاڭزۇ بالىسىنى ئاق باندىتلار قوغلايدۇ، ئۇ ماجالى قالمىغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەقدىم قىلغان مەرمەر بىلەن خالاتنى ئويلايدۇ-دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەرمەرنى سىلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا كۈچ كىرىدۇ؛ خالات ئۇنى كەڭ ۋە خەتەرلىك فەنىياگىخې دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. رىۋايەتلەردىكى شەخسلەرنى غايىۋىلاشتۇرۇش كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىگە سادىق بولۇش ۋە خەلقنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى خاھىشى ئاساسىدا بولىدۇ. غايىۋىلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە شەخسلەر ئوبرازى تېخىمۇ رەڭدار، شانلىق تۈسكە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باپ خەلق چۆچەكلىرى

خەلق چۆچەكلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى. كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلق چۆچەكلىرى ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ۋە تارقالغان، خىيالىي (ياكى ياسالما) مەزمۇن ۋە نەسرى شەكىلگە ئىگە ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت. بۇ شۇنداقلا جەمىيەتتىكى نەسرى ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشىدۇر. ئۇ بەزى جايلاردا «يالغان گەپ»، «قەدىمىي گەپ»، «قەدىمىي دەستۇر» دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرى ئىپتىدائىي جەمىيەتتىلا مەيدانغا كەلگەن (ئۇ ۋاقىتلاردا، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھايۋانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى قويۇق بولغان، شۇڭا ئۇلار ھايۋاناتلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋە ھايۋاناتلار بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنى ئىجات قىلغان) بولۇپ، سىنىپىي جەمىيەتكە كەلگەندە يەنە ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. خەلق چۆچەكلىرى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ رىياللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ۋە بەخت-سائادەت يولىدا كۈرەش قىلىش روھىنى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك، ئۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ «روھىي ھالىتىنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئارزۇسى»نى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. خەلق چۆچەكلىرى رىياللىقنىڭ
ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ چۆچەكلەردىن
سىنىپىي جەمىيەتتىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-
ئادىتى، روھىي ھالىتى ۋە ئېتىقادىنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆرۈپلا قالماس-
تىن، بەلكى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەردىن سىنىپىي جەمىيەتتىكى
خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە غايىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. بولۇپمۇ پرولېتارىيات
سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيا-
لىستىك ئىنقىلاپ مەزگىلىدە، تۈركۈملەپ بارلىققا كەلگەن خەلق چۆ-
چەكلىرى، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي تۇرمۇشى ۋە روھىي
ھالىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي باسقۇچ
ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا خەلق چۆچەكلىرى ئەكس ئەتتۇرگەن
خەلق تۇرمۇشى، سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە ئۆرپ-ئادەت كۆزقاراشلار
ئىنتايىن روشەن بولىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە خىياللىغى بىرقەدەر كۈچلۈك
بولغان چۆچەكلەر بولۇپ قالماي، يەنە رىياللىق خۇسۇسىيىتى كۆرۈنەر-
لىك بولغان تۇرمۇش ھەققىدىكى چۆچەك، لەتىپە قاتارلىقلارمۇ بار.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىش مەسىلىسى بىرقەدەر
مۇرەككەپ. خەلقارادىمۇ ئىلمىي تەتقىقاتنى تەمىن ئېتىدىغان تۈرلەرگە
ئايرىش ئۇسۇلى يوق. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، بۇ خەلق
چۆچەكلىرىدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋە ئوخشىشىپ
كېتىدىغان نۇرغۇن ئەھۋاللار بار. شۇنىڭدەك بۇ چۆچەكلەر تارقىلىش
جەريانىدا زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئوخشاش
بىر ھېكايە ھەم مەسەل، ھەم لەتىپە بولۇشى، شۇنىڭدەك ھايۋاناتلار
ھەققىدىكى چۆچەك بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھال خەلق چۆچەكلىرىنى
تۈرلەرگە ئايرىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا
تۈرلەرگە ئايرىش مەسىلىسى ھەرگىز مۇتلەق بولمايدۇ، بەلكى نىسپىي
بولىدۇ. خۇسۇسەن، بۇ خەلقارا ئىلمىي ئاتالغۇنى ئاتاشتا تىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلبەسدە پەرقلەر بولغانلىغى تۈپەيلىدىن، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن چۈشەنچىمۇ بىردەك ئەمەس. بەزىلەر خەلق چۆچەكلىرى ئەپسانە، رىۋايەت، ھىكايە (ياكى چۆچەك)دىن ئىبارەت 3 چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارىسا؛ بەزىلەر خەلق چۆچەكلىرىنى ئەپسانە رىۋايەتتىن باشقا ھىكايىلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. بىز خەلق چۆچەكلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىشتا، ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان چۆچەكلەردىكى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ئالاھىدىلىك-لىرىنى ئەكس ئەتتۈرەلىگەن-ئەكس ئەتتۈرەلمىگەنلىكىنى ئاساس قىلىمىز. ئېلىمىزدە خەلق چۆچەكلىرى خىيالىي چۆچەك (فانتازىيە) تۈرمۇش ھەققىدىكى چۆچەك (ياكى «رىياللىق يېزىلغان چۆچەك»، «ئۆرپ-ئادەت ھەققىدىكى چۆچەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، خەلق مەسەللىرى، خەلق لەتىپىلىرىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۈرمۇش ھەققىدىكى چۆچەك يەنىمۇ ئىنچىكىلىگەندە، باي بىلەن مالاي توغرىسىدىكى چۆچەك، ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدىكى چۆچەك، فېئوداللىق قائىدە-يوسۇنغا قارشى تۈرۈش توغرىسىدىكى چۆچەك، چۈۋەر كېلىن بىلەن «ماگۇاقتى» كۈيوغۇل توغرىسىدىكى چۆچەك؛ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى ھەققىدىكى چۆچەك، يېڭى تۈرمۇش ھەققىدىكى چۆچەك (ھىكايەت) قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىشتا ئۆز ئەمەلىيىتىمىز چىقىش نۇقتا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ھەم جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ھەم مۇۋاپىق ھالدا چەتئەل-لەرنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلغان.

## بىرىنچى بۆلۈم خىيالىي چۆچەكلەر

### 1. خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى، پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىيالىي چۆچەكلەر (بەزىلەر «مىف» دەپمۇ ئاتايدۇ) خىيالىلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان خەلق چۆچەكلىرىدۇر. ئۇ سىنىپىي جەمـ- يەتتىن ئىلگىرى پەيدا بولغان بولۇپ، سىنىپىي جەمىيەتكە كەلگەندە يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلغان. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۇ خىل ئەسەرلەر، ئىپتىدائىي جەمىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. كېيىنكى ئەسەرلەر بولسا، سىنىپىي جەمىيەتتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىسىنى كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىپتىدائىي جەمىيەتتىكى تۇرمۇش، ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ قالدۇق تەركىبلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە رىيال تۇرمۇش ئاساسى، قەدىمقى خىيالىي چۆچەكلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ سىنىپىي جەمىيەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ۋە ئېزىلگۈچىلەرنىڭ يۈرەك ساداسىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى بۇ خىل ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەش شەكلى يەنە شۇ فانتازىيە (خىيالىي) ۋاستىسى ئارقىلىق جارى قىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر بىزگە قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدىغان ئىشلارنى، ئىمكانىيەتلىك شەرت بار يا يوق ئەھۋال ئاستىدا، ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ ئىجتىمائىي غايىۋىي ئاساسى — خەلقنىڭ دۇنيانى يارىتىشتا تايانغان ئەمگىكىدۇر. ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، خېلى كۆپ مىللەتلەر ئارىسىدا نۇرغۇن ئىسىل خىيالىي چۆچەكلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە ۋە ساقلانماقتا. بۇلار دۆلىتىـ- مىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى غەزىنىسىدىكى گۆھەرلەردۇر.

### 2. خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى

خىيالىي چۆچەكلەر تەسەۋۋۇرغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ تولاراق رومانتىكىلىق تۈسكە تولغان بولىدۇ. بۇ ھېكايىلەردە كۆزگە چېلىقىدىغان ئوبراز، ۋەقەلىك، شەيئى قاتارلىقلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆپىنچىسىدە تەبىئىلىكتىن ھالقىغان خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ. ئوبرازلاردا رەڭگى-رويى قورقۇنچلۇق ئالۋاستى ۋە ئاجايىپ چارە تەدبىرلىك قېرى كىشىلەر بولىدۇ. يەنە يىلان يىگىت، پاقا ئوغۇل، ئەجدىھا پادىشا، پەرىزات، مەلىكە، قاتارلىقلارمۇ بولىدۇ. شەيئىلەر جەھەتتىن ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى تەييارلىيالايدىغان ئالتۇن كالتەك، كىچىك داڭ، كۆڭۈلدىكىنى تاپالايدىغان توخماق، شۇنىڭدەك دېڭىزنى قۇرۇتالايدىغان تىللا، تاغ كېسەر پالتا، كېمە بولالايدىغان قول ياغلىق، ئۇچار ئۆتۈك قاتارلىقلار بولىدۇ. ۋەقەلىك جەھەتتە، قۇلۇلىنىڭ ساھىبجامال قىزغا ئايلىنىپ دېھقان يىگىت بىلەن توي قىلغانلىقى؛ ئىتنىڭ خارلانغان ئۆكسىنىڭ يەر تېرىشىغا ياردەملەشكەنلىكى؛ ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن كېلىننىڭ ئۇچار قۇشقا ئايلىنىپ قالغانلىقى، كۈمۈش شازا ئۈستىدىكى ئالتۇن توخۇنىڭ ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ قېرى بېلىقچىنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرگەنلىكى، ئالۋاستىلار يېنىدىن قاچماقچى بولغان قىزنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتىدىغان قول ياغلىقنىڭ كېمىگە ئايلىنىپ، قىز ۋە ئۇنىڭ يىگىتىنى بىخەتەر قاچۇرۇۋەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان بۇ خاسىيەتلىك نەرسىلەر، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار، ئەزگۈچىلەر ياكى يامان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن ھامان ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ۋە رولىنى يوقىتىدۇ. ئۇ قايتا ياخشىلىق كەلتۈرمەيلا قالماي، بەلكى بالايى-ئاپەت ياغدۇرىدۇ. باش قەھرىمان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەتىۋالىق نەرسىنى ئۆز قولىدا تۇتالمىغىنىدا، خۇددى بىلىم ئىگەللىيەلمىگىنىگە ئوخشاش، بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ئاجايىپ-غارايىپ، بۇ ئەتىۋالىق نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەت بىلىم ۋە ماھارىتىنىڭ ماددىلاشقانلىقىدۇر. قىسقىسى، بۇ خىل خىيالىي يوسۇندا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەنتىقىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىقلىقى دەل خىيالىي (فانتازىيىلىك) چۆچەكلەر ئالاھىدىلىكىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گەۋدىلىنىشىدۇر. خەلق چۆچەكلىرىدىكى شەيئى، ئوبراز، ۋەقەلىكلەر-نىڭ بەزىلىرى رىياللىقتا مەۋجۇت، بەزىلىرى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى — ئۇلارنىڭ خىيالى ۋە تەبىئىلىك چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىدۇر. ھالبۇكى بۇ خىيالى، تەبىئىلىك چېگرىسىدىن ھالقىپ كېتىش، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا كۆپىنچە يەنىلا ھەقىقى تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە. خۇددى گوركى ئېيتقاندەك: ھىكايىلەردە، كىشىلەر «ئۇچار گىلەم»گە ئولتۇرۇپ ھاۋادا ئۇچىدۇ، «ئۇچار ئۆتۈك»نى كىيىپ يول يۈرىدۇ. توختام سۇ بىلەن ئېقىن سۇنى ئۆلگەن ئادەمگە سېپىش بىلەن ئۇنى تىرىلدۈرۈپ، بىر كېچىدىلا ئوردىنى پۈتكۈزۈپ بولىدۇ. قىسقىسى، چۆچەكلەر باشقا بىر خىل تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىتنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈپ ئاشۇ خىل تۇرمۇش قوينىدا بىر تۇرلۇك ئەركىن-قورقماس كۈچنى ھەركەت قىلدۇرىدۇ. ۋە دىللارنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا تەلپۈندۈرىدۇ.» بۇ بىر ئابزاست سۆز خىيالىي چۆچەكلەرنى بەدىئى ئىجادىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ تونۇش ۋە باھالاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى

فانتازىيىدە ئەمگەك مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقتىن ئەمگەك ياكى ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك بولغان تېمىلار دائىم يولۇقۇپ تۇرىدۇ. ئەمگەك بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ خىيال ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىجتىمائى غايىسىنىڭمۇ ئاساسى. بۇ ھىكايىلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزلىرى تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىك رىياللىقتا بولغان نارازىلىقى، ھوقۇق كۈچى بار ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى، ئەزگۈچى ۋە بۇزۇقلارغا بولغان نەپرىتى ۋە قارشىلىقى؛ ئەمگەكچانلىق، ئەقىل-پاراسەت، سەمىملىك، جەسۇرلۇق، توغرىلىق قاتارلىق ئېسىل خىسلەت ۋە ھەركەتلەرگە نىسبەتەن مەدھىيىسى؛ شۇنىڭدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

باياشات تۇرمۇش ۋە گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشى، تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش، رېئال تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىشتەك ئارزۇ-ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن.

فانتازىيىنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى كەڭ ۋە خىلمۇ-خىل بولىدۇ. دائىم ئۇچرايدىغانلىرى: ئىككى سىنىپ ياكى ئىككى خىل ئىدىيىۋى تىپقا ۋەكىللىك قىلغۇچى كىشىلەر (مەسىلەن، ئىشچان بىلەن ھورۇن، ئاق كۆڭۈل بىلەن ياۋۇز، توغرا بىلەن ئوسال، سەممىي بىلەن ھىيلىگەر، ئاچكۆز بىلەن خالىس ۋاھاكازا) بولۇپ، ئۇلار ئوخشاشمىغان ئاقىۋەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن «پاكىيى»، «قۇياش تېغى»، «ۋاڭ شاۋنىڭ ئوتۇن كېسىشى»گە ئوخشاش چۆچەكلەر بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ؛ ئىشچان، سەممىي ياش دېھقان تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغان سېھرىي قۇشقاچ-قالىغاچ، تۇتىقۇش، تۈلكە قاتارلىقلار، باش قەھرىماننى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. مەسىلەن: «تۇتىقۇش»، «قۇلۇلە قىز» دېگەن چۆچەكلەر بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ؛ باش قەھرىمان ئەقىل-پاراسەت، باتۇرلۇق ۋە سېھىرگەرلىك ھاسىسى، ئالتۇن قوتا، ئالتۇن قازان، ئىسىل ئات، شەمشەر، قاتارلىق غەيرىي نەرسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياۋۇز دۈشمەنلەرنى يېڭىدۇ. مەسىلەن: «زەيتۇن كۆلى»، «كۆز يېشى سازلىقى» قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى بولىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ خوتۇنىنى ياكى ئىسىل نەرسىلىرىنى تارتىۋالغان ئەمەلدار، پادىشا، ئالۋاستى يالماۋۇزلار ئاخىرى جازاغا تارتىلىدۇ. مەسىلەن: «پەيلىك كىيىم»، «كۈمۈش شازا»لار بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. يەنە غەلىتە بالا ئۇلۇغ خىزمەت كۆرسىتىپ، كۆڭۈللۈك توي قىلىشقا سازاۋەر بولىدۇ. مەسىلەن: «پاقا شاھزادە» «چىلان ئۇرۇغى»، «قاپاق بالا» بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ؛ دېھقان يىگىت-قىزلىرى غەيرىي نەرسىلەر بىلەن توي قىلىدۇ. مەسىلەن: «يىلان يىگىت» بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. سۆيگىنى-

www.uyghurkitap.com

دىن جۇدا بولغان يوقسۇلنىڭ قەيسەر روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان يۈرۈگى ئىسسىق جامغا ئايلىنىپ تا ئۆلگىچە غەزەل ئوقۇيدۇ. «خۇاڭ ئىنى كۆرمىگىچە كۆڭۈل ئارام تاپمايدۇ» بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئاجىزلار باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچلۈك دۈشمەننى يېڭىدۇ. «موماي بىلەن مايمۇن» ، «يولۋاس موماي» قاتارلىق چۆچەكلەر بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. مانا بۇنىڭ ھەممىسى ئىدىيىۋى مەزمۇنغا باي چۆچەكلەردۇر.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۆپلىگەن خىيالىي چۆچەكلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدىيىۋى پەزىلەتلىرى ئىپادىلەنگەن: بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھى ئىپادىلەنگەن. كونا جەمىيەتتە ئەمگەكچى خەلق يەتكىچە ئېزىلگەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان بولۇپ، شارائىتى شۇنچە يامان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەرگىز تىز پۈكمەي، بەلكى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن: «پەيلىك كىيىم»دە باش قەھرىمان ئاخىر خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئەمگەك بىلەن تۇرمۇشنى بەختلىك ئۆتكۈزىدۇ. ئىككىنچىدىن، خەلقنىڭ ئەزگۈچىلەرنى يېڭىشنى ئۈمىت قىلىشتەك غايىسى ۋە ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رىيال تۇرمۇشتا ئەمگەكچى خەلقنىڭ مال-مۈلكى، خوتۇنلىرى تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاقىۋىتى ھامان پاجىئەلىك بولىدۇ. بىراق چۆچەكلەردە باش قەھرىمان ھەمىشە رەزىللىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. بۇنداق ياخشى ئاقىۋەت، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۈمىتۋارلىق روھىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۈچىنچىدىن: ئەمگەكنى سۆيۈش ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائى غايىسىنىڭ ئاساسى. ھېكايىلەردە دائىم كۆرۈشكە بولىدۇكى، باش قەھرىمان غەيرى نەرسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يېتىپ

www.uyghurkitap.com

راھەت كۆرمەي، داۋاملىق ئەمگەككە قاتنىشىدۇ، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان باش قەھرىمانغا نىسبەتەن، ئەسەرنىڭ مەدھىيىلەش مايىللىقى روشەن بولىدۇ. يۇقۇرقى نۇقتىلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ ساغلام ئېستېتىك ئىدىيىسى ۋە توغرا ھەق-ناھەق كۆزقارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

4. خىيالىي چۆچەكلەردىكى قەدىمىي قاراش، بەدىئىي ئوبراز ۋە ۋەقەلىك (سيۇژېت)لار.

نۇرغۇنلىغان خىيالىي چۆچەكلەردە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قەدىمىي قاراش، بەدىئىي ئوبراز ۋە ۋەقەلىكلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆرپ-ئادەت، تۇزۇملەر توغرىسىدا، بەزىلىرى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئېتىقادى ۋە ئالاھىدە روھىي ھالىتى توغرىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن، نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەردە ئۇچرايدىغان كۆكۈلدىكنى تاپىدىغان دۇمباق، سېھىرلىك ھاسا، ئىسىل گىلەم قاتارلىق سېھىرى كۈچكە ئىگە خاسىيەتلىك نەرسىلەر، ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ سېھىرى قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك. باش قەھرىمان خاسىيەتلىك نەرسىنى ئىشلىتىش ۋاقتىدا، پەقەت بىرنەچچە ئېغىز شېئىر ئوقۇش بىلەنلا، «ھوقۇقلۇق دېۋە» مەيدانغا چىقىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار تۇرىدۇ. بەزى ھېكايىلەردىكى باش قەھرىماننىڭ ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن تەبىئىي ئوت ئاپىتىنى كونترول قىلىشى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ «ئۆزىنىڭ تىل كۈچىگە ئىشىنىدۇ»غانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە ئەر باش قەھرىمان ئايال باش قەھرىماننىڭ كىيىمىنى ئېلىۋېلىپلا ئۇنى كونترول قىلىدۇ. مەسىلەن، بەزى چۆچەكلەردە ئۇلارنىڭ قۇلۇلە قېپى، پاقا تېرىسى، پەيلىك كىيىمى قاتارلىقلار ئېلىۋېلىنىش بىلەنلا ئۇلارنى كونترول قىلغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئادەم تېنىگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر (ھەتتا ئاياق ئىزى، ئىسىملارمۇ ئادەم تېنىنىڭ بىر قىسمىغا كىرىدىكەن.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدىغان قاراشتىن مۇستەسنا ئەمەس. يەنە ئالايلى، نۇرغۇن چۆچەكلەردە ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار نىكالىنىدۇ. ھايۋانلار ئادەمگە ئايلىنىش ۋاقتىدا، باشقىلارنىڭ كۆرۈشىگە بولمايدۇ. ئەگەر كۆرۈلىدىكەن شەكىل ئۆزگەرتىش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. بۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ «ھەممىگە شىپا»، «پەرھىز تۇتۇش»، «شەكىل ئۆزگەرتىش»، «تىرىلىش» ۋە تۇتېم قاراشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك.

ئۆرپ-ئادەت، تۇزۇم جەھەتتە، نۇرغۇن چۆچەكلەردە پادىشا، ئەۋلىيالارنىڭ تولىسى كېيىنكى فېئودالىلىق جەمئىيەتتىكى خانلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار يەنىلا تېرىكچىلىك يولىدا تەرلەپ پىشىپ، «پەس» ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇقداشلىق قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئوبرازىدۇر. (مەسىلەن: «پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز» «يەتتە پەرىزات» قاتارلىق ھېكايىلەردىكى ئەۋلىيالارغا ئوخشاشلار.) ئىپتىدائىي ئۇرۇقداش قەبىلىلەردە ئېكسپېلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپېلاتاتسىيە قىلىنىش، ئېزىش ۋە ئېزىلىشتەك سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. قەبىلە باشلىقى ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتىدىمۇ، ھېچقانداق ئىمتىيازغا ئىگە بولمايتتى. ئەمەلدىن قالسىمۇ، ئوخشاشلا ئادەتتىكى قەبىلە ئەزاسى سۈپىتىدە قېلىۋېرەتتى. شۇڭا پادىشا، ئەۋلىيالارمۇ ئوخشاشلا ئەمگەك قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ دەل ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى دېموكراتىك تۈرمۈشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يەنە بىرمۇنچە ھېكايىلەردە، ئاياللار ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولغان بولىدۇ: ئاكا-سىڭىللار ئۆزئارا توي قىلىشىدۇ؛ ياش شاھزادىلەر، نامرات يىگىتلەر توي توختامى قىلىشقانلىرىدا زور مىقتاردا مال-مۈلۈك چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ؛ توي قىلىش ۋاقتىدا قىز تەرەپكە بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، نۇرغۇن سىناقلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆتىدۇ؛ دىۋە ئالۋاستىلار ئاياللارنى بۇلاپ كېتىپ خوتۇن قىلىدۇ؛
قىزلار تۇنجى قېتىم ئۆز تېنىنى ئەرلەر كۆرۈپ قالغان هامان، شۇ
ئەرگە ياتلىق بولىدۇ، ۋاهاكازالار. بۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ بەزىلىرى
ئانىلىق جەمئىيەتتىكى ئاياللارنىڭ ئىدارە قىلغۇچى ئورنى، ئورۇقداشلىق
مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرسە؛ بەزىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى قالايمى-
قان نىكاھلىنىش، ئىشلەپ بېرىپ نىكاھلىنىش، سىناق تەرىقىسىدە
نىكاھلىنىش، بۇلاپ نىكاھلىنىش، سېتىۋېلىپ نىكاھلىنىشقا ئوخشاش نىكا
تۈزۈمى، ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ تەسىرلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بۇ
نىكا تۈزۈملىرى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ئايال ئەمگەك كۈچلىرى-
نىڭ ئېشىشى ياكى كېمىيىشى تۈپەيلىدىن، تۆلەشكە ياكى ئىگە
بولۇشقا تېگىشلىك بولغان «باها»غىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماس-
تىن، بەلكى ئەينى زاماندا كەڭ ئەۋج ئالغان چەت قەبىلىلەر
بىلەن توپىلىشىش ۋە ئانىلىق جەمئىيەتتىن، ئاتىلىق جەمئىيەتكە
ئۆتۈش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى هېكايىلەردە،
پادىشانىڭ كۈيوغلى پادىشالىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ؛ ئۈچ
ئاكا-ئۇكا ئىچىدە، ئۇكىسى كۆپ هاللاردا پايدىغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار
كۆپ هاللاردا غەيرى نەرسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بەختلىك
تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، مۇرات-مەقسىدىگە يېتىدۇ. بۇلار دەل ئەينى
زاماندىكى قىز ياكى ئوغۇل ئاتا-ئانىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشتەك
ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىزدىكى
بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر، مەسىلەن، يىزۇ مىللىتىدە ۋە هىندىستان،
ئافرىقا قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل ئادەت يەنە مەۋجۇت. بەزى
هېكايىلەردە، ئاياللارنى قۇربان قىلىپ، دېڭىز ئىلاهى، ئەجدىها،
ئالۋاستىلارغا تەقدىم قىلىدىغان ۋەقەلىكلەر يەنە مەۋجۇت. بۇ ئىپتىدائىي
جەمئىيەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىش ئادىتى (كېيىنچە كالا،
قويلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزگەرگەن)نىڭ بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇلار بىزگە ۋاستىلىق هالدا ئىپتىدائىي جەمىيەتنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچىدىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلاردا يەڭگۈچى تەرەپ يېڭىلگۈچى تەرەپنىڭ ئەسىرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئادەمنى ئىدارە قىلىش ۋاستىسى ۋە كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنـدۈرىدۇ. ئىپتىدائىي جەمىيەتتە قىسمەن ئادەم گۆشى يەيدىغان ئادەتـلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ بېلىق ئوۋلاش دەۋرىدىكى بېلىق بولمىغان رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئوزۇغى تولىمۇ كەمچىل بولۇشتىن كېلىپ چىققان پاجىئەلىك تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

قىسقىسى، چۆچەكلەردە ساقلىنىپ قالغان، قەدىمىي چۈشەنچە، بەدىئىي ئوبراز ھەم ۋەقەلىكلەر چۆچەكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئاڭنىڭ ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىرمۇنچە ھادىسىلەر ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇۋاپىق ئەمەستەك ياكى مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن قەدىمقى جەمىيەتتە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان. روشەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى زامانلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي فورماتسىيە ۋە كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان. خەلقنىڭ رىيال تۇرمۇشى، شۇنىڭدەك ئارزۇ-ئارمان، ۋە غايىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىيالىي ھېكايىلەردە ئالاھىدە ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق بەدىئىي سۈرەتتە ئەكس ئەتكەچكە بىز خىيالىي چۆچەكلەرنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئاز-پاز تونۇشۇپ قويۇشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىسا، ئىدىيالىستىك ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يۈزەكى ھادىسىلەردىن ئۆتەلمەي — خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ ئەقلىغا مۇۋاپىق ماھىيىتىنى كۆرەلمەي قالىمىز.

5. خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى.

خىيالىي چۆچەكلەر ئەمگەك پائالىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ئەمگەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۆچەكلەرگە جانلىق، مول، ئىبادىي مەزمۇنلارنى بەخش ئەتكەن. شۇنىڭدەك ئەمگەك چۆچەكلەرگە رومانتىك تۈسكە باي خىيالىي ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل بەدىئى شەكىللەرنى بەخش ئېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى ئاكتىپ، ساغلام تۇرمۇش ئاساسى ۋە ئىدىيىۋى ئاساسقا، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بەدىئى كۈچكە ئىگە قىلغان.

بىرىنچىدىن، خىيالىي چۆچەكلەردىكى باش قەھرىمانلار تىپلاشقان، شۇنىڭدەك خىلمۇ-خىل بولىدۇ. چۆچەكنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتى، ئورنى مۈجمەلرەك بولىدۇ. خىيالىي چۆچەكلەردىكى ئوبراز-قەھرىمانلارنىڭ تولىسىنىڭ نامى، ئۆزى تەۋە مىللى جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئورتاق ناملاردا بولىدۇ، ياكى مەلۇم ئوبرازنىڭ خۇسۇسىيىتى، رەڭگى، تۇرقى، جىنسى، كەسپىگە ئوخشاشلارنى ئىپادىلەيدىغان ئومۇمى نامدا ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇقىم ئىسىم پەملىسى بولمايدۇ. خۇددى گېرمانىيىدە ھانس، ئەنگلىيىدە جون، روسىيىدە ئىۋان، ياپونىيىدە تەيلاك، جۇڭگودا جاڭ سەن، ۋاڭ شاۋ، دىخان، بېلىقچى، ئوتۇنچى دىگەنلەرگە ئوخشاش. ھەرقايسى جايلاردا ئاشۇ شەخسلەر توغرىلىق ئۇرغۇنلىغان ئوخشاش تىپتىكى چۆچەكلەر توقۇلۇپ چىقىرىلىشى مۇمكىن. خىيالىي چۆچەكلەردە ۋاقىت، ئورۇنمۇ مۇقىم ئېنىق-كونكرېت بولماي ئومۇمى-ئادەتتىكىدەك بولىدۇ. مەسىلەن، چۆچەكلەر «بۇرۇن-بۇرۇنىدا ئەلمىساقتىن ئىلگىرى......»، «بۇرۇنقى زاماندا......»، «ئۆتكەن زاماندا، بىر تاغدا......» «دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە......» دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەپسانە، رىۋايەتلەر بىلەن بولغان مۇھىم پەرقى ۋە ئۆزئارا ئۆزگۈرۈشىدىكى ئالامەتلەر شۇكى: باش قەھرىماننىڭ تىپىكلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھېكايىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى، ئورنى مۈجمەلرەك بولىدۇ. بىراق باش قەھرىمانلارنى تىپىكلاشتۇرۇش، شۇ پېرسوناژنىڭ يارىتىلغان خاراكتېرىغىلا خاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىگەنلىك بولمايدۇ. ھىكايىلەردىكى پېرسوناژلار رىيال تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان رايون ۋە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەرت-شارائىتى ۋە تەبىئىي شارائىتى ئوخشاش بولمىغانلىقى، مىللىي خۇسۇسىيەت، يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئوخشاش تىپتىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ خىلمۇ-خىل بولىدۇ. بۇنداق خاراكتېرى خىلمۇ-خىل بولغان پېرسوناژلارنىڭ ھەر-قايسى ئۆزىگە خاس شەكىلدە بولۇپ، كەڭ ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ خىل ھېكايىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بىرقەدەر مۇكەممەل بولىدۇ. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان باش قەھرىماننىڭ پائالىيەت ۋە ھەركەتلىرى پارچە ياكى قىستۇرما شەكىلدە بولماستىن، بەلكى باش-ئايىغى بار تەرجىمھال ياكى ھايات تارىخى شەكىلدە بولىدۇ. شۇڭا بەزى دۆلەتلەردە ئۇنى «مۇكەممەل ھىكايە» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ۋەقەلىكنىڭ يۈز بېرىشى، تەرەققى قىلىشى، ئۆزگىرىشى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ تولۇق جەريانىنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ۋەقەلىكنىڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئۇ دائىم «ساپ ھىكايە» بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە بىرقانچە چۆچەكلەرنىڭ ئۆزئارا چېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان «بىرلەشتۈرۈلگەن خەلق چۆچەكلىرى» سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. («قارا بۆرە ھەققىدە ھىكايە»، «قېرى يولۋاس» دىگەنلەرگە ئوخشاش) مۇنداق چۆچەكلەر كېيىنچە تەدرىجى تۇراقلىشىپ قالىدۇ. خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ مۇكەممەل قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى-ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن رىيال تۇرمۇشتىكى خەلقنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت قارىشى ۋە بەخت-سائادەت قارىشىدىن ئىبارەت. ئەمگەك ۋەقەلىكنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ۋەقەلىكنىڭ باشلىنىشى، تەرەققىياتى ۋە ئاقىۋىتى كۆپىنچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمگەكتىن ئىبارەت تېمىنى ئېچىپ بېرىش ئېھتىياجىغا بوي سۇنىدۇ؛ ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگەك تېخنىكىسى (ئەگكۈشتىرى)نى ئىگىلەشكە ئۆزۈنۈش تەلپۈنۈپ ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. باش قەھرىمانلار بەخت سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، چاپا، مۇشەققەت، خىيىم ـ خەتەردىن قورقماي كۈرەش قىلىدۇ. ئەمگەك بەزى چاغلاردا ھايات بەرگۈچى ۋە بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى ۋاستە سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ، ۋاھاكازالار. قىسقىسى، ئەمگەك دائىم ۋەقەلىكنىڭ تەرەققى قىلىشىدا ئاساسىي يىپ ئۈچى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ پېرسوناژلىرى ۋەقەلىكى ھەم تىلى تېپلاشتۇرۇلىدۇ. چۆچەكلەردە ئىككى ئاكا ـ ئۇكا، ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل، ئىككى ئاچا ـ سىڭىلنىڭ مۇناسىۋىتى، كۆپىنچە ئىجابى ۋە سەلبى پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئاق كۆڭۈل بىلەن رەزىل قارا نىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ خىل تۈزۈلمە سىيلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئوبرازلارنى سۈرەتلەش ۋە تېمىنى ئىپادىلەشكە پايدىلىق بولىدۇ. ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان ئىشلار قايتا ـ قايتا ـ 3 قېتىم، 5 قېتىم، 7 قېتىم تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن: «خىزىرغا سوئال»دا پېرسوناژ يولدا 3 ئىشقا يولۇقىدۇ؛ «يولۋاس موماي»دا يولۋاس 3 نۆۋەت ئىشىك قاقىدۇ، ئاچا ـ سىڭىل 3 نۆۋەت يولۋاسقا ئالدانغاندىن كېيىنلا ئۆيىدىن قېچىپ چىقىشىدۇ؛ «موماي ۋە قارا ئورانگوتان»دا موماي 3 قېتىم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، يەنە 3 قېتىم ئورانگوتاننىڭ ئەدىۋىنى بېرىدۇ، ۋاھاكازا. ھەر قېتىم تەكرارلاش، ۋەقەلىكنى داۋاملاشتۇرۇش، ئوبرازلارنى سۈرەتلەش ۋە تېمىنى ئىپادىلەشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ بېشى «شۇنداق بىر ئائىلە بولغان ئىكەن»، «ئىلگىرى بىر تاغدا...»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«بۇرۇن بۇرۇنىسىدا، ئاكا-ئۇكا ئىككىلەن ئۆتكەن بولۇپ، ئاكىسى...... ئۇكىسى......» دېگەندەك تۇراقلىق سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. چەتئەل چۆچەكلىرىنىڭ ئاخىرى ھەممىشە مەلۇم بىر شەكىلدە ئاخىرلىشىدۇ، مەسىلەن، بەزىلىرى «ئۇلارنىڭ توپىغا مەنمۇ قاتناشتىم، ئۇلار مېنى ھەسەل بىلەن مېھمان قىلىۋىدى، ساقال-بۇرۇتلىرىمغا ھەسەل يېپىشىۋالدى» دەپ ئاخىرلىشىدۇ. بەزىلىرى: «ھازىر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەسەلدەك شىرىن ۋە بەختلىك ئۆتمەكتە»؛ «... بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن» ۋاھاكازا دەپ ئاخىرلىشىدۇ. ھىندىستان، بىنگال ۋە ئىلىمىزنىڭ بەزى رايونلىرىدىكى چۆچەكلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئاخىرى نەزمىلىك سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشقان.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بەزى خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ مۇھىم جايلىرىغا كۆپىنچە شېئىر (نەزمىلەر) قىستۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ نەزمىلەرنىڭ قىستۇرۇلۇشى ئاغزاكى بايان ۋە ئەستە تۇتۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈنلا بولماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە چۆچەكنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ. نەزمىلەر ئوخشاش بولمىغان ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى، ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە روھىي ھالىتىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى روشەنلىشىدۇ، تېما تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. نەزمە ئىشلىتىلگەنلىكى جايىنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى تېخىمۇ روشەن ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن: «يىلان يىگىت»نىڭ بىرمۇنچە يېرىدە 3 ئاچا-سىڭىلنىڭ قەيسەر ۋە ئاق كۆڭۈل خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ھەسەل ھەرىسى ئەلچى بولۇپ، يىلان يىگىتنىڭ تۇرار جايىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان چاغدا ۋە بىرسىڭىل كىچىك قۇشقا ئايلىنىپ، ئاچىلىرىنى تىللايدىغان چاغدا، يەنى ئاشۇنداق مۇھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەيتلەردە شېئىر-قوشاقتىن پايدىلىنىلغان. «ئىتنىڭ يەر تېرىشى»دا كىچىك ئۇكا ئىت ۋە قالىغاچنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنگەن ۋاقتىدا، شېئىر ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەمىمى، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل خاراكتېرى ۋە پەزىلىتىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. «قارا بۆرە ھەققىدىكى چۆچەك»نى ئالساق، قارا بۆرىنىڭ ئىشكىنى قېقىش ۋاقتىدا ئېيتقان ناخشىسى، ئۇنىڭ قۇۋ-ھىلىگەر، ۋەھشىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. 3 ئاچا-سىڭىل بۆرىدىن قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن، دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ ئېيتقان ناخشا قىزلارنىڭ ئېغىر-بېسىق، باتۇر، ئۈمىتۋار خاراكتېرى ۋە روھىي-ھالىتىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغان. نەزمىنىڭ چۆچەكلەردە مۇناسىپ قوللىنىلىشى، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ چۆچەكنى ئاڭلىغان كىشىنى ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇلمايدىغان ۋە ئاسانلا يادلىۋالىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

6. خىيالىي چۆچەكلەرنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم رولى.

بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ساغلام، بەدىئىيلىكى بىرقەدەر ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن، بالىلارنىڭ ھەۋىسى ۋە ئوقۇشغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ. «كۆل قىز»، «يولۋاس موما»، «قولۇلە قىز»غا ئوخشاش مەشھۇر چۆچەكلەر، نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان بالىلارنى تەربىيىلەشتە مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ تەسەۋۋۇرچانلىقى بىلەن بالىلارنىڭ خىيالپەرەسلىك ئالاھىدىلىكى ناھايىتى يېقىنلىشىدۇ. چوڭلار ئۈچۈن قۇرۇق خىيالدەك بىلىنسىمۇ، لېكىن بالىلار ئۈچۈن ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. ئۇ بالىلارنى سەنئەت جەھەتتە يېتىلدۇرۇش جەريانىدا، ئەخلاق، پەزىلەت تەربىيىسى ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى ئۆزلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇلار بالىلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇش كىتابلىرى بولۇپ، بالىلارنىڭ زېھنىنى ئېچىش ۋە جانلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. خىيالىي چۆچەكلەر يازغۇچىلارنىڭ بالىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەدبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىجات قىلىشىدىمۇ ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم تۇرمۇش ھەقىقىدىكى چۆچەكلەر

1. تۇرمۇش ھەقىقىدىكى چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى

تۇرمۇش ھەقىقىدىكى چۆچەكلەر رىياللىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان خەلق چۆچەكلىرى. ئۇنىڭدا پانتازىيە (خىيالى نەرسىلەر) ئازراق ياكى پۈتۈنلەي بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر كەسكىن ۋە روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە. بەزىدە بۇ «ھەقىقى ۋەقە» ياكى «ئۆرپ-ئادەت ھىكايە ۋەقەلىرى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن.

تۇرمۇش ھەقىقىدىكى چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سىنىپىي جەمىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان خەلق چۆچەكلىرىدۇر. ئۇ سىنىپىي جەمىيەتنىڭ سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىنى، جەمىيەت ھادىسىلىرىنى، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمىلىيەتلىرىنى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ، پاكىتلار ۋە سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولماي، بەلكى بۇ نۇرغۇن-نۇرغۇن توقۇلما ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىپىكلاشتۇرۇلغان ئىجادىيەتتۇر. شۇڭا ئۇ ئېلىمىزنىڭ سىنىپىي جەمىيىتىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. جەمىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق تۇرمۇشى ھەقىقىدىكى چۆچەكلەردىمۇ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، جەمىيەتنىڭ تۈزۈمى،

كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقتىن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇرمۇش ھەققىدىكى چۆچەك ئىجادىيىتىمۇ يېڭى باسقۇچقا كىردى. يېڭى خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش شەكلىدە، گەرچە روشەن ئۆزگىرىشلەر بولسىمۇ، ئەنئەنىۋى خەلق چۆچەكلىرى بىلەن يەنىلا يېقىن مۇناسىۋەتنى — ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ نۇقتا، خەلق چۆچەكلىرىنى پەرق ئېتىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولامدۇ، يوق.

تۇرمۇش چۆچەكلىرىنىڭ باش قەھرىمانى ھەمىشە چۆچەك ئېيتقۇچىغا ناھايىتى تونۇش بولغان ئەمگەكچىلەر، «پەسلەر» بىلەن ئېزىلىش، خورلىنىشقا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغۇچىلار — نامرات دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، چارۋىچىلار، بېلىقچىلار، ئوتۇنچىلار، ئاياللار، مالايلار، شاگىرتلار، ئەخمەقلەر، ۋاھاكازالار؛ ئۇنىڭدا مەدھىيىلەنگەن ۋە ماختالغانلار بولسا — توغرا، ئەمگەكچان، ئاقكۆڭۈل، ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن يېڭى جەمئىيەتتىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئەمگەك ماھىرلىرى، كۈرەش قەھرىمانلىرى قاتارلىقلار. ئۇنىڭ شىددەتلىك ھەجۋىلەشتۈرۈلگەن ئوبيېكتلىرى — دۆلىتىمىزنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئېكسپىلاتاتورلار ۋە ئەزگۈچىلەر - پومېششىكلار، مۈلۈكدارلار، ئەمەلدارلار، چارۋىدارلار، خان پادىشالار، بېلىقچىلىق زومىگەرلىرى، كارخانا خوجايىنلىرى، راھىپلار، مەككار سودىگەرلەر ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان ياماراجا تەڭرى قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك ئۇ خەلقنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى سەمىمىي ھەم كۈلكىلىك ھالدا ھەجۋىلەشتۈرىدۇ. بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى قاتتىق ھەجۋىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدە ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۈستىدىن كۈچلۈك شىكايەت قىلىشتەك خاراكتېرغا ئىگە بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

### 2. تۇرمۇش ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ تۈرلىرى

(1) يىللىقچى بىلەن پومېشچىكلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر.

بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر، دۆلىتىمىزدە ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئودالىلىق جەمئىيەتتىكى پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەرنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھاسىدىكى ئالاھىدە ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، نامرات دېھقانلار بىلەن پومېشچىكلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ بەدىئىي توقۇلما شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىدە. شۇنداقلا ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىگە ئاساسەن، قايتا ئىپادىلەنگەن نەرسە بولماستىن، بەلكى مەنتىقىلىق بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئاساسىدا نامرات دېھقانلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدا. دېمەك ئۇ نامرات دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى مەنىۋى قورالى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان ۋە كۆڭۈل ئاچىدىغان قورالى. يىللىقچى بىلەن پومېشچىكلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىدىيە ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە چۆچەكلەردۇر.

فېئوداللىق جەمئىيەتتە يىللىقچى (مەدىكارچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ئورنى تولىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باش تىققىدەك ماكانى، پۇت قويغىدەك يېرى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئازاپ-ئوقۇبەتلىك، ھەتتا كىشىلىك ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولغان ھالدا كۈن كەچۈرۈپ ئىنسانىي قەدرى-قىممىتى خورلىنىش ۋە ھاقارەتلىنىشكە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئەمگەكچانلىق، ئەقىل-پاراسەت، جەسۇرلۇق، ئۈمىتۋارلىق، كۈرەشچانلىق قاتارلىق خىسلەتلەر ۋە كۈرەش سەنئىتىگە پىشقان

ئۆزىگە خاس سىنىپىي خاراكتېر شەكىللىنىدۇ. چۆچەكلەردىكى يىللىق-چىلار، ئەقىللىق سەزگۈر ۋە روشەن مۇھەببەت-نەپرەتلىك بولىدۇ: ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق بولۇپ، ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئەڭ ئېغىر ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەشكە بىۋاستە قاتناشقۇچىلار. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئەڭ بىلىملىك كىشىلەر ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار پومېشچىكلار، سىنىپىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ۋە ماھىيىتىنى ھەممىدىن بەكرەك چۈشەن-گەچكە، كۈرەشلەردە ئىقتىدارلىق ھوجۇمچى ۋە غالىپلار بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇشۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە پومېشچىكلار (چارۋىدارلار، ئورمان خوجايىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ئوبرازى ئاچكۆز، ھىيلىگەر، ياۋۇز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخمەق، بىلىمسىز قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلار ئۆز سىنىپىنىڭ ھوقۇقىغا ۋە فېئوداللىق جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كاپالىتىگە تايىنىپ، بىر مەھەل كۆرەڭلەپ، كۈچلۈك ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما ھامان يىللىق-چىلارنىڭ ئەخمەق قىلىشى ياكى جازاسىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولىدۇ، ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن: «ئالتۇن تاي بىلەن ئۇت لىباس»، «جاڭ نىڭ» قاتارلىق چۆچەكلەردە ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

بۇنداق ھېكايىلەردە يىللىقچىنىڭ، پومېشچىكلار بىلەن بولغان كۈرەشلىرى، ئۇلارنىڭ پومېشچىكلارنىڭ ئىش ۋاقتىنى ھەددىدىن زىيادە ئۇزارتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەددىدىن زىيادە ئېكسپىلا-تاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرغانلىقى، مائاشىنى پۇلسىزلىق بىلەن تۇتۇپ قېلىپ ياكى چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىگە قارشى تۇرغانلىقى، پومېش-چىكلارنىڭ تۇرمۇش جەھەتتە يىللىقچىلارنى رەھىمسىزلەرچە ئازابلىغان-لىقىغا قارشى تۇرغانلىقى، ئەمگەك سىجىللىقىنى چەكسىز ئاشۇرۇپ ۋە ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشتەك بىر قاتار مەسىلىلەردە قارشىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرسەتكەنلىكى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. يىللىقچى ۋە پومېشچىكلار توغرىسىدىكى كۆپلىگەن چۆچەكلەردە، ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەشنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىنى كۆرگىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەت تارىخى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىمىزنى، ھەقىقىي، ئىشەنچلىك ئىلمىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ.

چۆچەكلەردە ئەكس ئەتكەن يىللىقچىلارنىڭ پومېشچىكلار بىلەن بولغان كۈرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى زادى ئامال بولمىغاندا، «كۈچ بىلەن ئېلىشىش»تا كۆرۈلىدۇ. (مەسىلەن: «ۋۇ ئەرنى ئەپيۈن چېكىشتىن قالدۇرۇش»، «يېرىم ئاي شەكىللىك ئوغاق»، «گەي شىتيەنىنىڭ ئەپۇ سورىشى» قاتارلىقلاردا يىللىقچىلار پومېشچىكلار بىلەن ئېلىشقاندا يەنە ئاساسەن "پاراسەت بىلەن ئېلىشىش"قا تايىنىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتە، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بىلەن سىياسىي تۈزۈمىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، پومېشچىكلار ئاساسىي زىددىيەت تەرىپىدە تۇرۇپ، يىللىقچىلارنى شەپقەتسىز ئېزىدۇ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ، ئۇلار ھەيۋە بىلەن ھەممىنى ئۆزلىرىنىڭ كونتروللۇقى ۋە چەكلىمىسى ئاستىغا ئالىدۇ. پومېشچىكلارنىڭ ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە قۇل قىلىشىغا تاقەت قىلالمىغان يىللىقچىلار قوزغىلىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرىدۇ؛ بۇلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل پاراسىتىگىلا تايىنىپ، ئۇستىلىق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. يىللىقچىلارنىڭ پومېشچىكلار بىلەن ئىستىخىيىلىك كۈرەش قىلغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن رېئال ماتېرىياللارغا ئۇستىلىق بىلەن بەدىئىي توقۇلما قوشۇلۇپ، ئاشۇ چۆچەكلەردىكى «پاراسەت بىلەن ئېلىشىش»نىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ يىللىقچىلار پومېشچىكلارنىڭ مال-دۇنيا ئۈچۈن جېنىدىن كېچىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە تۇرمۇشتىكى بىلىمسىزلىكى، ئەخمەقلىقى قاتارلىق ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ «ئۆزىنىڭكىنى ئۆزىگە-تۇپىسىنى كۆزىگە قىلىپ»، «ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى باپلاش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۇلار بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىدۇ. نەتىجىدە پومىششىكلار ئۆز بېشىنى ئۆزى يېيىش بىلەن تۈگىشىدۇ. شۇنداقلا يىللىقچىلار پومىششىكلار قوللانغان خىلمۇ-خىل ھىيلىگەر، زەھەرلىك ۋاستىلەردىكى ئاجىزلىق، يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ، ئەپچىل، «قانۇنى» كۈرەش ئۇسۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ، پومىششىكلارنى قاپقانغا چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىدۇ، ھەمدە ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيانغا ئۇچرىتىپ، زۇۋان سۈرەلمەس قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، ئورغۇنلىغان چۆچەكلەردە پومىششىكلار يىللىقچىلار بىلەن ئىشتىن بۇرۇن توختام تۈزگەندە، پومىششىكلار قانداق قىلىپ يىللىقچىلارنى كۆپرەك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ پىلان تۈزىسىمۇ، لېكىن يىللىقچىلار ئۇلارنىڭ بىلىمسىز، ئەخمەقلىقىدىن، ئىشلىگۈچىلەر ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، پومىششىكلارنىڭ توختامدا كەتكۈزۈپ قويغان جايلىرى ۋە ئىككى بىسلىق گەپلىرىدىن، ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىپەرۋا تۇرغاندا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى ئەخمەق قىلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. («ئىككى خىل تەگرى»، «تەرتىپنى ئۆزگەرتىش» قاتارلىقلاردا) پومىششىكلار يىللىقچىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلىتىدۇ، يىللىقچىلار قەستەن ھادىسە چىقىرىپ ياكى ئات-ئۇلاقلارغا زۇلۇم سېلىپ دېخانچىلىق سايمانلىرى ۋە زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پومىششىكلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن چىقىمغا ئۇچرىتىپ، دەردىنى سىرتقا چىقىرالماس قىلىۋېتىدۇ. («ئۈچتە مۇشكۇللۇك تۇغدۇرىدىغان يىللىقچى»دا) پومىششىكلار ئىش ۋاقتىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتقاندا، يىللىقچىلار ئالدىدا ماقۇل بولۇپ، «ھە، ھە،» دەپ قويۇپ، ئارقىدىن بەھۇزۇر دەم ئالىدۇ. («تەرتىپنى ئۆزگەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىش» قاتارلىقلاردا) يومشىشىك يىللىقچىلارنىڭ ماناشىنى يولسىزلىق بىلەن تۇتۇپ قالماقچى بولغاندا، يىللىقچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يومشىشكىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن قىيىنچىلىقىنى بەربات قىلىدۇ- دە، ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىتىۋالىدۇ. يىللىقچىلار قەستەن گالۋاڭلىشىۋېلىپ، يومشىشكىنىڭ تاماقلىرىنى يەۋېلىپ. ئۇلارنى رەسۋالاشتۇرۇپ، پەرىشان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. («ساراڭغا سوت يوق»، «ئىچى يامان» ۋە «ئىچى يامانى داۋالاش» قاتارلىقلاردا) يىللىقچىلار مۇشۇنداق ئەپچىل كۈرەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، يومشىشكىلار سىنىپىنىڭ ئىكسپىلاتاتورلۇق ماھە- يىتىنى پاش قىلىپ، ئۆز جاسارىتىنى ئۈستۈرۈپ دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرىدۇ.

بولۇپمۇ يىللىقچىلارنىڭ يەر ئىلاھىنى، كىچىك شەيتانلارنى، دادىخا ئەمەلدارى سوتچىلارنى، يا ماراجالارنى جازالاپ- ئەخمەق قىلغان چۆچەكلەر فېئوداللىق ئىلاھىي ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشتا تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ سىمۋوللۇق ۋەكىللىرى ۋە ھامى سۈپىتىدە تۇرغان بايقۇشلىرى بولۇپ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدۇر. ئۇلار باقى ئالەمنىڭ شەرىئەت- تۈزۈملىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قولدىكى ھوقۇقىنى ئىشقا سېلىپ، يومش- شىكلارنىڭ دىخانلارنى باستۇرۇشىغا يار- يۆلەك بولغانلىرىدا، يىللىق- چىلار ئۇلارنىڭ دۆت- ئەخمەق، كالۋا، نادان تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، پاراسەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئاغزى- بۇرنىنى قان قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردىن شىمالدا «ۋاڭ داۋ ھەققىدە ھېكايە»، «جاڭ نىڭ» قاتارلىقلار بار. جەنۇپتا «يالغانچى»، «ۋاڭ چاققاننىڭ ئالۋاستىنى ئەدەپلىشى» قاتارلىقلار بار. شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇللاردا ئەپەندى، بالغىنساڭلارنىڭ ھېكايىلىرى بار. ھەرقايسى جايلاردىكى مۇنداق چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇخشىشىپ كېتىشى، بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ كەڭ تارىلىپ، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يىللىقچى بىلەن پومشىكلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئىنتايىن مەنىلىك ئىدىيىۋى قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، كونا زاماننىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا پەيدا بولۇپ، خىلمۇ-خىل تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا يىللىقچىلارنىڭ ئىدى-يىسىمۇ يەنىلا فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. بۇ خىل چەكلىمىلىك ئەلۋەتتە كۆرەشنىڭ ستىخىيىلىكىدە، تەسادىپىلىق ۋە قىسمەنلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى بۇ ئالاھىدىلىك يەنە يىللىقچىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرەش-لىرىدە، فېئوداللىق ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈمنى ئېتراپ قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. پەقەت فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپ-چىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئەخلاقىي يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بارغان «قانۇنلۇق كۆرەش»لىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يىللىقچىلار پومشىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى، توختامنىڭ قانۇنلۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئېتراپ قىلمىسا بولمايدۇ. ئۇلار ئادەتتە پەقەت توختامدىكى زىددىيەتلەر، كاۋاكلاردىن پايدىلىنىپ، پومشىك-لارنى ئەخمەق قىلالايدۇكى فېئوداللىق تۈزۈمدىن تۈپتىن گۇمانلى-نالمايدۇ ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىۋېتەلمەيدۇ. مۇشۇنداق يىللىقچىلارنىڭ پومشىكلار بىلەن كۆرەش قىلغانلىقىغا دائىر چۆچەكلەر بىلەن بىرلىكتە خەلق ئارىسىدا تارىلىپ يۈرگەن يەنە بىر قىسىم قالاق ئىدىيە تەشۋىق قىلىنىدىغان، پومشىكلار سىنىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن چۆچەكلەرمۇ بار. مەسىلەن: «يىللىقچىنىڭ ئەرۋاھتىن مەدەت تىلىشى»نى ئالساق، ئۇنىڭدا يىللىقچى، يەر ئىلاھىدىن ئاغرىق چۈشۈرۈپ بېرىشنى تىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەۋالماقچى ھەم ئەم-گەكتىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولىدۇ. مۇشۇنداق مەزمۇنلار يىللىقچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يىلىلىقچى بىلەن پومىشىشك ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئۆتكۈر، ئاچچىق ھەجۋى قىلىش ۋە يۇمۇرلۇق بەدىئىي خىسلەتكە ئىگە. بۇ چۆچەكلەردە ئوبرازلار بىرقەدەر ئاز ۋەقەلىكلەر يەككە-يېگانە بولۇپ، يىلىلىقچى بىلەن پومىشىشكىنىڭ ئوبرازى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا جانلىق يارىتىلىدۇ. يىلىلىقچىلارنىڭ (بولۇپمۇ ئىش باشلامچىلىرىنىڭ) پاراستى، پومىشىشكلار بىلەن ئەپچىل كۆرەش قىلغانلىقىدا گەۋدىلىنىدۇ. كۆرەشنىڭ دەسلىۋىدە، پومىشىشك ئۈستۈن ئورۇننى ئىگەللەپ، يىلىلىقچى پايدىسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. چۆچەكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەجرىبىلىك يىلىلىقچى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ-دە، پومىشىشكىنىڭ ئاچكۆز، نادانلىقىدەك ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، پومىشىشكىنى مەغلۇپ قىلمىغىچە كۆرەشنى توختاتمايدۇ. («مەسىلەن: «تام ئۈستىدە قوش ھەيدەش»تە) بۇ «ئەپچىللىك» پەقەت يىلىلىقچىنىڭ ھوشيارلىقى ۋە كۆرەش تەجرىبىسىگە تايىنىش ئاساسىدىلا بولىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، دائىم يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشتا گەۋدىلىنىدۇ. بۇنداق ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى، ۋەقەلىكلىرى نۇرغۇنلىغان كونكرېتنى تۇرمۇش ئەمەلىيەتلەرنى ئاساس قىلغانلىقتىن، شۇ چۆچەكلەردىكى ئىش — كىشىلەر كىشىگە ئالاھىدە يېقىنلىق، ۋەقە شۇ ئەتراپتىلا يۈز بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. چۆچەكلەردىكى يىلىلىقچىلارنىڭ ئوبرازى ئورتاق سىنىپىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاندىن سىرت، پېرسوناژلار يەرلىك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە. بۇندىن باشقا بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇكەممەل بولىدۇ. يىلىلىقچىنىڭ پومىشىشك بىلەن قىلغان كۆرىشى، ھەمىشە تەكرار ئۈچ خىل ئىشنى (بىرنەچچە خىل ئىشنى) قىلىش ئاساسىدا بولۇپ، ۋەقەلىكلىرى بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، كىشىلەرگە شۇنى ھېس قىلدۇردۇكى يىللىقچىنىڭ شارائىتى يامان بولغانسېرى، قارشىلىقى كۈچلۈك، كۈرەش ئۇسۇلىمۇ ئەپچىل، غەلىبىسىمۇ خوشال قىلارلىق بولىدۇ. پومىششىك ھىلىگەر بولغانسېرى ئالدىنىدۇ، ئالدانغانسېرى ھىلىگەرلىشىدۇ، ئاخىر ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ. مەسىلەن: «ۋۇئەرنى ئەپيۇندىن قالدۇرۇش»، «ئابروينى چۈشۈرۈش» قاتار-لىقلاردا شۇنداق. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا دائىم يىللىقچى ئويلاپ يەتمىگەن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقىدۇ ھەم ئوبيېكتىپ ئەملىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلە-شىپ، بىر قەدەر كۈچلۈك بەدىئى ئۈنۈمنى پەيدا قىلىدۇ.

2. ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدىكى چۆچەك.

ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر دۆلىتىمىزنىڭ خەلق چۆچەك-لىرى ئىچىدىكى مۇھىم ژانىرلارنىڭ بىرى. جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇد-دەتلىك فېئوداللىق جەمئىيىتى ۋە يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيىتىدە، قول سانائەت ئىشچىلىرى نامرات دېخانلارغا ئوخشاشلا، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىلىشكە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان ئەمگەكچىلەر سىنى-پىدۇر. ئۇلار (خاڭ ئىشچىلىرى، مېتال تاۋلاش ئىشچىلىرى، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى، ياغاچچىلار، فار-فور ئىشچىلىرى، ئويما-نەقاش ئىشچىلىرى، پاراخوت ئىشچىلىرى، يىپەك ئىشچىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن خاڭ خوجايىنلىرى، كارخانا خوجايىنلىرى، ئەمەلدارلار، پادىشالار، جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈر-گىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەر مەۋجۇت. ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكى روشەن ئىجتىمائىي مايىللىق ۋە كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئۇنى مۇھىم ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.

كونا جەمئىيەتتە ئىشچى ئۇستىلار ئۇزاق مەزگىللىك ئەمگەك ئەمەلىيىتى ۋە جاپالىق ئۆگىنىش داۋامىدا يۇقىرى ھۈنەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماھارەتلەرنى ئىگەللىۋېلىپ، كۆپلىگەن نەپىس مەھسۇلاتلارنى ئىجات قىلىپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلاپ كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەر ياراتقان. شۇڭا ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى، قابىلىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن ئىجات قىلغان مەھسۇلاتلىرى مەدھىيىلەنگەن. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشچى ئۇستىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ھامان ئېچىنىشلىق بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ يۇقۇرى ھۈنەر ماھارەتلىرى ۋە داڭدار تۆھپىلىرى دەل ئۇلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ. مەسىلەن: «توقۇمىچى قىز»غا ئوخشاش. بەزى چۆچەكلەردە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ياساپ چىققان گۈزەل مەھسۇلاتلىرى ۋە ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلاردا ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى نامايان قىلىنىش بىلەن، مەيدان ئىگىلىرى، كاپىتالىستلارنىڭ ھەيۋىسى بېسىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ئىشچىلارنىڭ جاسارىتىگە زور دەرىجىدە ئىلھام بېرىلگەن. (مەسىلەن: «گۈللۈك راۋاق»تا) مەككار سودىگەرلەرنىڭ ئېلىپ-ساتارلىق قىلىپ، قاقتى-سوقتى قىلىدىغان ھىلە-مىكىرلىرى ئېچىپ تاشلانغان. (مەسىلەن: «قوش ئەجدىھا سۈرەتلىك لوڭقا»دا) يەنە كۆپ چۆچەكلەردە ئىشچى ئۇستىلار ئۈزلۈكسىز ئويغىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، خوجايىنلارنىڭ ئېكىسپىلاتاتورلۇق ماھىيىتىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلغانلىغى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. (مەسىلەن: يۈننەننىڭ كونا قەلەي كانىدىكى ئىشچىلار ئارىسىدا تارالغان «خوجايىننىڭ ئاچچىقى قەيەردىن كېلىدۇ؟» «تۆمۈرچى بىلەن خوجايىن» قاتارلىقلار شۇنداق) يەنە بەزى ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردە كان ئىگىلىرى، خوجايىنلارنىڭ ئاچكۆزلۈك ماھىيىتى ۋە ئىشچىلارنى خارلىغان، قەستەن قىيىنچىلىق كەلتۈرگەن ساختىپەزلىكلىرى توتۇۋېلىنىپ، ئويدۇرۇپ چىقىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارغا مۇناسىپ جازا بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

(«كېمىچىلەر ھەققىدە ھېكايە»، «جاڭ زىجيەنىنىڭ پەم بىلەن دۈخۈەيشۈينىڭ جاجىسىنى بېرىشى» قاتارلىقلاردا) سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇستىكارلارنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا، ئىشچىلار قىزغىنلىپ چىققاندا، مەيدان ئىگىلىرىگە، خوجايىنلارغا، ھاكىملارغا مەردلىك بىلەن قارشى تۇرىدىغان ھەمدە ئىشچىلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۆرىشىگە ناخشا بىلەن ئىلھام بېرىدىغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر مەيدانغا كەلگەن. (مەسىلەن، قەلەي كان ئىشچىلىرىنىڭ: «ماھىر تاغ ناخشىچىسى»، كۆمۈركان ئىشچىلىرىنىڭ «تاغ چېچىكى»، «قۇرغۇي بىلەن قاغا»، تۆمۈر تاۋلاش ئىشچىلىرىنىڭ «كۆيەكچى قىز»، تۇز ئىشچىلىرىنىڭ «گاچا قىز» قاتارلىق چۆچەكلىرىدە شۇنداق.) يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، كاپىتالىستلار، زاۋۇت ئىگىلىرى، ئەمەلدارلار، جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ، ئىشچىلارغا شەپقەتسىز ھالدا زۇلۇم سېلىپ، زىيانكەشلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى تالان-تاراج قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشچىلار ئارىسىدىكى ئۇستىكارلار ئىشچىلارنى يېتەكلەپ، كان ئىگىلىرى، جاھانگىرلارغا زەربە بېرىش يۈزىسىدىن ئىسيان—قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان چۆچەكلەر مەيدانغا كەلدى. (مەسىلەن: «كان ئىشچىسى لاۋۋۇ ھەققىدە ھېكايە»، «جاھانكەش چوقۇرنىڭ ئەجنەبىلەر پىرمىسىنى كۆيدۈرۈشى»، «تۇز چىقىرىش ئىشچىلىرىنىڭ خوشلۇقى» قاتارلىقلاردا شۇنداق) بۇ چۆچەكلەر جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى غەزىنىسىدە خېلى زور قىممەت سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئەت بۇيۇملىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ كۆرەش تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ھۇنەرۋەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى، دۈشمەننىڭ ئەدۋىنى بېرىش ۋە ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇشنى ئىپادىلەش

www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. رىياللىقنى يېزىش ئۇسلۇبى ۋە ۋەقەلىكنى
تولۇق بايان قىلىش بولغان ئىكەن، رومانتىك تەسەۋۋۇرلاردىن
پايدىلىنىشتەك رومانتىك ئۇسلۇبىمۇ ۋە ساپ لىرىكىمۇ بولىدۇ. بۇ چۆ-
چەكلەردە، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ يەم-پاراستى، كۆپ ئۆزگىرىشچان
ماھارىتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ زاۋۇت ئىگىلىرى، خوجايىن-
لار، ئەمەلدارلار بىلەن كۈرەش قىلىش جەھەتتە ئۇچۇق ھەجۋى
قىلىش، يۇمۇرلۇق بەدىئى ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكى نامايان قىلىنغان.
بۇ چۆچەكلەردە تالاي كۆپ تۇرمۇش ئەمىلىيەتلىرى بولغانلىقتىن،
ھەقىقى ئىشەنچلىك بولۇشى بىلەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ھۈنەر-
ۋەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى،
قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى، تەسەۋۋۇرلارنىڭ گۈزەل بولۇشى ۋە
ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىنىشى، سىلىشتۇرۇلىشى، لىرىكىلىق ماھارەتتىن
پايدىلىنىش قاتارلىق تەرەپلەردە، بىرقەدەر يۇقۇرى سەۋىيىگە
يەتكەن. بۇ بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

(3) فېئودالىلىق قائىدە-يوسۇنغا قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى
چۆچەكلەر.

بۇ چۆچەكلەر، جۇڭگو فېئودالىق جەمىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمى-
دىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ، بولۇپمۇ ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ شەپقەتسىز
فېئودالىق قايىدە-يوسۇن، ئەخلاق، ئىدىيىلەر كەلتۈرگەن ئۆزلىرىنىڭ
ئېچىنىشلىق تەقدىرى توغرۇلۇق قىلغان شىكايىتى ۋە ئېتىراز بىلدۈرىشى
بولۇپ، بۇنىڭ چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە بىلىش رولى بار.
بەزى ئەسەرلەر ھازىرمۇ فېئودالىق ئىدىيىنى تازىلاشتا، يەنىلا ئەمىلي
ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەنە دۆلىتىمىزدىكى ئاياللار مەسىلىسىنىڭ
مۇھىملىقىنى كۈچلۈك ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ئاساسى مەزمۇنى: چۆچەكلەرنىڭ بەزىلە-
رىدە ياش قىز-چوكانلارنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى تەلىۋى ئەكس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتتۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرىدە نىكا ئىشلىرىدا ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشتەك قەتئىي ئارزۇ ۋە ئىرادە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن: «بىر تال گۈل بىلەن لەش قاپاق» دېگەن چۆچەكتە باش قەھرىمان ئايال يى جىنخۇا، قېچىپ كېتىشتەك كەسكىن ھەركىتى بىلەن سى دۇگۇاغا ئوخشاش لامزەللە-قاپاقباش ئېرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، نىكا ئىشلىرىدا ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش تەلىپىنى قەتئىي ئىپادىلە-گەن. يەنە بەزى چۆچەكلەردە ئاياللار فېئوداللىق ئۆرپ-ئادەتنى قوغدايدىغان پادىشا ھاكىمىيتىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى ئىپادىلىگەن. فېئودال ھۆكۈمرانلار بولسا ھەمىشە دېگۈدەك قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، تارىختىن چوڭ-چوڭ سەھىپىلەرنى ئاجرىتىپ، فېئوداللىق ئۆرپ-ئادەت يولىدا جان «پىدا» قىلىشقا «رازى» ئاياللار ئۈچۈن تەرجىمىھال يېزىپ، خاتىرە مۇنارە تىكلىگەن ۋە ئاياللارنى ئاشۇلار بولغاندەك بولۇشقا چاقىرغان (مەسىلەن: «قىزلار تەزكىرىسى» ۋە تارىخىي كىتاپ-لارنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىدا)، ئەمما ئەمگەكچى ئاياللار ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، ئەدىۋىنى بەرگەن جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن «خاتىرە گۈمبەز قاتۇرۇش»قا ئوخشاش چۆچەكلەر، مانا مۇشۇ خىلدىكى چۆچەكلەردۇر. بۇ خىل چۆچەكلەردىكى ياش چوكان، پادىشانىڭ يارلىغى بىلەن ئۆزىگە ئىپپەت خاتىرە گۈمبىزى ياسىلىپ پۈتكەن كۈنى، گۈمبەز ياسىغان ياش تاشچى ئۇستىكار بىلەن بىللە قېچىپ كېتىدۇ. شەكسىزكى بۇنىڭدا فېئوداللىق پادىشا ھاكىمىيتى شەپقەتسىز مەسخىرە ئاستىغا ئېلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئويغىنىۋاتقان ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك غايەت زور مەنىۋى كۈچ نامايان قىلىنغان. بۇ-نىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن چۆچەكلەردە فېئوداللىق ئەخلاق، كۆزقاراشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئائىلە پاجىئەلىرى ھەققىدىكى شىكايەتلەر كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ. «پاختەك» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۆچەكتە زالىم موماي كېلىننى خارلاپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا كېلىن- نىڭ قىلغان نالىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «ۋاڭ گاڭ»، «مۇھىم ئەمەس» دېگەن چۆچەكلەردە ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆگەي ئاكا-ئۇ كا باللارنى قەستلەپ، ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرگەنلىكى ئەيىپلەنگەن. بۇ چۆچەكلەردىكى ۋاقەلەر كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىدۇ. بۇ چۆچەكلەردە ھەقىقەتەن خەلقنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ جىنايەت- لىرى ئۈستىدە قىلغان شىكايەتلىرى ئەكس ئەتكەن.

دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر قويۇق بەدىئىي لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈل- گەن ئۇمىتۋارلىق، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش روھى، ساپ ھېسسىيات بەزىدە كىشىنى يىغلاتسا، بەزىدە كىشىنى خوشال قىلىدۇ. ۋە روھلاندۇرىدۇ. بۇ خىل چۆچەكلەر، رىياللىق بىلەن سېھىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا بايان قىلىش ئۇسلۇبىدا يېزىلىپلا قالماستىن، بەزىدە بۇنىڭغا ئۇستىلىق بىلەن سىمۋول قىلىش ئۇسلۇبى بىرلەشتۈ- رۈلگەن، ۋەقەلىكلەر گاھ كىنايە قىلىپ ماختاش گاھ چۆكۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن بايان قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بار- غانسېرى ئېشىپ بارغان.

(4) زېرەك كېلىن، دۆت كۈيوغۇل ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇ خىل چۆچەكلەردە جۇڭگونىڭ فېئودالىلىق جەمئىيىتىدىكى كىشىلەر تارىخىنىڭ ئىگىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ سەمىمىي، ئالىجاناپ ئىدىيىۋى خىسلىتىگە مەدھىيە ئوقۇغان، بۇ چۆچەكلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۇنياقارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

زېرەك كېلىن ھەققىدىكى چۆچەكلەر جۇڭگو فېئودالىلىق جەمئىيە- تىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ جەمىيەتتىكى پەس ئورنىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشىنى ۋە «تۆت خىل ھاكىمىيەت»نىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشتىكى كۈچلۈك ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئوداللىق جەمىيەتتە، ئىنسانىي ئەركىنلىككە، ئەر-ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشقا ئىنتىلگەن ھەممىگە قابىل جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ چۆچەكلەردە ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ تۇرمۇش، كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئۇلارنىڭ فېئودال ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ قەستەن مۇشكۈللۈك تۇغدۇرۇشىغا، فېئودال ئەدىپلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى كەمسىتىشلىرىگە فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ تەھدىت-بېسىملىرىغا جاسارەت بىلەن قارشى تۇرغانلىقى مەدھىيىلىنىدۇ. (مەسىلەن: «ھېچ كىمگە يالۋۇرماس» قاتارلىق چۆچەكلەردە) بۇ خىل چۆچەكلەردە دوست بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، خەلق ئىچىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەشلەرمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

نۇرغۇنلىغان چۆچەكلەردە ئائىلە تۇرمۇشى تېما قىلىنغان مەسىلەن: «زىرەك كېلىن»دە چۆچەكنىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرىنىڭ «زىرەكلىكى» دەل ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش، كۈرەش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن باي بىلىملىرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. زىرەك كېلىننىڭ ھەر بىر سۆز-ھەركىتى ئۆزلىرىگە-ھايات ئىگىسىگە خاس ئالىجاناپ خىسلەت ۋە مەردانىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. «ھېچكىمگە يالۋۇرماس» دېگەن چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەن زىرەك كېلىننىڭ ناھىيە ئامبىلىغا بەرگەن جاۋابىدا چوڭقۇر پەلسەپىك پىكىرلەر بار. زىرەك كېلىن ئۆزىنىڭ ئېرىگە ئالدى بىلەن ھىلىقى ئامبالغا: تەيشەن تېغىنىڭ ئېغىرلىقىنى، كۆرە بىلەن دېڭىزنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئۆلچەپ چىقىشنى، سىزغۇچ بىلەن يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلىپ چىقىشنى، ئاندىن يەنە ئۈچ كۈن ئىچىدە خۇددى تەيشەن تېغىدەك ئېغىر چوشقىدىن بىرنى سەمرىتىپ چىقىشنى، دېڭىز سۈيىدەك كۆپ ھاراق چىقىرىشنى، يولنىڭ ئۇزۇنلۇغىدەك جىق رەخت توقۇپ چىقىشنى ئېيتقۇزىدۇ. ئۇ ئاشۇ خىل چەكلىك ئۆلچەم بىلەن چەكسىز ئوبېكتىپ شەيئىلەرنى ئۆلچىتىش قائىدىسى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئامبالنىڭ يولسىزلىغىنى، قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇ-رۇشتەك ھىلىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئەگەر ماددى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئەمگەك ئەمىلىيىتى ئاساس قىلىنمىغاندا بۇنداق ئەقىل-پارا-سەتنىڭ كېلىپ چىقىشى قىيىن ئىدى.

«دۆت» كۈيوغۇل ھەققىدىكى چۆچەكلەر جۇڭگو فېئوداللىق جەمى-يىتىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ دېموكراتىيە تەلەپلىرى بىلەن ئېغىر ھالدىكى ئۇرۇقداشلىق كۆزقارىشى، ئەدەپ-ئەخلاق كۆزقارىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ بەدىئى ئىنكاسى. بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ۋە بۇ خىل چۆچەك-لەرگە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىنى تۇتقىلى تېخىمۇ بول-مايدۇ. ئەمىلىيەتتە «دۆت» كۈيوغۇلدىكى «دۆت» مۇرەككەپ ھادىسە بولۇپ، كونكرېتنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، بۇ خىل چۆچەكلەردە ئەخلەت-شاكاللارمۇ ئاز ئەمەس، بەزىلىرىنىڭ مەزمۇنى پەس ۋە چاكىنا. لېكىن بۇ چۆچەكلەرنىڭ ئىچىدە ئىجابى مەزمۇنلارمۇ ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا فېئوداللىق جەمىيەتتىكى ھەقىقى «ئەقىل-پاراسەت» بىلەن «دۆت»لىكنىڭ ھەق-ناھەق ئۆلچىمى، شۇنىڭدەك كىم-كىمنى بېقىۋاتقانلىقتىن ئىبارەت جىددى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جۇڭگونىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق تۈزۈمى، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە ئۇرۇقداشلىق كۆزقارىشنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزدى. ھۆكۈمران سىنىپلار «ئەدەپ-قائىدە»نىڭ فېئوداللىق ئەنئەنىلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. دېمەك: ھۆكۈمرانلارنىڭ قارىشىچە كىمكى «ئەدەپ-قائىدە»نى سۆزلىسە، شۇ فېئوداللىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ھەيۋىسىنى قوغدىغان، ئەقىللىق ھېساپلىنىدۇ. ئەكسىنچە بولغاندا ئەخمەق دەپ قارىلىدۇ. ئەمما چۆچەكلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ «ئەقىل-پاراسەت» ۋە «دۆت»لۈكىنىڭ ئۆلچىمى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىپادىلىنىدۇ. فېئوداللىق جەمىيەتتە فېئوداللىق «ئەدەپ-قائىدە»نىڭ ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىسى فېئودال ئائىلىلىرى ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان توغۇلغان كۈن خاتىرىسى، توي-تۆكۈن، ھېيتلاش قاتارلىق سورۇنلاردا ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ. شۇنداق چاغلاردا «ئەدەپ-قائىدە»نى ساقلاش-ساقلىماسلىق، بىلىم-ماھارەتنى كۆرسىتىش-كۆرسىتەلمەسلىك جامائەت پىكرىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. بەزى «دۆت» كۈيوغۇل ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ئاشۇنداق سورۇنلار تەلەپ قىلغان فېئوداللىق «قائىدە-ئەدەپ» پات-پات «دۆت» كۈيوغۇلنىڭ كىنايە قىلىشى ۋە كولدۇرلىتىشى بىلەن ھېچنەمىگە ئەرزىمەس قىلىۋېتىلىدۇ. بۇ خىل قائىدە-يوسۇنلەردىن يۈز ئۆرۈگەنلەر، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە قابىلىيىتىنى ئىپادىلەش بولىدۇ؛ ئەمما ھۆكۈمرانلار ئۇلارنى «ئەخمەق» «دۆت» دەپ بىلىدۇ. مەسىلەن: «ئۈچىنچى كۈيوغۇلنىڭ توغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەش»تىكى زىياپەتتە شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىسىدە، مۇلۇكدار بىلەن ئەمەلدار بايلارنىڭ بالىلىرى دىخانچىلىق قىلىدىغان «دۆت» كۈيوغۇلنى ئەخمەق قىلماقچى ۋە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ مات قىلماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار «دۆت» كۈيوغۇل تەرىپىدىن بىر-بىرلەپ مات قىلىنىپ، ۋەتۇەرىگى چىقىرىلىدۇ. يەنە ئالايلۇق، دورامچىلىقتا داڭ چىقارغان «دۆت كۈيوغۇلنىڭ خوتۇنىغا ئىرىشىشى»دە كۈيوغۇل كولدۇرلىتىشقا-ھاقارەتكە ئۇچراپ، خوتۇنى نىكادىن ئاجرىشىشقا يۈزلەنگەن پەيتتە گەپ دوراش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ قارشى

www.uyghurkitap.com

تەرەپنى مات قىلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىقتىدارنى
نامايان قىلىش بىلەن ئاخىرى غەلىبە قازىنىپ قايتىدۇ. يەنە بەزى
«دۆت» كۆيوغۇللار قەستەن، گالۋاڭ بولۇۋېلىپ شىبىر توقۇش پۇر-
سىتىدىن پايدىلىنىپ مۇلۇكدار، ئەمەلدار ئەدىبلەرنىڭ ھەدەپ ماختىغان
كۆكزى، مىكزىلىرىنىڭ «ۋاپادارلىق» يولىنى بىرمۇ توغرا يېرى يوق
قىلىۋېتىدۇ، يەنە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ چاكىنا قائىدە-يوسۇنلىرىنى،
دەبدەبىلىك تەكەللۇپلىرىنى، يالغانچى ئەدىبلىرىمۇ «دۆت» كۆيو-
غۇل تەرىپىدىن ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇ ئەمىلە-
يەتتە كىشىلەرنى خۇشال قىلىدۇ. بۇ چۆچەكلەردە ئەمگەكچى
خەلقنىڭ ھەقىقى ئەقىللىق ئېكسپىلاتاتورلار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ
ئەخمەق ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ. چۆچەكلەردىكى قارىمۇ-قارشى
ئىككى سىنىپنىڭ ھەق-ناھەق، ئەقىللىق ۋە دۆتلۈك ئۆلچىمى بىر-
بىرىگە دەلمۇ-دەل قارشى بولۇپ، ئىككى سىنىپ، ئىككى خىل
ئىدىيىنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھاسىدىكى كەسكىن كۆرەشنىڭ ئالاھىدە
ئىنكاسى. چۈنكى، بۇ خىل ھالەتلەرنىڭ رىيال تۇرمۇشتا مەيدانغا
چىقىشى ناھايىتى تەس. شۇڭا ئەمگەكچى خەلق پەقەت مۇشۇنداق
چۆچەكلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ئارزۇلىرىنى ئەكتىپ
ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ھۆكۈمرانلار كۆككە كۆتەرگەن «ئەقىللىق»لارنى
ساۋاپ، ئەخمەقلەر دەپ قارالغان ھەقىقى ئەقىللىقلار — ئەمگەكچى
خەلقنى مەدھىيىلەيدۇ. بۇ خىل ماختاش ۋە چۆكۈرۈش ئەمگەكچى
خەلقنىڭ ئەخلاق كۆزقارىشىنى، سەنئەت ساھاسىدىكى پەلسەپىۋىي
كۆزقارىشىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ خىلدىكى چۆچەك-
لەرنىڭ ئاكتىپ ئەھمىيىتى دەل مۇشۇ يەردە. ئەمدى بۇ خىلدىكى
چۆچەكلەرنىڭ ئەخلەت-شاكاللىرىغا كەلسەك، ئەمگەكچى خەلقنىڭ
فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداق-
لا فېئودااللار سىنىپى ۋە ئەدىبلىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى خۇنۇك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لاشتۇرۇلغىنىڭ ۋە ھاقارەتلىگەنلىگىنىڭ ئاملىرىدۇر. بۇ مۇرەك-
كەپ مەسىلە بولۇپ، ئېخىمۇ كونكرېتنى تەھلىل قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ.

قاۋۇل كېلىن بىلەن «دۈت» كۈيوغۇل ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ
بەدىئىي ئالاھىدىلىكى: بىرىنچىدىن، تەكرار سىناش جەريانىدا زىرەك
كېلىننىڭ ئوبرازى ۋە خاراكتېرى يارىتىلىدۇ. ئەقىل-پاراسىتى ۋە
ئەقىلدارى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئالدىغا ھەمىشە ئۈچ
قىيىن مەسىلە قويۇلۇپ، دەرھال جاۋاپ بېرىش ياكى قىلماقچى بولغان
ئىشنى چەكلىك ۋاقىتتا ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئايال باش قەھ-
رىمان ھەمىشە دېگۈدەك ئۇلارغا غەلىبە قىلىدۇ. بۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى
كۆپلىگەن پاكىتلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىنكاس قىلىنغان. ئىككىنچىدىن،
«دۈت» كۈيوغۇلنىڭ ئەقىل-پاراسىتى مەدھىيىلىنىدۇ. دائىم ئۇلار
«ئۈچىنچى كۈيوغۇلنىڭ ھېيتلىشى» قاتارلىق زىياپەتلەرگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلۇپ، ئەمەلدار-مۆتىۋەر، باي دۆلەتمەنلەرنىڭ بالىلىرى ۋە ئەۋ-
لىيا-ماشايىقلار بىلەن شېئىر مۇسابىقىلىرىدە ئۇچراشتۇرۇلىدۇ، «دۈت»
كۈيوغۇل قارشى تەرەپنى ئۈزلۈكسىز يېڭىپ، نەق مەيداندىلا رەس-
ۋا قىلىدۇ. سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئۇ تېخىمۇ روشەن سىنىپىي
تېندىنسىيىلىك، دىرامىمىلىق ۋە يۇمۇرلۇق بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە
ئىگە. ئۈچىنچىدىن، «دۈت» كۈيوغۇل ھەققىدىكى چۆچەكلەردە «گەپ-
دانلىقنى ئۆگىنىش» يېڭى پىكىرگە، خاسلىقتا ئىگە بولۇپ («گەپ
دوراشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى» بۇنىڭ باشقا بىر تەرىپى) بۇنىڭ
ئىچىدىكى شېئىر، نەزمىلەر ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلەشتە
مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزى چۆچەكلەردە «گەپ دوراش مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىسىمۇ» فېئودالىق ئەدەپ-قائىدە تەرتىپلەرنى مەسخىرە قىلىش
رولىنى ئوينايدۇ. «گەپ دوراشتا ئۇتۇپ چىقىش»قا كەلسەك، ئۇ
فېئودال كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا قىلىنغان كۈرەش-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ غەلىبىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ نۇقتا دەل ئېپوداللىق جەمىيەت-تىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(5) ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇ خىل چۆچەكلەر مۇھىمى بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىشلەپچىقى-رىش بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ياشلارنى تەربىيىلەشتە بىۋاستە رول ئوينايدۇ. ئەمگەكچى خەلق چۆچەك سۆزلەش ئارقىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە ئىزچىل بولغان. ئۇلار ھەم ئەمگەكنى يېنىك-لىتىش، ھەم ياخشى ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن بىلىم بولمىسا بولمايدۇ، دەپ تونىغان. بىلىم ئېلىش ئۈچۈن، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش، تىرىشچانلىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ خىل چۆچەكلەر ئەمگەك ماھىرلىرىنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرى-دىغان ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق ياشلارغا ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىن تەربىيە بېرىدۇ. (مەسىلەن، «قۇناقنى قايتۇرۇپ بېرىش»دە) بەزى چۆچەكلەر پىشقەدەم دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق تەجرىبىلىرى، جۈملە-دىن ھېرىپ-چارچاشتىن قورقماي، تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ، زىرائەتلەر-نىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەكلىكى، «ئەجرە كەم بولسا، ھوسۇلمۇ كەم بولىدۇ»غانلىقى، «قۇرغاقچىلىقتا يەر چاغلاش ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتمەسلىك، ھۆللۈك ۋاقتىدا يەر سۇغىرىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق» لازىملىقى توغرىسىدا بىلىم بېرىدۇ. (مەسىلەن، «سەككىز قېتىم چاغلاش»دا). يەنە «بۇغداي ئۇرۇغى يەتكۈزۈپ بېرىش»، «ۋەلى ئەھدى ساھىلى»لەردە زەي چېپىش، يەر ھەيدەش، ئۇرۇق سېلىش، ئوت ئوتاش، يەر چاغلاشلاردا پەيتنى چىڭ تۇتۇش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن؛ شۇنىڭدەك «قىزىل خىش»تىكى تېرىم پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، دائىم ھاۋارايى ۋە قۇرغاقچىلىق-ھۆلچە-لىك، قۇرۇت-ھاشارەتلەر ئاپىتى، بوران ئاپىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى

www.uyghurkitap.com

ئالدىنئالا كۆزىتىپ تۇرۇشىنىڭ لازىملىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
«ئۈچ ئوغۇل»دا سۆ مەنبەسىنى ئىزلەپ تېپىپ، قۇرغاقچىلىقتىن قۇتۇ-
لۇش يولىدا ئۈچ ئوغۇلنىڭ تىرىشىپ ئىزلەنگەنلىكى، ئاخىر يوشۇرۇن
ئالامەتلەر ئۈستىدە قىممەتلىك بايقاشقا ئېرىشكەنلىكى قاتارلىق تەر-
بىيەۋى رولى ناھايىتى چوڭ بولغان ئىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۈۋچىلىق ھەققىدىكى چۆچەكلەردە باتۇر ئۈۋچىلارنىڭ پەم-
پاراسەت ۋە باتۇرلۇققا تايىنىپ ئەمىلىيەت جەريانىدا ياۋايى ھايۋان-
لارنىڭ خاراكتېرى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى كۆزىتىپ ئىگىلىگەنلىكى،
ئوخشاش بولمىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، قىم-
مەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. («لىۋ
بوۋاينىڭ ياۋا چوشقىنى پەم بىلەن تۇتۇشى»، «جاۋ چۇبانىڭ قوڭۇر
ئېيىقنى تۇتۇشى» قاتارلىقلاردا) جىلىندە تارقالغان ساۋ پالۋاننىڭ
ئۈۋچىلىقى ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ساۋ پالۋاننىڭ ئۆزىنىڭ باتۇر-
لۇقى ۋە مول تەجرىبىسىگە تايىنىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىش-
قانلىقلىرى ناھايىتى تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇنداق
چۆچەكلەر ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. لېكىن
چۆچەكلەردىكى پىشقەدەم تەجرىبىلىك ئۈۋچىلار گەرچە كىشىنى ھەي-
رەتتە قالدۇرىدىغان ماھارەتكە ئىگە بولسىمۇ، پومشىشىك، تۆرە، چارۋا
ئىگىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى تۈپەيلىدىن
دائىم ئاچ-يالىڭاچ يۈرىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردە ئىشلەپچىقىرىش
ماھىرلىرى مەدھىيىلىنىش بىلەن بىرۋاقىتتا، كونا جەمىيەتنىڭ
جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىدۇ؛ بۇ سىنىپلارنىڭ قاتتىق
قارىمۇ-قارشىلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار چۆچەكنىڭ روشەن ئالاھى-
دىلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئالاھىدە بىر
ژانىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بەدىئى سەۋىيە جەھەتتىمۇ بىر

قەدەر ئۇستۇن تۇرىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇلاردا ئاساسەن پىشقەدەم دېخانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆلگە كۆرسەتكەنلىكى ۋە بىر قاتار نەتىجە، تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغانلىقى، شۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قايتا-قايتا تەربىيە بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان ۋە شۇ ئارقىلىق قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇۋچىلىق توغرىسىدىكى چۆچەكلەردە بولسا، پىشقەدەم ئۇۋچى بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق ئېلىشىش، سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بايان قىلىنغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇۋچىلارنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى يارىتىلغان: ئىككىنچىدىن، بۇ ھەقتىكى چۆچەكلەر بىرقەدەر ئاددى بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش جەريانى توغرىسىدىكى بايانلار ھەقىقى ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن؛ چۆچەكلەردە كۆپ ھاللاردا پىشقەدەم دېخانلارنىڭ ئۈچ يىللىق تولۇق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا قايتا-قايتا ئەمىلىيەت ئۆتكۈزىدىغانلىقى، بۇ ئارقىلىق ئۆز تەجرىبىسىنى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا ئۆگىتىپ-قالدۇرىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ياشلارنىڭ كەمچىللىكلىرىنى تۈزىتىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ؛ ئۇۋچىلىق ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى چىگىش، جىددى بولۇپ، كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەلرەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل چۆچەكلەردە ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى كونكرىت، ئەتراپلىق، جانلىق بولۇپ، ئوقۇغان كىشى مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. بۇ نۇقتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئىجتىمائى تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن زىچلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(6) يېڭى تۇرمۇش ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇ جەھەتتىكى ئەسەرلەر تىلغا ئېلىنغاندا، ئاساسەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان ۋە

www.uyghurkitap.com

تارقىلىپ كەلگەن خەلق چۆچەكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىدىيىۋى ھىسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى، مۇقەررەر ھالدا ئۇزۇن يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە بولغان خەلق چۆچەكلىرى ئىجادىيىتىدە يېڭى ۋە مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ چۆچەكلەر خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەش ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتەك رولىنى داۋاملىق جارى قىلماقتا.

بۇ چۆچەكلەردە بىر تەرەپتىن سوتسىيالىستىك يېڭى تۇرمۇش قىزغىن مەدھىيىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سوتسىيالىزىمنى قىزغىن سۆيۈشتەك ھىسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن. (قەد كۆتەرگەن دىخانلارنىڭ كوللىكتىپنى قىزغىن سۆيگەنلىكى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيگەنلىكى، ئەڭ ئاخىرىدا ماۋ جۇشىنى كۆرگەنلىكى بايان قىلىنىدىغان «ئۈچ ئاكا-ئۇكا»دىگەن چۆچەك بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ) ھەرقايسى سەپلەردىكى ئىلغار شەخسلەرنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش ئىزلىرى تەرىپلەنگەن (بىر دىخاننىڭ قانداق قىلىپ ئىجتىھات بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇرۇقنى ياخشىلىغانلىقى سۆزلەنگەن «يەر تېرىش ماھىرى»دىگەن چۆچەك بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ) يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە كىشىلەرنىڭ يۈكسەك روھىي-پەزىلىتى مەدھىيىلەنگەن (بىر جۈپ قىز-يىگىتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەنلىكى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا، مۇھەببەت مەسىلىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ھەل قىلغانلىقى سۆزلەنگەن «بىر-بىرىنى سۆيۈش»دىگەن چۆچەك بۇنىڭ مىسالى)؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كاشىلا بولىدىغان كونا نەرسىلەر قاتتىق پىپەن قىلىنىدۇ (پۇل-بايلىققا بېرىلىپ، نىكانى سودا-سېتىققا ئايلاندۇرۇشنى مەسخىرە قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«كۆيۇغۇل چىللاش»، كېلىننىڭ قېيناناسىنى خارلىشىنى پىپەن قىلىدىغان «جاڭ ئائىلىسىنىڭ كېلىنىنىڭ پەرىشانلىقى» دېگەن چۆچەكلەردە)؛ مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە خەلقنىڭ يۈرەك ساداسى ھەققىي تۈردە ئىپادىلەنگەن.

يېڭى تۇرمۇش چۆچەكلىرى يەنىلا ئەنئەنىۋى خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئىجات بولۇش ۋە تارقىلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلماقتا ۋە ئۇنى ساقلىماقتا.

يېڭى تۇرمۇش ھەققىدىكى چۆچەكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەنئەنىۋى خەلق چۆچەكلىرىگە قارىغاندا ئىجات بولۇش ۋە تارقىلىش جەريانىدا يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت پايدىلىق شارائىت كۆپەيگەن بولسىمۇ. لېكىن خەلق چۆچەكلىرى ئادەتتە ئالدى بىلەن ئاممىنىڭ ئاغزىدا سۆزلىنىدۇ ۋە تارقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلىپ ۋە رەتلىنىپ، قايتىدىن يەنە ئېغىز ئارقىلىق كەڭ دائىرىدە تارقىلىدۇ؛ مۇشۇنداق تەكرارلىنىشلاردىن كېيىن، ئەسلىدىكى چۆچەكلەر ئۆزگىرىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. مەسىلەن: «شۇنداقمۇ ئاشىق بولامدۇ» دېگەن چۆچەكتە پۈتۈن پىكىر-خىيالى بىلەن مۇھەببەتكە بېرىلگەن كىشىلەر ئاچچىق مەسخىرە قىلىنىدۇ. چۆچەك ئەسلىدە جىياڭشى، جېجياڭلاردا ئاغزاكى تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەك بولۇپ، كېيىن خاتىرىلىنىپ ئېلان قىلىنىش بىلەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقالدى. بۇلاردىن باشقا «يەر تېرىش ماھىرى» ۋە «بىر-بىرىنى سۆيۈش» قاتارلىقلارمۇ ئەنە شۇنداق بولغان. يېڭى چۆچەكلەر ئومۇمەن مۇشۇنداق ئىجات قىلىنىش، تارقىلىش جەريانىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يېڭى خەلق چۆچىكى بولالايدۇ.

يېڭى خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىسى ۋە ئۈمىت-ئارزۇلىرىنى ھەققىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئەگەر چۆچەكنىڭ مەزمۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا خىلاپ بولسا، ئۇنىڭدا تۇرمۇش چىنلىقى بۇرمىلانسا ياكى ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى پەقەت شەيئىنىڭ يالغان تەرىپى بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەملىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. (مەسىلەن: «قىيناتىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە تەن بېرىشى» دېگەن چۆچەكتە يەر 5 چى چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇلۇپ تېرىلغان بىر توپ قوناقتىن ئۈچ ماشىنا ھوسۇل ئېلىنغانلىقى، ئۇ كۈزدىن تارتىپ تا كېلەر يىلنىڭ 1-ئاي 1-كۈنىگىچە توشۇلسىمۇ تۈگىمىگەنلىكى بايان قىلىنغان) يەنە "سول" نۇقتىئىنەزەر بىلەن توقۇپ چىقىلغان، ئاتىنىڭ قىزىنىڭ نىكا ئىشىغا تۇتقان مۇئامىلىسى توغرىسىدىكى «ئەمگەك نەمۇنىچىسىنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلىشى»گە ئوخشاش چۆچەكلەرنىڭمۇ خەلق ئاممىسى ئىچىدە كەڭ تارقىلالىشى ناھايىتى قىيىن.

ئۇنىڭدىن قالسا، يېڭى خەلق چۆچەكلىرىنى خاتىرىلەش ۋە رەتلەشتە، ئەگەر ئەنئەنىۋى خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىدىن چەتنەش بولسىدىكەن، ئاممىنىڭ ئېغىزدا بايان قىلىش ئادىتى بىلەن ھساپلاشماي، يازغۇچىلارنىڭ ھېكايە يېزىش يولىدا مېڭىلىدىكەن، ئۇ چاغدا مۇقەررەر ھالدا ئەسلىدىكى خەلق چۆچىگىنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ-دە، ئۇ پەقەت ئوقۇش ئۈچۈنلا يېزىلغان يازما ئەدەبىياتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ئامما ئارىسىدا خەلق چۆچىكى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. خەلق چۆچەكلىرىنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرى، ئاساسەن، بىپايان يېزىلاردىكى ئېتىز بېشى، تونۇر بېشى ياكى زاۋۇتلاردىكى ئىشتىن سىرتقى مەدىنى كۆڭۈل ئېچىش مەيدانلىرى چۆچەك ئېيتىشنىڭ شەكلى «ئادەتتىكى تۇرمۇش پاراڭلىرى» شەكلى ئاساسىدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇزاقتىن بۇيان خەلق ئاممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئادەتلەنگەن ۋە قارشى ئالدىغان خەلق چۆچەكلىرىدىن ئىبارەت سەنئەت پائالىيىتىدۇر. تەبىئىكى، يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، خەلق چۆچەكلىرى پائالىيىتىنىڭ شەكىللىرى ئەنئەنىۋى شەكىللەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، مۇقەررەر ھالدا يەنىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم خەلق مەسەللىرى

### 1. خەلق مەسەللىرىنىڭ مەنىسى، پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى ۋە ئالاھىدىلىكى.

خەلق مەسەللىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە نەسرى شەكلى (بەزىلىرى نەزمى شەكلىدە) بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستى، تەجرىبىلىرى ۋە بىلىملىرىنىڭ جەۋھىرى. خەلق مەسەللىرى ئاز ساندىكى پەيلاسوپلار ياكى شەخسلەرنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن، بەلكى ئەمگەكچى خەلق ئورتاق ياراتقان ئېغىز ئەدەبىياتىدۇر.

دەسلەپكى خەلق مەسەللىرى ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەر ھېكايىلاردىن كېلىپ چىققان. ئىپتىدائى جەمىيەتتە (بۈگۈنكى مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئاستىراق بولۇۋاتقان مىللەتلەرمۇ مۇشۇنداق) كىشىلەر بىلەن ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يېقىنراق ئىدى. ئىنسانلار ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىجتىمائى تۇرمۇش شارائىتىدا، ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىگە ھايۋانلارنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقان. ئۇلار ھايۋانلارنى ئوۋلاش، بېقىش جەريانىدا، ئوۋلاش-بېقىپ كۆپەيتىشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاز-كۆپلىگى، كىيىم-كېچەك، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، قورال-جابدۇق ئىشلىتىشتىن تارتىپ، ئوغۇت يىغىشقىچە بولغان جەھەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىختىسادىي تۇرمۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۇققان. شۇڭا، ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق ئۆگىنىشكە تىرىشىپ، ئۇلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى، ئادىتى، ئالاھىدىلىكلىرىنى، دەل جايىدا، ئىنتايىن تەپسىلىي كۆزەتكەن. بۇ ئارقىلىق ئۇلاردا ھايۋانلارغا نىسبەتەن ئىشتىياق پەيدا بولغان. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەر دائىم دىگۈدەك ھايۋانلارنى ھېكايىلىرىنىڭ باش قەھرىمانى قىلىپ، ئۇلارنى توغرا، جانلىق، ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن. كېيىنچە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەدرىجى يىراقلاشقان. كىشىلەر، ھايۋانلارنى يەنىلا ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى قىلىسىمۇ، لېكىن بۇ ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشىنى ئىپادىلەشكە ئېتىۋار بېرىدىغان بولغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھايۋاناتلارغا كىشىلەرنىڭ پىكرى-خىيالىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرگە تەجرىبە-ساۋاق بېرىدىغان، بىر خىل ئىبرەتلىك مەسەللەرمۇ بار. يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ئالدىنىقى خېلى قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەر ئىچىگە تەربىيىۋى ئەھمىيەت يوشۇرۇنغان ھايۋاناتلار ھېكايىلىرى؛ كېيىنكىسى بولسا، ئوچۇق ياكى بىرقەدەر ئوچۇق ئىبرەتلىك ھايۋاناتلار ھېكايىلىرىدۇر. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، مەسەللەردىكى ھايۋاناتلارغا كىشىلىك پۇراق سىڭدۈرۈش تېخىمۇ قويۇقلاشتى، ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىمۇ خېلى چوڭقۇرلاشتى.

خەلق مەسەللىرى بىلەن ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنى پەرقلەندۈرمەك ناھايىتى تەس. نۇرغۇنلىغان ھايۋاناتلار چۆچەكلىرى كۆپىنچە مەسەل بولۇپ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسىي پەرقى تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ روشەن ياكى روشەن ئەمەسلىكىدە. مەسەلدە مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەۋجۇداتنىڭ (ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، شەيئى)ياكى ئادەمنىڭ پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتورنىڭ مەلۇم ئادەم ياكى ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە نىسبەتەن تىلىكى، باھاسى، مەدھىيىسى، تەنقىدى ياكى مەسخىرىسى ئىپادىلىنىدۇ (خەنزۇلارنىڭ قەدىمقى مەسەللىرىدە كۆپرەك ئادەم باش قەھرىمان قىلىنىدۇ، بۇ جەھەتتىن ياۋروپا ھەم مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئوخشىمايدۇ) شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن ئېنىق ھەمدە چوڭقۇر بولۇپ، ۋەقەلىكى بىلەن مەزمۇنى بىر بىرسىگە كىرىشىپ-چىرمىشىپ كەتكەن. بۇنداق تەربىيىۋى ئەھمىيەتلىك تەرەپلەر كېيىنكى چاغلاردىكى كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ مەسەل ئىجادىيەتلىرىدە تېخىمۇ روشەنلەشتى.

مەسەل قىسقا، ئىخچام، مېغىزلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك ئاددىغىنا بىر ئىشقا مۇجەسسەملىشىدۇ-دە، چوڭقۇر مەزمۇننى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ساغلام، ئاددى پىكىرلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەت چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا مول بىلىم ۋە تەجرىبىلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، خەلقنىڭ ئېسىل بەدىئى تالانتى ھەم يۇمۇرستىك ئۇسلۇبى نامايان قىلىنغان.

2. مەسەلنىڭ مەزمۇنى:

مەسەلدە خەلقنىڭ ئىجتىمائى كۈرەشلىرى ۋە تۇرمۇشىدىن تاللاپ ئېلىنغان بەزى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە ھەقىقەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن مەڭگۈلۈك ھېكمەتلەر ۋە خەلقنىڭ ئاساسىي روھى ئۇزۇقى.

بىرىنچىدىن، خەلق مەسەللىرىدە خەلقنىڭ ئەخلاقىي كۆزقارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەمگەك، كۈرەش، تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەت، كىشىلەرنىڭ ھەقىقى ئالىجاناپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى

شەكىللەندۈرگەن. ئۇرغۇن خەلق مەسەللىرىگە جاپالىق تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئاھۇ-زار ئەمەس، بەلكى تولۇپ-تاشقان ئۈمىتۋارلىق، ئىشەنچ سىڭدۈرۈلگەن. بۇلاردا بىر بىرىگە ياردەملىشىش، ئۆزئارا مېھرىۋانلىقتا ئوخشاش پەزىلەتلەر مەدھىيىلىنىپ، جاپادىن قورقۇپ، كۆڭۈل ئاراملىقىنى ئىزلەيدىغان ‹دانىشمەنلىك›، قىلىدىغان، شەخسىيەتچىل كىشىلەر قاتتىق قامچىلانغان («ئوق بىلەن ساداقنىڭ ھەمكارلىقى»، «مۈشۈك ياپىلاقنىڭ ئۆي كۆچۈشى»). بۇلاردا ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان قارا يۈزلەر («جۇڭشەن بورىسى»)، قۇرۇق شۆھرەت ئۈچۈن ئەڭ پەسكەش ۋاستىلاردىنمۇ يانمايدىغان ساختىپەزلەر («چىلىقلارنىڭ نەزىر ساقىسلىرىنى تىلىشى»)گە قارشى تۇرۇلۇپ، پۇل ئۈچۈن ئىمانىنى ساتىدىغان مۇتىھەملەر («ئالتۇن بولاش») مەسخىرە قىلىنغان: قورقۇنچاق، ئىشىنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالىدىغان پەسكەشلىكلەرمۇ كۈلكە ئاستىغا ئېلىنغان. خەلق مەسەللىرىدە ئېكسپىلاتاتورلار ۋە تەييارتاپلارنىڭ ئاچكۆزلىكى، نادانلىقى شۇنىڭدەك نەزىرى تار تەخسىكەش غوجاملار، كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغان بۇزۇقلار قاتتىق مەسخىرە قىلىنغان ۋە قامچىلانغان. («تۈلكىنى كۆرەڭلەتكەن يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى»). قىسقىسى، بۇنىڭدا خەلقنىڭ مۇھەببىتى بىلەن نەپرىتى ئېنىق بولۇپ، ھەرقانداق رەزىل نەرسىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىنمىغان.

ئىككىنچىدىن، خەلق مەسەللىرىدە ئەمەلىي تۇرمۇشتىن يەكۈنلەنگەن مول بىلىملەر ۋە تەجرىبە ساۋاقلار بار. ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئەمگەكچى خەلقنى، ئەمەلىيەتتىن ھېس قىلغان تونۇشى ئاساسىدا، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ئالاقىدار بولغان ئىخچام، ئاددىي ھەم تۇتاملىق ئەقلىي بىلىملەرگە ئىگە قىلغان. بۇ نەرسىلەر خەلق مەسەللىرىدە تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان. خەلق شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرگە بۇ ئەقلىي بىلىملەرنى بەدىئىي تەسىرات ئارقىلىق يەنە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن تەربىيىگە ئېرىشكەن خەلق مەسەللىرى كىشىلەرگە ھەرقانداق بىلىم-ھۈنەرنى ئۆگىنىش-ئىگىلەشنىڭ مەقسىتى، شۇنىڭدەك ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، ئۇسۇلى جەزمەن توغرا ۋە پۇختا بولۇشى، ئۆگىنىشنىڭ قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك دەپ ئۆگىتىدۇ. مەيلى قانداقلا نەرسىنى ئۆگىنىش ياكى ئۇنى ئىشلىتىشتە ناۋادا نىشان توغرا بولمايدىكەن شارائىت قانچە ياخشىلانغانسېرى، نىشاندىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ.

(«يول ئۇ ياقتا، مەنزىل بۇ ياقتا») ئۆگىنىشتە قېتىقىنىپ ئۆگىنىش، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەككى، ھەرگىزمۇ يۈزەكى چۈشەنچىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا، ئوقۇپ قويۇپلا ئۆزلەشتۈرمەسلىككە، بىلمىگەن نەرسىنى بىلىمەن دېيىشكە، قارىسىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۆگىنىشتە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت مەسىلەلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. بۇ ھەم تۇرمۇشنىڭ، كۈرەشنىڭ تەلىۋى ھەم ئەستايىدىل سەممىي ئىلمىي پوزىتسىيىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

«جۇپتىڭنىڭ تولۇقىدىن ئۆگىنىشى»دە ھاكاۋۇرلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىشتەك پوزىتسىيە قاتتىق سۆكۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ئۆگىنىشتە كونا ئەندىزىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. («خەن دەنىڭ مېڭىشىنى ئۆگىنىشى») تەمسىللەردە تىرىشىپ كامالەتكە يېتىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق توشقان ماھارەت، بىلىم ۋە قابىلىيەت مۇقەررەر ھالدا ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپاغا چىداپ قېتىقىنىپ مەشق قىلىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. بىرەر نەرسە ئۆگەنمەيدىغان، قوسىغىدا ئېلىپنىڭ سۇنىغى يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق ھەممىلا يەردە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدىغان ئادەملەر گەرچە مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەزگىل كۆز بويالسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا ئەپتى-بەشىرىسى ئاشكارىلىنىدۇ. ئۆگىنىشتە ئازراق نەرسىنى بىلىۋېلىپلا، يۈزەكى تەھلىل يۈرگۈزۈش بىلەن قانائەتلىنىپ، ئۆزىچە بىلىملىكمەن دەپ كىبىرلىنىشكە، «نادانلىقىم ئۆزەمگە پايدىلىق» دەپ ئولتۇرۇشقا زادىلا بولمايدۇ. ئۆگىنىشتە مەلۇم نەزەر دائىرىسى بولۇش ۋە پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم. («سۇڭ ئادىمىنىڭ تاشنى گۆھەر بىلىشى»)

ئورغۇن مەسەللەر شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىممەتلىك ئەقلى بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە ئۈنسىز يېتەكچىلىك قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. يەنى كىشىلەرگە ھەرقانداق ئىشنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئالدى بىلەن شۇ ئىشنىڭ باش-ئايىغى، ئالدى-كەينى، ئېغىر-يېنىكلىكى ۋە جىددى-ئاستىلىقى دەرىجىسىنى ئېنىقلىۋېلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتىدىن قول سېلىپ، ئۇنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللەش لازىم. («مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش»): ئىش قىلغاندا، سۇبيېكتىپ شارائىتنىلا كۆزدە تۇتماستىن، ئوبيېكتىپ شارائىتنىمۇ ھېسابقا ئېلىش لازىم. قۇرۇق خىيال بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ («لۇ ئادىمىنىڭ يۇ زېمىنىغا بېرىشى»)؛ پەقەت ئاڭلىۋالغان يۈزەكى سۆزلەرگىلا ئاساسلىنىپ، قارىغۇلارچە ھۆكۈم چىقارماي بەلكى ئەستايىدىل كۆزىتىپ تەھلىل-تەتقىق قىلىش لازىم؛ كاللا ئىشلەتمەي ئىش بېجىرىدىغان ئۇسۇل ۋە پوزىتسىيە تولا چاغلاردا ئىشنى بۇزىدۇ («ئىلانغا پۇت سىزىش»)؛ ئۇنىڭدىن سىرت خەلق مەسەللىرىدىكى بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئۆزىگە-ئۆزى پۇتلىكاشاڭ تېپىۋالماسلىق، مەسىلىلەرنى ئويلىغاندا يىراقنى نەزەردە تۇتۇش؛ پەقەت كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى ئويلاپ، ئوڭۇشسىز شارائىتنىڭ قورقۇنچلۇق يامان ئاقى-

ۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئۇنۇتۇپ قالماسلىق لازىم دىگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار بار، بىزنىڭ چوڭقۇر پىكىر قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، خەلق مەسەللىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆز قارىشى، شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئاددى، ماتىرىيالىزىملىق ئىدىيە ۋە ئۇسۇللىرى نامايەن قىلىنغان. نۇرغۇن خەلق مەسەللىرىدە مۇنداق نەرسىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ھەرقانداق شەيئىگە نىسبەتەن تونۇش ۋە ھۆكۈم قىلىشتا، ئوبيېكتىپ رىياللىقنى چىقىش نۇقتا قىلىپ ئەملىيەتنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئۆلچەيدىغان مىزان قىلىش لازىم. مەسىلىلەرگە قارىتا كونكرېت تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلماي، پەقەت سۇبيېكتىپ قىياسلىرىمىز بويىچىلا پىكىر يۈرگۈزسەك ياكى مەسىلىلەرنىڭ مەلۇم قىسمەنلىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئالامەتلىرىگە تايىنىپلا پۈتۈن شەيئى ھەققىدە قارىغۇلارچە خۇلاسە چىقارساق، بۇ ئىلمىيلىك بولمايدۇ («پالتا ئوغرىلىرى دەپ باشقىلاردىن گۇمانلىنىش»)؛ شەيئىلەرنى تونۇغاندا ئۇنىڭ كونكرېت شەرتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراش لازىم، مەسىلىلەرنى يەككە-يېگانە، تۇرغۇن ۋە مىخانىك ھالدا تونۇماسلىق كېرەك («كېمىگە بەلگە ئويۇپ شەمشەر ئىزلەش»)؛ («دادىسىنىڭ سەپەرگە ئۇستاتلىقى»)؛ ئەگەر شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللىمسەك يۈزەكى ھادىسىلەر بىزنى بىخۇتلاشتۇرۇپ قويىدۇ («مەرۋايىتنى ئېلىپ ساندۇقنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ»)؛ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەق-ناھەقنى ئايرىشى، مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇلار يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك قاراشتا، ھەركەتتە بولىدىغان ئاخماق ئادەملەرنى، كالۋا-ھاماقەتلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق شۇنداق بىمەنىلىكلەردىن ساقلىنىش ئۈنۈمىگە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: «خوتۇنىغا شىم تىكتۈرۈش»، «دەرەخ تۈۋىدە توشقان كۈتۈش»، «لو بېگىمنىڭ قوش بېقىشى»، «چىگولۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

ئاسماندىن ئەنسىرەپتۇ» «جىنىڭ ئادىمىنىڭ ئاياق سېتىۋېلىشى» قاتارلىقلار.

ئىلىمىزنىڭ ئۇرغۇن قەدىمىي مەسەللىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە، ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرەش ئەمەلىيەتلىرىدە، تۇرمۇش پەلسەپىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ھەقتە بېلىنىسكىي مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەر بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىدىكى سىر، ئۇلارنىڭ كىيىنىش ۋە تاماقلىنىش ئىشلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى تونۇشتىكى پوزىتسىيىسىدۇر. ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئىككى تۈرلۈك پەلسەپەسى بار: بىر خىلى، ئىلمى خاراكتېرىدىكىسى بولۇپ يەنى ھەشەمەتلىك ۋە دەبدەبىلىك يېزىلغان كىتاۋىي پەلسەپە؛ يەنە بىرسى، ئادەتتىكى كۈندىلىك ھاياتىمىزدا دائىم ئۇچرايدىغان پەلسەپەدۇر. بۇ ئىككى تۈرلۈك پەلسەپە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ. كىمكى جەمئىيەتنى تەسۋىرلىمەكچى بولىدىكەن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا، بۇ ئىككى تۈرلۈك پەلسەپىدىن پىششىق خەۋەردار بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ تۇرمۇش پەلسەپىسىنى پىششىق تەتقىق قىلىشى لازىم»[1]

ئىلىمىزنىڭ ئەمگەكچى خەلقى ئىجات قىلغان ساددا ماتېرىيالىستىك ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بۇ مەسەللەر ھەقىقەتەنمۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىقى ھەمدە خەلقنىڭ روھىي مەدىنىيەت بايلىقىدۇر. بۇلار ئىلىمىز خەلقىنىڭ «تۇرمۇشى، ئەقلىي-پاراستى ۋە ئىرادىسىنىڭ ھەقىقىي، تولۇق گەۋدىلىنىشىدۇر»[2]

3. خەلق مەسەللىرىنىڭ بەدىئىلىكى:

①② سېرگېيوسكىنىڭ «پۇشكىنىنىڭ چۆچەكلىرى»دىن ئېلىندى. «پۇشكىنىنىڭ چۆچەكلىرى»گە قاراڭ، «يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى» خەنزۇچە 1954 - يىل نەشرى، 4 - 5 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلق مەسەللىرىدە ئۆزىگە خاس شەكىل بىلەن ئادەم ۋە شەيئىلەر تەسۋىرىنى بېرىش ئارقىلىق تېما يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. مەسەللەر يىغى قىزىقارلىق، ياپتا بەدىئى ئۇسلۇپقا ئىگە. چوڭقۇر ھىكمەتلەر ئۇلاردىكى ئاجايىپ گۈزەل ۋەقەلىكلەر بايانىغا سىڭدۈرۈلگەن.

بىرىنچىدىن، مەسەللەردە رىيال تۇرمۇشنىڭ مەلۇم كارتىنىلىرى ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ. بۇ تۇرمۇش كارتىنىلىرى شەيئىلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. مەسەللەردە بايان قىلىنغان ئادەملەر ۋە ئىشلار تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا تېپىك مەزمۇنغا ئىگە بولغان. شۇڭا مەسەللەردىكى ئوبرازلار ئانچە تەپسىلى ئىنچىكە يېزىلمىسىمۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى تەسىرچانلىق ئاجىزلاشماي ئەكسىچە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان مەزمۇن گەۋدىلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئىلىمىزنىڭ بەزى خەلق مەسەللىرىدە ئادەملەرگە تەقلىت قىلىنغان ھايۋاناتلارنىڭ ئوبرازلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىدىيەلەر ئىپادىلەنگەن؛ بىراق كۆپىنچىسىدە رىيال تۇرمۇشتىكى ئادەملەر يېزىلغان. مەسەللەردىكى كۆپلىگەن ئوبرازلار جەمئىيەتتىكى ھەر تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىگە، ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. قايسى بىر خىل شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاجايىپ بىر خىل جەلپ قىلىش كۈچى مەۋجۇت. ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشى بەزى مەسەللەردە فانتازىيىلىك شەكىلدە، بەزىلىرىدە قىزىق يۇمۇر شەكلىدە يېقىنلىشىدۇ؛ بەزىلىرىدە شۇ مەسەل بىۋاستە يۇمۇر شەكلىنى ئالغان بولىدۇ. كېيىنكىسى بولسا مەسەللەرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ئىككىنچىدىن، خەلق مەسەللىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئوبرازلار خاراكتېرىنى يارىتىدۇ. ئۇلاردا ئادەتتە مۇكەممەل ھىكايە سيۇژېتلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى يوق بولۇپ، ئۇس-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۇبى بەكمۇ ئىخچام، ئوبرازلار خاراكتېرى ئىنتايىن ئاددى بولىدۇ. ئادەتتە، مەسەللەردە بىرقەدەر ئاددى، تىپىك، جانلىق تىل بىلەن گەۋدىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان پائالىيەتلەر ئىپادىلىنىش ئارقىلىق ئوبرازلار يارىتىلىدۇ. مەسەللەردە ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى بىر قەدەر ئاز ئۇچرايدۇ. مەسەللەردىكى سۆزلەر ۋە پائالىيەتلەر شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەڭ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: «پاقا بىلەن تاشپاقا»، «بېلىق ئالغۇچ بىلەن قۇلۇلىنىڭ ئېلىشىشى»، «مۇشۇكىياپىلاقنىڭ ئۆي كۆچۈشى» قاتارلىقلار. مەسەللەردە، ئادەتتە بىر جۈملە سۆز شەخسلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە روھى قىياپىتىنى دەل جايىدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: «چىڭ بەگلىگىنىڭ ئادىمى چوشقا ساتماقچى بوپتۇ، ئۆتكەن-كەچكەنلەر باھاسىنى سورىسا، ئۇ: «مەنزىل يىراق، كۈنمۇ پاتاي دەپ قالدى، ساڭا سۆزلىگىدەك چولا نەدە دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ»، دېگەن بۇ سۆزنى ئالساق، بۇنىڭدا ئىشنىڭ قايسى مۇھىم ياكى ئەمەسلىكىنى ئىلغا قىلالمايدىغان ئاخمىقانىلىق ئېچىپ بېرىلگەن.

ئۇچىنچىدىن، مەسەللەردە ئادەم ۋە ۋەقەلەر تەسۋىرىي يېزىلغاندا شەخسلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى، روھى ھالەتلىرى ۋە پىسخىك پائالىيەتلىرى ئىنتايىن ئىخچام تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ھېكايە قىلىپ ئېيتىشقا ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر خۇسۇسىيەتتۇر. خەلق ئىجادىيەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى، قابىلىيىتى ئارقىلىق ۋەقەلىكلەرگە، ئوبرازلارغا رەڭ بېرىپ، ئۇلارنى گۈزەللەشتۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ تەسىرلىك، ئاجايىپ قاملاشقان قىلىپ گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: «يىلانغا پۇت سىزىش»، «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش» قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى مەسەللەردە، تولىراق ۋەقەلىكنى قىسقىچە بايان قىلىش، يان كۆرۈنۈشنى يېزىش ۋە ئارقا كۆرۈنۈشنى ئىخچام

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېرىش ئارقىلىق ئوبرازلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن: «لۇ بىگە-
نىڭ قوش بېقىشى»، «شوتەنىنىڭ غەزەل ئوگىنىشى»، «دەرەخ
تۈۋىدە توشقان ساقلاش» قاتارلىقلار. بۇلاردا تىپىك ۋەقەلىكلەر
تاللانغانلىقى ئۈچۈن مەيلى بايان قىلىش شەكلىدىكىسى بولسۇن،
مەيلى دىئالوگلار ئارقىلىق شەكىللەنگىنى بولسۇن، ھەممىسىلا ئاجايىپ
ئىخچام، قاملاشقان تۇيۇلىدۇ.

ئومۇمەن، خەلق مەسەللىرى ساغلام ۋە مۇكەممەل مەزمۇنلۇق
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلق ساتىرىچىلىقىنىڭ راۋان، ئوتكۈر،
ئىخچام ۋە كىنايىلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ ئىگە. شۇڭا مەسەل-
لەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىپ، ئوزىنىڭ ئىنە-
تايىن مۇھىم تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

4. خەلق مەسەللىرىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا:

خەلق مەسەللىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەم-
گەك، كۈرەش، ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدا
كىشىلەرنىڭ ئىدىيىلىرى، تەجرىبىلىرى ۋە بىلىملىرى توپلانغان
بولۇپ، مۇقىم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئىپادىلەنگەن.
بۇنىڭ كىشىلەرگە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىن شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەت-
لىرىنىمۇ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، خەلق مەسەللىرىنى
ئىشلىتىش مەسىلىسى باشتىن-ئاخىر كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋار-
دىكى مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى سىياسەتچى، پەيلاسوپى، مۇشاۋۇر ۋە ئەدىپ-
لىرى ئەسەرلىرىدە ئۆزلىرى يازغان بەزى مەسەللەرنى قوللىنىشتىن
سىرت (مەسىلەن: «جۇاڭ زى») خەلق مەسەللىرىنى ئىنتايىن كۆپ
ئىشلەتكەن. ھەممىدە ئىشلىتىلگەن ھەر بىر مەسەلنىڭ ئالاھىدە
مەقسىدى ۋە ئورنى بار. بەزىلىرىدە، مەسەلنى چۈشىنىش چوڭقۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە توغرا، ئىشلىتىش مەقسىدى بىلەن مەسەل ئوتتۇرىغا قويغان داۋلى ئۆزئارا بىقىنلىشىپ، خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ۋە مەقسىدى ئىپادىلەن-گەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسلى ئەسەر تېخىمۇ يارقىنلىشىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىغان. مۇشۇنداق بولمىسا، مەسەللەر ياخشى رول ئويناشىنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭدا دېمەكچى بولغان مەنە تۇتۇقلىشىپ ھەتتا ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى بۇرمىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مەسىلەن، بەزى مەسەللەردە، شاھلارغا نەسىھەت قىلىنىپ: ئەگەر ئۇششاق دۆلەتلەر ئۆزئارا ئۇرۇشسا پەقەت چوڭ دۆلەتلەرگە پايدىلىق بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا ئۆزى يوقىلىدۇ، دېيىلگەن («بېلىق ئالغۇچ بىلەن قۇلۇلىنىڭ ئېلىشىشى»)؛ يەنە بەزىلىرىدە، ھۆكۈمرانلار توخۇ ئوغرىسىغا ئوخشىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوغرىنى توغرى دەپ قاراپ، يامان كىشىلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلىدىغانلىقى مەسخىرە قىلىنغان («توخۇ قوغلاش»)؛ گايىلىرىدا ھوقۇق يۇرگۈزمەكچى بولىدىكەن-سەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىشىڭ، كونا قائىدە-يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالماسلىقىڭ كېرەك، دېگەن كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان («دەرەخ تۆۋىدە توشقان ساقلاش»، «جىڭ ئادىمىنىڭ ئاياق سېتىۋېلىشى»)؛ يەنە گايىلىرىدا، ھەددىسىلا قۇرۇق شۆھرەتكە ئىنتىلگۈچىلەر مەسخىرە قىلىنغان («ھەممىدە بار، ھەممىدە يوق») يۇقۇرىدىكىلەر بولسا جايىدا، توغرا ئىشلىتىلگەن مەسەللەرنىڭ مىساللىرى.

بۇنىڭدىن باشقا بەزى مەسەللەردە، خەلقنى باستۇرۇۋاتقان پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ سىياسى كۆزقاراشلىرى تەشۋىق قىلىنغان ۋە تەشەببۇس قىلىنغان («خەن فېيزى. بۇ زاماندا ئىقتىدارسىز ئاز ئەمەس»)؛ يەنە بەزىلىرىدە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان سىنىپلارنىڭ ئىنكارچىلىق ئىدىيىلىرى تەرغىپ قىلىنغان («جۇاڭ زى. لى شى شۇ») شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەرخىل ھىلە-نەيرەڭلەر ئارقىلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلق مەسەللىرىگە داغ چۈشۈرگەن.

شۇڭا. پەقەت خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن شەيئىلەرنىڭ داۋلىسىنى چۈشەندۈرگەندىلا ئاندىن ئەسلىدىكى مەسەلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى، ئەھمىيىتىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ دەيمىز. مەسىلەن، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يېگۇڭنىڭ ئەجدىھارنى ياخشى كۆرۈشى»نى ئىشلەتكەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر. خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: «تۈلكىنى تىپىرلاتقان يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى»، «كېمىگە بەلگە ئۇرۇپ شەمشەر ئىزدىمەك» قاتارلىق مەسەللەرنىڭ ئىشلىتىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىختا ئىگە.

دۆلىتىمىزنىڭ دەسلەپكى چىن دەۋرىدە سىياسەت، ئىلىم ھاۋاسى ناھايىتى ئەدەپ كەتكەنلىكتىن، سىياسىيونلار، پەلسەپىچىلەر ۋە ئەدىپلەردىمۇ خەلق مەسەللىرىنى ئىشلىتىش ئادىتى تولىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، نۇرغۇن خەلق مەسەللىرى ساقلىنىپ قالغان. كېيىن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئىشلىتىۋەرگەنلىكتىن، كۆپلىگەن خەلق مەسەللىرى بارا-بارا ھەممە كىشىلەر بىلىدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەرگە، تۇراقلىق ئىبارىلەرگە ئايلانغان. بەزىلىرى ھەتتا ياغاچ قوچاق. خەلق ئۇسۇللىرىغا ئوخشاش خەلق سەنئىتى شەكىللىرىگە ئۆزگىرىپ تېخىمۇ كەڭ-كۆلەمدە تارقالغان.

## تۆتىنچى بۆلۈم خەلق لەتىپىلىرى

1. خەلق لەتىپىلىرىنىڭ مەنىسى ۋە مەزمۇنى:

خەلق لەتىپىلىرى «چاخچاقلار» ياكى «ھەزىللەر» دەپ ئاتىلىدىغان

قىسقا ھىكايىلەر (چۆچەكلەر) دۇر. ئۇنىڭدا ھەزىل تۇسنى ئالغان ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئورغۇنلىرى ئۆز ئىچىگە ئۆتكۈر سىياسىي مەزمۇننى ئالغان بولىدۇ. ئۇ كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن، فانتازىيىلىك ئېلېمېنتى ئازراق بولغان، خەلق ئاغزىدا پەۋقۇلئاددە ئىجات قىلىنغان ئەسەردۇر.

لەتىپىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول. ئۇنىڭ ئىچىدە سىنىپىي دۈشمەنلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان ئەسەرلەر كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ؛ ئۇنىڭدا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ «شان-شۆھرىتى» ۋە «دەبدەبىلىك ھەرگەتلىرى» بىمەنە ھېساپلىنىپ قاتتىق كۈلكە ئاستىغا ئېلىنىدۇ؛ بۇ لەتىپىلەردە «پەس» ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشلىتىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سالغان جاپاسىنى، خورلۇغىنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ بەخت-سائادىتىنى ساقلاپ قالغانلىغى كەڭ بايان قىلىنىدۇ. ۋە تۆرىلەرنىڭ، پومىششىكلارنىڭ، فېئودال ئەدىپلەرنىڭ ئاچكۆزلۈگى، نومۇسسىزلىغى، دۆتلىگى ۋە رەزىل ئەپتى-بەشىرىسى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىنىدۇ. بىز بۇ ئەسەرلەردىن ئەمەلدارلارنىڭ قاباھەتلىگىنى، سەركەردىلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىغىنى، پومىششىكلارنىڭ پىخسىقلىغىنى فېئودال ئەدىپلەرنىڭ ساختىپەزلىگىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ئۇ خەلقنىڭ كۈلكە ساداسى، ئۇلارنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلەرگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىگىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ كوللىكتىپ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىسىل سەنئەت ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىدۇ.

لەتىپە كۆپىنچە كۈندىلىك تۇرمۇشنى تېما قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ھىكايىلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان جايى شۇكى، لەتىپىدە ئۆتكۈر، ئاچچىق مەسخىرە كۈچى بولىدۇ. ئۇ بىۋاستە ئىجتىمائىي رىياللىقتىن يىلتىز تارتقانلىقتىن، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. لەتىپىدىن ئىبارەت بۇ خەلق ئىجادىيىتى «قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان قولۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

فېئوداللىق، ۋە كاپىتالىستىك جەمىيەتلەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن ھوقۇقسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلغان ئەمگەكچى ئاممىنىڭ، كومېدىيىلىك سەنئەت ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتورلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ نومۇسسىزلىقىغا قارىتا مەسخىرىسىنى، ئۇلارغا بولغان ھۆكۈمنامىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.»①

سىنىپىي دۈشمەنلەرنى ھەجۋى قىلىدىغان بەزى لەتىپىلەردە، ئۆزلىرىنى «خەلقنىڭ پاسۋانى»، «دۆلەتنىڭ ئەربابى» دەپ ئاتىۋالغان ئەمەلدارلارنىڭ ئەسلىدە، ئاچكۆز، قورقۇنچاق، ھاماقەت ئەبلەخلەر ئىكەنلىكى ئېچىپ بېرىلگەن (مەسىلەن: «پۈتكۈل ئالەم»، «پايدا تارقىتىش بازىرى»، «قانداق ساقلىغان»، «ئالتۇن چاشقان»، «جەڭگە ياردەم بېرىش» قاتارلىقلار)؛ بەزىلىرىدە يالغاندىن ئەدىپ بولىۋالغانلارنىڭ مۇتەئەسسىپ، دۆتلىكى پاش قىلىنىدۇ (مەسىلەن: «كالا ئۆتنە ئېلىش»، «شەھەرنى بوش قالدۇرۇش پىلانى» قاتارلىقلار)؛ بەزىلىرىدە خوراپاتلىق بىلەن كىشىلەرنى ئالدايدىغان راھىپلار قامچىلىنىدۇ («شاياتۇننىڭ مالائىكا جاڭنى ئېزىقتۇرۇشى»، «پاشا قوغلاش تۇمارى»، «مەيلىڭچە ياشاۋەرگىن» «دوۋەن گۈڭنىڭ ئىلاھىنى دەيدەيگە سېلىشى» قاتارلىقلار)؛ بەزىلىرىدە مۇلۇكدارلارنىڭ بېخىللىقى ۋە ئاچكۆزلىكى مەسخىرە قىلىنىدۇ. (مەسىلەن: "بېلىق ۋە قاتلىما")؛ بەزىلىرىدە ئەكسىيەتچى بيۇروكرات، سىياسەتۋازلارنىڭ خەلققە زىيان سالغان ھەركەتلىرىگە زەربە بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ» دۆلەتكە ۋە خەلققە بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلاپ، مەسخىرە قىلىدىغان سىياسى لەتىپىلەرمۇ بار.

① دونىڭ: «ماركسىتىك ئېستېتىكا» 61 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(مەسىلەن: «ۋاڭ خۇگۇڭنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى سەيلە قىلىشى» «ئەپەندىنىڭ ئېيىق ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىشى» «جىياڭچىڭنىڭ كېسىلىنى داۋالاش»، «قەيەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىمىز»، «لۈك بوۋاينىڭ تۆت كىشىلىك گۇرۇھى»نى كېلىشتۈرۈپ تىللىشى» قاتارلىقلار). ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئۇرغۇنلىغان لەتىپىلەرمۇ دۈشمەننىڭ دەككىسىنى بېرىشتىن ئىبارەت مەنىۋى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

لەتىپىلەر ئىچىدىمۇ خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ھەجۋى قىلىدىغان ئەسەرلەر بار. ئۇلاردا خەلق ئارىسىدىكى نادانلىق، ھورۇنلۇق، ئۆزىنى ئاقىل ھىساپلاش ۋە قارىسىغا ئىشىنىپ كېتىشكە ئوخشاش ئەيىپ-نۇقسانلار سەممىي ھەجۋى قىلىنىپ، ياخشى مەسلىھەت بېرىلىدۇ (مەسىلەن: «ئوتنىغۇچىنى تىقىپ قويۇش»، «ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندە»، «مۈشۈك بېلىق يىمەيدۇ» قاتارلىقلار): بۇ لەتىپىلەرنىڭ ھەجۋى قىلىشتىكى مەقسىدى، خەلقنى بىر كالتەك بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىگىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى دەۋر ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق ھەجۋى لەتىپىلەرنىڭ بولۇشى يەنىلا زۆرۈر. خەلق بۇنى تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىت قىلىشتىكى بىر خىل «كۈچلۈك سىگنال» قىلىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى نۇقسانلار ۋە ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىگە چىقىرىلغان سىلىق كىنايە ۋە مەنىلىك چاقچاق. بىراق، بۇ لەتىپىلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك. بولمىسا ئەكسىچە رول ئويناپ قالىدۇ. ھەتتا خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش كېلىپ چىقىدۇ.

تارقىلىپ يۈرگەن لەتىپىلەر ئىچىدە ئۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا فېئوداللار ۋە مىشچانلارنىڭ، دىخانلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئەيىپلىرىنى زاڭلىق قىلىدىغان

قەبىھ، چاكىنا، پەسكەش ۋە رەزىل لەتىپىلىرىمۇ ساقلانماقتا. (مەسە-لەن: «ئابدىمىلىك سۈيىنى ئىچىش»، «تۈزلانغان ئۆدەك تۇخۇمى» قاتارلىقلار). بۇلار تەنقىت قىلىنىشقا تېگىشلىك، ئەلۋەتتە.

2. خەلق لەتىپىلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى.

لەتىپە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەخسۇس ھەجۋى شەكىلدۇر. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق مىساللىرىنى ماتېرىيال قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەجمى كىچىك، پېرسوناژلىرى ئاز، ۋەقەلىكى چاقچاق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك بەدىئىي قۇۋۋەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا، كۆپىنچە، رىيال شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق جايلاردا پېرسوناۋلار دىيالوگىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق زىددىيەتلەر ئېچىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭدا خۇددى ھەجۋى رەسىم سىزىشتىكى ئۇستاتلىقىقا ئوخشاش ماھىرلىق بىلەن ساختىلىق، دۆتلۈك مۇتەئەسسىپلىك، ئاچكۆزلۈككە ئوخشاش پەسكەش قىلىقلار پاش قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئىنتايىن قىزىقتۇرىدىغان يېرى شۇكى، لەتىپىچى كىشىلەر خىيالىغا كەلتۈرمىگەن قىزىق گەپلەرنى ئۇشتۇمتۇت قىلىپ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ-دە، كۆپچىلىكنى كۈلدۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ يەردە لەتىپىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بەدىئىي كۈچى نەزەردە تۇتۇلىدۇ (مەسىلەن: «يولۋاس ئېتىش»، «داۋجىياۋ مۇخلىسلىرىنىڭ ئەپسۇن ئوقۇشى»، «ئوقيانىڭ دەستىسىنى ھەرىدەش»، «سوكۇتتە ئولتۇرۇش»، «مەيلىڭچە ياشاۋەرگىن» قاتارلىقلار). بۇ لەتىپىلەردە ئىشنىڭ ئۆتمۈشى ياكى ئۇنىڭ ئاقىۋىتى سۆزلەنمەيدۇ. بەلكى ئەملىي تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم تۈگۈنلەر تۇتۇۋېلىنىپ، ئۇ (تۇرمۇش قانۇ-نىيىتىگە خىلاپ زىددىيەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ساتىرىچىلىقتىكى تازا ئەپچىل دىيالوگلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش قاراشنى چۈشەندۈرۈپ، كىشىلەرنى تەربىيىگە

ئىگە قىلىدۇ. بەزى لەتىپىلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھاللا ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن كىشىلەر سەل توختىتىۋېلىپ كاللا ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ مەنىسىگە يېتىدۇ-دە، كۈلۈپ تاشلايدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە، خەلقنىڭ ھەجۋى سەنئەتتىكى تالانتىنىڭ يارقىن نۇرى پارلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇسلۇبىدا چوڭقۇر مەزمۇن چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى يۈكسەك ئىخچاملىق ۋە يىغىنچاقلىق ئۇنى ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلىيەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغان. بولۇپمۇ سىنىپىي دۈشمەنلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان لەتىپىلەر خەلقنىڭ سىنىپىي كۈرەشتىكى مەنىۋى قورال-ياراق ئامبىرىدا ساقلاۋاتقان قىلىچ-خەنجەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. خەلق قىزىقچىلىقلىرى (چاقچاقلىرى)

خەلق قىزىقچىلىقلىرى لەتىپىلەرگە يېقىن بولۇپ، ئۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۇيۇقسىز قىلىپ قويغان، قىسقا ھەم كۈلكىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە گەپ-سۆزلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىدۇر. ئۇنىڭ تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئوخشىمايدىغان جايى شۇكى، ئۇ ئىنتايىن يۇمۇرلۇق، يەڭگىل ھەجۋى ئۇسلۇبقا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ خەلق لەتىپىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

خەلق قىزىقچىلىقلىرى دۆلىتىمىزدە ئىنتايىن كۆپ. دۆلىتىمىزدە فېئودال جەمئىيەتتە ياشىغان بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەر سىياسىي جەھەتتىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى، بولۇپمۇ ئەمگەكچى ئامما بىلەن يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە جارى قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئەمگەكچى خەلققە نىسبەتەن ھېسداشلىق قىلىدىغان ئىدىيىسى ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرى خەلق قىزىقچىلىقلىرىغا ئالاقىدار ئاساسلارنى ياراتقان. بۇنداق رىۋايەتلەر ئەمگەكچى خەلققە يېقىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغانلىغى ئۈچۈن. كەڭ كۆلەمدە تارقىلالىغان. ھەم مۇشۇ خىلدىكى خەلق قىزىقچىلىقلىرى بولۇپ تۈزۈلۈۋەرگەن.

خەلق چاخچاقلىرىدا ئاساسەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ، خەلقنىڭ دەرت-قايغۇسىغا ھېسداشلىق قىلىپ خەلق ئۈچۈن سۆز قىلغان، ساۋاپلىق ئىشلارنى ئورۇنلىغان تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (مەسىلەن: سۇشى توغرىسىدىكى «دۇڭپونىڭ گۆشى»، تاڭ بوخۇ ھەققىدىكى «ئاي دەپ قىلىش»، جىڭ بەنچياۋ توغرىسىدىكى «پاينەكباش لاۋسەينىڭ شەرىئەتكە بېرىشى"، شۇي ۋېنچاڭ ھەققىدىكى «قاش تېشى دەپ قىلىش» قاتارلىقلاردا)؛ ئەمەلدارلار، پومېشچىكلار، ئىسىلزادىلەر، بايلارغىمۇ ئەپچىل دەككە بېرىلگەن (مەسىلەن: شۇي ۋېنچاڭ توغرىسىدىكى «لاۋسەيىنى ئەدەپلەش»، «شىخۇ كۆلىدە بېلىقچىلارنى قۇتۇلدۇرۇش»، «يىلان بىلەن ئېلىشىش». «كالا ۋە مايا»، «100 تەڭگە ۋە بىر شاپتۇل» قاتارلىقلاردا)؛ فېئودااللىق ئەدەپ-قائىدىلەر ۋە كېجۇي تۈزۈمىنىڭ چىرىكلىكى زاڭلىق قىلىنغان (مەسىلەن: شۇي ۋېنچاڭ توغرىسىدىكى «يامان كېلىنىنى ئۇستىلىق بىلەن باش ئەگدۈرۈش»، «يۇخېڭنىڭ خانىقاسى»، «گىشىڭ تەكلىۋى» قاتارلىقلاردا)؛ قانۇن ماددىلىرىنى بۇرمىلاپ ئەسكىلىك قىلىدىغان كۆڭزى-مېڭزى شاگىرتلىرى-مۇرىتلىرى، ئىشانلىق-خۇراپاتلىق قاتارلىقلار مەسخىرە قىلىنغان (مەسىلەن: شۇي ۋېنچاڭ توغرىسىدىكى «مەرسىيە نامىنى ئوقۇش»، «بېيىت تۈزۈپ ھاقارەتكە ئۇچراش»لاردا)؛ بۇ قىزىقچىلىقلارغا كۈلكە بىلەن كىنايە سىڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن جەمئىيەتتىكى خۇنۇك ئەھۋاللار رەھىمسىز قامچىلىنىدۇ؛ خەلقنىڭ يۈرەك ساداسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

خەلق قىزىقچىلىغىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ رىيال تۇرمۇشتىكى نامۇۋاپىق ئەھۋاللارنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆز پەيتىدە مۇبا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

لىغە قىلىش، يۇمۇرلۇق مەسخىرە قىلىش شەكلى بىلەن، شۇنداق ئەھۋاللارنى پاش قىلىدۇ ۋە خەلقتىن يىراقلاشتۇرۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كۈچلۈك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئىگە بولىدۇ. قىزىقچىلىقلار-دىكى قەھرىمانلارنىڭ سۆز-ھەركىتى كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ، ئۆز ۋاقتىدا دەككە بېرىش رولىنى ئوينايدۇ ۋە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلايدۇ. قىزىقچىلىقتىكى تارىخىي شەخس-لەرنىڭ سۆز-ھەركەتلىرى ئوخشاشمىغان يەرلەردە ئاشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مەيداندا چىققاچقا، ئوتتۇرىدا «ئوقياسمان» ئادەم-لەر دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ. تارقىلىپ يۈرگەن مۇشۇ خىل شەخسلەر توغرىسىدىكى قىزىقچىلىقلار ھەمىشە دىگۈدەك مەلۇم بىر مۇقىم شەخسنىڭ زىممىسىگە مەركەزلىشىدۇ. مەسىلەن: شۇي ۋېنچاڭ تېپىدىكى 40 چە كىشى 12 ئۆلكىنىڭ ھەممىسىگە تارالغان. بۇنىڭدىن قىزىقچىلارنىڭ تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

خەلق ئارىسىدىكى قىزىقچىلىقلارنىڭ مەزمۇنى ئاپتورلارنىڭ چەكلىك بولۇشى بىلەن تارىلىش داۋامىدا، ھۆكۈمرانلار ۋە بەزى فېئودال ئەدىپلىرىنىڭ، مىشچانلارنىڭ ئۆزگەرتىشىگە ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا بەزى چاكىنا، پەس، ھەتتا ئەكسىيەتچى ئامىللارمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: شۇي ۋېنچاڭنىڭ قىزىقچىلىقلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئۇستۇنلۈك قازىنىش، ئۆز ئەقىل-پاراستىنى كۆرستىش يۈزىسىدىن ئەتەي يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ھەق-ناھەقنى ئايرىمايدىغان، چاتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق؛ ئاياللارغا يامان چاخچاق قىلىپ قويىدىغان، ئەمگەكچىلەرنى ئەخمەق قىلىدىغان، ئۇستازىنىڭ بۆكىگە چامما سالىدىغان، جىسمانى جەھەتتىن كەمتۈكى بارلارنى مەسخىرە قىلىدىغان... ئىشلار روشەنكى بۇ قىزىقچىلىقلاردىكى شاكال بولۇپ، ئىرغىتىپ تاشلاش لازىم.

ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باپ خەلق قوشاقلىرى

خەلق قوشاقلىرى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللىكتىپ ئىجات قىلغان ئېغىز شېئىرىيىتى بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ناخشا قىلىپ ئېيتىش ۋە دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشقا بولىدىغان شېئىرى ئەسەرلە- رىنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇ ئالاھىدە رىتىم، قاپىيە، بۆلەك ۋە ئاھاڭ قاتارلىق شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىگە، ھەمدە قىسقا ياكى بىرقەدەر قىسقا ھېجىگە ۋە لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئېپوس، خەلق داستانلىرى ۋە ئەلنەغمە قاتارلىق باشقا خەلق شېئىرى ئەسەرلىرى شەكىللىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

خەلق قوشاقلىرى — خەلق ناخشىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شېئىرنامە. ۋى بەگلىكى ئىستىلى. باغدىكى شاپتۇل»دا «كۆڭلۇمدىكى قايغۇلار، قوشاقتا بولار ئىزھار» دىگەن سۆز بار. «ماۋ نەزمىلىرى ھەققىدە»دە ئۇنى چۈشەن- دۈرۈپ «ئاھاڭ - قوشاق بىرلەشسە ئاندىن بولىدۇ ناخشا؛ تەڭكەش بولسا ئىككىسى خوش ياقىدۇ قۇلاققا» دېيىلگەن. بۇلار — دۆلىتىمىزدىكى ناخشا - قوشاق توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى تەبىرلەر. بىراق «مۇزى- كىلارنىڭ بىرلىشىشى»دىكى «مۇزىكا» چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ تەڭ- كەش قىلىپ چېلىنىشىنى كۆرسەتسىمۇ، يەنىلا مەلۇم ئاھاڭ ۋە كۈينى بىلدۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن چۈشەنچىسى بىر خىل ئەمەس. «خەن نەزمىلىرىدىكى بۆلەكلەر»دە «مۇزىكا بۆلەكلىرىدە ناخشا بولىدۇ. قوشاقسىز مۇزىكا باپلىرى بولمايدۇ» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ خىل چۈشەندۈرۈش مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈشتۇر. چۈنكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ناخشا بىلەن قوشاقنىڭ ھېچقانچە پەرقى يوق. ئوخشايدىغان يېرى شۇكى: خەلق ناخشىلىرى مۇزىكىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇ بىرقەدەر مۇقىم مۇزىكىلىق فورمىغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ناخشا تېكىستلىرىدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىدىغان بۆلەك ۋە فورمىلا بولىدۇ؛ خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە مۇقىم ئاھاڭ بولمايدۇ. ئەركىن ئېيتىلىۋېرىدۇ، ئۇ دېكلاماتسىيە قىلىشقا ئەپلىك بولغاچقا، قوشاق تېكىستلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىسقا بولىدۇ، باپ ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىمۇ خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاش ئۇنچىۋالا قاتتىق تەلەپ قويۇلمايدۇ. قەدىمقىلار «ناخشا» «ۋە قوشاق»تىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇلارنىمۇ بەزىدە قاتتىق پەرقلەندۈرمىگەن، چۈنكى «ناخشا» ھامان ئۇمۇمى ئاتىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يەككە ئېيتقان چاغدىكى قوشۇمچە ناخشىلارمۇ ناخشا دېيىلىدۇ. شۇڭا قوشاقنى ناخشا بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ناخشا ئارقىلىق قوشاقلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ»① ھازىر كىشىلەر تىلغا ئېلىۋاتقان خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەلق قوشاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇمۇمى ئاتىلىشىغا ئايلىنىپ قالدى.

خەلق قوشاقلىرى — ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان تىل سەنئىتىنىڭ بىرى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز تىلنى ياراتقاندىن كېيىن، تەدرىجى ھالدا قوشاقنى ياراتقان.

ئىپتىدائى جەمئىيەتتىكى قوشاقلارنىڭ، كىشىلەرنىڭ ياشاش ئۈچۈن بولغان كۈرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ: ئۇلاردا

---

① چىڭ سۇلالىسى. دوۋنىليەن توپلىمى: «قەدىمقى قوشاق ۋە ماقالىلار. فەنلىپ»دىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياكى تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش ئۈمىدى ئىپادىلىنىدۇ ياكى ئۇۋ
ئۇۋلاشتا ياۋايى ھايۋانلارنى ئۇۋلاش خوشاللىقلىرى ئىپادىلىنىدۇ.
ياكى تۈرلۈك شەيئىلەرنى بەرپا قىلغان ئىلاھىنى قوغداش يولىدىكى
ئېتىقاتلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ
مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولۇپ قالدى. ئىنسانلار تارىخىنىڭ تەرەققىياتى
سىنىپلارنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ،
خەلق قوشاقلىرىغا چېتىلىدىغان تۇرمۇش دائىرىسىمۇ بارغانسېرى
كېڭەيدى. ئۇنىڭ رولىمۇ بارغانسېرى زورايدى. خەلق قوشاقلىرى
سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلار بىلەن
كۆرەش قىلىشىدىكى قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەمگەكنى
تەڭشەش، مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، مۇھەببەتنى ئىپادىلەش، پەرزەنت-
لەرنى تەربىيىلەش، ھەق-ناھەقنى بىر تەرەپ قىلىش، تەجرىبە-
لەرنى ئالماشتۇرۇش، مەدىنى كۆڭۈل ئېچىشلارنى قانات يايدۇرۇش
قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائى رولغىمۇ ئىگە. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل
ئالاھىدە ئىقتىدار باشقا ئەدەبىيات-سەنئەت شەكىللىرىدە ئاز ئۇچ-
رايدۇ.

دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق قوشاقلىرى ئىنتايىن
مول بولۇپ، «شېئىرناھە»دىكى «بەگلىك ئىستىلى»دىن تارتىپ
ئازاتلىقتىن كېيىن رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان ھەرقايسى مىللەتلەر-
نىڭ تاللانغان قوشاق توپلاملىرىنىڭ سانىمۇ خېلىلا كۆپ. ھازىرغا
قەدەر خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قوشاقلار ۋە
يېڭى خەلق قوشاقلىرى تېخىمۇ نۇرغۇن. بۇ قوشاقلارنىڭ شەكلىدىن
ئېيتقاندا، خەنزۇلارنىڭ خەلق قوشاقلىرى، باللار قوشاقلىرى، تۆت
مىسرالىق تاغ ناخشىلىرى ۋە ھەرخىل ئەمگەك نومۇرلىرىدىن
سىرت، يەنە «شىنتيەنيو مۇقامى»، «تاقتا يامىشىش ناخشىسى»، «بەش
مىسرالىق قوشاق» شۇنىڭدەك «پەسىل قوشاقلىرى»، «بەش مۇقام»،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ئون ئىككى ئاي» «ئون توپ گۈل»، «تەخسە ناخشىسى» قاتارلىق ئالاھىدە تۈسكە ئىگە تۈرلۈك شەكىللەرمۇ بار. زاڭزۇلارنىڭ «لو ناخشىسى» دۇڭزۇلارنىڭ «ھەمكارلىشىش»، جۇاڭزۇلارنىڭ «خۇشاللىق»، بەيزۇلارنىڭ «بولىچو مۇزىكىسى»، خۇيزۇلارنىڭ «گۈل»، مياۋزۇلارنىڭ «ئۇچقۇر قوشاق»ى، دۇڭزۇلارنىڭ «داگى ناخشىسى»، بۇيىزۇلارنىڭ «قەلەم ناخشىسى» ياۋزۇلارنىڭ «خۇش-پۇراقلار ناخشىسى» قاتارلىقلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇس-تەقىل شەكىلگە ئىگە. ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئېيتقاندا، مياۋزۇ ناخشى-لىرى ئاددى بولسىمۇ، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. زاڭزۇ ۋە دەيزۇ ناخشىلىرى نەپىس، گۈزەل، موڭغۇل ناخشىلىرى جۇشقۇن، ياڭراق، ئېلۇنچۇن مىللىتىنىڭ ناخشىلىرى كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن كېلىدۇ. «گۈل» ناخشىسىنىڭ مەنىسى باۋئەن ۋە دۇڭشياڭ مىللەتلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. تىڭشيا بىلەن چىڭخەيىنىڭمۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئالاھىدىلىكى بار. خەنزۇ قوشاقلىرى شىمالىنىڭ مەردانە-لىغى بىلەن كۆزگە چېلىقسا، جەنۇبىنىڭ بىرقەدەر سىلىق كېلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مىللىي شەكىل، مىللىي ئۇسلۇپ ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان چىرايلىق، خىلمۇ-خىل قوشاقلار دۆلىتى-مىزنىڭ خەلق قوشاقچىلىقىدىن ئىبارەت ئەدەبىيات-سەنئەت بېغىنى، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل ھۆسنىگە ئىگە قىلدى.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۇنى قانداق تۈرلەرگە ئايرىش بىرقەدەر مۇرەككەپ ئىلمى مەسىلە. جۇزىچىلىك «جۇڭگو قوشاقلىرى» دېگەن كىتاۋىدا تۈرگە بۆلۈشنىڭ ئون بەش خىل ئۇسۇلىنى يىغىنچاقلايدۇ. مەسىلەن، تىلغا قاراپ «ۋوگى ناخشىسى» «ئېيتىشىش» قاتارلىقلارغا، رايونلار بويىچە «چاڭ-مەن قوشىغى»، «جىنشى قوشىغى» قاتارلىقلارغا، دەۋر بويىچە «جۇ سۇلالىسى دەۋرى قوشاقلىرى»، «خەن سۇلالىسى دەۋرى قوشاق-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىرى» قاتارلىقلارغا، ئېيتىلىشتىكى كەسپىي ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە «ئېتىز-ئېرىق ناخشىسى»، «ئوتۇن كەسكۈچىلەر ناخشىسى»، «چارۋىچىلار ناخشىسى»، «بېلىقچىلار ناخشىسى» «چاي يىغقۇچىلار ناخشىسى»، «يەر خاڭداش ناخشىسى» قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ بۆلۈش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق رولى بولسىمۇ، لېكىن قوشاقلارغا ئومۇمىي يۈزلۈك قاراشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇملۇقتىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا ئىنتايىن زور چەكلىمىلىككە ئىگە. بىز بۇ يەردە مۇھىمى خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ ئۇنىڭ ئالاھىدە رولى ۋە خىزمەت ئوبيېكتىنى بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى ئالتە تۈرگە بۆلىمىز.

## بىرىنچى بۆلۈم ئەمگەك قوشاقلىرى

ئەمگەك قوشاقلىرى — جىسمانىي ئەمگەكنىڭ بىۋاستە قوزغىتىشىدىن كېلىپ چىققان بىر خىل خەلق قوشاقلىرىدۇر. ئۇ ئەمگەكنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ ئېيتىلىدۇ. ئەمگەك ھەركىتى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەركەتنى تەڭشەش، ئەمگەككە قوماندانلىق قىلىش، ئەمگەك كەيپىياتىغا ئىلھام بېرىش قاتارلىق روللارغا ئىگە. سىچۈەن-جياڭسۇدىكى پاراخوت ئىشچىلىرى مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتىشىدۇ:

«ناخشىسىز ئىشلىماس كۆڭلىمىز قىلچە،
مىدىرلىماس كېمىلەر يۇقىرى-تۆۋەنگە»

بۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتى ۋە تىلى ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى رولىنى كونكرېت چۈشەندۈرىشىدۇر.

خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە، ئەمگەك قوشاقلىرى ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ھەمدە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ كوللېكتىپ ئەمگىكى بىلەن بىۋاستە باغلانغان. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مايمۇندىن ئادەمگە ئايلانغان چاغلاردا تۇنجى بولۇپ ئىگەللىگەن ئىقتىدارى ئەنە شۇ ئەمگەكتىن ئىبارەت بولغان ئىدى. ئىپتىدائىي ئادەملەر كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىر كوللېكتىپقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەمىشە ئەمگەك جەريانىدا ئالدىنقىلار تۇۋلىسا كېيىنكىلەر ماسلىشىپ چۇقان سېلىشىپ بېرەتتى. مەسىلەن، جىن دېگەن كىشى «ئەدەپ يوسۇننامە»نى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمقىلار ناخشا ئېيتار مەجبۇرى ئەمگەكلەردە، ياغاچچىلار ۋاقىرىشار مەيىسىز گەپ سۆزلەردە» بۇ چۇقانلار ئەمگەككە ئەگىشىپ ھەمىشە تەكرار مەيدانغا چىقىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك رىتىم ۋە ئاددىي ئاھاڭغا ئىگە؛ بۇ چۇقانلار ئەمگەك ھەركىتىنى تەڭشەش، ئەمگەك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينىغاچقا، قەدىمقىلار ئۇنى «ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ناخشىسى»① دەپ ئاتىغان. ھازىر قارىغاندا ئۇ، بىخ ھالەتتىكى قوشاق ئەڭ دەسلەپكى ئەمگەك قوشىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمقى ھالەتتىكى بۇ خىل ئەمگەك قوشاقلىرى دەۋردىن-دەۋرگە تارقىلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تاھازىرغا قەدەر يەنىلا ئەمگەك جەريانىدا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرىدە «ياغاچچى ئەرلەرنىڭ ئېيتقان ناخشىسى، ماسلىشار ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا»، «قولۋاق سۈزگەنلەرنىڭ ياڭرايدۇ

① «خۇينەنزى تەرىقەت ساۋىقى»

كۆيى، ھەسرەت-پىغاندا» دېگەن ئەستىلىك سۆزلەر بار. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىدە ئوت ئوتاش ۋە مايسا تىكىش ناخشىسى، سۇ چىغىرىغى ناخشىسى ۋە ئاشلىق يىغىش ناخشىلىرى؛ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمگىكىدە جۇۋازخانا ناخشىسى، تۇز مەيدانى ناخشىلىرى بار؛ قۇرۇلۇش ئەمگىكىدە يەر خاڭداش ناخشىسى، تاش كولاش ناخشىسى، ياغاچ كېسىش ناخشىلىرى بار؛ ترانسپورت ئەمگىكىدە، چۈشۈرۈش-قاچىلاش ناخشىلىرى، ئەپكەش كۆتىرىش ناخشىسى، شال تارتىش ناخشىلىرى بار؛ سۇ ئۈستىدىكى ئەمگەكلەردە پاراخوت ناخشىسى، بېلىق تۇتۇش ناخشىسى قاتارلىقلار بار. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بولغان جىسمانى ئەمگەكلەردە، ئاشۇ ئەمگەكلەرنىڭ رېتىمى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئەمگەك ناخشىلىرى ئىجات قىلىنغان. پەقەت يېرىك ماشىنىلارلا بولغان جايلاردىلا ئەمگەك ناخشىلىرىنىڭ ئورنىنى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ھەيۋەتلىك ماشىنا سادالىرى ئىگەللىمەكتە.

تارىختىن قارىغاندا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئاڭسىز ھالەتتىن ئاڭلىق ھالەتكە ئۆتۈش، «تەبىئىي ئۇرغۇپ چىقىش» دىن، «مەقسەتلىك ھالدا سۈرەتلەش»كە ئۆتۈشتەك ئۇزاق مۇددەتلىك جەريانغا ئىگە بولدى. ئەڭ دەسلەپكى ئەمگەك ناخشىلىرىغا تېخى بىر خىل ئاڭلىق ھالدىكى سەنئەت ئىجادىيىتى دەپ قارىغىلى بولمايتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قوشاقلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەردە قوشاقلارنى بىر خىل سەنئەت ئىجادىيىتى دەپ قارايدىغان تونۇش بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، كۈندىلىك مۇرەككەپ ئەمگەك جەريانىدا، ئەمگەك ناخشىلىرى بىر خىل نوقۇل ھالدىكى چاقىرىق شوئار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرت-شارائىت يار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرگەن ئەھۋالدا يەنە ئەمگەك جەريانلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەسۋىرلەپ بەردى؛ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھىسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇرمۇش ھالەتلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئەمگەكچىلەر ئۆز بىلىمىنىڭ ئۈز-لۈكسىز ئېشىپ بارغانلىغى، ھىسسىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىغانلىغى ۋە تونۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقۇرى كۆتىرىلگەنلىگىنىمۇ ئەكس ئەتتۇردى. مەسىلەن: جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىش ئەمگەكلىرىدە «چىچەنزى①نى يىغايلى، يىققاندا سۆزنى ئاز قىلايلى» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلار بار ئىدى. ئۇنىڭدا چىچەنزى يىغىشتىكى ئەمگەك جەريانى تەسۋىرلەنگەن. يېقىنقى زاماندىكى كېمە-چىلەر ناخشىلىرىدىمۇ: «سالقىن شامال ئۇرىدۇ سەگىتىپ يۈرەكلەرنى، ئاپىرىمىز فۇجۇغا ھەيدەپ قېيىق-كېمىنى؛ پۇلى بارلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، نامراتلارنىڭ قايغۇ-ھەسرەت دەردىنى نەدىن بىلسۇن، ئىشتىرىمىز كېمىنى مىڭ بىر جاپالار بىلەن بوران-چاپقۇن ئىچىدە ماتۇلاردىن ماتۇغا»، دېگەندەك مەزمۇنلار بار. ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇشتىكى ھىسسىياتى بايان قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا بەزى تېكىستلەردە، ئەمگەكنىڭ ئۆزى ئەكس ئەتتۇ-رۇلمەي قەدىمقىلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى سۈرەتلەنگەن:

زۇنيى رايونىدا تارقالغان مايسا ئوتاش ناخشىلىرى ئىچىدىكى «قەدىمقىلار ناخشىسى»دا:

«قىزىل دەيمىز قىزىلنى ھەم قىزىلنى كۆيلەيمىز،
ليۇ، گۇەن، جاڭنىڭ دانىشىنى يوقلىغىنىن سۆزلەيمىز»

دېگەن مىسرالار بار؛ جىڭشى كانىدا تارقالغان «سۇچىلار ناخشىسى»دا: «چىقتى جاڭخېي ئات مىنىپ قوللىرىدا قورالى؛ ئېرلاڭشەن دېگەن

---

① چىچەنزى — قەدىمقى كىتابلاردىكى بىر خىل ئوت ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاقفا قۇياش بېشىن قويغاندا» دىگەنگە ئوخشاش مىسرالار بار. بۇ مىسرالاردا تارىخىي چۆچەكلەر ۋە خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ۋەقەلەر سۆزلەنگەن. مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەكتىكى ھېرىپ-چارچىشىنى ئازايتىش ياكى ئۆتكەن ئىشلارنى خاتىرىلەش كۆزدە تۇتۇلغان. شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ رىتمى يەنىلا ئەمگەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنغان. ھەمدە بىۋاستە ئەمگەككە تەڭكەش قىلىنىپ ئېيتىلىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇلار ئەمگەك قوشاقلىرى تىپىغا كىرىدۇ. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىۋاستە ئەمگەككە تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىش ئەمگەك قوشاقلىرىنى باشقا قوشاق تۈرلىرىدىن پەرقلەندۈردىغان تۈپكى ئالاھىدىلىكتۇر.

ئەمگەكنىڭ خاراكتېرى ۋە خىزمەت شارائىتى ئەمگەك ناخشىلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى بەلگىلەيدۇ. خىزمەت تۈرىنىڭ ئىنىنايىن كۆپ بولۇشى، سىجىللىقىنىڭ بىردەك بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئەمگەك شارائىتىدىمۇ ئىنتايىن زور پەرقلەر بولىدۇ. شۇڭا ئەمگەك ناخشىلىرىنىڭ شەكىللىرىمۇ خىلمۇ-خىل بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن رىتىمى ۋە سۈرئىتى ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كوللېكتىپ ئەمگەكلەردە، قەددىمنى ۋە ھەمكارلىشىپ ئىشلەش ھەرىكەتلىرىنى، ئەمگەك ناخشىلىرى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئىنتايىن ئىخچام بولۇشى، ھەمىشە بىرەر ئۇندەش خاراكتېرىدىكى ئىبارىلەردىن تەركىپ تېپىشى، بۇ ئاھاڭدا كۈچلۈك رىتىملىق ھېسسىياتنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىل ناخشىلارنى چاقىرىق، بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى ئەمگەك ناخشىلىرى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ھەرىكەت بىرقەدەر ئاددى بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېرى بىرقەدەر يېنىك بولغان دائىملىق ئەمگەكلەردە،

ئەمگەك ناخشىسى ئارقىلىق روھىي ھالەتنى بىرنىككە كەلتۈرۈپ، ئەمگەك ھارغىنلىقىنى ئازايتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرى بىرقەدەر مول ۋە خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئۇلارغا ھەممىشە بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان تەسۋىرىي خاراكتېرلىق ئىبارىلەر قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئاھاڭى نەپەس رىتىملىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ رىتىملار ئالدىنقىسىدەك ئۇنچىۋالا كۈچلۈك بولمايدۇ. بۇ خىل قوشاقلار تەسۋىرىي خاراكتېرلىق ئەمگەك قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

چاقىرىق، بۇيرۇق شەكلىدىكى ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: قوشاق ساداسى بىلەن ئەمگەك رىتىمى ئىنتايىن ماسلاشقان ۋە بىرلەشكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن، ئەمگەك سادالىرىغا تايىنىپ تۈزۈلگەن بولىدۇ. بىر باشلامچىغا باشقىلار ماسلىشىش شەكلى ئاستىدا، ئەمگەككە قوماندانلىق ۋە كەيپىياتقا ئىلھام بېرىشكە دائىر ئىبارىلەر ئاز مىقداردا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى «يۈك كۆتۈرۈش ئىشچىلىرى ساداسى»دا پەقەت «لوگا-لوئېرۋي!» دېگەن ۋاقىراش ساداسى بولسا، شەرقىي شىمالنىڭ يول ئۇلىنى ياساش دېگەن ناخشا ئاھاڭىدا «خەيىيوخا سەنلەي!» دېگەن جۇشقۇن سادا بار؛ چۇەنجاڭ دەرياسىدىكى كېمىچىلەر خەتەرلىك جايغا كەلگەندە «ساھىلغا چىقىش ساداسى»نى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ رىتىمى تېخىمۇ جىددىي بولۇپ، پۈتۈنلەي «خەي! خەي! خەي! خەي!» دېگەن شەرتلىك سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ جىددىي پەيتلەردە خەتەرلىك ساھىلدىكى جىددىي ئېقىم بىلەن ئېلىشىش كەيپىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. چاقىرىق، بۇيرۇق شەكلىدىكى ئەمگەك ناخشا سادالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا، ئەمگەككە قوماندانلىق قىلىدىغان ۋە كەيپىياتقا ئىلھام بېغىشلايدىغان ئىبارىلەر بولىدۇ. مەسىلەن، دالىيەن پىرىستانىدىكى «ماي تۆكۈش توشۇش تۈۋىسى»دا مۇنداق ئىبارىلىك سادالار بار:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلامچى: ئىشلەيلى ئەمدى، كۆپچىلىك: ئەيىيو-يو،
باشلامچى: كۆپچىلىك بىرلىكتە ئىشلەيلى، كۆپچىلىك: ئەيىيو-يو،
باشلامچى: غەيرەتكە كىلەيلى، كۆپچىلىك: ئەيىيو-يو،
باشلامچى: غەيرىتىمىزنى تۆگنى يۆتكەشكە ئىشلىتەيلى
كۆپچىلىك: ئەيىيو-يو.

بۇ تىپىك قاچىلاش-چۈشۈرۈش تۈۋىسى بولۇپ، رىتىملىرى ئېنىق، تۈزۈلۈشى ئىخچام، ئىبارە-جۈملە شەكىللىرى قېلىپلاشقان، ئۇنىڭدا بىر باشلامچىغا ئاممىا قوشۇلۇپ تەڭكەش قىلىشتىن ئىبارەت تۈۋلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. باشلامچى بىلەن ئاممىا ئۇز ئارا كىرىشكەن ھالدا، ئەمگەك ھەركىتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن توختىشىنى زىچ ماسلاشتۇرىدۇ. باشلامچىنىڭ تۈۋلاش باسقۇچى-ئەمگەككە تەييارلىنىش ۋە ئارىلىقتا دەم ئېلىش باسقۇچى بولۇپ ئاممىا ماسلاشقان باسقۇچتا، كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئەمگەك قىلىنىدۇ. يۇقۇرقى مىسالدىكى ئاممىا ماسلىشىپ تۈۋلىغان ھەر بىر ئىبارىدە بىر رىتىم بولۇپ، ئىككىنچى ئىبارە تۈۋلانغاندا، ماي تۆگى كۈچ بىلەن كۆتىرىلىدۇ؛ ئۈچىنچى ئىبارە بىلەن ماي تۆگى يەرگە قويۇلىدۇ. باشلامچى تۈۋلاپ ئېيتقان ئىبارىلەر بۇيرۇق خاراكتىرىدا بولۇپ، ماسلىشىپ تۈۋلىغان ئىبارىلەر پۈتۈنلەي ئەمگەك ساداسىدۇر. شەرقىي-شىمالنىڭ ئورمان ناخشىدىكى «بەل پۈكۈش-بەل توغرىلاش» تۈۋىسىمۇ «كۆتىرەيلى»!، «ماڭايلى!»، «سەكرەيلى!» «باشنى كۆتىرەيلى!»، «تۆۋەنگە تاشلايلى!» دىگەنگە ئوخشاش بۇيرۇق سۆزلەر بار. بۇ خىل ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ ئەدەبىياتتىكى قىممىتى مۇزىكىدىكى مۇھىملىقىغا، سەنئەتتىكى قىممىتى ئەمەلىي ئىشلىتىلىشتىكى مۇھىملىقىغا يەتمەيدۇ.

لىرىك تەسۋىرىي شەكىللىك ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ تېكىستى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا مەلۇم ئىجتىمائى

تۇرمۇشتىكى ئىبارىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەمگەك سادالىرى ئۇنىڭدا رىتىمنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئېغىز ئەدەبىياتىغا كىرىدىغان ئەسەرلەر — دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مۇھىم نۇقتىدۇر. مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

ئەڭ ئاۋۋال ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرى مەشغۇل بولۇۋاتقان ئەمگەككە نىسبەتەن ئۆز پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خۇنەن ئۆلكىسى لى شۈي دەرياسىدىكى كېمىچىلەر ساداسىدا «نەنجۇ بامبۇكى ئۇچلۇق ھەم ئۆتكۈر، پالاق ئۇرۇلسا ئۇچىدۇ كېمە، بوران-چاپقۇندىن قىلچە قورقماستىن، كېمىنى ھەيدەپ يېتىمىز مەنزىلگە» دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار بولۇپ، بۇنىڭدا كېمىچىلەرنىڭ ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. «جەنۇپ شامىلى سوقماقتا غۇر-غۇر، ناخشا كۈيلەرنى كۈيلەيمىز ھەممە، توخا پېيىنى چۆكتۈرۈپ سۇغا، قادىرمىز سۇدا تاش لەيلىتىشكە» دېگەن مىسرالاردىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئۇمىتۋارلىق كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن. لېكىن كونا جەمئىيەتتە ئەمگەكچى خەلقلەر ئۆمۈر بويى ئۇچ چوڭ تاغنىڭ قاتمۇ-قات ئېزىشى ئاستىدا ياشىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەمگەك قوشاقلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئەزگۈچىلەر ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا قارشىلىق كەيپىياتى ئەكس ئەتمەي قالمىدى. خۇبېيدىكى «سۇ چىقىرىغى ناخشىسى»دا «ئارپا تۈگىدى يېيىلىپ، بۇغداي تېخى پىشمىدى، ئانا» دېگەن مىسرالار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ يىل بويى ئەمگەك قىلسىمۇ ئىسسىغدەك كىيىم، تويغىدەك تاماققا ئېرىشەلمەي ئۆتكەن تۇرمۇش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تۈز مەيداندىكى «ھارۋا ئىتتىرگۈچىلەر ناخشىسى»دا «چەرخى پەلەك ئايلانسا، يەر-زېمىنمۇ ئايلىنار. سۇ چىغىرىغى ئىتتىرىپ پۇل تاپىدۇ ئانىلار. چوڭ بالىلار قاراشسا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىچىككى قىيا باقار، ئانلار سۇ چىغرىغىنى ئامالسىز ئايلاندۇرار» دېگەن مىسرالار بولۇپ، ئۇنىڭدا خوجايىنلار، گۇڭتۇلار مەسخىرە قىلىنغان، جۈملىدىن، «دۆڭ غوجامنىڭ ساندۇغى ئاشقا تولغان لىقمۇ-لىق، نامراتلارنىڭ ئۆيىدە تۆت چاڭگال سۆك-گۈرۈچ يوق؛ نامراتلار يىل-ئاي بويى گۆش دېگەننى كۆرمەيدۇ. باي-غوجاملارنىڭ ماي، گۆشنى يېيىشكىمۇ ئاغزى يوق. كىمدە-كىم بىرەر سىقىم گۈرۈچ ئۈچۈن ئۇرۇلسا، بىر قوشۇق قېنى-جېنىنى تىلەشكىمۇ هالى يوق» دېگەنگە ئوخشاش مىسرالاردا كەمبەغەللەر بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن زور بولۇشتەك ئىجتىمائى هادىسىلار پاش قىلىنىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلارنىڭ بەزىلىرى ئىلهام كەلگەندە ئىجات قىلىنغان، بەزىلىرىدە باشقا شەكىللەردىكى قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ئىشلىتىلگەن. چۆنەجاڭ دەرياسى ناخشىلىرىدىكى «نامراتلار ئالدىدا ئۈچ يول بار» دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلار دەرۋەقە، جياڭسۇ ئۆلكىسى دېخانلىرىنىڭ تۇرمۇش قوشاقلىرىدىن ئېلىنغان.

ئىككىنچىدىن، مەنزىرە ۋە مۇهەببەت بىلەن چېتىشلىغى بولغان قوشاقلارنىڭ بەزىلىرىدىن ئۆرپى-ئادەت ئالاهىدىلىكلىرى ياكى مۇهەببەت مەزمۇنلىرىغا دائىر تېكىستلەر ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: «تاشنى كۆتىرىپ نەگە ئاپىرىسىلەر، ئاپىرىمىز مىڭزى كۆۋرۈكنى ياساشقا، مىڭزى كۆۋرۈكى ياسالدى ئوبدان، ئەتراپىدا ئادەمدىن ئېگىز ئىككى شىر بار» دېگەن مىسرالار بىلەن «قاراڭلار خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بىرقانچە ئون يوللۇق ئەگرى-بۈگرى ئېقىنلىرىغا» دېگەنگە ئوخشاش مىسرالاردا ئۆرپى-ئادەت ئالاهىدىلىكلىرى بار: «قۇياش ئۇپۇققا ئولتۇردى ئاستا، لېۋلاڭ تۇتۇش قىلمىدى بالدۇر تاماقتا؛ قىزدىن سورايتى ئانا بۇ ئىشنى؛ قىز دېدى: هۆل ئوتۇن تۇتاشماي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆينى تولدۇردى ئىسقا» دېگەنگە ئوخشاش ئەمگەك قوشاقلىرىدا مۇھەببەت تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قوشاقلار كەيپىياتقا ئىلھام بېرىش ۋە ھاردۇق چىقىرىشتا مەلۇم رول ئوينايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بەزى ئەمگەك قوشاقلىرىدا تارىخ ۋە رىۋايەت ۋەقەلىكلىرى ھېكايە قىلىنغان. مەسىلەن: «جاڭنەندە ئۈچىلار قىزىل گۈللەر توپ-توپ بولۇپ، ئەرنىياك ئەجدىھا تۇرار ئۈچىق بېشىدا ئولتۇرۇپ»، «ئىگىز تاغ ئۈستىگە قادىلىپتۇ توغ، قىزلارنىڭ قەلبى خىسلەتكە تولۇق. سېرىق ئالتۇن يىغار يەردىن شات-خورام، پۇل-زىننەتكە ئۇلارنىڭ مەيلى-زوقى يوق» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلاردا مەلۇم تارىخىي بىلىملەر بولۇپلا قالماستىن، خەلق رىۋايەتلىرىدىكى شەخسلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرگە قارىتا باھامۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەزى ناخشىلاردا تارىخىي شەخسلەر مەدھىيىلەنگەندە، يەنە ئەسلىملەرمۇ بولىدۇ. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان جىڭشى كېنىدىكى «سۈچىلار ناخشىسى»دا بىر چاشكا سۇ ھەر بىر قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا، تارىخىي شەخسلەرمۇ تەكرار تىلغا ئېلىنغان، شۇنداق تەكرارلىنىش ئىككى يۈز مىسراغا يەتكەن. بەزى ئەمگەك ناخشىلىرىدا ھەتتا چۆچەكلەرمۇ بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ھامال ناخشىسى» توپلىمىدىكى «تۆت ئەۋلاتنىڭ ئىشقا چىقىشى» دېگەن شېئىردا مۇھەببەت توغرىسىدىكى بىر چۆچەك سۆزلىنىدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەمگەك قوشاقلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇنىڭ مۇزىكا-ئاھاڭلىرىدىمۇ ئالدىنقى دەۋردىكىلەرگە قارىغاندا قويۇق خوشاللىق كەيپىيات ئەكس ئەتتى، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدا ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەندى. مەسىلەن، خۇبېي ئۆلكىسى ماچېڭ شەھىرىدىكى «خاڭداش ناخشىسى»دىكى «ئانار چېچەكلەپ كۆكەردى ياپراق،

جۇڭگودىن چىقتى ماۋزېدۇڭ» دېگەن مىسرالار بار. شىمالىي ئەنخۇي «ئەپكەش ناخشىسى»دا «مۇرەمدىكى ئەپكەشنىڭ ئىككى بېشى ئېگىلگەن، نەمۇنچى بولۇشنى تىلەيمەن ھەممە ئىشتا، جۇنچەينى كىم تىزگىنلىسە شۇ ئەزىمەت دەيدىكەن، باشلانماستا بۇ ئىش مەن-شۇ ئىشنىڭلا كويىدا» دېگەن مىسرالار بار. بۇ مەزمۇنلاردا يېڭى جەمىيەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ يېڭى ھاياتقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە سوتسىيالىستىك ئەمگەككە ئۆزىنى تەقدىم قىلىشتەك ئاڭلىق جانلىق روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يۇقۇرقى ئىككى خىل ئەمگەك قوشاقلىرىدىن ئومۇمەن ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەڭ بالدۇر ئۇ پەقەت ئەمگەكتىكى نەپەس ۋە ھەركەتنى تەڭشەش يۈزىسىدىن چىقىرىلغان رىتىملىق ئاۋاز بولسىمۇ، كېيىنچە تەدرىجى ھالدا ئاددى ئىبارىلەر بىلەن مەقسەتلىك يارىتىلىدىغان بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا قوشاقلارمۇ ئەمگەكنى مەدھىيىلەيدىغان مەزمۇنغا ئىگە بولغان. بۇ تەرەققىيات جەريانى ئەمگەك مەزمۇنلىرىنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆتۈشى بىلەنمۇ ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىر خىل تىل سەنئىتى بولغان ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بەدىئى ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا كۈچلۈك رىتىملىق ھېسسىياتىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. رىتىم ھەر خىل تىل سەنئىتىدىكى ئومۇمى يۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، لېكىن مۇزىكا ۋە شېئىردا، بولۇپمۇ ئەمگەك قوشاقلىرىدا تېخىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتقاچقا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ تارتىدۇ. ھەر بىر ئەمگەك قوشاقلىرى ئەمگەك ھەركىتى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان رىتىمغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا تولغان بولىدۇ. جىددى سۈرئەتلىك ۋە سىجىللىقى بىرقەدەر زور بولغان ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا، ھەركەت جىددى، نەپەس ئېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېز، ئەمگەك كەيپىياتى قويۇق بولىدۇ. بۇ چاغدا ئېيتىلىدىغان ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ رىتىمى مۇقەررەر ھالدا ئىخچام، تېز بولىشى، ئاھاڭلار ئۈزۈلمەي كۈچلۈك چىقىشى، تىنىش كۈچلۈك بولىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا كىشلەرگە كوللىكتىپ ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغلىغى ۋە ئەمگەكنىڭ دۇنيانى ياراتقانلىغى ھەققىدە كۈچلۈك تەربىيە بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، چۇەنجياڭ دەرياسى ناخشىلىرىدىكى «ساھىل توۋۇسى»، «ياندۇرۇش توۋۇسى»، «جان تىكىش توۋۇسى» قاتارلىقلار. جىسمانى ئەمگەكلەر ئىچىدىكى بىرقەدەر يېنىك ياكى سىجىللىغى زور بولسىمۇ، لېكىن دەم ئېلىش ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن بولغان ئەمگەكلەردە، ئەمگەك قوشاقلىرىدىكى سۈرئەت بىرقەدەر ئاستا، رىتىملىق ھېسسىيات بىرقەدەر ئاجىز، مۇزىكىلىق ئۆزگىرىش ۋە قۇراشتۇرۇلۇش بىرقەدەر مول بولىدۇ، تىلىدىكى تەبىئى رىتىم كۆپىنچە مۇزىكا ئوبرازىغا بوي سۇنۇپ، كىشلەرگە يېقىملىق بولغان رىتىملىق ھېسسىيات بەخش ئېتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى: سەنئەت ماھارىتىنىڭ بىرى بولغان رىتىم ئەزەلدىن ئەمگەك ۋە تۇرمۇشىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىدۇر. كىشلەر ئۇنىڭدىن ساددا گۈزەللىكنى سەزگەندە، ھەمدە پوئېزىيە، مۇزىكا، ئۇسۇل قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىدىكى ئوخشاشمىغان تەرەپلەر ۋە ئوخشاشمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ گۈزەللىكنى ئومۇملاشتۇرغان ۋە قايتا بايان قىلغاندا، ئۇلاردىن تەدرىجى ھالدا كىشلەرنىڭ ئېستېتىكىلىق كۆزقارىشى ۋە ئېستېتىكىلىق ئىدىيىسى پەيدا بولىدۇ. ھەتتا رىتىم توغرىسىدىكى ئېستېتىكىلىق پىرىنسىپ تىكلىنىدۇ. ھەرقانداق سەنئەت ماھارىتىنىڭ پەيدا بولۇشىدا بىر تەرەققىيات جەريانى بولىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىن، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋە ئۆزگىرىش ئالامەتلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. مانا بۇلار ئەمگەك ناخشىلىرىدىكى رىتىملارنىڭ بىزگە بەرگەن ئىلھامىدۇر.

# ئىككىنچى بۆلۈم مۇراسىم قوشاقلىرى

مۇراسىم قوشاقلىرى — ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم بىر تارىخىي باسقۇچىدا پەيدا بولغان ۋە گۈللەنگەن بىر خىل قوشاق شەكلىدۇر. ئۇ ھامان خەلق قائىدە-يوسۇنلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەم نەزىر-چىراق مۇراسىملىرىدا ئوقۇلۇپ ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ كەلگەچكە، شۇ مۇراسىمنىڭ مەقسىدى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىدىغان مەزمۇن ۋە شەكىللەرگە ئىگە. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىدىكى ھېيت-بايرامدا تەبرىكلەش ئېلىپ بېرىش ۋە ئىبادەت قىلىش، خۇشاللىقلارنى تەبرىكلەپ بالايى-ئاپەتكە دۇئا-تەكبىر قىلىش، ئاتا-بوۋىلارنىڭ روھىغا نەزىر-چىراق قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە، ئومۇمەن مەلۇم مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلگەن، ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مۇناسىۋەتلىك شېئىرىي مەرسىيەلەر بارلىققا كەلگەن. مەسەلەن، يىل ئاخىرىسىدىكى نەزىر-چىراقلاردا شام يېقىشقا بېغىشلانغان «شام ھەققىدە سۆز»، 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان چىۋەرلىك تىلەش مۇراسىمغا بېغىشلانغان «چىۋەرلىك تىلەش ناخشىسى»، تويدا چاچقۇ چېچىشقا بېغىشلانغان «چاچقۇ چېچىش ناخشىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇراسىم ناخشىلىرىدۇر. تارىخنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەزى مۇراسىملار ئاشۇ مۇراسىم ناخشىلىرى بىلەن بىرلىكتە يوقاپ كەتتى. يەنە بەزى بىر مۇراسىم قوشاقلىرى ئۆزگىرىپ خەلق ئۇسۇلى قوشاقلىرىغا ياكى باللار قوشاقلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەچكە، مۇراسىم قوشاقلىرى پەيدا بولغان چاغدىكى ئەسلى مەنىسىنى يوقاتتى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇراسىم قوشاقلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سانى كۆپ ئەمەس، بەلكى شۇ قوشاقلارنىڭمۇ، كونىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئاساسەن، ئالاھىدە كەيپىيات يارىتىشقا ئىشلىتىلىدىغانلىرى ياكى تۇرمۇشتىكى بەزى مۇھىم مىنۇتلارنى خاتىرىلەشكە ياردەم بېرىدىغانلىرىلا قېلىپ قالدى.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئىدىيە ساھەسىدە «ئۇلار تەرىپىدىن تارىخىي مەزگىللەردە سېزىلگەن ياكى قوبۇل قىلىنغان تارىختىن بۇرۇنقى مەزمۇنلار بار، يەنى نۆۋەتتە بىز ئۇلارنى سەپسەتە دەپ ئاتىماي بولمايدىغان مەزمۇنلار بار»[1] مۇراسىم ناخشىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق مەزمۇنلاردۇر.

قەدىمقى مۇراسىم قوشاقلىرى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئەمگەك، تۇرمۇش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا شەكىللەنگەن. ئەينى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ كۈچى ئىنتايىن چەكلىك بولغاچقا، ئۇلار تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمىدى. تەبىئەت ئالدىدىكى ئاجىزلىق ۋە تەبىئەتتىكى كۆپ تەرەپلىملىك بېقىندىلىق مۇناسىۋەت، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە ئەكس ئەتكەندە، «ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ نەزەرىيىسى»گە دائىر دۇنياقاراش شەكىللەندى. دېمەك ئۇلار تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسىدە «روھ» ۋە «جان»نىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ھەمدە شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ خىل «روھ» تونتۇرۇل قىلىپ تۇرىدۇ دەپ قارىدى. ھاياتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ قىيىنلىغى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەنلىگى سەۋەبىدىن، بۇنىڭ ئۈستىگە ئىپتىدائىي جەمىيەتتىكى كىشىلەر دۇنيا توغرىسىدىكى بۇ خىل خاتا كۆزقاراشنى سىگدۇرۇۋالغانلىقتىن، ئۇلار

---

[1] ئېنگېلس: «كاندىرا، سىمىتقا يازغان خەت»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 4 ـ توم 484 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەمىشە تەبىئەتتىكى «روھ»تىن ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىشىنى ئۈمىت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئەتكە مۇراجەت قىلىش، تەبىئەتتىن تىلەش، نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى مۇراسىم قوشاقلىرى پەيدا بولدى. سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ ئېڭىدا يەنە «روھ» بىلەن «جان»نىڭ كۈچى ئوخشاش بولمايدۇ دەپ ھېس قىلىدىغان قاراش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ قاراش بويىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىجات قىلغان «روھ»تىن دىنىي ئىدىيەلەرنى چىقىش نۇقتا قىلغان «ئىلاھ» بۆلۈنۈپ چىقارمىش. مۇراسىم قوشاقلىرى دىنىي ئىدىيەلەرنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچرىغانلىقتىن تېخىمۇ بېيىشقا ۋە خىلمۇ-خىللىششقا باشلىدى. ئەپسۇن ئوقۇشتىن تاشقىرى يەنە خوشاللىق ئىلاھى ئارقىلىق جىن-ئالۋاستىنى قاچۇرۇش، نەزىر-چىراق قىلىپ بالايى-ئاپەتنى قاچۇرۇش، روھ چىقىرىپ كېسەلدىن قۇتۇلۇش قاتارلىق مۇراسىم قوشاقلىرى ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

دىن كىشىلەرنىڭ روھىنى زەھەرلىگۈچى ئەپيۇن. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئۇ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئالدىغان روھىي بېسىمنىڭ بىر خىلى قاتارىدا، ئەزەلدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ كونتروللۇغىدا بولۇپ كەلدى. ئەگەردە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى مۇراسىم قوشاقلىرىنىڭ رولى، كۆپرەك ئەمگەك مېۋىلىرى ۋە تۇرمۇش خاتىرجەملىگىگە ئېرىشىش يولىدا تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق تەبىئەتنى بويى سۇندۇرۇشقا، تەبىئەت كۈچلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەم بېرىش دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا سىنىپىي جەمئىيەتتىكى مۇراسىم قوشاقلىرىنىڭ رولىنىمۇ ئۇنچىۋالا ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئېزىلگۈچى سىنىپلاردا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن «تەڭرى» ۋە «مۆجىزات» قاتارلىق نەرسىلەرگە نىسبەتەن ۋە-

ھەممە ۋە چوقۇنۇش پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلاردا
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە
ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى كۆرەش بىلەن يوقىتالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھايات
ۋاقىتىدىكى جاپا-مۇشەققەتلىك تەقدىرگە نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىنىش ۋە
كەلگۈسى بەختلىك تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئىنتىلىش پەيدا بولىدۇ.
دىنىي خاراكتېرغا كىرىدىغان بۇ خىل خام-خىياللار كۆپىنچە ھاللاردا
كىشىلەرنى بوي سۇنغاق، خوش-خوش دەپ تۇرىدىغان ھەمدە ئۈمىدىنى
غۇۋا كەلگۈسىگە باغلايدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا كىشىلەر، نەزىر-
چىراق مۇراسىملىرى ۋە ئىخلاس بىلەن ئوقۇلىدىغان دۇئا-تەكبىر-
لەردە، قوشاقلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەلبى ۋە ئۈمىدىنى
ئىپادىلەيدۇ.

مۇراسىم قوشاقلىرىدىكى بۇ شاكاللار بىر تەرەپتىن، ئالاھىدە
تارىخىي باسقۇچتىكى كىشىلەرنىڭ بىخۇتلۇقىنى ۋە نادانلىقىنى ئىپا-
دىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ
كىشىلەرگە روھىي جەھەتتىن زىيانكەشلىك قىلىشلىرىدىمۇ ئىپادىلە-
نىدۇ. بىز ئۇنى تارىخىي ماتېرىيالىستىك پوزىتسىيە بىلەن ئەستايىدىل
تەھلىل قىلىشىمىز لازىم.

قائىدە-يوسۇن مۇراسىم قوشاقلىرى بىرقەدەر كېيىنرەك مەيدانغا
كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەسلىدە دىنىي
خۇراپاتلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بەزى قائىدە-يوسۇن
رەسمىيەتلىرى ھەمىشە سىرلىق تۈس ئالغان ۋە ئەپيۇن مەنىسىگە ئىگە
بولغان بولىدۇ. مەسىلەن، بەزى جايلاردا، ئۆتمۈشتىكى نىكا-رەسمى-
يەتلىرىدە-تويى تەختىراۋانى يەرگە چۈشۈش بىلەنلا يىگىت قىزغا
ئۈزۈمنى ئوق قىلىپ ئېتىپ: «ياۋۇزلۇقتىن خالىي بولۇش كېرەك»
دېگەننى بىشارەت قىلىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردىكى قائىدە-يوسۇن مۇراسىملىرى ئويۇنغا يېقىن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

راق كېلىدۇ، بۇنىڭغا دائىر قوشاقلارنىڭ كۆپ قىسمى مەدھىيە ۋە خاتىرىلەش تەرىقىسىدىكى قوشاقلاردۇر. مەسىلەن: «باللار تۇغۇلۇپ ھامان كۆپىيەر، كىچىكلىرى چوڭىنىڭ ئىزىدىن يۈرەر» دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلاردا خوراپىيلىق پۇرىقى ئىنتايىن سۇس بولۇپ، ۋاستىلىك ھالدا ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئىناقلىقى، بالا-چاقىلارنىڭ كۆپرەك بولۇشى ئۈمىت قىلىنغان. مۇراسىم قوشاقلىرىنىڭ كەڭ تارقىلالماسلىقى ۋە تېزلىك بىلەن گۈللىنىشتىن يوقىلىشقا يۈزلىنىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ھامان مەلۇم مۇراسىملار بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدا، مۇراسىمنىڭ پەيدا بولۇش ئىجتىمائى ئاساسى ۋە ئىدىيەۋى ئاساسىنىڭ تەدرىجى يوقىلىشىغا ئەگىشىپ مۇراسىم قوشاقلىرىمۇ تەبىئى ھالدا يوقىلىپ بارىدۇ ياكى سۈپەت جەھەتتىن ئۆزگىرىدۇ.

مۇراسىم قوشاقلىرىنىڭ، مۇراسىملاردا ئېيتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇنى جۇدالىق قوشاقلىرى، مەۋسۇم قوشاقلىرى، قائىدە-يوسۇن قوشاقلىرى ۋە نەزىر-چىراق قوشاقلىرى (مۇناجاتلىرى) دىن ئىبارەت تۆت خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

### 1. جۇدالىق قوشاقلىرى

جۇدالىق قوشاقلىرى — سېھىرگەرلىك رولىغا ئىگە دەپ قارالغان، ئەپسۇن ۋە دۇئا-تەكبىر ئوقۇپ بالايى-ئاپەتنى «قوغلاش»تا ئېيتىلىدىغان قوشاقلارنىڭ ھەممىسى جۇدالىق قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائى جەمئىيەتتىكى دىنىدىنمۇ بۇرۇنراق بولۇپ، ئىجتىمائى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تىلنىڭ ياۋايى ھايۋانلار ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىغا نىسبەتەن بىر خىل سىرلىق كۈچى بار دەپ قارىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. گوركى مۇنداق دەيدۇ: ئەپسۇن ئوچۇق كۆرسەتتىكى: «كىشىلەر ئۆز تىلىنىڭ كۈچىگە نەقەدەر چوڭقۇر ئىشىنىدۇ-ھە، بۇ خىل ئېتىقادنىڭ پەيدا بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئەمگەك جەريانىنى تەشكىل قىلغۇچى تىلنىڭ روشەن ھەم ئىنتايىن رىيال پايدا يەتكۈزگەنلىگىدىن بولدى. ئۇلار ھەتتا «ئەپسۇن» ئارقىلىق ئىلاھقا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولۇشتى»① بۇ خىل شېئىر-نەزمىلەرنى ئوقۇغۇچىلار ئۆز تىلىنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىچىدىن ئۈمىت قىلغان نەتىجىلەرگە ھەقىقى ئېرىشكەنلىكىگە ئىشەنگەندەك بولدى. بىراق بۇ خىل ناخشىلارنىڭ تىلىنىڭ كۈچى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالاھىدە رەسمىيلەشتۈرۈلگەن مۇراسىم قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەككەن، بولمىسا سىناقتىن ئۆتەلمەيدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭدىكى تېكىستلەرنىڭ زور قىسمىدا مۇراسىم جەريانلىرى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە كىشىلەرگە قانداق قىلىش ئۇگىتىلىدۇ. بەزى جۇدالىق قوشاقلىرىدا بەزى ئوبېكتىلەرگە تەلەپ قويۇلىدۇ، ياكى ئۇنىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: بۇرۇن شەرقىي-شىمال چاڭبېيشەن تېغىدىكى مېھرىگىيا كولايدىغان دورىگەر دېخانلار مېھرىگىيانى كۆرگەندە، ئاۋال «ھەي كالتەك، تۇر ئورنىڭدىن!» دەپ ۋاقىرايدىكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن چوڭ مېھرىگىيالار قېچىپ كەتمەسمىش. سىنىپىي جەمىيەتتە، جۇدالىق ناخشىلىرى قويۇق دىنىي خۇراپاتلىق تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنى ھەممىلا ئادەم ئىگەللەپ كېتەلمىگەن. بۇ خىل ناخشىلارنى ئىگەللەۋالغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىت-ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان بىر خىل سىرلىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارىلىدىكەن. مەسىلەن، يىخېتۇەنچىلەرنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەشتە ئىشلەتكەن ئەپسۇنلىرى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەن-

① گوركى: «سوۋېت ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە 99 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىسىنى ئاشۇرغان. گەرچە بۇ خۇراپىلارچە ھەرىكەت بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ جاسارىتىگە ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينىغان. بىزنىڭ بۇ خىل بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان مەسىلىلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىستىك پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. جۇدالىق قوشاقلىرى بىر تەرەپتىن، ئالۋاستىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ۋە ئەپسۇن ئوقۇشلاردا رول ئويناپ، راۋاجلىنىپ، تىغ ئۇچىنى كۆپىنچە نامۇۋاپىق ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە قاراتقان بولسا؛ يەنە بىر جەھەتتىن، داۋالاش ۋە ئىشلەش قاتارلىق پائالىيەتلەردە راۋاجلىنىپ، كۆپىنچە بەزى پايدىلىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن: «يۆ بەگلىكى تەمسىللىرى»دە: كىچىك بالىلار تاماقنى كۆپ يەۋېتىپ قوسىغى ئاغرىپ قالغاندا ئۇۋۇلاشقا تەگكەش قىلىپ ئوقۇلىدىغان ئەپسۇنلارنىڭ كىسەلگە روھىي جەھەتتىن تەسەللىي بېرىپلا قالماستىن، بەلكى داۋالاشنى كېڭەيتىپ ئېلىپ بېرىشقىمۇ ياردىمى تەككەنلىكى خاتىرىلەنگەن. تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ جۇدالىق ناخشىلىرىمۇ بەلگىلىك ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 2. مەۋسۇم قوشاقلىرى

مەۋسۇم، رەسمىيەت قوشاقلىرى — مەۋسۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خەلق بايراملىرى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ۋە رەسمىيەتلەرگە دائىر تۈرلۈك قوشاقلاردۇر. خەلق ئىچىدىكى مەۋسۇملەرنىڭ كۆپىنچىسىنى دېخانچىلىق پائالىيەتلىرى بەلگىلىگەن. بەزى مەۋسۇملەر خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن، دېخانلار كالېندارىدىكى باھار بايرىمى، ئىككىنچى فېۋرال، ماي ئېيىدىكى تاگزۇگزا چاغىنى، ئالتىنچى ئىيۇن، يەتتىنچى ئىيۇل ۋە ئوتتۇرا كۈز قاتارلىق مەۋسۇم مۇراسىم رەسمىيەتلىرىنىڭ بەزىلىرى سالماقلىق بولۇپ، دىنىدىكى نەزىر-چىراق تۈسىنى ئالغان؛ بەزىلىرى خوشاللىق خاراكتېرىدا بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىنىي تۈس تولىمۇ سۇس. كالىنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىلگە-رىكى غالىپ ماددىي مەزمۇنلار ۋە زور خىزمەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى دىنىي شەكىلگە ئورالغان بولۇپ، دىن خاراكتېرىنى ئالغان...... مۇبادا دىنىي شەكىل تاشلىۋېتىلسە، تەبرىكلەش رەسمىيەتلىرىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بەزى تەلەپلەر ناھايىتى ئاسانلا سىزىلىپ قالىدۇ.»① دەسلەپكى مەزگىللەردىكى دېخانچىلىق پائالىيەتلىرىگە دائىر مەزمۇنلار ئىپادىلىنىدىغان مەۋسۇم قوشاقلىرى، دەل دىنىي شەكىللەر ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تەلۋىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن: دۆلىتىمىزدە قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن يىل ئاخىرىسىدا شام يېقىپ، نەزىر-چىراق قىلىش رەسمىيەتلىرى بار، بۇنىڭدىكى «شام يېقىش ھەققىدىكى دۇرت»تا «سوقما تامدۇر تۇرار جايىمىز، سۇ ئىچىمىز چوڭقۇر جىلغىدىن، گۈل-گىيالار كۆرەر شەپ-قەتنى، قۇتۇلساگەر قۇرۇت-قوڭغۇزدىن» دېگەن مىسرالار بار، بۇنىڭدا تەبىئى ئاپەت يوقىتىلسا، مول ھوسۇلدىن ئۈمىتنىڭ بارلىغى ئىپادىلەنگەن. شۇ مەزمۇندىكى «ئېتىز-ئېرىق ئىگىلىرىنىڭ تىلىكى»، «ئېتىز ناخشىسى» قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ خىل مۇراسىم ناخشىلىرى بەزىدە ئۇسۇل بىلەن زىچ تەڭكەش قىلىنغان بولۇپ، ئەمگەك ھەر-كەتلىرى بەدىئى ھالدا قايتا ئىپادىلىنىدۇ؛ تېكىستلەرمۇ ئەمگەك ناخشىلىرىدىن تەرەققى قىلغان تېكىستلەردۇر. بەزى بايراملارنىڭ دېخانچىلىق ئىشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن دېخانلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسى-ۋىتى بار، شۇنداقتىمۇ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېخانچىلىق ۋە قول

---

① كالىنىن: «يېزا ئىگىلىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش»، كىروپىنىڭ «كالىنىن خەلق ئىجادىيىتى توغرىسىدا»دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «سوۋېت ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى»، خەنزۇچە 39 - بەت.

هۈنەرۋەنچىلىكتە دائىر مۇراسىملارغا تەۋەدۇر. مەسىلەن، ئۆتمۈشتە يەتتىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان چەۋەرلىك تىلەش — «تىرىقچىلىق قىلىش» بىلەن بۇت تەكچىسى قوپۇرۇش، قول هۈنىرى بويىچە ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى ئالساق، تەرەققىي قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، ئويۇن ئويناشقا يېقىنلىشىپ قالدى. بۇلاردا كىشىلەرنىڭ بەزى ئۈمىت ئارزۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە بۇ يەنىلا مەلۇم سىرلىق تۈس ئالغان. شۇنداق بولسىمۇ بۇ رەسمىيەتلەردە دىنىي خۇراپاتلىق مەزمۇنلار بىرقەدەر ئاز. مەسىلەن، جۇاڭزۇلارنىڭ باھار بايرىمى ئۆسۈلىدىكى باھار كالىسىنىڭ ناخشا ئېيتىشىغا بېغىشلانغان «باھار كالىسى ناخشىسى»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئادەم بىلەن هايۋانلارنىڭ نورمال ئەھۋالدا ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئۇلاردا گەرچە «يامانلىق يۇلتۇزلىرى ئۆچسىمۇ، ياخشىلىق يۇلتۇزلىرى نۇر چېچىۋېرىدۇ»، «شامال بىلەن يامغۇرنىڭ ماسلىشىشى بەك تەكشى بولغان يىللار» دېگەنگە ئوخشاش دۇرت ئىبارىلىرى بولسىمۇ، لېكىن تەدرىجى هالدا دىنىي شەكىللەردىن ئايرىلىپ كۈنسېرى خەلقنىڭ باھار بايرىمىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئالغان.

3. قائىدە-يوسۇن قوشاقلىرى.

قائىدە-يوسۇن مۇراسىم قوشاقلىرى ھەمىشە ئەرلەرنىڭ ئۆيلىنىپ قىزلار تۇرمۇشقا چىقىدىغان، تۇغۇلغانلار تەبرىكلىنىدىغان، ئۆلگەنلەر دەپنە قىلىنىدىغان، يېڭى ئۆيگە كۆچۈش مۇبارەكلىنىدىغان، مېھمانلار كۈتۈۋېلىنىدىغان سورۇنلاردا ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل قوشاقلارنىڭ كۆپىنچىسى تەبرىكلەش خاراكتېرىدا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇسى ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن شەخسلەرنى ياد ئېتىپ سېغىنىشى ياكى بەخت تىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، مياۋزۇلارنىڭ «قەدەھ ناخشىسى»دىكى «كىشىلەر قېرىغىچە ياشىسا ساغلام، ھەممە ئائىلە ساڭلىرى تولسا ئاشلىققا» دېگەن مىسرالاردا كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلىشتەك يۈرەك سادالىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تەيزۇلارنىڭ «ئالتۇن كۈن»، «كۈمۈش كۈن» قاتارلىق نىكالىنىش كۈنىنى مەدھىيە-لەيدىغان ناخشىسىدا يېڭىدىن توي قىلغان ئەر-ئاياللارنىڭ مۇھەببىتى مۇبارەكلىنىدىغان: «بۇغا مۈڭگۈزىدەك مۇستەھكەم بولۇڭ، ياۋا چوشقىنىڭ جاۋغىيىدەك چىڭ بولۇڭ، ئالتۇن ۋە پىل چىشىدەك مەڭگۈ چىرى-مەڭ...» دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار بار، بۇمۇ ئەڭ گۈزەل ئارزۇ-لارنى ئىپادىلەيدۇ. قائىدە-يوسۇن قوشاقلىرى دەسلەپكى چاغلاردا كۆپىنچە خۇراپىي ئىدىيىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يوبىنىڭ «ئاغزى ئىتتىك لى سۇي ھەققىدە خاتىرە» دېگەن ئەسەردىكى «ھىساۋات ناخشىسى»نىڭ تېكىستىدە، ئوپ-ئوچۇق ھالدا «ۋەھشىلىكتىن ساقلىنىش» ئۈچۈن ناخشا ئېيتىلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەمما ھازىرقى زاماندىكى «ۋۇگىجا توپلىمى» قاتارلىقلاردىكى «ھىساۋات ناخشىسى» ئۆزگىرىپ، پەر-زەنتلەرگە بەخت تىلەشكە ئايلىنىپ قالغان. يەنە قىزلار يۈزىنى ئاچقاندا ئېيتىلىدىغان «تولۇن ئايدەك ئانار يۈزلۈك قىز مېنى، تەكلىپ قىلدى شاتلىق مېيى ئىچىشكە» دېگەندەك ناخشىلارمۇ بار، بۇلارمۇ ھەقىقەتەن تەبرىكلەش مەزمۇنىدىكى خۇراپاتلىق سىڭدۈرۈلمىگەن قوشاقلاردۇر. قائىدە-يوسۇن، رەسمىيەت ناخشىلىرى خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئائىلە تەرەققىياتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. مەسىلەن، سىچۈەن-نىڭ غەربىي چېگرا رايونى، مىللەتلەر توپلىشىپ ئورۇنلاشقان رايون، بۇ يەردە بىرقانچە مىللەت بولۇپ، خوتۇن-قىزلىرى قىزلارنى تۇر-مۇشقا چىقارغاندا يىغا ناخشىسىنى ئوقۇيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «سادا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناخشىسى»دا «باغرى قاتتىق ئانامنىڭ، باغرى تاشتۇر ئاتامنىڭ، تۇغۇلۇپ شۇ كەمگىچە، كىيمىدىم ياخشى كىيىم» دىگەن مىسرالار بار. بۇنىڭدا كونا جۇڭگودىكى خوتۇن-قىزلارنىڭ ئائىلىۋى ئورنى يان تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە «سىڭلىمغا مەسلىھەت»، «تىللاگ-لار بەزلەرنى» دىگەن ناخشىلارمۇ بار، جۈملىدىن تەختىراۋانغا چۈشكەندە ئېيتىلىدىغان ناخشىلاردا: «قىزىل گۈللۈك، تەختىراۋان، ئوخشار خۇددى قەپەزگە؛ ئولتۇرغۇزدى ھەدەمنى داغ قالدۇرۇپ يۈرەكتە» دىگەنگە ئوخشاش مىسرالار بولۇپ، بۇلاردا خوتۇن-قىزلارنىڭ نىكا ئىشلىرىغا چات كىرىۋالغانلارغا نىسبەتەن قارشىلىقى ۋە ئۇلار ئۇستىدىن قىلغان شىكايىتى ئىپادىلىنىدۇ.

### 4. نەزىر-چىراق ۋە تەبرىكلەش قوشاقلىرى

نەزىر-چىراق ۋە تەبرىكلەش قوشاقلىرى — زور نەزىر-چىراقلار ۋە تەبرىكلەش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا-تەكبىر تەرىقىدىكى قوشاقلاردۇر. بۇ قوشاقلار ئومۇمەن بىرقەدەر سۇرلۇك. دەبدەبىلىك كېلىدۇ. «چۇ بەگلىگى نەزمىلىرى»دىكى «توققۇز شېئىر» ئاشۇ خىلدىكى شېئىرلار تىپىغا كىرىدۇ. خەلقىنىڭ نەزىر-چىراق مۇراسىم-لىرى ھەمىشە مەۋسۇم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شەكىللىرىمۇ بىرقەدەر جانلىق بولىدۇ. مەسىلەن، بۇرۇن باھار بايرىمى ئالدىدا «ئوچاق پىرىغا ياغ پۇرۇتۇش» دىگەن خۇراپىي ئۆرپى-ئادەت بار ئىدى. نۇرغۇنلىغان جايلاردا ئاياللار كەمسىتىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ رەس-مىيەتكە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. لېكىن بەزى جايلاردا ئەرلەرنى ھۆرمەت قىلىپ ئاياللارنى پەس كۆرۈشتەك ئىدىيىگە بىۋاستە قارشىلىق كۆرسىتىلگەچكە، ئوچاق پىرىغا ياغ پۇرىتىشقا ئاياللار قاتناشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ بەزى ئوچاق پىرىغا ياغ پۇرىتىش قوشاقلىرىدا جەمىيەتنىڭ رىيال ئەھۋالى ئۇستىدىن كۈچلۈك شىكايەت قىلىنغان. مەسىلەن: «نەزىر قىلدىم، ئى پىرىم، بىر تۇپ بەسەي ھەم

پىياز، ئۆزىتىش ئۈچۈن سېنى يەرلىكىڭگە-گۈمبەزىگە؛ سەن بېرىپ ئېيت بۇ گەپنى. ئۆزەڭدىن چوڭ پىرىڭگە، چۈنكى مەن ئۆلەر بولدۇم سالغان ئازاپ-دەردىڭدە» چاخچاق تەرىقىسىدىكى بۇ خىل سۆز-مىسرادا نامراتلارنىڭ چەككەن چەكسىز جاپا-مۇشەققىتى ئەكس ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى «ئىلاھ ھاكىمىيەت»نى مەسخىرە قىلىنغان. بۇنىڭدا خۇراپىي مۇراسىم پۇراقلىرى چىقىرىپ تاشلىنىپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تارىختىكى دېخانلار قوزغىلىڭى جەريانلىرىدىمۇ نەزىر-چىراق مۇراسىملىرىغا دائىر قوشاقلار كەڭ دائىرىدە ئوقۇلغان. مەسىلەن، يەر-زېمىن ئۆيۈشمىسىنىڭ «ئاتا-بوۋىلارنىڭ روھىغا ياغ پۇرىتىش»① قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەيسەر جەڭگىۋار روھى نامايەن قىلىنىپ، نەزىر-چىراق مۇراسىم قوشاقلىرى يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلىنغان.

خەلقنىڭ مۇراسىم قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي شەكلىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمەن ئۇنىڭ بىرقەدەر مۇقىم، قېلىپلاشقان شەكلى بولغاچقا، ئومۇمەن ھەۋەسكە بېرىلىپ باشقا شەكىللەر بىلەن ئىجات قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى تىلنىڭ كۆچىگە بولغان ئېتىقات ئىمكانىيەت بار ئۇنىڭ ئۆزى پەيدا بولغان چاغدىكى ئېغىز تىل شەكلىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قىسمەن ئىبارىلەرنىڭ كۆپەيتۈرۈلۈشى ياكى قىسقارتىلىشىمۇ، شۇ قېلىپلاشقان شەكىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا مۇراسىم قوشاقلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا ئاستا بولغان. ئۇلار ئىچىدىكى بەزى مۇراسىم قوشاقلىرى ئۇزاق يىللاردىن تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بەزى مۇراسىم قوشاق-

---

① گۇيجۇ تۇزەش-قۇراشتۇرۇش ئىدارىسى يولۇقتۇرغان يەر-زېمىن ئۆيۈشمىسى ھۆججەتلىرىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لىرى مۇراسىم شەكلىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-
دىغان قوشاقلارغا ئايلاندى. بۇ مۇراسىم قوشاقلىرىنىڭ سۈپەت
جەھەتتىن ئۆزگىرىشىدۇر. بەزى مۇراسىملار بارا-بارا ئۆزگىرىپ
مەدىنى پائالىيەت ۋە ئويۇن قويۇش مەقسەت قىلىنغان ناخشا-ئۇسۇل
پائالىيىتىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ بىزنى ئۇلارنى تارىختىكى خەلقنىڭ
ئۆرپ-ئادەتلىرى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش ۋە
ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى، بۇنىڭ ئەدەبىيات، مۇزىكا، ۋە ئۇسۇللار-
نىڭ تارىخىي مەنبەلىرى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق
قىلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە قىلىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم سىياسى ۋەزىيەت قوشاقلىرى

سىياسى ۋەزىيەت قوشاقلىرى — ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز سەر-
گۈزەشتىلىرىدىكى سىياسى ئەھۋاللاردىن تەسىرلىنىش ئارقىلىق ئىجات
قىلغان قوشاقلاردۇر. ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەلۇم بىر سىياسى
ۋەقەلەر، سىياسى تەدبىر، سىياسى شەخس شۇنىڭدەك ئۇلار بىلەن
مۇناسىۋەتلىك سىياسى ۋەزىيەتكە دائىر ئاساسىي بىلىمى ۋە ئاساسىي
پوزىتسىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسى غايىسى ۋە بۇ
غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھى ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر بەزى قوشاق-
لار سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەنىۋى قورالى دېيىلسە، ئۇ ھالدا سىياسى
قوشاقلار ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۆتكۈر خەنجەر ۋە نەيزىدۇر. ئۇنىڭدا
شەپقەتسىز پاش قىلىش ۋە قىزغىن مەدھىيىلەش ئارقىلىق رەزىل
نەرسىلەر قامچىلىنىپ، ئىستىقبالى بار نەرسىلەر ماختىلىدۇ. بۇ ئارقە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

لىق خەلقىنىڭ سىياسى كەيپىياتى قەتئىلەشتۈرۈلدۇ ھەم مەلۇم سىياسى نازارەتچىلىك رول جارى قىلدۇرۇلدۇ.

ئەمگەكچى خەلق ئەزەلدىن ساق تۇرۇپ ئىگىرىغىنى يوق. خەلق قوشاقلىرى ئەزەلدىن «ماتەم مۇزىكىلىرىدىن تەسىرلىنىش ئاساسىدا پەيدا بولۇپ كەلدى»، كونا جەمىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلق جەمىيەتنىڭ تۆۋەنكى قاتلىمىدا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتمۇ-قات ئېكسپىلاتاتسىيىگە، سىياسى جەھەتتە دەھشەتلىك ئېزىلىشكە ئۇچرىدى. ئۇلار رىيال ھالەتكە نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسى كۆزقاراشلىرىنى ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن قوشاقلارغا قېتىش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ياكى قارشىلىقىنى ئىپادىلىدى. خەلقنىڭ بۇ خىل يۈرەك سادالىرىنىڭ ئۇرغىشىنى ھەتتا فېئودال ئەدىپلەرمۇ «سۆزدىكى بۇيرۇقلارنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالماي...... بەلكى ئۇلاردا قوساق كۆپىگى پەيدا قىلىپ قوشاق توقۇلۇشىغا سەۋەپ بولغان» لىقىنى ئېتىراپ قىلماي قالمىدى① سىياسى قوشاقلار ئەڭ دەسلەپ ھەمىشە باللار قوشاقلىرى شەكلى بىلەن مەيدانغا كېلىپ تۇردى. ھۆكۈمران سىنىپلار بۇرۇن بۇنى «ماددىلار» ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، باللار قوشاقلىرىنى «قايمۇقىقان يۇلتۇز»نىڭ «يەرگە چۈششى»، «باللار قوشاقلىرىنىڭ ئويۇنغا ئايىنىشى» دېدى. بۇ ھەققەتەن بىر خىل دىنىي ئىدىيىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. ئۇنىڭدىن ھۆكۈمران سىنىپلارلا پايدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئەمگەكچى خەلقلەرمۇ پايدىلاندى. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىتا ئىككى تۈرلۈك مەقسىدى بار ئىدى: بىرى، بۇ خىل قوشاقلارنىڭ سىياسى خاراكتېرىنى يېپىش؛ يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئۇنى قايتا تەشۋىق قىلىش

① خەن سالنامىسى «ماددىلار تەركىرىسى»دىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

ۋە تارقىتىشىنى چەكلەش، ياكى پىتنە-ئىغۋا ئارقىلىق ئاممىنى قايمۇقتۇرۇش، بەدنام چاپلاش ياكى زىيانكەشلىك قىلىش ئىدى. ئەمگەكچى خەلق بۇ ئارقىلىق سىياسى ناخشىلارغا بىر خىل سىرلىق تۈس بېرىپ، باللار ئېغىزى ئارقىلىق ئۆز قوشاقلىرىنى بايان قىلدى ۋە تارقاتتى. بۇ خەلق-ئەپكار ئاممىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن قانۇنى كۈرەش ئېلىپ بېرىشىدىكى بىر خىل ۋاستىسى بولدى، چۈنكى ئامما بىلەن باللار بىرلىكتە ئېيتقان ناخشىلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنمايتتى.

سىياسى قوشاقلار ھەمىشە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنى قاغاش ۋە ئۇلارنىڭ سىياسى جەھەتتىكى قاپاقۋاش، قەبىھلىكىنى ھەم تۇرمۇش جەھەتتە چىرىكلىشىپ ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلگەنلىكىنى پاش قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. شىيا سۇلالىسى دەۋرىدىلا «يامانلاشتى بۇ كۈنلەر، ھەر يەردە بار ئۆلۈملەر» دېگەندىن ئىبارەت شىيا سۇلالىسىنىڭ ئاخماق پادىشاسى شابىينى قاغايدىغان قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن؛ «لالما ئىتتەك قاترايدۇ جىرفاڭ دېگەن ئەمەلدار، كوچا-ئۆتەڭ، دوخمۇشنى پايلاقچىلار قاپلىدى؛ پۇل-تەڭگە ئامراقتۇر لەشكەر بېشى-سەركەردە، پادىشا-خان ئىچىدۇ ئۆلگىدەكلا ھاراقنى» دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلاردا يۇقۇرىدا پادىشالارنىڭ، تۆۋەندە ئەلەملىك، قەلەملىك ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك بىلەن شۇغۇللىنىپ، چىرىكلەشكەنلىكى چوڭقۇر پاش قىلىنغان. ئەل دۇئايىبەت قىلىپ قاغىغاندا ۋە پاش قىلغاندا گايىدا يۈرەكلىك ھالدا ئاسمانۇ-زېمىن، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارغا چېقىلىپ: «ئىلاھىم سەن ئالەمنى بەرپا قىلالمايدىكەنسەن، سەن گۇمران بولغىن» دەيدۇ. بۇ خىل سادالار ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ باراۋەرسىزلىكى ۋە زۇلمەتلىكلىكىگە زەربە بېرىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى چىرمىۋالغان سىرلىق قاراشلارنى تەۋرىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئۆيىسى
www.uyghurkitap.com

سىياسى جەھەتتىكى زۇلمەت ـ زۇلۇم، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت، ئەكسىيەتچىل تۈزۈم ۋە ئەكسىيەتچىل قۇراللىق كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرىدە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئۈچى يەنە كېلىپ كەڭ ئەمگەكچى خەلققە ھەممىشە بىۋاستە ئۇچراپ تۇرۇدىغان نەرسىلەر بولغاچقا، بۇ جەھەتكە ئالاقىدار قوشاقلارمۇ ئالاھىدە كۆپ، مەسىلەن: «سېپىتۋاللدىم يەرلىك ئەمەل، ئۈچ يۈز تىزىق تەڭگىگە مەن؛ تەقدىم قىلىپ تۇرغۇن چاكار، مىرزىلىققا ئېرىشتىممەن». دىگەن مىسرالاردا ئەمەلدارلارنىڭ پۇل بىلەن ئەمەل ـ ئۇنۋان سېتىۋېلىشتەك رەزىل قىلمىشلىرى پاش قىلىنىدۇ. «تاغنىڭ باغرىدا ئاچلىقتىن ئۆلگەن، سەپەر قىلىپ ئاكام شەرقىي لياۋرۇڭغا، ماتەم بىلدۈردۈم قېيىق تۇتقۇزۇپ، ماڭدىم قىينىلىپ دامبا يولىدا» دىگەن مىسرالاردا ھاشار، ئالۋاڭ ـ ياساقنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىغى شىكايەت قىلىنىدۇ.

«بىر ئەنزە تۈگمەي قوشۇلار ئۇنى،
ئۇن لى يەردىكىلەر بىلىشۇ بۇنى،
نامراتلار يىسە قامچا تاياقنى،
بايلار شورايدۇ قاننى ـ يىلىكنى»

دىگەن مىسرالاردا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق جازالاش چارىلىرى بىلەن مەجبۇرى ئېقرار قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قاتمۇ ـ قات ئۇۋال ئەنزىلەرنى پەيدا قىلغان جىنايەتلىرىگە ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە غەزەپ ـ نەپرەت بىلدۈرۈلىدۇ. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان سىياسى قوشاقلىرىدا يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى مىلىتارىستلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى زۇلمى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تالان ـ تاراج قىلمىشلىرىمۇ چوڭقۇر ھالدا پاش قىلىنغان. مىلىتارىست جاڭ زوڭچاڭ شەندۇڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، شۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئەسكىلىك قىلغانلىغى ئۈچۈن، كىشىلەر پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپ قالغان. ھەممە يەردە

خاتىرجەمسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ جەھەتتىكى قىلمىشلار مەسخىرە قىلىنغان بىر قوشاقتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«جاڭ زوڭچاڭ دىگەن زالىم ئۆلتۈرىدۇ جىنەندە،
تويماس قارنى سانسىزلاپ غاز-ئۆدەكنى يېگەندە.»
«كېرەك ئەمەس پۇل-ئاقچاڭ، گەرچە پېقىر بولساممۇ،
ھاشىرىڭغا بارمايمەن؛ ئىشلەپ قېرىپ كەتسەممۇ»
«بالا چوڭ قىلساق بولار غوجامنىڭ،
كالا، چوشقىمىز بولار دۈيجاڭنىڭ،
خوتۇن، قىز، چوكان تەۋە شاڭجاڭغا،
تىجىگەن پۇلىمىز كېتەر باۋجاڭغا»

دىگەن قوشاقتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىغىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈن-كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغان، ھەممە يەرنى دات-پەريات قاپلىغان ئەملى ئەھۋال كۆرسىتىلىپ، ئاشۇ تارىخي دەۋردىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇشكۈل تۇرمۇشى ۋە بەختسىزلىگى ئومۇملاشتۇرۇلغان ھالدا كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېلىمىز خەلقىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ قاتتىق زۇلمى ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرىغان قان-ياشلىق تارىخىدۇر. كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ قوشاقلىرىدا جاھانگىرلارنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشرىسىنى شەپقەتسىز تۈردە پاش قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرەش قىلغان مىللى قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەپ؛ جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارغا زەربە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تولۇق ئىپادىلەپ كەلدى. مەسىلەن، ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە تارقالغان:

«ئەپيۇننى چەكلەپ لىن زېشۈي، كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورىدى،
دېڭىزدا ياۋغا زەمبىرەك ئېتىپ، قاراقچى پارخوتىنى غەرق ئەيلىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساق قالغان ئالۋاستىلار ئالاقزادە بولۇپ، قاچتى-قۇيرۇقنى خادا ئەيلىدى» دېگەن قوشاقتا لىن زېشۈينىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىگە زەربە بەرگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى خەلق تەرىپىدىن مەدھىيىلەنگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، مەيلى ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىلاردا بولسۇن، مەيلى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى ياكى دۈشمەن ئىشغال قىلىۋالغان رايونلاردا بولسۇن، ھەممىلا جايدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىي ۋە خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدىغان كۆپلىگەن قوشاقلار ئىجات قىلىندى. مەسىلەن:

«پولاتتىن مۇستەھكەم ئەزىمەتلەر بىز،
«بىرلەشمە ئارمىيە»گە قارشى تۇرىمىز؛
جىڭ ئالتۇن تاۋلىنار يالقۇندا-ئوتتا؛
يامغۇردەك ئوققىمۇ پەسەنت قىلمايمىز،
بوشاشماس ئاچلىقتىن بىزنىڭ بىلىمىز،
كۈرەشنى مەڭگۈگە داۋام قىلىمىز»

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلاردا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس كۈرەش ئىرادىسى ۋە دۈشمەنگە بىرلىكتە نەپرەت ياغدۇرۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئىپادىلەنگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىگى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قول تىقىپ، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياستىنى يۈرگۈزدى. شۇڭا كۆپلىگەن قوشاقلاردا ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان. ئازاتلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە تارقالغان بىر قوشاقتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«جاڭ جېيشى غالچىسىدۇر ئەجنەبىلەرنىڭ،
ئامېرىكا نەگە دېسە ماگار شۇ يەرگە.

خۇمار ئۇ جان ئېلىپ، قانلار ئىچىشكە،
سۇلۇكلەر ھەدەپ قان شورماقتا،
زۇلۇم ۋە كۈلپەت چىقتى ئەۋجىگە»

خەلق بۇ يەردە جاڭ جېيشى ھاكىمىيىتىنىڭ مىللىي مەنپەئەتنى سېتىپ، جاھانگىرلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ، جاڭ جېيشى خاندانلىقىنىڭ يوقىلىشىغا ئاز قالغان تەقدىرىنى بايان قىلىدۇ؛ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆتكۈر سىياسىي كۆزىتىش كۈچى ۋە ئالدىن كۆرەرلىكى، ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

ئەنئەنىۋى سىياسىي قوشاقلارنىڭ كۆپىنچىسى مەسخىرە قىلىش ۋە پاش قىلىش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر بولىمۇ، لېكىن ئاز ساندا بەزى بىرقەدەر پاك، ئوچۇق-يورۇق ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى نەتىجىلىرى مەدھىيىلەنگەن ئەسەرلەرمۇ بار. خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۈمىدىنى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئايرىم كىشىلەرگە باغلاپ، كەلگۈسىگە ئۈمىت بىلەن قارىغان ئىرادىلىك كىشىلەرنى مەدھىيىلىشى كەڭ خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلەرگىچە زۇلۇم-كۈلپەت ئاستىدا ئېزىلگەنلىكىنى ۋە ئىستىقبال-ئىللىق باھارغا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى دەل جايىدا ئىپادىلەيدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىن ئىزدەش ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولمىغان خام-خىيالدىنلا ئىبارەت ئەلۋەتتە. ئەمگەكچى خەلقنىڭ خام-خىيالى بىر-بىرلەپ بەربات بولۇپ چىداپ تۇرغۇسىز مەزگىلگە يەتكەندە، ئۇلار سەپ تارتىپ قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ؛ غايەت زور ئىنقىلاپ بورىنىنى قوزغاپ، فېئوداللىق تەرتىپلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ، ھەتتا چىرىك فېئودال خاندانلىقىنى بىر يولىلا ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. دېخانلار قوزغىلىڭى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قوشاقلار يەنىلا ئەنئەنىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشاقلار ئىچىدىكى سىياسى تۈسى ئەڭ قويۇق، جەڭگىۋارلىغى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم قوشاقلاردۇر.

دۆلىتىمىزدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق دېھقانلار چوڭ قوزغىلىڭى مەزگىلىدە «گۈللەنسۇن، زورايسۇن چىڭ خاندانلىغى» دىگەن قوشاق پەيدا بولغان؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى زىچىڭ باشچىلىغىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن بارغانلا يەردە:

«كەلسىمۇ ئۇلار ئالمىغاچ ئاشلىق، كىيىم،
لى قوشۇنىغا خەلق يار-قولداش؛
ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدۇ.
چوڭگۇ ھەم كىچىك ئەر-ئايال يۇرتداش.
ئۇلار كەلسىمۇ ئالماس ئاشلىقنى،
كۈتىمىز ئۇلارنىڭ ئولغىيىشىنى؛
كەمبەغەل مەرتلەر ئۆتسەكمۇ ئاچ-زار،
ئۇلارغا كەڭ-كەڭ قۇچاق ئاچايلى؛
ئوتلۇق مۇھەببەت مېھرىمىز بىلەن
شات كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلايلى»

دىگەندەك قوشاقلار تارقالدى. «ئۇلارغا كەڭ-كەڭ قۇچاق ئاچايلى... شات كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلايلى» دىگەن سىرالارنىڭ تىلى ئاددى ۋە قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا كەڭ دېھقانلارنىڭ تۈپكى تەلىۋى ئومۇملاشتۇرۇلغان. تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، كەڭ دېھقانلار ئىستىخىيىلىك كۆرەشلەر ئارقىلىق ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى ئاغدۇرۇپ، دېھقانلار ھاكىمىيىتىنى ئورناتماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۈمىدى قوشاقلاردىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجىدە ئىپادىلەندى. كۆپلىگەن قوشاقلاردا كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاپنى قوللاپ دېھقانلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى قوللىغانلىغىنى ۋە تەيپىڭ تيەنگو قوشۇنلىرىنىڭ داھىلىرىنى سۆيگەنلىگى جانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇردە ئىپادىلەندى. گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ گۇيپىڭشەن ناھىيىسىدە مۇنداق بىر قوشاق تارقالغان:

«ئىنتىزامى چىڭ خوڭياڭ قوشۇنى،
ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتەر ئېنىق،
قىرىپ زالىم بەگلەر يۇقرانى،
ھەددى-ھىساپسىز سالىدۇ سېلىق،
ئىناق ئۆتىمىز جېمى قېرىنداش،
زالىم بەگ-باينىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ»

بۇ قوشاقتا تەيپىن تيەنگو قوراللىق كۈچلىرىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كەڭ خەلق بىلەن بولغان بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ھەقىقەتەن شۇنداق بىر كوللېكتىپ بولغاچقا، كەڭ دېھقانلار «ئەمەلدارلار دېھقانلارنى ئىسيان كۆتىرىشكە مەجبۇر قىلغان ئىكەن، ھەممىمىز بىرلىكتە چوڭ قوشۇنغا ئەگىشەيلى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقلىق يوسۇندا شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھەر قېتىمقى زور دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشى نەتىجىسىدە ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارغا زەربە بېرىلدى، شۇ سەۋەپتىن ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر ئىلگىرى سۈرۈلدى»① ھالبۇكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىياسى قوشاقلاردا دەل ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاشۇ زور سىياسى ۋەقەلەرگە تۇتقان توغرا پوزىتسىيىسى كونكرېت بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن يۇكسەك دەرىجىدىكى ھۆججەت قىممىتىگە ئىگە.

---

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم.

www.uyghurkitap.com

«4-ماي»دىن بۇيان، ماركسىزمنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشى، يېڭى-يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقىچە بولغان تارىخىي جەرياندا، يېڭى مەزمۇنغا ئىگە كۆپلىگەن سىياسىي قوشاقلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئەنئەنىۋى سىياسىي قوشاقلاردىن ئىككى جەھەتتىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەمگەكچى خەلق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا ئاڭ-سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئىگەللىدى. شۇڭا ئۇلار سىياسىي قوشاقلارنى ئىجات قىلىش جەريانىدا ئۆتمۈشتىكىدەك لەنەت-نەپرەت ئوقۇپ، قارشىلىقىنى ئىپادىلەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان پاسسىپ ھالەتتىن ئۆزگىرىپ ئاڭلىق ئىنقىلاپ قىلىشتەك قەتئىي ئىرادىسى ۋە ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان پىداكارلىق روھىنى روشەن ئىپادىلىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۈپتىن ئۆزگىرىپ، قۇللۇقتىن بىر سەكرەپلا دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغانلىقتىن، مۇقەررەر ھالدا خوشاللىق كەيپىياتى ۋە مەدھىيىلەش خاراكتىرىدىكى مەزمۇنلار يېڭى سىياسىي قوشاقلارنىڭ ئاساسىي بولۇپ قالدى. بىز بۇ ئىككى نۇقتىنى نۇرغۇنلىغان قىزىل قوشاقلار ۋە ئازاتلىقتىن كېيىنكى يېڭى قوشاقلاردىن تولۇق مىسال تاپالايمىز. ئالايلۇق: شاڭخەي ئىشچىلار قوزغىلىڭى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن «پادىشانى ئاتتىن چۈشۈرۈشكە جۈرئەت قىلىش» دىگەن قوشاقتا، يەر ئىنقىلاۋىي مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن «جەنۇپ ئارمىيىسى بىلەن شىمال ئارمىيىسى قىزىل ئارمىيىگە يەتمەيدۇ» دىگەن قوشاقتا؛ «نەنجىڭ، بېيجىڭ، رۇيجىڭگە يەتمەيدۇ» دىگەن قوشاقتا؛ شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايونىدا ئىجات قىلىنغان، مەشھۇر خەلق ناخشىسى — «شەرق قىزاردى»دا؛ شۇنىڭدەك

ئازاتلىقتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن كۆپلىگەن مەدھىيە قوشاقلىرىدا
ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئۇلارنىڭ
پارتىيىگە، خەلق ھاكىمىيىتىگە، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە ۋە خەلق
داھىلىرىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن. ئازاتلىقتىن
كېيىنكى يېڭى قوشاقلار ئىچىدە پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان يەر
ئىسلاھاتى، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش
ھەركىتى قاتارلىق زور سىياسى پائالىيەتلەر قوللاپ-قۇۋۋەتلەنگەن
ۋە مەدھىيىلەنگەن قوشاقلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارمۇ سىياسى قوشاقلار
دائىرىسىگە كىرىدۇ. بىز بۇ يەردە ئۇلار توغرىلىق تەپسىلى
توختالمايمىز.

مەدھىيە ئازاتلىقتىن كېيىنكى يېڭى قوشاقلاردىكى ئاساسىي
ئېقىم. بۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ
تۈپكى ئۆزگىرىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ھالبۇكى، خەلق
مەنپەئەتى دەخلى-تەرۇزگە، خەلق سۆيىدىغان كىشىلەر زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغاندا، ئۇلار قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي قوشاقلارنى قورال
قىلىپ كۆرەش قىلىدۇ. «5-ئاپرېل» ھەركىتى جەريانىدا مەيدانغا
كەلگەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ جىنايەتلىرى ئەيىپلەنگەن
قوشاقلار بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. خەلق ئەزەلدىن يالغان
گەپ قىلغان ئەمەس ھەم ئۆزلىرىنىڭ خوشاللىق-شاتلىقىنىمۇ
شۇنداقلا نارازىلىقىنى ۋە غەزەپ-نەپرىتىنىمۇ يوشۇرغان ئەمەس،
دېمەك، ئۇلارنىڭ قوشاقلىرى ئەزەلدىن ئۇلارنىڭ يۈرەك سادالىرى
بولۇپ كەلدى. ئىجتىمائى تۈزۈمىمىز تېخى دېيەرلىك مۇكەممەللىشىپ
كەتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى كادىرلاردا فېئوداللىق تۆرىچە-
لىك قاتارلىق ناتوغرا سىياسى ئىستىللار تېخىچە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ھوقۇقى تاجاۋۇزچە-
لىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خەلقنىڭ نارازىلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ-دە، تەنقىتكە ئۇچرايدۇ. خەلقىنىڭ بۇ خىل كەيپىياتى كۆپىنچە ھاللاردا خەلق قوشاقلىرى شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بىز زامانىمىزدىكى سىياسى قوشاقلارنى رەتلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا، مەدھىيىلەش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر-گىلا ئېتىۋار بېرىپ قالماي، بەلكى ھەرقايسى جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن مەسخىرە ۋە تەنقىت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرگىمۇ ئېتىۋار بېرىشىمىز لازىم. بۇ خىل قوشاقلار ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتى ۋە سىياسى جەھەتتىكى پايدا-زىياننى چۈشەنگىلى، شۇن-داقلا ئۇلاردىن ھەرقايسى خىزمەتلىرىمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن پايدىلىق ياردەملەرنى ئالغىلى بولىدۇ.

سىياسى قوشاقلار خەلق قوشاقلىرىدا چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمەن سەھىپىسى قىسقا، جۈملە ۋە سۆزلىرى بىرقەدەر ئەركىن بولۇپ، ھېچقانداق مۇقىم شەكىلگە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ تىلى جەھەتتىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ تىلى بىرقەدەر ئىخچام، ئۆتكۈر، مۇھەببەت-نەپرەتى ئېنىق، شۇڭا روشەنلىكنى ئۇنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل روشەنلىك ئاپتور مەيدانىنىڭ قەتئىلىكىگە باغلىق،

«يولۋاس مىنسەك، ئۇنىڭ تاققا چىقىشىدىن قورقمايمىزكى،
ئەجدىھا مىنسەك ئۇنىڭ جىلغىغا چۈشۈشىدىن قورقمايمىز،
ئىنقىلاپ قىلىشقا بەل باغلىدۇقكى، ئۆلۈمدىن قورقمايمىز،
خەلق ئۈچۈن ئۆلسەك چىن قەلبتىن رازىمىز»

دىگەنگە ئوخشاش مەردانىلىق سىڭگەن قوشاقلارنىڭ تىلى قەتئى ھەم كۈچلۈك بولۇپ، قىلچە ياسالمىلىق ۋە تۇتۇقلۇق يوق. بەزى چاغلاردا گەرچە ياپتا گەپلەر ۋە ئاھاڭداش سۆزلەردىن ئىبارەت بەدىئى ئۇسۇل قوللىنىلسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ روشەنلىكىگە دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ. سىياسى قوشاقلاردىكى ياپتا گەپلەر، سۆز-قاپىيىلەر

قوشاقلاردىكى بىر خىل ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ، كۆپىنچە سىنىپىي ئېزىش ئىنتايىن چوڭقۇرلاشقان، خەلقنىڭ سۆزلەش ۋە مۇنازىرە قىلىش ئەركىنلىكى ئىنتايىن زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان چاغلاردا قوللىنىدۇ. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، روڭجو ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىغان دەۋرلەردە كىشىلەر «ھەممە يەردە ئوت-چۆپلەر سارغىيىپتۇ سولىشىپ. پەرەز قىلىشاق خېلى كۈن، ھاياتلىقتىن ئۈمىت يوق» دېگەن قوشاقنى توقۇش ئارقىلىق ئۇنى قاغىغان؛ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇڭگۇەن ۋە سەيجىمىڭ قاتارلىق ھاكىم مۇتلەق زالىم ۋەزىرلەر بەگلىكنى قالايمىقان قىلىپ پۇقرالارنى باستۇرۇۋاتقان چاغلاردا، كىشىلەر «ياغاچ تاۋاقنى چاق، توككىن سەيلەرنى، ئاندىن ئۇچشايسەن پانى دۇنيانى» دېگەندەك قوشاقلارنى توقۇپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان؛ جاڭ جېيشى فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويغان چاغلاردا، كىشىلەر «تۇز كورسىنى چاق، جياڭيۇ قاچىسىنى چاق، ئاندىن ياخشى كۈن كېلەر قاراپ باق» دېگەندەك تەنە مىسرالار ئارقىلىق ئۆز ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىگەن. خەلق قوشاقلىرىدا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خەلق قوشاقلىرىدىكى خەنزۇچە ئاتالغۇلار ئاھاڭداش خەتلەردىن تۈزۈلگەن ياپتا خەت (سۆز)لەر بولۇپ ئاشۇ ياپتا سۆزلەر ئارقىلىق تۇڭگۇەن، سەيچىن، يەنشەن، جاڭ جېيشى قاتارلىق تارىخىي جىنايەتچىلەرگە غەزەپ-نەپرەت ياغدۇرۇلغان.

مەسخىرە قىلىش، ئەنئەنىۋى سىياسى قوشاقلاردىكى مۇھىم بەدىئى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدا ياپتا ۋە ئاللېگورىيەلىك ئىبارىلەر، شۇنداقلا كىشىنى كۈلدۈرىدىغان ۋە نەپرەتلەندۈرىدىغان ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن مەسخىرە قىلىنىدىغان ئوبيېكت پاش قىلىنىدۇ، تەنقىت قىلىنىدۇ ھەم ئىنكار قىلىنىدۇ. ئالايلۇق:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئوقۇمۇشلۇق دەپ ئاتالغان كىتاپ ئوقالماس،
ۋاپادار دەپ ئاتالغانلار ئانىسىغا قارىماس؛
سوغ جۇدۇندا قالسا زېمىن، ئالى جاناپلار،
توخۇلاردەك قورقۇپ-تىترەپ ئېمىن تاپالماس»

دېگەن مىسرالاردا ئەنە شۇنداق «ئوقۇمۇشلۇق» «ۋاپادار»لەشكەر باشلىقلىرى راسا مەسخىرە قىلىنغان. ئوقۇمۇشلۇقلار ئەسلىدە بىلىملىك بولۇشى كېرەك ئىدى، ھالبۇكى ئۇلار «كىتاپ ئوقالماس؛» ۋاپادار دەپ ئاتالغانلار ئەسلىدە ئاتا-ئانىسىغا ۋاپا قىلىشى ۋە بوي سۇنۇشى كېرەك ئىدى، ھالبۇكى ئۇلار، «ئانىسىغا قارىماس»؛ گېنېراللار ئەسلىدە باتۇر-يۈرەكلىك بولۇشى كېرەك ئىدى، ھالبۇكى ئۇلار «قورقۇپ ئېمىن تاپالماس»؛ قارىماققا بۇ بىر خىل غەلىتە ھادىسىدەك كۆرۈنسىمۇ ئەمىلىيەتتە بۇنىڭدا دەل فېئوداللىق جەمىيەتنىڭ سىياسى جەھەتتىكى چىرىكلىكى چوڭقۇر پاش قىلىنغان. بۇ خىل قوشاقلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئاساسەن ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئېزىشى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ بىر خىل ئەگرى-توقاي شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ غەزەپلىك كەيپىياتىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولغانلىقىدىن بولغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ بەدىئى ئىپادىلەشنىڭمۇ ئېھتىياجى، كىشىلەر بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، كۆپىنچە ھاللاردا بەزى شەيئىلەردىكى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۆزۈل-كېسىل پاش قىلىدۇ. بەزى رەزىل ھادىسىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھالدا يۇغاندىن چىققىدەك تەنقىت قىلىدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم تۇرمۇش قوشاقلىرى

خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى تۇرمۇش قوشاقلىرىنىڭ ئۆز ئىچىگە

ئالغان دائىرىسى خېلىلا كەڭ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان قوشاقلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرمۇش قوشاقلىرى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا (يەنى قوشاقلارنىڭ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا) بىز يۇقۇرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئەمگەك قوشاقلىرى، توي-مۇراسىم قوشاقلىرى، سىياسىي قوشاقلار شۇنىڭدەك كېيىن تونۇشتۇرۇلىدىغان مۇھەببەت قوشاقلىرى، باللار قوشاقلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرمۇش قوشاقلىرى دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئەمما بۇ بەش خىل قوشاقنىڭ ھەرقايسىنىڭ ئۆزىگە لايىق مۇقىم مەزمۇنى، ئالاھىدە رولى ۋە ئالاھىدە خىزمەت قىلىش ئوبېكتى بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئېيتىلغان تۇرمۇش قوشاقلىرى پەقەت ئۇنىڭ تار مەنىسىدىن ئېلىنغان ئۇقۇم بولۇپ، كۆرسىتىدىغىنى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك ئەمگەك تۇرمۇشى ۋە ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالىدۇر. بۇ ئىككى جەھەتنى مەزمۇن قىلغان، سانىمۇ كۆپرەك بولغان ئېتىز-ئېرىق قوشاقلىرى، چارۋىچىلىق قوشاقلىرى، بېلىقچىلىق قوشاقلىرى، ئوۋچىلىق قوشاقلىرى شۇنىڭدەك خوتۇن-قىزلار، ئىشچىلار، يېتىملار، سەرگەردانلار ۋە بويتاقلار...... توغرىسىدىكى قوشاقلاردا يان تەرەپتىن، ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكىلەرنىڭ، سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ خىلمۇخىل تۇرمۇشى ئىپادىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى ۋە خۇشاللىقلىرى بايان قىلىنىدۇ. بىز بۇ بىر بۆلۈمدە ئۇلار ئىچىدىكى ئەنئەنىگە ئىگە بولغان دىخانلارنىڭ تۇرمۇش قوشاقلىرى، خوتۇن-قىزلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت قوشاقلار شۇنىڭدەك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھاياتىنى مەدھىيىلىگەن قوشاقلىرى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق ھالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. دىخانلارنىڭ تۇرمۇش قوشاقلىرى

زۇلۇم-كۈلپەت ئۇزاق داۋام قىلغان كونا جۇڭگودا قۇللۇق جەمىيىتى ۋە فېئودالىق جەمىيەتتىن يېرىم فېئودالىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمىيەتكە ئۆتكىچە بولغان ئارىلىقتا، كەڭ قۇللار ۋە دىخانلار ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگىچە، ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى ۋە هايۋاندىنمۇ بەتتەر تۇرمۇش كەچۈردى. بىر جەھەتتىن، ئۇلار يىللار بويى جاپا چېكىپ ئەمگەك قىلسىمۇ، لېكىن ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار تالان-تاراج قىلىپ تارتىۋالدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، هۆكۈمران سىنىپلار ئەمگەكچى خەلقنى بارغانسىرى دەھشەتلىك ئېزىپ، ئەمگەك مېۋىلىرىنى بولۇشچە ئىسراپ قىلىپ، ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ نەچچە يىل بۇرۇنقى «شېئىرنامە»دە، بۇ خىل ئۆتكۈر سىنىپىي زىددىيەتلەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئالايلۇق: «بەگلىك ئۈستىلى، 7-ئاي»شېئىرىدا، ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئەمگەكچى خەلق «ئاچ-يالىڭاچلىقتا، خانى-ۋەيران بولۇپ، ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدىغان» ئەھۋالدا تۇرغاندا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ «قاقتى-سوقتى قىلىپ، بەگزادىلەرچە باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن» تەڭسىز هادىسىلەر ئىپادىلەنگەن. «ۋى بەگلىكى ئۈستىلى»دىكى «سەندەل دەرىخى كېسىش»، «تۇلۇم چاشقان» شېئىرلىرىدا هۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ رەزىل ماهىيىتى چوڭقۇر پاش قىلىنىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇشى بايان قىلىنغان.

جۇڭگو فېئوداللار جەمىيىتىنىڭ ئىنتايىن كونسېرۋاتىپلىغى، كەڭ دىخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئۇزاق مۇددەتلەرگىچە ئىنتايىن

قالاق هالەتتە تۇرغانلىغى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەكسىيەتچى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قاتمۇ-قات ئېزىشى تۈپەيلىدىن، دىخانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى ئۆلۈم گىرداۋىدا جان تالىشاتتى؛ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. كۆپلىگەن خەلق قوشاقلىرىدا كەڭ دىخانلار-نىڭ بۇ خىل هالەتكە بولغان نارازىلىغى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

ئۆي سالغانلار تۇرسا كەپىدە،
رەخت توقىغانلار قالار كىيەمسىز،
تۈز ساتقانلار سۆك-مىتالڭ ئىچىشسە،
ئۈن تارتقانلار قالدى ئاش-نانسىز.
سەي قورۇغانلار يىسە ئىس-بۇسنى،
بورا توقۇغان ياتىدۇ يەردە،
گۈەنسەي كۆتەرگەن ئۆلدى يولدىلا،
زارۇ-زار بولۇپ سۇيۇق سۇسەيگە»

بۇ قوشاقتا سىبلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىمىزنىڭ فېئوداللىق جەمىيىتى شۇ قەدەر ئادالەتسىز ئىكەنلىگى، دۆلىتىمىزدىكى دىخانلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرنىڭ شۇ قەدەر نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىغى كۆرسىتىلگەن. بولۇپمۇ يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، جاهانگىرلار جۇڭگودىكى فېئودال تۆرىلەر بىلەن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو دىخانلىرىغا بولغان زۇلۇمنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«نامراتلار بېشىدا بار ئىككى پىچاق،
بۇلارنىڭ بىرى باج، تولىمۇ ئېغىر؛
بىرى جازانە ئۆسۈمى بەك كۆپ،
ئەل ئاچ ئۆتىمىز، يۈرەكلەر يېغىر.
نامراتلار ئالدىدا ئۈچلا يول باركى؛
بىرىدۇر قېچىپلا جاننى قۇتقۇزۇش؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى يول ئېسىلىپ ئۆلۈش،
يەنە بىردۇر تۇرمىگە كىرىش»

بۇ خىل قوشاقلاردا كونا جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەتلەر ئوبرازلىق ھەم چوڭقۇر ھالدا كۆرسىتىپ بېرىلگەچكە، يۈكسەك ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سېلىش كۈچىگە ئىگە.

ياللانما دىخانلار — دىخانلارنىڭ ئەڭ نامراتلىرى بولۇپ، ئۇلار تامامەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى سېتىشقا تايىنىپ كۈن كەچۈرگەچكە، يېزىلاردىكى پرولېتارلاردۇر. كۆپلىگەن «يىللىقچىلار ناخشىسى»دا ئۇلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى ھەققى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن، بۇ ئۇلارنىڭ قان-ياشلىق شىكايىتىدۇر. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئۆتمۈشتە «ئون ئىككى ئاي ئىشلەيدىغان يىللىقچىلار ناخشىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تۇرمۇش قوشىقى تارقالغان بولۇپ، مەزمۇنىدا ئانچە چوڭ پەرق يوق؛ ئۇلاردا لىرو-ئېپىكلىق خۇسۇسىيەت روشەن بولۇپ، يىللىقچىلارنىڭ ياڭۋاردىن دېكابىرغىچە ئون ئىككى ئاي ئېغىر جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، تۇرمۇش راسخوتىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقى ۋە پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ زەھەرلىكى بايان قىلىنغان؛ بىر قوشاقنىڭ ئاخىرقى كۇبلېتىدا مۇنداق مىسرالار بار:

«ئون ئىككى ئاي ئۆتسە كېلەر يېڭى يىل،
يىل بويى ئىشلىدۇق تەگمەس تىيىن پۇل؛
چوت بىلەن بىر-بىرلەپ ھىساپلاپ كۆرسەك؛
ئىككىمىز قەرزى كۆپ، بەختىمىز كاج قول»

ئۇلار يىل بويى ھايۋاندەك ئىشلىسىمۇ يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ئىش ھەققى ئالالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە، پومېشچىكلارغا قەرزدار بولۇپ قالاتتى. شۇڭا بەزى يىللىقچىلار غەزەپلىك ھالدا مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ قوشاق توقۇغان:

«يىللىقچى بولۇپ يىل بويى ئىشلەپ،
ئاياقتا تۈشلۈق پۇل تاپالماپتۇق؛
ئۆمرىمىز بويى بولۇپ يىللىقچى،
گۆھنىدەي سىققىدەك يەر تاپالمايتۇق»

مانا بۇ نامرات دېخانلارنىڭ زۇلمەتلىك كونا جۇڭگودىكى ئازاپ-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدۇر. نەدە ئېزىلىش بولسا، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ.

«ماختىما بايلارنى پۇل-مېلى بار دەپ،
تاشتىنمۇ قاتتىق ئۇلارنىڭ باغرى.
يۇسا قولىنى كۆلدە، نېجىسلار،
ئۆلتۈرەر ئۇرغۇن جانىۋار-بېلىقنى.
مۇبادا ئۆتسە يېشىل تاغلاردىن،
قۇرىتار سانسىز دەل-دەرەخلەرنى»

بۇ قوشاقتا دېخانلارنىڭ پومېشچىكلارنىڭ ۋەھشى ئېكسپىلاتاتورلۇغىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشى ۋە ئۆچمەنلىكى بايان قىلىنغان. بەزى «يىللىقچىلار ناخشىسى»دا:

«سەن ياشساڭ راھەتتە،
مەن چېكمەن ئازاپنى؛
ئۆزگەرتىش كېرەك شۇڭا،
تەردىقەتنىڭ يولىنى»

دىگەندەك قارشىلىق كۆرسىتىش سادالىرى تېخىمۇ ياڭراق جاراڭلاپ تۇرىدۇ؛ كەڭ دېخانلارنىڭ ئورتاق ئۇمىدى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قوشاقلار كەڭ جاپاكەش ئاممىغا تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىدۇ.

تۇرمۇش قوشاقلىرى ئىچىدىكى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كان ئىشچىلىرى ۋە كارخانا ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەزى قوشاقلارنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرى دىخانلارنىڭ تۇرمۇش قوشاقلىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ باغلانغان. بۇنىڭدىن يېرىم فېئودااللىق، يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگودىكى قول سانائەت ئىشلىچىرى ۋە كان ئىشچىلىرى قاتارلىق سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يېمىرىلگەن دىخانلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«ساتتىم يوتقان-كۆرپىنى،
چېيەنجىڭشەيگە كېلىپلا.
ياتتىم ئاخىر چۈشدىك يوق،
بىر چىپتىنى سېلىپلا»
«قۇياش چىقىپ يورۇتتى،
نامرات كانچى قەلبىنى،
يىللاپ ئىشلەپ پۇل كۆرمەي،
بەل ئېگىلدى يار كەبى»

دىگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىل قوشاقلارنىڭ تىلى، سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار دىخانلارنىڭ تۇرمۇش قوشاقلىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ قوشاقلار ھازىرقى زامان ئىنقىلاۋىي كۈرەش-لىرىدە پەيدا بولغان «خاننى ئاتتىن چۈشۈرۈشكە جۈرئەت قىلايلى» دىگەنگە ئوخشاش ئىشچىلار قوشاقلىرىغا ئوخشاشمايدۇ. كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا بىرقەدەر، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تۇرمۇش، ئىدىيە ۋە بەدىئىلىك جەھەتلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا ئاندىن تەدرىجى شەكىللەنگەن.

### 2. ئاياللارنىڭ تۇرمۇش قوشاقلىرى

دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك فېئودااللىق جەمىيىتىدە كەڭ ئەم-گەكچى ئاياللارنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشاقلارنىڭ سانىمۇ خېلىلا ئۆپ. ئۆتمۈشتە دۆلىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ ئىلاھى ھاكىمىيەت، سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت «تۆت چوڭ ئارقان»نىڭ چۈشەپ قويۇشى بىلەن تارتقان ئازاپلىرى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچراشلىرى ئەرلەردىنمۇ ئېغىر بولدى. فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاق ۋە پاترىئارخاللىق كۆزقاراش ئاياللارغا ئىنتايىن زور ئاپەت ئېلىپ كەلگەچكە ئۇلار ئەرلەر بىلەن ئۆمۈر بويى ئوخشاش، باراۋەر تەمىناتقا ئىگە بولالمىدى. قىز باللار دۇنياغا كېلىش بىلەنلا، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر زاۋاللىق مال دەپ قارالغاچقا، كۆپىنچە ھاللاردا كىيىمنىڭ كونىسىنى كىيىپ، تاماقنىڭ ناچىرىنى يەپ، چوڭ بولاتتى. نىكا ئىشىنى تامامەن ئاتا-ئانىلار ھۆددىگە ئېلىۋالغاچقا تۇرمۇشلۇق بولىدىغان قىزلار ھايۋانلارغا ئوخشاش پۇلغا سېتىلاتتى. ئۇلاردا، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش، سۆزلەش ھوقۇقى بولمايتتى، ئەگەردە ئۇلار تۇرمۇشلۇق بولۇپ، يامان قېينانىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، «بايۋەچچە ئۇرۇدىغان، قېينانا تىللايدىغان، ئەتىۋار قىزچاقلار چېچىنى يۇلىدىغان ،ھەسرەتلىك ئېغىر تۇرمۇش،تا ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى» يارىماس ئەرلەرگە تۇرمۇشقا چىقىرىلىپ قالسا كۈنى تېخىمۇ تەس بولاتتى؛ ئەرلىرى بالدۇر ئۆلۈپ كېتىپ قالغانلار، ئۆمۈر بويى تۇل قېلىپ «كىشىلەر ئالدىدا بېشىنى تۆكەلمەيدىغان، ئاغزىنى ئاچالمايدىغان» غەيرى ئىنسانىي تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

ئەگەردە ئاياللار يالغۇز،ئىگە-چاقىسىز قالسا،ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە ھەمىشە ئاتا-ئانا، قېيناتا، قېينانا ۋە ئېرىنىڭ دۇمبالىشىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى، ئەڭ ئېغىر روھىي بېسىم ۋە ھاقارەتلەرگە ئۇچرايتتى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ چىداشقا زادىلا تاقىتى قالمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاققا قارشى تۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئازاتلىقىنى تەلەپ قىلىش، ئىككى ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە دائىر ئورغۇنلىغان تۇرمۇش قوشاقلىرى دەل ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك سادىسى ۋە غەزەپلىك چۇقانىنىڭ ئىنكاسى. بىر قوشاقتا بالا كېلىنلىك تۇرمۇش ھەققىدە مۇنداق قان-ياشلىق شىكايەت قىلىنىدۇ:

«نىلۇپەرنى سوقسا شامال غۇقىراپ،
بالا كىچىك — ئاچام كەتتى چوكىيىپ؛
ئاچام ئۆۋاسە يىگىت يېنىدا ياتار،
مۇرات گۈلى ئېچىلمايلا سولىشىپ»

كونا جەمىيەتتە بەزى جايلاردا تېخىمۇ ۋەھشى، تېخىمۇ قەبىھ بولغان ئەر كۆتكۈچى «كېلىن» بېقىۋېلىش دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل نىكاھنىش تۇرمۇشمۇ بولغان. مەسىلەن، جىياگسۇ ئۆلكىسىدە يەتتە ياشلىق بىر قىز: «لىجا ئائىلىسىگە كۆتىدىغان كېلىن سۈپىتىدە تۇرمۇشقا چىقىرىلىدۇ، ئۇ ھىجراندا ئۆزىگە بىر خورازنى ھەمرا قىلىپ يۈرىدۇ»، بولغۇسى ئېرىنىڭ قاچان دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ خىل ھەسرەت-نادامەت بىلەن سۇغۇرۇلغان بەختسىزلىكنىڭ پەيدا بولۇشى شەكىل جەھەتتىن قارىماققا مەلۇم ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك كۆرۈنگەچكە، مۇنداق قوشاقلاردا مەلۇم ئادەملەر قاغالغان.

مەسىلەن:

«بەزىلەرنىڭ گۆشىنى قورۇپ قازاندا،
بەزىلەرنىڭ ئۇستىخىنىنى قالا، ئوتۇن قىلىپ،
بەزىلەرنىڭ تېرىسىنى سويالىساڭ گەر،
يۈرگىن سەن شۇ تېرىنى دۇمباق قىلىپ چېلىپ»

دىگەن مىسرالاردا ھاقارەتلىنىش ۋە خارلىنىشقا ئۇچرىغان ئايالنىڭ بەزىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن.

ھالبۇكى، بەختسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ تۈپكى سەۋەپ يەنىلا فېئوداللىق نىكا تۈزۈمى ۋە ئەخلاقىي قائىدىلەرنىڭ كىشىلەر ئىدىيىسىنى چەكلەيدىغان ئاسارىتىدۇر.

«بالا كېلىن كۆرۈلمەس ئادەم قاتارى،
ئىشلىسىمۇ شامۇ-سەھەر يەنە خار.
ئاتىلار تېغى ئۇ كىچىك ئالۋاستى
مۇزدەك تائام يەيدۇ نە تەم، نە لەززەت بار؟
كىيگەنلىرى جۇل-جۇل كىيىم-ئۇستىۋاش،
ئەنسىزلىكتە ئۇخلىيالماس بولۇپ بىدار»

بۇ قوشاقتا بالا كېلىنلەرنىڭ قېيىنانا ئائىلىسىدە تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، ئۇ ئىنتايىن تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، نىمە ئۈچۈن قېيىنانا بولغانلار ھامان كېلىنلەرگە ھەر خىل بىر تەرەپلىمىلىك كۆزقاراشتا بولىدۇ ۋە ئۇلارنى سەۋەپسىز ئەيىپلەيدۇ. يۈزەكى قارىماققا بۇ قېيىنانىلارنىڭ سۇبيېكتىپ پوزىتسىيە مەسىلىسى بولسىمۇ، لېكىن تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا يەنىلا ياۋۇز فېئوداللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىدۇر. قېيىنانىلار كېلىنلەرنى بىۋاستە چۈشەپ باشقۇرىدىغان بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان ئاياللار قوشاقلىرىدا فېئوداللىق تۈزۈمگە قارىتىلىدىغان ئەيىپلەر قېيىنانىلارغا قارىتىلغان. ئەمەلىيەتتە قېيىنانىلارمۇ ئايال بولغانلىغى ئۈچۈن، فېئوداللىق جەمئىيەتتىمۇ ئېزىلىشكە، خارلىنىشقا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېزىلىش ۋە چىرىمىلىش جەريانىدا ئۇلارغا پاترىئارخاللىق كۆزقاراش چوڭقۇر سىڭگەچكە، ئۇلار ئاشۇنداق بولۇشنى تامامەن مۇۋاپىق دەپ قارىغان، ئەكسىيەتچىل فېئوداللىق قائىدە-يوسۇنلاردا كېلىن بولغانلار مۇنداق دەپ بەزلەنگەن:

«قېيىنانىغا كېلىن بولساڭ يىگىرمە يىل،
ئۇلۇغ ئانا بولۇشۇڭنى، بەرھەقلا بىل»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاما ـ تاما كۆل تولار، كۆپ يىللىق كېلىن
بولۇر قېيىنانا».

بەزى ئاياللار قېيىنانا بولۇپ قالسىلا تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇۋېلىپ ئۆتكەنكى قېيىنانىلار ئۆزلىرىنى خارلىغانغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ كېلىنلىرىنى خارلايدۇ. بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە ـ ھە!

فېئوداللىق قائىدە ـ يوسۇنلار زۇلمىغا يۈزلەنگەن نۇرغۇنلىغان ئەمگەكچى ئاياللار چىدىغۇسىز ئەھۋال ئاستىدا، يەنىلا تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بوي سۇنۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بەزى ئاياللار مۇنداق دەپ قوشاق توقۇغان:

«باشقىلارنىڭ ئېرى قاپلاندەك قاۋۇل،
قۇرۇتتەك نىمجان بىچارە ئېرىم؛
ئۆلسە ئەگەر ئۇ قۇرۇتتەك بىر كۈن،
يۈرۈگۈم ئويناپ كۈچلۈكنى سۆيەر»

بۇ بەختسىز نىكاغا بىلدۈرگەن كۈچلۈك قارشىلىق، نىكا ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى دادىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر، بۇ خىل كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە فېئودالىزمغا قارشى ئاياللار قوشاقلىرى خېلىلا كۆپ. بۇلاردىن باشقا يەنە ئاياللار تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئۈچ خىل قوشاقمۇ بار. بىرى «ئۆيلۈك بولۇپلا ئانىسىنى ئۇنتۇپ قېلىش» تېما قىلىنغان قوشاقلار؛ بىرى ئۆگەي ئانىلارنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىدىن قالغان بالىلارنى خارلاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قوشاقلار؛ يەنە بىرى ئاتا ـ ئانا مېھرىدىن ئايرىلغان يېتىم بالىلارنىڭ مۇڭ ـ پىغانلىق دەرت ـ ئەلەملىرى مەزمۇن قىلىنغان قوشاقلار بۇ ئۈچ خىل قوشاقلار دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارغا خېلىلا كەڭ تارقالغان، بولۇپ ئۇلاردا كونا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ياندىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ كونا جەمىيەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەمگەرچىلىكىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىگە كۆرسىتىلىدۇ. ئەخلاقسىز ئۆگەي ئانىلار ھەم ۋاپاسىز كېلىنلەر تەنقىت قىلىنىدۇ. ھورۇنلار تەنقىت قىلىنىدىغان تۇرمۇش قوشاقلىرى، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك جايلارنىڭ ئالاھىدە مەنزىرىلىرى، مەۋسۇم ھەققىدىكى، مەسىلەن: «يېزام ياخشى»، «ئون ئىككى ئاي رويىخېتى» قاتارلىق قوشاقلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىجتىمائى تەربىيە ۋە تونۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خەلقنىڭ تۇرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىياللار-دۇر. بۇ يەردە ئۇلارنى بىرمۇ-بىر بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

3. يېڭى تۇرمۇش قوشاقلىرى

بۇ خىل قوشاقلاردا پارتىيە رەھبەرلىكىدە، كەڭ ئەمگەكچى خەلق-نىڭ ئىنقىلاۋى كۈرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قۇللۇقتىن دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغاندىن كېيىنكى خوشاللىق ھېسسىيات ۋە ئىپتىخار-لىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشى، يېڭى ئىدىيىسى ۋە يېڭى ئىستىلى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئالايلۇق:

«چېكرا رايون خەلقلىرى كۆلدى قاقاقلاپ،
بىر توپ گۈلدە بىر جۈپ قىزىل گۈل؛
بىرى خوشاللىق گۈلى — بەختنىڭ گۈلى،
بىرى نىكاللىنىشدا ئەركىن بولغان گۈل»

مانا بۇ يېڭى تۇرمۇش قوشىغى بولۇپ، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش قوشاق-لىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئاساسەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ قوشاق-لار خوشال كەيپىياتلار بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۆتمۈش قوشاق-لىرىدىكىدەك مۇڭ-پىغانلىق ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئەمگەكچى خەلقلەر، بەختلىك ھاياتنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئۇزۇن مۇددەت ئىنقىلاۋى كۈرەش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە قولغا

كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇلار يېڭى ھاياتنى
مەدھىيىلىگەندە، ھامان پارتىيىنى مەدھىيىلەپ كەلدى. خەلق داھى-
لىرى، خەلق ھاكىمىيىتىنى مەدھىيىلەپ كەلدى. شۇنىڭدەك ئۆزلىرى-
نىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرى
بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ مەدھىيىلەپ كەلدى. يېڭى جەمئىيەتنىكى
ئەمگەكچى خەلق ياشاشتىكى مەقسىدىنى ناھايىتى ئوچۇق بىلگەچكە،
ئۇلارنىڭ ئۆز ئائىلىنىڭ بەختى كويىدىلا جان قىقىپ يۈرمەي، بەلكى
شەخسى بەختى ۋە ئائىلىسىنىڭ بەختىنى پۈتۈن ئىنقىلاپ ئىشلىرى
بىلەن زىچ باغلاپ كەلدى، ئالايلۇق:

«چوڭ دەريادا سۇ بولسا
تولۇپ ئاقار ئۆستەڭلەر؛
بولمىسا دەريادا سۇ
قۇرۇپ كېتەر ئۆستەڭلەر»

دىگەن مىسرالاردا ئۇلارنىڭ يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى روھىي ھالىتى
ئىپادىلەنگەن: شۇنداقلا بۇ ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەمىلىيىتىنىڭ تەجرى-
بىسى ۋە يەكۇنىدۇر. كۈندىلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ يېڭى
قوشاقلار، بۇرۇنقى دەۋردىكى قوشاقلارنىڭكىگە زادى ئوخشىمايدىغان
مەزمۇنلارغا ئىگە بولماقتا. مەسىلەن، كونا جەمئىيەتتىكى كېلىنلەرنىڭ
ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى كېيىنەكنىڭ ئۇچۇشى؛ قېينانىنىڭ ئۆيدە
تۇرۇشى — روھ-ئەرۋاھنىڭ تارقىشى» دىيىلەتتى. ھالبۇكى يېڭى
جەمئىيەتتىكى كېلىنلەر توغرىلىق بۇ ھەقتە:

«ئۆزاققىچە كۆرمىسەمۇ ئانىسىنى،
كۆرگەندەكلا ياد ئېتىدۇ ئانىسىنى،
ئۆيگە كېلىپ ئانىسىنى كۆرسىمۇ،
ئوخشاش تۇرار ئۆزگەرتمەيلا ھالىتىنى
قونۇپ قالسا تۈن بويى ئائىلىسىدە،
چۈشەپ ياتار دۆي ئىشىنى-ئەپكىشىنى»

www.uyghurkitap.com

دېگەن قوشاقتا كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە كۆڭۈل بۆلە-
دىغان بىر ياش ئايالنىڭ ياخشى ئەخلاق-پەزىلىتى قالتىس بەلەن،
قالتىس جانلىق ئىپادىلەنگەن! بۇنىڭدىن باشقا، ئەمگەك خۇشاللىقى،
ئەر-خوتۇننىڭ ئىناقلىقى، مەدەنىيەت ئۆگىنىشى، ئىتتىپاقلىشىش ۋە
ئۆزئارا ياردەملىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۇرمۇش قوشاقلىرىمۇ
ئاز ئەمەس، بىراق يېڭى تۇرمۇش قوشاقلىرى بىلەن يېڭى سىياسى
قوشاقلار كۆپىنچە بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەچكە، ئۇلارنى پەرقلەن-
دۈرۈش ئاسان ئەمەس. بۇنى يېڭى تۇرمۇش قوشاقلىرىدىكى بىر
ئالاھىدىلىك دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

تۇرمۇش قوشاقلىرىنىڭ بەدىئى جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك-
لىرىنىڭ بىرى، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ كۆپلەپ قوللىنىلغانلىقىدىن
ئىبارەت. سېلىشتۇرۇشتا ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولغان، لېكىن يەنە
بىر-بىرىگە باغلىنىشلىقى بولغان ئىككى خىل شەيئى سېلىشتۇرۇلىدىغان-
لىقى ئۈچۈن، ئۇ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ توغرا كۆرسىتىپ
بېرىشتىكى بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. ئىنسانلار
تۇرمۇشىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى قارمۇ-قارشىلىق-
نىڭ بىرلىكى بولۇپ، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، ياخشىلىق بىلەن
يامانلىق، قايغۇ بىلەن خۇشاللىق، ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ،
ئېكسپلاتاتسىيە بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىش قاتارلىقلارنى پەقەت
روشەن، جانلىق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئاندىن تېخىمۇ ئۇچۇق بىل-
گىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«تاغ ناخشىسى ئېيتىپ تۇرۇپ تىكمەن شال مايسىسى،
تېرىم بىلەن سۇغۇرىمەن جىمى ئېتىز-ئېرىقنى؛
تېرىلغۇدا قوش كالىسى يېسىمۇ ئوت-چۆپ سامان،
يېسىمۇ بايقۇش گۆرۈچ، مەن يىمەندىم سۆك تېرىقنى»

دېگەن قوشاقتا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، يەر تېرىغۇچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هەممە قان ـ تەرىنى ئاشلىقتا سەرپ قىلىشمۇ يەنە توپان يىيىشكىمۇ قادىر بولالمايدىغانلىغى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئىشلىمەي تۇرۇپمۇ ئاق ئۇن ۋە گۇرۇچ يەيدىغانلىغىدىن ئىبارەت باراۋەرسىزلىك ھادىسىلەر پاش قىلىنغان. جياڭشى تايانچ بازىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ھەققى كېمەيتىش زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تارقالغان بىر ئەرزىيەت قوشىغىدا مۇنداق مىسرالار بار:

«ئۈتمۈشتە بىز دەرت تارتىپ، قوساقمۇ باقالمايتتۇق.
ئارزۇلار ھەل بولۇپ، ئەمدى كەلدۇق غەيرەتكە.
بۇرۇنقى نامراتلارنىڭ ۋىجىك ئىدى بويلىرى،
ئەمدى قەددى رۇسلىنىپ، بويى يەتتى پەلەككە»

بۇ، بۈگۈن بىلەن ئۈتمۈش سېلىشتۇرۇلغان قوشاق بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۈتمۈش»، «بۈگۈن»نىڭ «پەس»، «ئېگىز»لىكى سېلىشتۇرۇلۇپ، قەددى كۆتىرىلگەن دېخانلارنىڭ خوشاللىغى ۋە ئۇلارنىڭ كۈرەشتىكى ئېپتىخارلىق روھى تولۇق ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا تۇرمۇش قوشاقلىرىدا ئوخشىتىش، مەسخىرە قىلىش كەبى بەدىئى ئۇسۇللارنىڭ قوللىنىلىشىمۇ بىرقەدەر كۆپ.

## بەشىنچى بۆلۈم مۇھەببەت قوشاقلىرى

مۇھەببەت قوشاقلىرى — ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەققى ئىنكاسى، ئۇنىڭدا ئاساسەن ياش ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ بىر بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدىن ئۇرغۇپ چىققان قايغۇ ـ خوشاللىق، ئايرىلىش ۋە ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى ھىسسىياتلىرى ئىپادى-

www.uyghurkitap.com

لىنىدۇ. ئۇنىڭدا ھامان خىلمۇ-خىل بەدىئىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ياكى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا ياشلارنىڭ بەختلىك مۇھەببەتكە بولغان قىزغىن تەلپۈنۈشى ئىپادىلىنىدۇ؛ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ساددا-ساغلام مۇھەببەت كۆزقاراشلىرى ۋە گۈزەل خۇلقلىرى تولۇق بايان قىلىنىدۇ. بەزى ئەنئەنىۋى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا يەنە فېئوداللىق قائىدە-يوسۇنلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇنىڭغا ئاشكارا قارشى تۇرۇشمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

تۈرلۈك قوشاقلار ئىچىدە، مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ سالمىقى بىر قەدەر ئېغىر، بەدىئىيلىكىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى. بۇنىڭدا ئۇنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرى نىسپىي مۇقىملىقتا ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ دەۋر، رايون، مىللەتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا ئۇزاق مۇددەت تارقىلىپ كەلگەنلىكى ۋە خەلقنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز پىششىقلاپ ئىشلىنىپ كەلگەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بىز دەرۋەقە، مۇھەببەت قوشاقلىرىنى سىياسىي قوشاقلار، تۇرمۇش قوشاقلىرى قاتار-لىقلاردىن ئالاھىدە مۇھىم دېمىسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن خەلق قوشاقلىرىدا تۇتقان سالمىقى ۋە ئورنىغا ھەرگىز سەل قارىيالمايمىز. ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى بىرەر مۇھىم تەرەپ ئەكس ئېتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى بەزى جەھەتلەردە، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي باسقۇچلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ۋە ئەخلاقىي قائىدىگە بولغان كۆزقاراشلىرى تولۇق ئىپادىلەنگەن، شۇڭا ئۇ ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. دۆلىتىمىز-نىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمئىيىتىدە، ھۆكۈمران سىنىپلار-نىڭ ئىدىيىسى ھۆكۈمران ئىدىيە بولۇپ كەلدى. ئوغۇل-قىز ياشلار-نىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشى، فېئودال كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئىرماش-چىرماش ھالدا سىڭىپ كەتكەن رايونلاردا مۇناسىپ ئورۇنغا زادىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئىگە بولالمىدى. فېئوداللىزىم ئوچۇن ئىشلەيدىغان يازغۇچىلار ئەسەر- لىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە «ئوچكە بوي سۇنۇش»، «تۆت ئەخ- لاق»، «دىيانەتلىك ئايال» ۋە «پىداكار ئايال» قاتارلىق قۇللۇق ئەخلاقىغا دائىر ئەسەرلەر تەشۋىق قىلىنغانچىقا، ھەقىقى مۇھەببەت تېمىلىرىغا بەلگىلىك ئورۇن بېرىلمىدى ۋە ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئايرىم يازغۇچىلارلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئىنتايىن يوشۇرۇن ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇھەببەت تۇرمۇشىنى بىرئاز ئەگرى-توقاي ھالدا ئەكس ئەتتۈردى. (لى شياڭيىننىڭ «ماۋزۇسىز» شېئىرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ)، لېكىن ئۇنداقلارمۇ ھامان ئەمەل- دارلارنىڭ ناھەقتىن ئەيىپلىشى ۋە كايىشىغا ئۇچراپ، فېئوداللىق ئەخلاققا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار دەپ ھىساپلاندى. سۇڭ سۇلالىسى ۋە يې- ۋەن سۇلالىلىرىدىن كېيىنكى مۇزىكا ۋە ھىكايىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنى- دىغان بەزى مۇزىكانت ۋە يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر قەدەر ھەقىقى ھالدا ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە دائىر ۋە- قەلەرنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمرانلار ۋە فېئودال ئەدىپلەرنىڭ «جاراھەتلەندۈرۈش شامىلى» دېگەن بەدنامىنى ئارتىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ «كىتاپ نامىلىرى چەكلىنىپ» تار- قىلىشقا يول قويۇلمىدى. دەل بۇ خىل ئىنتايىن دىمىقتىلىق ۋە بېسىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائى مۇھىتتا، مۇھەببەت قوشاقلىرى ساغلام ۋە يىپ-يېڭى بولغان ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن دۆلىتىمىز- نىڭ ئېتىز-داللىرى ۋە يېزا-قىشلاقلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئېيتىلىشقا باشلاپ، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى يوقالماي كەلدى. بۇ پاكىتلارنىڭ ئۆزى فېئوداللىق قائىدە-يوسۇنلارغا نىسبەتەن ئاشكارا ئورۇش ئېلان قىلىشنىڭ نامايەندىسىدۇر. مۇھەببەت قوشاقلىرى فېئودال پاترىئارخال- لىق تۈزۈمگە تېگىپ قويغانلىقى تۈپەيلىدىن «شەھۋانىلىق قوشاقلىرى» دەپ قارىلىپ، ھۆكۈمرانلار شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت ۋە «جەمىيەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جامائەت پىكرى»نىڭ قايتا-قايتا كايىشى، چەكلىشى ۋە ۋەيران قىلىشىغا ئۇچرىدى. ھالبۇكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ھاقارەتلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشى، تارىختىكى فېئوداللىق سەپسەتىلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ دەل «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ دۆلىتىمىزنىڭ فېئوداللىق ئەنئەنىۋى كۈچلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەكىللىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلارنىڭ خىلمۇ-خىل سەپسەتىلىرى يەنىلا دۆلىتىمىزدىكى فېئودالىلىق ئىدىئولوگىيەنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى مەركەزلىك ئىنكاسى.

مۇھەببەت قوشاقلىرىنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىمۇ خىلمۇ-خىل. بۇ سەۋەبلەر ئاساسەن ئۇلارنىڭ فېئوداللىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، ياكى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرىغا بولغان بىلىمىنىڭ ئازلىقى، ياكى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرىدىكى ناچار مەزمۇنلارنى مۇبالىغە قىلىۋەتكەنلىكى بولسا كېرەك؛ بۇنىڭغا قىسمەنلىك بىلەن كۆزنى تولاشتۇرۇۋېلىپ شۇ ئاساسىي ئېقىمنى كۆرمەسلىك سەۋەپ بولسا كېرەك. ئەمىلىيەتتە مەلۇم تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ياكى خەلق قوشاقلىرى توپلىمىدىن بىرنەچچىنى ئوقۇش، قوشاقلار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىش ئارقىلىقمۇ، تونۇشنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ خەلق قوشاقلىرىغا بولغان كۆپلىگەن خاتا-چۈشەنچىلەرنى تامامەن تۈگەتكىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مۇھەببەت قوشاقلىرى مول ھەم خىلمۇ-خىل، بولۇپمۇ ئورغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچى ۋە تەرەپلىرى مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەسىلەن، تونۇشۇش قوشىغى، سىناش قوشىغى، گۈزەللىكنى مەدھىيلەش قوشىغى، مەپتۇن بولۇش قوشىغى، قەسەم بېرىش قوشىغى، سېغىنىش قوشىغى، ئۈزىتىش قوشىغى، نىكادىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېچىش قوشىقى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇش يىللىرىدا ۋە ئازاتلىقتىن كېيىن يېڭى ئىدىيە-يېڭى ئۇسلۇپتا ئىجات قىلىنغان نۇرغۇنلىغان مۇھەببەت قوشاقلىرى بار. بىز بايان قىلىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى قوشاقلارنى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۆت قىسىمغا بۆلۈپ تونۇشتۇرىمىز.

1. ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش ۋە يار تاللاش ئۆلچەملىرى توغرىسىدىكى قوشاقلار

ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشنى ئىپادىلەيدىغان خېلى كۆپ ناخشىلاردا هامان ئۆزلىرىنىڭ سۆيگىنىنىڭ چىراي-تۇرقى، خۇلقى-مىجەزى، ئىقتىدارى، ئەخلاق پەزىلىتى ھەتتا ھەر بىر ھەركەتلىرى ئىنتايىن يېقىملىق سۆزلەر بىلەن مەدھىيىلىنىدۇ ۋە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلاردا قىزغىن مۇھەببەت يېتەكچىلىكىدىكى ياشلارنىڭ ئۆز سۆيگىنىنى يۈكسەك دەرىجىدە گۈزەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت پىسخىك ھالىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن، ئالايلۇق:

«ھۆل بوپتۇ سىڭلىمنىڭ ئۇستى-باشلىرى،
تۇرقى گوياكى قىزىل ئالمىدۇر؛
سوپ-سوپىياگدەك زىل ناخشا ئېيتىپ،
ئۇچقۇر شامالدەك چاپسان ماڭىدۇ»

بۇ خىل ناخشىلار كۆپىنچە ھاللاردا مۇھەببەتلىشىشنىڭ قورالى ياكى مۇھىم ۋاستىسى بولىدۇ.

ئۇلار دەسلەپ تونۇشقاندا ياكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرغاندا كۆپرەك ناخشا ئېيتىشىدۇ. ئۇلار بىر بىرسىنى ياخشى كۆرۈش بىلەنلا:

«سىڭلىم» ئاپئاپپەرەستەك نازىنىن ھەم پۇراقلىق،
«ئاكىسى» ھەسەل ھەرىسىدەك، ئۇچۇپ كېلەر يىراقتىن؛
«ھەرە» ئايلانسا گۈلنى، چۆرىسىدىن كېتەلمەي،
شىرنە يىغىدۇ گۈلمۇ، ئىشتىياقتىن-پىراقتىن»

دىگەنگە ئوخشاش يېقىملىق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قىزغىن تەلپۈنۈشىنى ۋە بىر بىرىنى ئەنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ.

بەزى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرا تاللاش ئۆلچىمى بايان قىلىنىدۇ؛ ساددا ساغلام مۇھەببەتكە بولغان كۆزقارىشى ۋە گۈزەللىكنى كۆزىتىش نۇقتىنەزىرى ئىپادىلىنىدۇ:

«ھاجىتى يوق يېڭى پالتىنى بىلەشنىڭ،
چىن ئىشقى بار قىزلارغا بىر يار كۇپايە؛
ئايدەك شولا چاچىدۇ ئەلگە مۇھەببەت،
بولسا ئاشىق-مەشۇقتا ۋىجدان، ئىرادە.
يامغۇر ياغسا بىر ياقتىن، بۇلۇت تارقار بىر ياندىن،
تورغاي ئۇۋا تۇتىدۇ جاڭگالدىكى چاتقالدىن،
بېلىق ياخشى كۆرگەندەك ئېقىن سۇنى ھەرقاچان،
قىزلارمۇ يارتۇتىدۇ مەرت يىگىتتىن-ئىشچاندىن»

بۇ قوشاقلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ياخشى كۆرگىنى — مۇھەببىتى بار، مۇھەببەتكە نىسبەتەن سادىق-ئىرادىلىك كىشىلەر، ئۇلار يېڭىنى كۆرۈپ كونىسىدىن زېرىكىدىغان، باشقىلارنى كۆرۈپلا كۆڭلىنى چېچىۋېتىدىغان-تۇترۇقسىز كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ياقتۇرىدىغىنى مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ ئەمگەك قىلىدىغان، تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىيدىغان ئىشچانلاردۇر؛ ئۇنىڭ پۇت-قولىدا توخۇنىڭكىچىلىك كۈچى يوق «ئاق نانچى، يالغانچى كاززاپلار»نى ياقتۇرمايدۇ. شۇنداق ئاددىكى، سۇنئى ئەمەس، ھەقىقى چىن مۇھەببەت قوشاقلىرىمۇ باركى، ئۇلاردا ئەمگەكچىلەرنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرى ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئىستېتىكىلىق كۆزقاراشلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىر قوشاقتا بىر قولى بار يىگىتنى ياخشى كۆرگەن قىز» ئۆز ئىپادىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوچۇق بىلدۈرۈپ شۇنداق دەيدۇ. «مەن يارىمنى سۆيىمەن ئۆزى ئىشچان بولغاچقا. يارىم مېنى سۆيىدۇ ئىشتا پىشقان بولغاچقا» بۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ جۈپ تاللاشتىكى ئۆلچىمى (مىجەزدە سەممىي بولۇش، ئاق كۆڭۈل بولۇش، تەن تۈزۈلۈشى قاۋۇل، مۇكەممەل بولۇش، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولۇش قاتارلىقلار) ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چۈنكى بۇ ئۆلچەملەر بىر ئەمگەكچى ئائىلىنى تەشكىل قىلىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم، پۇلغا ئالدانماي، مۇھىتنىڭ بېسىمىدىن قورقماي، باراۋەرلىك ۋە ئۆز ئەركى بويىچە نىكاللىنىش ۋە بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈش مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەمگەكچى ياشلارنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتقان غايە ۋە ئارزۇ-ئارماندۇر.

2. جۇدالىق ۋە سېغىنىش (ھىجران) ھەققىدىكى قوشاقلار

كەڭ ئەمگەكچى خەلق جىنايەت مەنبەئى بولغان كونا جەمئىيەتتە تۇرمۇشنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ يىللىقچى بولۇش، كۈنلۈكچى بولۇش، دېڭىزلارنى كېزىپ سۇ مەھسۇلاتلىرىنى سۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش خېلىلا ئومۇملاشقان ئىشلاردۇر. بۇ ئىشلار مۇناسىۋىتى بىلەن ئاشىق-مەشۇقلار ياكى ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتلىق ئايرىلىش يۈز بېرىدۇ. ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇش، ياكى ئىجارە، باجنى تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىلەرگە چۈشۈپ قېلىش سەۋەبىدىن يۈز بېرىدىغان ئايرىلىشقا كەلسەك بۇلارنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدۇ، ھىجران ئازاۋى — سېغىنىشنىڭ دەردى جاندىن ئۆتكەنلىك ئىپادىلەنگەن تالاي قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن. جۇدالىق ھەققىدىكى بىر قوشاقتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئۇزاتقىلى چىقىپ يارىمنى،
ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماگدىم يەنە ياندىشىپ بىر پەس،
ئېغىر بولغاچ جۇدالىق ھىجرى.

دىگەن مىسرالاردا تەكرارلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئايالنىڭ جۇدالىششقا زادى كۆزى قىيمىغان چاغدىكى چوڭقۇر ھىسسىياتى ھەققى تۈردە ئىپادىلەنگەن. ئەگەر بۇ جۇدالىق قوشىقىنىڭ ئارتۇقچىلىغى ھىسسىياتىنىڭ يېقىملىق ئىكەنلىگىدە دىسەك، باشقا بىر جۇدالىق قوشىقىنىڭ ئالاھىدىلىگى تىلىنىڭ جانلىق ۋە جەڭگىۋار ئىكەنلىگىدە ئىپادىلىنىدۇ.

«قۇياش پاتساگمۇ پاتقىن سەن تېزرەك،
سۆزلىسەڭ سۆزلە چاپسانراق سىگلىم؛
بولسا ـ بولمىسا گەپ قىل ئىككى ئېغىز،
ئەۋچىگە چىقتى يالقۇنلۇق مېھرىم.»

بۇ قوشاقتا بەزى يىگىتلەرنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق پىكىرلىك مىجەزى، مۇھەببەت قاراشلىرىدىكى خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىك ئاددى تىل بىلەن تولىمۇ ھەققى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئايرىلىشتىن كېيىنكى ھىجران ـ پىراقنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كىشىنى ئويلىنىشقا سالسا، بەزىلىرى ھەققى ئازاپ ـ ئوقۇبەتنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلىرىدە خىيالىي مۇھىت ئىپادىلەنسە، بەزىلىرىدە مەجنۇنلارچە ئاشىق ـ مەشۇقلۇق ئىپادىلىنىدۇ. دىمەك، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مەسىلەن:

«كۆرمىسەم بىر كۈن يارىمنىڭ ۋەسلىنى،
سورايمەن ئۆتكەن ـ كەچكەندىن ئۇنى،
ئىككى كۈن كۆرمىسەم ئىشقا مەغىل بولۇپ،
سانچىپ ئالىمەن قولغا يىگنىنى!
ئۈچ كۈن كۆرمىسەم يىگەن تاماقمۇ،
بىلىنەر تەمسىز، قىلچە لەززەتسىز؛

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

يارىم ئۇياقتا ئۆزەم بۇياقتا.
ئۆتمىگەن كۈن يوق يىغلاپ، خىيالسىز.»

دېگەن مىسرالاردا، مەشۇق قىزنىڭ چىن ھىجران ئوتىدا كۆيگەن روھىي ھالىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر مۇھەببەت قوشىقىدا بىر قىزنىڭ يارىنى سېغىنىپ مەجنۇن بولۇپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان:

«سېنى ئويلاپ تاشلىسام قەدەم،
يىقىلىپ يەرگە چۈشمەن شۇدەم؛
ئىش قىلسام ئىشقا بارمايدۇ قولۇم،
سەن تەرەپكىلا كېتىدۇ ئويۇم.

بۇ قوشاقتا تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق، بەزى قوشاقلاردا جۇدالىقتىن كېيىنكى ئازاپ-ئوقۇبەت بايان قىلىنغان:

«تۈز كۆتىرىپ كەتتى يارىم گۈاگىشغا،
ئەمدى ئۈچ يىلغىچە قايتىپ كەلمەيدۇ؛
دەرت-ھەسرەتتە ئاقار كۆزدىن ياشلىرىم،
شۇ يېشىمدا بىرەر قېتىم لەيلەيدۇ.»

بۇ خىل مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ تىلىدا گەرچە بىرئاز مۇبالىغە بولسىمۇ، لېكىن ھېسسىياتى ساپ ۋە ساغلام، ئۇنىڭدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ تەخلىتچىلىك بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرىدىكى ھېلىقىدەك يالغاندىن ئىڭراش ۋە ھوزۇر ھالاۋەت كويىدا بولۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداقلا شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئا-زىيىسىگە ياقىدىغان ئۆرپ-ئادەت مۇزىكىلىرى ۋە ئاھاڭلىرىدىكى پەس ھەۋەسلەرمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۇ دەل خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىدۇر. يەنە ئالايلۇق:

«ئەسلەيمەن سىزنى سېغىندىم سىزنى،
رەسىمىڭىزنى سىزدۇرۇشقا بولدۇم مەن شەيدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىزدۇرسام سىزنى قەلبىم كۆزىگە،
نەگىلا بارسام بولسىڭىز پەيدا.»

دىگەنگە ئوخشاش. بۇ مۇھەببەت قوشىقىنىڭ تىلى ساددا. تەسەۋۋۇرى غەلىتە بولۇپ، سېغىنىش ھىسسىياتى ناھايىتى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىپادىلەنگەن.

### 3. مۇھەببەتتىكى قەتئىلىك ۋە فېئودال كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلغانلىق ئىپادىلەنگەن قوشاقلار

كونا جۇڭگودا كەڭ يېزىلاردا، ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ نىكاھلىنىش مەسىلىسى ھەمىشە دىگۈدەك ئۆز ئىختىيارى بويىچە بولمايتتى. توسالغۇ كۈچ ئاساسەن ئاتا-ئانىلار ياكى فېئودال ئائىلە جەمەتلىرىنىڭ ئارىلىشىشىدىن كېلەتتى؛ بەزىلىرى پومىششىكلار سىنىپىنىڭ تەھدىدى ۋە مەجبۇرلىشىدىن كېلەتتى؛ ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن كىشىلەر بىلەن بىرگە بولالمايتتى، مەجبۇرى بىرگە بولغان كىشىلەر بىر بىرىنى قىلچە چۈشەنمەيتتى. بۇ فېئودالىلىق جەمىيەتتە كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن پاكىتتۇر. بۇ ھال كۆپىنچە چاغلاردا نۇرغۇنلىغان مۇھەببەت تىراگىدىيىلىرىنى پەيدا قىلاتتى، شۇڭا نۇرغۇنلىغان ياشلار بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، كۆرەشكە ئاتلىناتتى-دە، بىر بىرىنى ئاخىرغىچە سۆيۈش، ھەرگىزمۇ تىز پۈكمەسلىك، فېئودال بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىش ئىرادىسىنى قوشاق ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرەتتى.

«جاندىن كەچمەي، جانانغا يەتكىلى بولماس،
قەيسەر ياشايمىز چۈمۈلىلەردەك؛
ئاش ئېچىپ قالسىمۇ بىخ سۈرۈپ چىقار،
قىيا تاش ئۈستىدە گۈللەر ئۆسكەندەك.»

بۇ شېئىردا خىلمۇ-خىل شەيئىلەرگە ئوخشىتىش ئارقىلىق، ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ مۇھەببەتكە سادىق بولغان، قىلچە تەۋرەنمەيدى-

www.uyghurkitap.com

خان كۆچلۈك ئىرادىسى تولۇق ئىپادىلەنگەن، «گۈل» دېگەن قوشاق-تىمۇ ئەھۋال شۇنداق.

قارا تاش تېگىدىن چىققان بۇلاق-سۇ،
ئۇسقانغا-توشغانغا تۈگىمەس ھەرگىز؛
بۇزۇلۇپ كەتسە گەر قىلار تويىمىز،
قەھرىتان سوغ-مۇزدا گۈل ئېچىلدۇرىمىز.

بۇ خىل مۇھەببەت ناخشىلىرىدا مۇھەببەتكە بولغان ئىشەنچ-ئېتىقات ئىپادىلەنگەچكە، ئۇ گويا بىر تۇرلۇك قەسەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. دۆ-لىتىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرىدىلا بۇ خىل خەلق قوشاقلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تارقالغان «قەسەم» دېگەن قوشاق تىپىك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە:

«خان بىلەن تونۇشماققا بەلنى باغلىدىم،
ئۆمرى ئۇنىڭ ئۇزۇن بولسۇن چېكى بولمىسۇن
مەزمۇت تۇرسۇن تاغ چوققىسىدەك بەختىمگە مېنىڭ،
دەرياكەبى دەۋران سۈرسۇن ئارتقا يانمىسۇن.
قىشتا قارلار يېغىپ، يازلاردا يامغۇ،
ئاسماندىن شاھىمىزغا دۆلەت تاشلانسۇن»

ئۆزئارا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ قەدىمقى ۋە ھازىرقى مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەتكە بولغان چەكسىز سادىقلىقى ۋە يۈكسەك پەزىلىتىنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئارىسىدى-كى مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ ئىسىل ئەنئەنە ۋە مىللى ئالاھىدىلىك-لىرىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز. خەۋپ-خەتەر ھەممە يەرنى قاپلىغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۇلار مۇھەببەت ھەققىدە گەپ ئۇرغاندا: «قورقمايمىز ئەمەلدار خان، قانۇندىن، قول تۇتىشىپ ماڭىمىز چوڭ كوچىلاردا» دېگەندەك جاسارەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى

www.uyghurkitap.com

«بىشىمىز كېسىلسە شامال شەپكىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك تۇيۇلار پەقەت، تۇرمىگە چۈشسەك بىز گويا باغچىدا ئولتۇرغاندەكلا بىلىنەر ئەبەت» دەيدىغان قەيسەر روھقىمۇ ئىگە ئىدى. كۆپلىگەن مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ياش ئوغول-قىزلارنىڭ ئىنتايىن ناچار ئىجتىمائى شارائىتتا كۆرسەتكەن ئاشۇنداق ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان جەڭگىۋار روھى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئالايلۇق:

لازا يېمەكچى بولساڭ سەن ئەگەر،
قورقمىغىن لازىنىڭ ئاچچىقلىقىدىن،
مۇھەببەتلەشمەكچى بولساڭ سەن ئەگەر،
قورقمىغىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن-ئۆلۈمدىن،
ئەگەر تەگلەنسە قىلىچ بوينۇڭغا،
قىلچە قورقۇپ كۆزۈڭنى جىمرىلاتمىغىن»

ئادەمخور كونا قائىدە-يوسۇننى مەنسىتمەيدىغان، مۇدھىش كۈچلەر بىلەن قەتئى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بۇ خىل مۇھەببەت قوشاقلىرى — جۇڭگو خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى فېئودالىزىمغا قارشى تۇرۇدىغان ئىنقىلاۋى روھىنىڭ مۇھىم بەلگەلىرىنىڭ بىرى.

4. مۇھەببەت ھەققىدىكى يېڭى قوشاقلار

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمگەكچى خەلق ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەر ئارقىلىق، ئاخىرى سىياسى جەھەتتىكى ئازاتلىقنى ۋە نىكا ئىشلىرىدىكى ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئازاتلىق ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان مۇھەببەت ھەققىدىكى يېڭى قوشاقلار گەرچە تېخى ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئاساسي تەرىپى-يېڭى جەمىيەت يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى ئىستىلنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر. ئۇنىڭدا ياش ئەۋلاتلارنىڭ ئىدىيىۋى

www.uyghurkitap.com

ئېڭى پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە مىسلىسىز يۇقىرى كۆتىرىلگەنلىگى ۋە روھى ھالىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆزگەرگەنلىگى ئىپادىلىنگەن يېڭى مۇھەببەت قوشاقلىرى يالغۇز شەخسلەرنىڭ مۇھەببەتتىكى ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەخسى مۇھەببەتنى پۈتۈن ئىنقىلاۋىي ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭمۇ ئىپادىسىدۇر. ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن سۆيگىنىنى ئۇزىتىشقا دائىر كۆپلىگەن قوشاقلار بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. مەسىلەن، تاغ ناخشىلىرىدا ئىزھار قىلىنغان:

«ناخشا ئېيتساڭ ئىنقىلاۋىي قوشاقلارنى ئېيت،
قىزنىڭ يىگىتنى قوشۇنغا ئۇزاتقىنىنى
ئەسقاتمايدۇ ئىنقىلاپتا چىرايۇ-سىياق،
سۆيسەڭ، سۆيگىن باتۇرانە ياۋنى قىرغاننى؛
ھەممە سۆيەر باتۇر جەڭچى ئوغلاننى،
ئارمىيىدە قىزىل ئەسكەر بولغاننى»

دىگەنگە ئوخشاش مىسرالار ئوخشاشلا ئۇزىتىش ۋاقىتلىرىدا يارىتىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى مۇھەببەت قوشاقلىرىدىكىدەك مۇڭ-پىغان، ھەسرەت-نادامەتنىڭ ئامىللىرى يوق. بۇ، يىگىتلەرنىڭ ئىنقىلاپ مۇئىللىرىنى قوغداش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك پىداكارلىق روھىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ياش ئاياللارنىڭ ئىنقىلاپ مەنپەئەتىنى مۇھىم بىلىپ، سۆيگىنىنىڭ قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقانلىقىنى قەتئىي قوللىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك سىياسى ئاڭنىڭمۇ ئىپادىسىدۇر. ئەگەر ئىنقىلاۋىي كۈرەش يىللىرىدىكى يېڭى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ياشلارنىڭ ئىنقىلاپ بىلەن مۇھەببەت مەسىلىسىدىكى توغرا پوزىتسىيىسى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دېيىلسە، ئۇ ھالدا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى يېڭى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا يېزا ياشلىرىنىڭ ئەمگەك بىلەن مۇھەب-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەتكە تۇتقان توغرا پوزىتسىيىسى كۆپرەك ئىپادىلەنگەن. ئەمگەكچى خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا كونا جەمئىيەتتىكى ئەمگەك ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە، ئۇ ھەم ئۆزى ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپرەگى باشقىلار ئۈچۈن؛ ئۇ ھەم خوشاللىق بېغىشلايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئازاپ-ئوقۇبەت بېغىشلايدۇ، «يولدۇق مامكاپ، خان-بەگلەر بىلەن كۈن بويى بولساق كەلمىدى كارغا» دېگەندەك بەزىبىر مۇھەببەت ئۈچۈنلا مۇھەببەتكە بېرىلىدىغان كەيپىياتلار سىڭگەن قوشاقلارمۇ بار، بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى زۇلمەتلىك فېئودالىزىم جەمئىيىتىدە، زور كۆپ ساندىكى ئەمگەك مېۋىلىرى ھامان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار تەرىپىدىن تارتىپ كېتىلەتتى، پەقەت مۇھەببەتلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ئىدى. شۇ مۇھەببەت، ئۇلار ئۈچۈن ئاز-تولا ھەقىقى خوشاللىق بېغىشلايتتى. يېڭى جەمئىيەتكە كەلگەندە، ئەمگەككە بولغان ئىككى تەرەپلىمىلىك پوزىتسىيە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسى ئورنى ۋە ئىقتىسادىي ئورنىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەردى. ئەمگەكچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەمگەك ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئورنىنى تېپىپ، كىشىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ مۇقەددەس كەسپىگە ئايلاندى. دەل بۇ بىر نۇقتا ئاساس قىلىنغان ھالدا مۇھەببەت بىلەن ئىنقىلاپ، ئەمگەك ھەقىقى تۈردە بىرلەشتۈرۈلدى، پەقەت بۈگۈنكى كۈندىلا ئۇ ئۈچى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرىدىغان قورالغا ئايلاندى. ئالايلۇق:

قىزلار توپا كۆتۈرەر يىگىتلەر قازار،
مەرۋايىت تامچىلار ھۆللەيدۇ يەرنى،
قىزلار قانچە كۆتەرسە بىلمەس ھارغاننى،
لاي-پاتقاق سىنايدۇ يىگىتنى-ئەرنى.

دېگەن مىسرالاردىن بىز ئورتاق ئىنقىلاۋىي غايە ئاساسىغا قۇرۇلغان

ساپ مۇھەببەتنىڭ قارشى تەرەپكە نەقەدەر زور ئىلھام ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يېڭى دەۋردىكى ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ تەلپۈنىدىغان ئوبيېكتى كۆپىنچە ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئۇلار ئۆزلىرى ئەمگەكتە ئىنتايىن غەيرەت بىلەن ئىشلەيدۇ؛ تەلپۈنىدىغان قارشى تەرەپمۇ ئىنتايىن قىزغىن بولىدۇ؛ ھامان ئەمگەك بىلەن مۇھەببەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى سوتسىيالىستىك ئىجابى ئەمگەكتىن كېلىدىغان بەختكە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئالىيجاناپ روھى دۇنيانىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا مۇھەببەتنىڭ يۈكسىلىشىدۇر.

مەيلى ئەنئەنىۋى مۇھەببەت قوشاقلىرى ياكى يېڭى مۇھەببەت قوشاقلىرى بولسۇن، ئۇلاردا بەدىئىي ئۇسۇللار ئىنتايىن مول دەرىجىدە مۇجەسسەملەنگەن، بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغانلىرى: تەخلىت قىلىش، ئاللىگورىيە، تەكرارلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مۇھەببەت ھەققىدە گەپ قىلىش، بەزىدە ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بولۇپمۇ مۇھەببەتلىشىش يېڭى باشلانغان چاغدا، تەخلىت ۋە ئىككى بىسلىق سۆزلەر ئارقىلىق بىر تەرەپ بىر تەرەپنى سىنايدۇ. يەنى يۈرەكلىك ھالدا ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش، ئىزھارنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوبرازلىق ۋە جانلىق تەمسىللەر ئارقىلىق مەلۇم ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى تەكىتلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەسىلەن:

پىلەك غۇلىلۇق دەرەخ كۆردۈم تاغ باغرىدا،
تاققا چىقىپ كۆردۈم يەنە شۇ دەرەخنى.
دەرەخ ئۆلگەن، شېخى ئۆسكەن-يۆگۈمەچ غول،
غولى ئۆلگەن ئۆزى تىرىك شۇ دەرەخنى.

دىگەن مىسرالارنىڭ بىرەر يېرىدىمۇ «ياخشى كۆرۈش» دىگەن سۆز ئىشلىتىلمىسىمۇ، لېكىن دەرەخ ۋە شاخنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بۇ خىل ھايات-ماماتلىق مۇھەببەت تەپسىلى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئىشلىتىلگەن دىتاللارنىڭ ھەممىسى مەلۇم مىللەت، مەلۇم رايون خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، لازىمەتلىكلىرى، ئۆرپى-ئادىتى ۋە مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. موڭغۇللارنىڭ بىر مۇھەببەت قوشىقىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«تىنىرتىدۇ تاغلارنى جىرەن ئاتنىڭ تۇۋۇقى، مەپتۇن قىلار قەلبىمنى خەنمى شۋاگىنىڭ قىلىقى» بۇنىڭدا ئات تۇۋۇقىنىڭ تاغ چوققىلىرىنى تەۋرىتىشى گۈزەل قىزنىڭ قىلىقىنىڭ كىشىلەر قەلبىنى مەپتۇن قىلىدىغانلىقىغا تەمسىل قىلىنغان، ئۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن بايان قىلىنغان تەسۋىرلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى روشەن مىللى ئالاھىدىلىك ۋە ئىجاتچانلىققا ئىگە مىسرالاردۇر. چارۋىچىلارنىڭ ئارغىماققا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى چۈشەنمىگەن ئادەم ئېھتىمال بۇنداق تەخلىت قىلىش ئوخشىتىشىنىڭ كۈچىنىمۇ چۈشەنمىسە كېرەك.

ئىككى بىسلىق بولىدۇ دېگىنىمىز — بىرەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەردىن پايدىلىنىپ بىر ۋاقىتتا بىرنەچچە مەنىنى بىلدۈرۈش ياكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل شەيئىنى ئىشارە قىلىش ئارقىلىق ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى بەزى مۇرەككەپ ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدا مۇنداق بىر مۇھەببەت قوشىقى بار:

«بىر قىز تۇرمۇشقا چىقماقچى بولسا،
ئۇن قىز قارايدۇ ھامان ئەينەككە،
كوچىدىن كەلگەن دۇمباق ساداسى،
تېگىدۇ دەرھال ئۇرغۇن يۈرەككە»

بۇنىڭدا دۇمباق، جاڭنىڭ ياڭرىشى خەنزۇچىدا « 响唧唧 »شياڭ نىياڭ-نىياڭ) دېگەن خەت بىلەن ئىپلىنىپ، ئۇستىلىق بىلەن، «想唧唧» (قىزلارنىڭ سۆيگەن يىگىتىنى ئويلىشى)غا سىمۋول قىلىنغان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇمۇ ئىككى بىسلىق سۆزدۇر. جاڭنىڭ «شياڭ نياڭ-نياڭ» ئاھاڭىدا ياڭرىشى ئەسلىيەتتە ئانچە مۇھىم ئەمەس، قىزلارنىڭ كۆڭلىدىكى «سۆيگەن يارنى ئويلىشى»لا ئىپادىلىمەكچى بولغان ھەقىقى مەنىدۇر. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھەقىقى، قىزغىن ھېسسىيات ھەمىشە بىرقەدەر ياپتا ھالدا ئىپادىلىنىدۇ-دە، قارشى تەرەپنىڭ ئويلىنىشىغا ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشىگە يېتەكلەيدۇ.

تەكرارلاش ئۇسۇلى يەنى نەقرات، مۇھەببەت قوشاقلىرىدا بىر قەدەر ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىدىغان ئۇسۇل ئوخشاش مەنىلىك ياكى مەنىسى يېقىن بولغان ئىبارىلەرنى بىر ئەسەردە ئارقا-ئارقىدىن تەكرارلاش ئارقىلىق، كىشىلەرگە يېقىملىق ھېس، خوشاللىق كەيپىيات بەخش ئەتكىلى بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەكرارلاش سۆز، جۈملە ۋە بۆلەكلەرنى تەكرارلاشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەھۋال ئاستىدا بەزىدە يەككە بەزىدە كىرىشتۈرۈلگەن ھالدا قوللىنىلىدۇ؛ گۈيجۈنىڭ بىر مۇھەببەت قوشىغىدا مۇنداق مىسرالار بار:

بۈگۈن كېلەر بىزگە تونۇش ئاشۇ قىز،
سۇ توشۇشقا ئادەم تەكلىپ قىلايلى،
تازىلىسۇن يوللارنى، تازىلىسۇن كوچىنى،
تازىلانغان شۇ يولدا قىزچاقنى بىز كۈتەيلى.

بۇ يەردە سۆز ئىبارىلەرنى تەكرار ئىشلىتىش ئارقىلىق سۆيگىنىنى زارىقىپ، سەممى كۈتكەن يىگىتنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئۇنىڭ يارىغا بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

## ئالتىنچى بۆلۈم    باللار قوشاقلىرى

بالىلارغا ئائىت خەلق قوشاقلىرى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەرزەنتلىرىنىڭ — باللارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى، تۇرمۇش تەجرىبىسى، پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە زوق-ئىشتىياقىغا مۇۋاپىق كېلىش شەرتى ئاستىدا ئاددى-جانلىق تىل ئارقىلىق يارىتىلغان ھەمدە باللار ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن بىر خىل قىسقا قوشاقلاردۇر.

باللار قوشاقلىرى دىگەن ئۇقۇم — «4-ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى قوشاق ئۈگىنىش ھەرىكىتى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان دەۋرلەردىلا ئاندىن ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىدە، باللار ناخشىلىرى «باللار قوشىغى» «سەبى باللار قوشىغى»، «كىچىك باللار قوشىغى» دىگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە باللار قوشاقلىرى دىگەن ئىسمىنىڭ قوللىنىشى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك. قەدىمقى زامان ئەسەرلىرىدىكى ئاتالمىش قوشاقلار ئەلبەتتە باللار ئۆزلىرى ئىجات قىلغان قوشاقلار ۋە چوڭلارنىڭ باللارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىجات قىلغان قىزىقارلىق قوشاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ ھاللاردا كۆرسىتىدىغىنى ھەرقايسى دەۋرلەردە پەيدا بولغان خەلقلەرنىڭ سىياسى پوزىتسىيىسى ۋە ساداسى ئىپادىلەنگەن قىسقا قوشاقلاردۇر. يەنى يۇقۇرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن سىياسى قوشاقلاردۇر. باللار قوشاقلىرى بىلەن سىياسى قوشاقلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مۇشۇ باپنىڭ 3-پاراگراپىدا ئاز-تولا توختالغاچقا بۇ يەردە يەنە توختالمايمىز.

دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قوشاقلىرىنىڭ يىغىپ كىتاپ قىلىنىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ بۇندىن ئىككى مىڭ نەچچە يىل بۇرۇنقى قەدىمقى كىتاپلاردا خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن سانى ئىنتايىن ئاز ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جېڭشۇدەنىڭ «تەبىئەت سادالىرى» بىلەن ۋۇجىشىڭنىڭ «كەڭ تەبىئەت سادالىرى»دا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەتمىشكە يېقىن بالىلار قوشاقلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ، بىزگىچە ساقلانغان ئەڭ قىممەتلىك قەدىمقى زامان بالىلار قوشاقلىرىغا دائىر ماتېرىياللاردۇر. «4-ماي» ھەركىتىدىن، بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن بۇيان، نەشر قىلىنغان بالىلار قوشاقلىرى توپلىمى تېخىمۇ كۆپ بولدى. جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى نەشرىياتى 1959-يىلى تۈزگەن «جۇڭگو بالىلار قوشاقلىرىدىن تاللانمىلار» (ماتېرىياللار نۇسخىسى) ئاشۇلار ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مەخسۇس كىتاپتۇر.

بالىلار قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل، ئۇنى سىياسى جەھەتتىن بالىلار ئويۇنى قوشاقلىرى، بالىلارنى تەربىيەلەش قوشاقلىرى ۋە تىلنى چىنىقتۇرۇش قوشاقلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. چۈشەندۈرۈشكە زۆرۈر بولغىنى شۇكى، ئالدىنقى ئىككى تۈر ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە ئۆزئارا كىرىشىش ۋە سىڭىشىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەچكە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن چەكچېگرىمۇ بولمايدۇ. بىز پەقەت ئۇلارنى ئاساسىي خاھىش ۋە مۇھىم نۇقتىلار ئارقىلىقلا تەخمىنىي بىلەلەيمىز.

1. بالىلارنى بەزلەش قوشاقلىرى

بالىلار ئويۇنى (بەزلەش) قوشاقلىرى — ھەر بىر كىشى ئۆمرىدە ئەڭ بالدۇر ئۇچرىتىدىغان قوشاقتۇر. بالىلار قوچاقتىكى چېغىدىلا ئانىسىنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتقان ئەللەي قوشىقىنى ئاڭلايدۇ. (بۇ خىل قوشاقلار ئەمەلىيەتتە «ئانا قوشىقى» ئەللەي قوشىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بالىلار پەيدىن-پەي ئۆسۈپ يېتىلگەنسېرى بالىلار قوشاقلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. بۇ خىل بالىلار قوشاقلىرى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىلىشى ياكى ئوقۇلۇش ئارقىلىق ئويۇننىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، بالىلارنىڭ ھەۋىسىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ ھەم ئېغىزچە ئېيتىلىدىغان بىر خىل رىتىم (ئاھاڭ) بولۇپ، ئويۇن پائالىيەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئويۇننى تېخىمۇ جانلىق تۈسكە كىرگۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسىلەن، خەلق ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك تارقالغان «ھەرە تارتىش» قوشىقىدا مۇنداق كوبلېت-مىسرالار بار:

«تارتساڭ ھەرىنى، ئىتتىرىپ بېرەي مەن،
ئېگىل ئالدىڭغا، مەن غادىيالمايمەن،
تارتساڭ بىر قېتىم، ئىتتىرەي بىر قېتىم،
ھەرىكەتلىرىمنى تەڭكەش قىلاي مەن،
باللار تېزرەك چوڭ بولغىن؛
چوڭ بولغاندا ئۈچ، ئاق ئاتقا مىنىپ»

بۇ چوڭلارنىڭ كىچىك باللارنىڭ ئىككى قولىنى تارتىپ، قارىمۇ-قارشى ئولتۇرۇپ، بىر ئالدىغا بىر كەينىگە ئېگىلىپ-غادىيىپ، ھەرە تارتقانغا تەخلىت قىلغان ھالدا ئېيتىدىغان قوشىقىدۇر. بۇ خىل ئويۇننى ئوينىغاندا، ئادەتتە چوڭلار باشلامچى بولىدۇ. باللار دورىغاچ ئۆگىنىدۇ. يېشى سەل ئاشقان باللار پەيدىن-پەي چوڭلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرى ئاغىنە توپلاپ ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينىيالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن شەكلىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ باللار ئويۇنى قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ بارغانسېرى بېيىپ بارىدۇ. شەندۇق ئۆلكىسىدە تارقالغان «توپ ئۇرۇش قوشىقى»دا مۇنداق مىسرالار بار:

بىرنى ئۇرساق ھېچنىمە بولمىدى،
ئىككىنى ئۇرساق گۈللەر تارىدى.
ئۈچنى ئۇرغاندا ياغرىدى دۇمباق،
تۆتنى ئۇرساق بىشكە يارىدى.
ئىككى بەشتە چىقتى بوران.
ئىككى ئالتىدە، ئاشلىق بولدى مول؛
ئىككى يەتتىدە، شال ۋە گۈرۈچ؛
ئىككى سەككىزدە، ئېچىلدى مالەنخۇا-گۈل

ئېچىلىشنى ياخشى كۆرگىنىڭ،
يۈز بولدى مانا بۇ ياققا ئۆتكىن.

بۇ شۇ يەرلىك بالىلارنىڭ توپ ئوينىغاندا ئېيتىدىغان قوشىقى بولۇپ، ئۇلار توپ ئۇرغاچ بۇ قوشاقنى ئېيتىدۇ. ۋە ئۇنى دەۋر قىلىپ تەكرارلايدۇ. 2-قېتىم ئاخىرقى بىر مىسرا ئېيتىلغاندا «ئىككى يۈز بولدى بۇياققا ئۆتكىن» دېگەن سۆزلەر ئېيتىلىدۇ، باشقىلىرىمۇ شۇ بويىچە ئېيتىلىدۇ. بۇ خىل قوشاق ئويۇن ئوينىغۇچىلارنىڭ ھەۋىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تەپكۈچ تېپىش، رېزىنكىدىن سەكرەش، مۈكۈ-مۈكۈلەڭ ئويناش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارغا ماس كېلىدىغان بالىلار ئويۇنى قوشاقلىرى بار. بەزى رايونلاردا، بالىلار بەزى كىچىك ھايۋانلار ياكى قۇرۇت-قوڭغۇزلار بىلەن ئوينىغاندىمۇ مۇناسىۋەتلىك بالىلار ئويۇنى قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. مەسىلەن، سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى بالىلار يىڭناغۇچ تۇتقاندا كۆپىنچە يەنە «چۈشكىنە پەسكە» دېگەن قوشاقنى غىڭشىپ ئېيتىدۇ. «ھەي كۆزى پال-پال دىك قۇيرۇق مۈشۈك (يىڭناغۇچنىڭ باشقا ئىسمى)، چۈشكىنە پەسكە ئۇرمايمىز سېنى، تىللىماي ئويناپ بولۇپلا قويارمىز سېنى» گۈيجۇ ئۆلكىسىدىكى بالىلار پارقىراق قوڭغۇزنى تۇتقاندا ھەمىشە مۇنداق بىر قوشاقنى ئېيتىدۇ:

«پارقىراق قوڭغۇز نۇر چېچىپ كەچتە،
ئاسمانغا چىقساڭ چاقماق سوقۇدۇ؛
پەسكە چۈشسەڭ كۆيسەن ئوتتا،
تۆشۈككە كىرسەڭ يىلان چاقىدۇ؛
كەلگىنە تېزرەك قۇتقۇزاي سېنى،
ئىدىر ئايلانساڭ مۈشۈك تۇتىدۇ»

بۇ بالىلار قوشاقلىرىدا ھاشارەتلەر قىلىقلاندۇرۇلۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ خىلدىكى بالىلار ئويۇنى قوشاقلىرىدىن يەنە «ئالا كۆچۈك» «ئاي چوڭ ئانا»، «سۇ كالىسى» (قۇلۇلىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى) ۋە «سېغىز-خان» قاتارلىقلارمۇ بار.

2. بالىلارغا نەسىھەت قىلىش قوشاقلىرى

بالىلارغا نەسىھەت قىلىش قوشاقلىرى بالىلار تەربىيىسىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ بالىلارنىڭ بىلىمىنى بېيىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە تەسەۋۋۇرىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىدىيە، ياخشى ئىستىل، ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭمۇھىم قوراللىرىنىڭ بىرى. مەسىلەن:

«ئولتۇرۇڭلار تىزىلىپ،
مۇنىلەرنى يېيىشكە
بىرىنى مەن ئالىمەن،
بىرىنى قويۇپ سىڭىلگە؛
ئۇخلاپ قاپتۇ سىڭلىمىز
ئويغانغاندا بېرىشكە،

بۇ بالىلار قوشاقلىرىدىن ئېلىمىزدىكى ھەممە كىشى، ھەممە ئائىلىلەر خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك، ئۇ ئىنتايىن ئىخچام، ئاددى تىل ۋە ئاددى تەسەۋۋۇرىي ئۇسۇل ئارقىلىق شەخسى مەنپەئەتكە دائىر داۋلىنى چۈشەندۈرمەستىن، بەلكى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزئارا ياردەم قىلىشقا دائىر داۋلىنى چۈشەندۈرگەچكە، ئەۋلاتلىرىمىز ئارقا-ئارقىدىن تەربىيىلەنمەكتە. خۇبېي ئۆلكىسىدە تارقالغان «چاشقان بالىسى» دىگەن بىر بالىلار قوشىقىدا مۇنداق دىيىلىدۇ: «داۋازغا ئوخشاش بامبۇك ئۇستىدە، چاشقان بالىسى ئۆملەۋېتىپ، سىيرىلىپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ كەتتى، بىكاردىن-بىكار چىشنى چېقىپ، بامبۇك ياغىچى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، چاشقان يانپىشى كەتتى چېقىلىپ ھەي، سېنى!» بۇ قوشاقتىكى چاشقان بالىسى ئەمىلىيەتتە جاھىل، كەپسىزلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىمۋول قىلىنغان، ئىككى-ئۈچ ياشلىق بالىلارنى بولۇپمۇ ئوغۇل بالىلار كۈن بويى ئىگىز-پەس جايلاردا ئويناپ، بالايى-قازا تېرىيدۇ، شۇڭا چوڭلار بۇ خىل بالىلار قوشىقى ئارقىلىق ئۇنداقلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇ ھەم قىزىق، ھەم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۈنۈمى قاپاقنى تۈرۈۋېلىپ باشقىلارغا تەنبىھ بەرگەندىن كۆپ ياخشى بولىدۇ.

يۇقۇرىدىكى ئىككى خىل بالىلار قوشىقىدا ئەكس ئەتكەن رىياللىق خېلىلا كەڭ بولۇپ قالماستىن، بەلكى قىلىقلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن رىياللىق ئەگرى-توقاي يوللار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، بۇ خىل بالىلار قوشىقى بالىلارنىڭ كۈچلۈك ھەۋىسىنى قوزغايدۇ.

قىلىقلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل بەدىئىي ئۇسۇلنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۇزاق قەدىمقى دەۋردىن ئىزلەش كېرەك. ئومۇمەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى رىۋايەت بىلەن دىننىڭ پەيدا بولۇشى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك. يېقىنقى زاماندىكى پىسخولوگىيە تەتقىقاتى ئىسپاتلىدىكى بالىلار ئۆزلىرىنىڭ خىيال ۋە ئويۇنلىرىغا نىسبەتەن كۆپىنچە ھاللاردا بىر خىل ھەققى ئىشىنىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلغان ياكى ئويۇن ھالىتىگە كىرىدىغان بارلىق شەيئىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ سۆز ۋە ھىسسىياتلىرىنى تولۇق چۈشىنىدۇ دەپ بىلىدۇ. بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر بالىلار قوشاقلىرى قىلىقلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ مول، ئىچكى دۇنياسىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. لۇشۈن توپلىغان «گۈللۈك تامدىن سەكرەش» دىگەن بېيجىڭ بالىلار قوشىقىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«قوي-قوزىچاقلار سەكرىشەر تامدىن،
بۇزۇلسا گۇل تام، ئىشەك سۈركىلەر؛
چوشقىلار ئۆتۈن توشار ئارتىلىپ ئىتلار،
ئىت بىلەن تىنماي ئوينىشار،
ئاسلانلار كاگدا قۇيرۇق چىشلىشىپ،
بىر بىرىنى هارماي قوغلىشار»

بۇ قىز باللار قوشىقىدىكى ئاشۇ كىچىك هايۋانلار گويا بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرىغا ئوخشايدۇ. قوزىچاقلار ئىنتايىن كەپسىزلىك بىلەن سەكرەپ ئويناپ يۈرۈپ گۈللۈك تامنى بۇزۇۋېتىدۇ، شۇ قوزىچاقتىن باشقىلىرىنىڭ هەممىسى ئالدىراش هالدا ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ كىچىك ئائىلە ئىنتىپاقلىق، دوستلۇق كەيپىياتىغا چۆمىدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر سەن باللارغا هىكايە ئېيتقاندا، هىكايىدىكى توخۇ، مۈشۈكلەر ئادەمدەك سۆزلىيەلمىسە، ئۇ هالدا باللاردا سەن ئېيتقان هىكايىغا نىسبەتەن هەۋەس قوزغالمايدۇ»[①] بۇ سۆزلەر گەرچە باللار قوشىقى ۋە خىيالىي هىكايىلار توغرىسىدا سۆزلەنگەن سۆز بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر هەقىقەتنى شەرهلەپ-قىلىقلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەدىبى ئۇسۇلنىڭ باللارنى تەسىرلەندۈرۈش ۋە تەربىيىلەش جەهەتتىكى مۇهىم رولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىر خىل ئەدىبى ئىپادىلەش شەكلى بولغان قىلىقلاندۇرۇشتا، تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنىڭ باشقا جەهەتلىرى زادى هىساپقا ئېلىنماي، كۆپىنچە تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنىڭ كىشىلەرنىڭ روهى هالىتىنى ئىستىل، هەركىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى جەهەتلەرنى تاللىۋېلىپلا مۇبالىغىلاشتۇرۇش ئاساسىدا تەسۋىرلىنىدۇ، دېل باللار «ئوي-

① لېنىن: «ئۇرۇش ۋە تېچلىق مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات» «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 3-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1960-يىلقى خەنزۇچە نەشرى 469-بەت.

ناپ مەجنۇن بولۇپ قالغاندەك»، پۈتۈنلەي خام-خىيال ۋە ئويۇن دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندا ۋاقىتىنچە باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەسۋىرلەنگەن ھېلىقى نۇختا، مۇقەررەر ھالدا، شۇ ئوبيېكتتا بار بولغان خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىك بولۇپ، شۇ خۇسۇسىيەتلەر قىلىنقلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى رىياللىق ئاساسىغا ئىگە قىلىدۇ ھەمدە بالىلارنىڭ ئويىنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلاندۇرىدۇ. يۇقۇرىدا تاللانغان ھېلىقى بالىلار قوشىقىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئائىلە ھايۋانلىرى، ئېشەكنىڭ ياغۇنچاق تارتىشى، مۈشۈكنىڭ كاڭغا چىقىشى قاتارلىقلار. بۇ شامال يېزىلىرىدىكى بالىلار ناھايىتى پىششىق بىلىدىغان نەرسىلەردۇر. ئەگەر چوشقىنى كاڭغا چىقىرىپ ياغۇنچاقنى مۈشۈككە ئىتتەرگۈزسەك بالىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. قىسقىسى بالىلار ئويۇنى قوشاقلىرى ۋە بالىلار تەربىيە قوشاقلىرىدىكى قىلىنقلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ كۆپلەپ قوللىنىشى بالىلار قوشاقلىرىغا خام-خىيال ۋە ياسالمىلىق سىڭدۈرگەن ھەم ئۇنى رىياللىق ئاساسىغا ئىگە قىلغان. شۇڭا بالىلار ئۇنى خام-خىيال دەپ ھېساپلىماستىن، بەلكى راس شۇنداق، راس شۇنداق بولغان دەپ ھېساپلايدۇ. يۈكسەك فانتازىيە بىلەن رىيال تۇرمۇشنىڭ ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلەشى — قىلىنقلاندۇرۇش ئۇسۇلىدىكى بەدىئىي كۈچنىڭ مەنبەدۇر.

### 3. تىلنى يېتىلدۈرۈش — چىنىقتۇرۇش قوشاقلىرى

يۇقۇرىدىكى ئىككى خىل بالىلار قوشاقلىرىدىن تاشقىرى، تىلنى چىنىقتۇرۇش قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل بالىلار قوشىغىمۇ بار. ئۇنىڭدا بىرقانچە قوش ئاھاڭلىق قاپىيەداش سۆز ئىبارىلار ياكى تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشاش ھەم يېقىن سۆزلەر مەقسەتلىك ھالدا يىغىنچاقلىنىپ ئاددى قىزىقارلىق شېئىرىي ئەسەر قىلىپ بىرلەشتۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە بالىلار ئۇنى ئوقۇغاندا ئاسانلىقچە ئۇچۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتالمايدۇ. مانا مۇشۇ خىلدىكى قوشاقلار بالىلارنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىنى چىنىقتۇرۇپ، ئېنىق سۆزلەيدىغان قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، شۇڭا بالىلار مۇنداق قوشاقلارنى ناھايىتى قارشى ئالىدۇ، «ئىشىكتىن چىقساق، ماڭىمىز ئون قەدەم، توخۇ تېرىسى بىلەن تېرە ئىشتان يامايمىز، توخۇ تېرىسى بىلەن تېرە ئىشتان يامايمىز، توخۇ تېرىسى بىلەن تېرە ئىشتاننى يامىماي قويمايمىز» بۇ بېيجىڭ رايونىدا تارقالغان بىر كۆبلېت تىل چىنىقتۇرۇش قوشىقى بولۇپ، ئاساسەن ئوخشاش ئاھاڭلارنىڭ تەكرارلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن. يەنە شياۋشىڭ رايونىدا تارقالغان بىر قوشاقتا مۇنداق مىسرالار بار:

«ئىگىز تاغدا بىر پىلەك،
ئېسىلغان مىس قوڭغۇراق،
شامال چىقسا جىرىڭلار،
چىقمىسا توختار، بىراق»

بۇمۇ ئاساسەن ئاھاڭداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن. بالىلارمۇ مۇنداق جۈملىلەرنى يېڭى ئوقۇشقا كىرىشكەندە كۆپىنچە خاتا ئوقۇپ قويۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتسىمۇ، لېكىن بىرقانچە قېتىم ئوقۇغاندىن كېيىن، توغرا ئوقۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

خەلق ئارىسىدىكى بالىلار قوشاقلىرى شەكىل، تۈزۈلۈش جەھەتتە ئومۇمەن بىرقەدەر ئاددىي ۋە قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇقىم شەكلى يوق. لېكىن كۆپلىگەن بالىلار قوشاقلىرىنىڭ ئەملىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پۈتۈن قىسمى ئۈچ سۆزدىن تەشكىل تاپقان قوشاقلار كۆپرەك سانىنى ئىگەللەيدۇ. بۇمۇ ئاساسەن بالىلارنىڭ ئاسان ئوقۇشى، ئاسان ئەستە قالدۇرۇشى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا شەكىللەنگەن بىر خىل قوشاقتۇر. بالىلار قوشاقلىرى تىل جەھەتتە ئاممىباپ، چۈ-

www.uyghurkitap.com

شىنىشلىك، جانلىق، قىزىقارلىق، رەتىملىرى ئوچۇق بولۇپ، ئېغىزدا ئېيتىشقا ناھايىتى ئەپلىك، بۇمۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مەھەممەت پولات

ياقۇپ قۇربان تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باپ داستانلار ۋە خەلق ئېپىك داستانلىرى

داستان (ئېپوس) ۋە خەلق ئېپىك داستانى خەلق شېئىر-قوشاقلىرىدىكى ۋەقەلىكى ئۇزۇن شېئىر-قوشاقلاردۇر. ئۇلار ئەمگەكچى خەلق (جۈملىدىن ئۇلارنىڭ كەسپىي سەنئەتكارلىرى) تەرىپىدىن كوللېكتىپ ئىجات قىلىنغان، ئېغىزچە تارقىتىلغان شېئىرىي چۆچەكلەردۇر①. شۇڭا بەزىلەر ئۇلارنى ۋەقەلىك شېئىر ياكى ۋەقەلىكى بار قوشاقلار دەپمۇ ئاتايدۇ.

داستان ۋە خەلق ئېپىك داستانى مەزمۇن جەھەتتە ئىنتايىن كەڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى، كۈرىشى، تارىخى، مەشھۇر قەھرىمانلار، مۇھىم ئىجتىمائىي ۋەقەلەر، ھەتتا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، قائىدە-يوسۇنلىرى قاتارلىقلار داستان ۋە خەلق ئېپىك داستانلىرىدا روشەن ۋە جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلار قوشاقچىلار قەلبىدىكى تەسىراتنى بىۋاستە ئىزھار قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان ئادەتتىكى خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىدۇ.

---

① شېئىرىي چۆچەكنى بەزىلەر خەنزۇچە ئاتىلىشىغا قاراپلا شېئىرىي ھېكايە دەپمۇ ئاتايدۇ (ت).

www.uyghurkitap.com

ئۇلارمۇ تەبىئىكى، لىرىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، لېكىن بۇ خىل لىرىكا مەلۇم ھېكايە سيۇژىتى ئارقىلىق؛ كونكرېت تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ۋە تۇرمۇش مەنزىرىلىرى ئارقىلىق؛ پېرسوناژلار ئوبرازىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق بېرىلىدۇ. شۇڭا، داستان ۋە خەلق ئېپىك داستانلىرىدا ئادەتتە ئۇزۇنراق سەھىپە، مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان بولىدۇ. ئۇلاردا ئىپادىلەش كۈچى مول بولغان شېئىرىي تىل ئىشلىتىلىپ، مول سيۇژىت ۋە جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق مۇئەييەن ئاساسىي تېما ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئادەتتە لىرىكىلىق قىسقا خەلق قوشاقلىرى ھازىر جاۋاپلىق بىلەن ئېيتىلىۋېرىدۇ، مۇنداق قوشاقلارنى نۇرغۇن كىشىلەر توقۇيا-لايدۇ، ئېيتالايدۇ؛ ھالبۇكى، داستان ۋە خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ سەھىپىسى ئۇزۇنراق، سيۇژىت تۈزۈلىشى (قۇرۇلمىسى) مۇرەككەپ-رەك بولغاچقا، ئۇلار بەزى مەشھۇر خەلق ناخشىچىلىرى (قوشاقچى-لىرى) تەرىپىدىن ساقلىنىدۇ، رەتلىنىدۇ ۋە ئېيتىلىپ تارقىتىلىدۇ.

بۇ خىل ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ئۇزۇن شېئىرلار ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش مەزمۇنىدىن قارىغاندا، داستانلار ھەرقايسى مىللەتنىڭ شەكىللىنىش چېغى — بالىلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاساسەن يىراق قەدىمقى زامان تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خەلق ئېپىك داستانلىرى بولسا ئاساسەن سىنىپىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان.

## بىرىنچى بۆلۈم داستان

تارىخىي داستان، خەلق ئېپىك داستانلىرى ئىچىدىكى كۆلىمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

زورراق بولغان بىر خىل قەدىمىي ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا شېئىرىي تىل ئارقىلىق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يەر-ئاسماننىڭ شەكىللىنىشى، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر رىۋايەتلىرى ھەمدە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، مىللىي ئۇرۇش ۋە مىللىي قەھرىمانلارنىڭ پارلاق تۆھپىلىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ مىللەتلەر تارىخى بىلەن بىرلىكتە ئۆسۈپ يېتىلگەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللىي داستان كۆپ ھاللاردا شۇ مىللەتنىڭ مەلۇم دەۋردىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان تارىخىدۇر.

## 1. تارىخىي داستاننىڭ① ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى

### (1) داستان ھەرقايسى مىللەتنىڭ شەكىللەنگەن چېغى — بالىلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن

داستان ئېپتىدائىي ئەپسانىلەرگە ئوخشاش تارىخ كاتېگورىيىسىدىكى ئەدەبىي ھادىسىدۇر. ئۇ مىللەتلەر تارىخى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي مەزمۇنلار مەدەنىيلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا داستان بولۇۋەرمەيدۇ. مۇئەييەن شەكىل سۈپىتىدە، ئۇ پەقەت ھەرقايسى مىللەتنىڭ شەكىللىنىش چېغى — بالىلىق دەۋرىدىلا بارلىققا كېلىدۇ. قەبىلىلەر ئۇرۇشىنى ئىپادىلەيدىغان قەھرىمانلىق داستانى شۇنداق، مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئالەمنىڭ يارىلىشىغا دائىر رىۋايەتلەر ھەققىدىكى داستان تېخىمۇ شۇنداق. مىللەتنىڭ شەكىللىنىش چېغى — بالىلىق دەۋرىدىكى ئادەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھەممىسىنى شائىر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا، ئەدەبىيات ئۆزىدە كېيىنكى چاغلاردىكىدەك ئىستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە مەزمۇنلارنى تېخى تەييارلىمىغان؛ پەقەت ئادەملەر كوللېكتىپ

① خەنزۇچە خەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا، تارىخىي داستان دەپ تەرجىمە قىلىنسىمۇ، ئۇيغۇرچىدا ئادەتتە داستان دەپ ئاتىلىۋېرىدۇ (ت).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەپەككۇرىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىپادىلىنىش شەكلىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ماركس داستانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋىشىدىكى تارىخىي شەرت-شارائىتلار ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «بەزى بەدىئىي شەكىللەرنى، مەسىلەن، داستانلارنى ئېلىپ ئېيتايلۇق، ھەتتا ھەرقانداق ئادەم ئېتىراپ قىلىدۇكى؛ بەدىئىي ئىشلەپچىقىرىش بەدىئىي ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن ھامان، ئۇلار يەنە دۇنيا تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ، كلاسسىك شەكىللەردە ئىجات قىلىنمايدۇ، شۇڭا سەنئەتنىڭ ئۆز ساھەسىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەزى بەدىئىي شەكىللەر پەقەت سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ راۋاجلانمىغان باسقۇچىدىلا مەيدانغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.»① ماركس ئېيتقان «بەدىئىي ئىشلەپچىقىرىش بەدىئىي ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن»دىن كېيىنكى دەۋر، بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدە شەخس كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ چىقىپ، يىگانە ھالدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بولغان دەۋرنى، يەنى ياۋايىلىق باسقۇچى ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدىكى دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسانلار مۇكەممەل، كوللېكتىپلىق تەپەككۇر شەكلى بىلەن ئەمەس، شەخس «توپ» ئۈستىدە ياكى سىرتىدا مۇستەقىل ھالدا يەككە-يىگانە ئىجات قىلىنىش شەكلى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. ئەگەر كىمكى يەنىلا ئەنئەنىۋى داستان شەكلى بويىچە يېڭى مەزمۇندىكى «داستان» ياراتماقچى بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ خىل بەدىئىي مەھسۇلات ماركس ئېيتقاندەك «دۇنيا تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ، كلاسسىك شەكىل»دىكى داستان بولماي قالىدۇ. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «...ھومېرنىڭ داستانلىرى ۋە بارلىق ئەپسانىلىرى—

---

① ماركس: «‹سىياسىي ئىقتىساتقا پىپەن›گە سۆز بېشى»، «ماركس ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 113-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

مانا بۇلار گرېتسىيلىكلەر ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدىنىيەت دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن ئاساسلىق مىراسلاردۇر.»[1] بۇنىڭدىن داستاننىڭ يەنىلا ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بەدىئى ئىجادىيەت شەكىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، كىمكى «قەدىمقى داستانلار بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدە بارلىققا كېلىشى مۇمكىن دەپ قارىسا، بۇ خۇددى زامانىمىزدىكى ئىنسانلار ياش قورامىغا يەتكەن ئادەملەردىن يەنە باللارغا ئايلىنىدۇ دىگەنگە ئوخشاش بىمەنىلىكتۇر.»[2] ئەلۋەتتە، داستان ئۇزاق جەريانىدا تارقالغان، ئۇ دەۋردىن دەۋرگە ئېيتىلىپ كەلگەچكە، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭغا كېيىنكى دەۋرنىڭ نەرسىلىرى سىڭىپ قېلىپ، مۇرەككەپرەك ئەھۋاللار پەيدا بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، ئۇ كېيىنكى ئادەتتىكى باللادا (ۋەقەلىك شېئىر)لاردىن پەرقلىنىدۇ. يېقىنقى زامانلاردا بارلىققا كەلگەن، مىللى قەھرىمانلار مەدھىيلەنگەن بەزى ۋەقەلىكى بەك ئۇزۇن شېئىرلارنى، مەسىلەن، موڭغۇللارنىڭ «گادا مېيدىن»، مياۋزۇلارنىڭ «جاڭ شيۇمېي ناخشىسى» قاتارلىقلارنى، گەرچە ئازتولا «داستان»دەك ھەجىمگە ۋە روھقا ئىگە دىيىلسىمۇ، تەلەپكە لايىق داستان دەپ ھىساپلاشقا بولمايدۇ (بۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى قىلچە ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس.)

(2) داستانلار ئەپسانىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

---

[1] ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 4 ـ توم، 22 ـ بەت.

[2] بېلېكىننا تاللانمىلىرى: «بېلىنسكى ماقالىلىرى»، يېڭى ئەدبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ خەنزۇچە 1958 ـ يىل نەشرى، 195 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

داستان ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەچكە، ئەپسانىلەر ۋە رىۋايەتلەر بىلەن تەبىئىي ھالدا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى مەزمۇنغا باي گۈزەل ئەپسانىلەر داستانلارنىڭ يېتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، داستانلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىشىگە قويۇق ئەپسانە تۈسىنى بەرگەن، ھەتتا دەسلەپكى دەۋرلەردىكى بەزى داستانلارنى شېئىرىي شەكىلدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەت دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. داستانلاردا ئادەم ۋە ئىلاھنىڭ ھەركەت قىلىقلىرى دائىم دىگۈدەك گىرەلىشىپ كەتكەن: ئادەم كېپىنچە سېھىرگەرلىك-جادىگەرلىك قىلىدۇ، ھەرخىل تۇسكە كىرىدۇ، ھەتتا ئۆلۈپ تىرىلىدۇ؛ ئىلاھمۇ كۆپ ھاللاردا ئىنسانلارغا خاس ھەركەت ۋە پەزىلەتلەر بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. جەڭ ئېتى، تۇقيا، زۇلپىقار، ھەتتا قۇش، ھايۋان، ھاشارەت بېلىقلارمۇ ئادەملەردەك ھېسسىيات-تۇيغۇ، ئىرادىگە، ياخشى-يامان پەزىلەتكە ۋە ئارزۇ-ئارمانغا ۋاھاكازالارغا ئىگە قىلىنىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەپسانىدىكىلەرگە ئىنتايىن ئوخشايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، داستان بىلەن ئەپسانىنىڭ ئىدىيىۋى مايىللىقى تامامەن ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. دەسلەپكى دەۋرلەردىكى داستانلاردا كۆپىنچە ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەسۋىرلەنگەن، باشتا تەبىئەت دۇنياسى كىشىلەر نەزىرىدە ئىلاھلاشتۇرۇلغان، ئادەملەر بىلەن تەبىئەتمۇ يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە قىلىنىۋېتىلگەن. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە راۋاجلىنىشىغا ۋە تەبىئەتنىڭ ئەمەلىيەتتە بوي سۇندۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى بارغانسېرى ئېنىق چۈشىنىۋالدى: ئۇلار ئۆزلىرىنى يەنىلا تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن، ئىلاھنىڭ بېقىندىسى دەپ قارىماي، بەلكى تەبىئەت دۇنياسى سىرتىدىكى مۇستەقىل ۋە ئىلاھقا قارشىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرستەلەيدىغان ئادەملەر دەپ قارايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، داستانلار تەرەققىياتى داۋامىدا، ئىلاھنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا ئادەملەر ئىگەللىدى، ئىلاھقا قارشى تۇرغۇچىلار كۆپ ھاللاردا يەنىلا ئىلاھلار بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىلاھ تونىنى كىيىۋېلىپ، ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ تىراگېدىيە ۋە كومېدىيىلىرىنى ئوينىدى. شۇڭا، كېيىنكى چاغلاردا، داستانلارنىڭ رىياللىقلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەپسانىلىق تۈسى بارغانسېرى يوقالدى. داستانلار ئەپسانە دۇنياقارىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئاخىرقى ھېساپتا يەنە ئەپسانە ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مانا بۇ — داستانلار بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىدۇر.

(3) داستان بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدە بىلىملىرىنىڭ يىغىندىسى

داستان قەدىمقى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرىشىنى، غايىسى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ، شۇ مىللەتنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە خوشنا قەبىلىلەر بىلەن بولغان كۈرىشىنىڭ تارىخى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا شۇ مىللەتنىڭ مىڭلىغان يىللار مابەينىدە توپلىغان ئەقىل-پاراستى ۋە تەجرىبىلىرى جەملەنگەن. ئۇنىڭدىكى گۈزەل بەدىئىي ئوبرازلار، ھەيۋەتلىك بەدىئىي قۇرۇلمىلار قەدىمقى خەلقلەرنىڭ غايەت زور شىجائىتى ۋە ئىجادىي قابىلىيىتى نامايەن قىلىنغان؛ ئۇنىڭ شېئىرىي تىلىدىكى پەلسەپە قائىدىلىرى بىلەن ئوبرازلىقلىقىنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۇ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، داستانلاردا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇن ھەقىقىي سۈرەتلىرى، مەسىلەن، مۇھاكىمە، سايلام، ئۇرۇشقا چىقىش، ئات بەيگىسى، ئوقيا ئېتىشىش، چېلىشىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىچىك خانىش تاللاش، قىز ئېلىپ قېچىش ۋە كىيىم-كېچەك، يىمەك-ئىچمەك، دەپنە قىلىش، تەزىيە بىلدۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرى بار. بۇلاردىن يىراق قەدىمقى زاماندىكى تارىخ، جۇغراپىيە، ھەربىي ئىشلار، تىببى ئىلىم، ئاسترونومىيە، دەسلەپكى دەۋرلەردىكى قول سانائىتى، ئۇندۇرمە ھالىتىدىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تەنتەربىيە، مۇزىكا قاتارلىقلارغا دائىر بەكمۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىۋالالايمىز. شۇڭا، داستانلار ئەدەبىيات شۇنىڭدەك تارىختۇر؛ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى ھەم ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تۇرمۇشىنىڭ قامۇسىدۇر.

(4) داستان بايانىنىڭ سەلتەنەتلىكلىكى

داستان چوڭ ھەجىملىك بەدىئى ئەسەر، شۇنىڭدەك قەدىمقى خەلقلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ۋەقەلەر كۆپ ھاللاردا ئۇرۇق-قەۋم تارىخى ۋە ئەجداتلار تەلىماتى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ كۆپىنچە چوڭ پائالىيەتلەر ياكى تەنتەنىلىك مۇراسىم ۋە تەزىيە-ماتەم مۇراسىملىرىدا ئېيتىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ سەلتەنەتلىككە ئىگە. ئۇنىڭ بايان قىلىنىش خۇسۇسىيىتى ۋە ئېيتىلىش ئىستىلى ناھايىتى تەمكىن، تۈزۈلۈشى ۋە پەسىيىشى-ئەۋجىگە چىقىشىمۇ پۇختا، ئېيتىلغاندا كىشىدە ھۆرمەت، ئىززەت-ئىكرام ھېسسىياتى قوزغايدۇ. مۇنداق سەلتەنەتلىكتە ئەجداتلارغا ئېتىقات قىلىش ۋە ئىپتىدائى ئەپسانە ھەم دىنىي ئىدىيە ئامىللىرى بار. بولۇپمۇ قەھرىمانلىق داستانلىرىدا باش قەھرىمانلارغا مۇقەددەس مىللىي روھ سىڭدۈرۈلۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تۇپرىقى، سىياسىي ۋە تارىخىغا ھۆرمەت ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بەزى ئەپسانە، دىنىي ئىدىيىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەيۋىتى كۈچەيتىلگەن. ئەلۋەتتە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىنكى دەۋرلەردە ئېيتىلغاندا، بۇ خىل سەلتەنەتلىكلىك، روشەنلىكى، بارغانسېرى ئاجىزلاشقان، كىشىلەر ئىدىيە جەھەتتە ئۇنى ئۇنچىۋالا مۇقەددەس دەپ قارىمايدىغان بولغان. لېكىن ئەسەرنىڭ ئۆزى، خىسلىتى يەنىلا سەلتەنەتلىك.

دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ داستانلىرى بار: ئېيتايلۇق، قەدىمقى گىرېتسىيىنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا»، قەدىمقى ھىندىستاننىڭ «رامايانا»، «ماخاباراتا»، گېرمانىيىنىڭ «نىبورونگىن ناخشىسى»، فىنلاندىيىنىڭ «كەيلەيۋېرا» ۋە ئەرمىنىيىنىڭ «ساسۇنلار ئەۋلادى داۋىد» قاتارلىقلار دۇنيا ئەدەبىيات غەزىنىسىدىكى گۆھەرلەردۇر. ئېلىمىزدىكى ئەللىكتىن ئوشۇق مىللەتنىڭ نۇرغۇنىنىڭ ئارىسىدا بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ئاغزاكى خەلق داستانلىرى ياشاپ كەلمەكتە، بۇ بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتىمىزنىڭ ئىپتىخارى.

ئەكس ئەتتۇرگەن مەزمۇنغا ئاساسەن، داستانلار ئىككى چوڭ خىلغا بۆلۈنىدۇ: ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى داستانلار ۋە قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار.

### 1. ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى داستانلار

ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى داستانلارنى بەزىلەر «ئىپتىدائىلىق»قا ئىگە داستانلار ياكى ئەپسانىۋى داستانلار دەپمۇ ئاتايدۇ. دېمەك، بۇ بىر مىللەتنىڭ ئەڭ دەسلەپ كوللېكتىپ ئىجات قىلغان ئۇزۇن سەھىپىلىك ئەسىرىدۇر. ئۇنىڭدا شۇ مىللەتنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۇرمۇش سۈرەتلىرى، شۇ مىللەتنىڭ ئالەمدىكى مەۋجۇداتلار ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە نىسبەتەن بالىلىق دەۋرلەردىكى ھەر خىل ئىزاھلىرى ۋە كۆزقاراشلىرى مەڭگۈ ساقلىنىپ قېلىشتىن تاشقىرى، يەنە كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭدىكى گۈزەل ئەپسانىلەر، مول تەسەۋۋۇرلار، ئالاھىدىلىككە باي

www.uyghurkitap.com

ۋە كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ھىكايىلەر (ۋەقەلەر) ۋە ئاددىي-جانلىق شېئىرىي تىل شۇ مىللەتنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئەقىل-پاراستى ۋە ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىدۇ. ئېلىمىزدىكى ناشى مىللىتى، ياۋزۇ مىللىتى، بەيزۇ مىللىتى ئارىسىدا تارقالغان ھەر خىل «ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى قىسسە»، يىزۇ مىللىتىنىڭ «مېيگې»، «ئاشلىقلار ناخشىسى»، شۇنىڭدەك «مياۋزۇ قەدىمقى ناخشىلىرى» قاتارلىقلار مۇشۇ خىلغا ياتىدىغان داستانلار.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردا ئاساسەن قەدىمقى كىشىلەر پەرەز قىلغان ۋە كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن يەر-ئاسمان، ئاي-كۈنلەرنىڭ شەكىللىنىشى، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ھەرخىل دىخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، شۇنىڭدەك دەسلەپكى دەۋر جەمىيىتىدىكى كىشىلەر-نىڭ تۇرمۇشى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئورتاق، ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىگى: ئۇلاردا «ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ بالىلىق دەۋرى»گە خاس «ساددىلىق» ئىنتايىن ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. داستانلاردا ھەرخىل ئاجايىپ شېرىن خىياللار ۋە بالىلارچە ساددا ئىزاھلار تولۇپ-تاشقان. ئادەملەر تەبىئەت قوينىدا ياشىغاچقا، يەر-ئاسمان، ئاي-كۈن، تاغ-دەريا، كۆل-دېڭىز، شامال، يامغۇر، گۈلدۈرماما، چاقماق، قۇشلار، ھايۋانلار، ھاشارەتلەر، بېلىقلار، گۈل-گىيا، ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخ... ۋاھاكازالار ھەر دائىم ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نەدىن پەيدا بولغان؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە سەۋەبچى بولغان، شۇڭا، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى، تۇرمۇشى، كۆرىشى داۋامىدا شەيئى-لەرگە نىسبەتەن كۆزىتىشى ۋە بىلىشى (تونۇشى) ئاساسىدا ھەر خىل تەسەۋۋۇر ۋە پەرەزلەرنى قىلغان: ناشىلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئۆي سىلىشتا تۇۋرۇك ئىشلىتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۇرمۇش تەجرىبە-

لىرىگە ئاساسەن: ئەڭ دەسلەپكى يەر-ئاسمان ئارىلىشىپ كەتكەن،
ئىلاھىنىڭ تۇقـقۇز ئاكا-ئۇكا، يەتـتە ھەدە-سىڭىللىرى «شەرققە
دىڭىز قۇلۇلىسى تۇۋرۇكىنى، جەنۇپـقا تاش تۇۋرۇكىنى، غەرپكە
گۆھەر تۇۋرۇكىنى، شىمالغا ئالتۇن تۇۋرۇكىنى، ئوتتۇرىغا ئاسماننى
تىرەيدىغان چوڭ تۆمۈر تۇۋرۇكىنى تىكلەپ، يەر بىلەن ئاسماننى
ئايرىغان، دەپ پەرەز قىلىغان. قەدىمقى مياۋزۇ خەلقى بولسا:
بۇلۇت بىلەن تۇمان جۇپلىشىپ، كىيتى ۋە لىتى دىگەن ئىككى
چوڭ قۇشنى تۇققان، بۇ ئىككى چوڭ قۇش جۇپلىشىپ، ئاسمان ۋە
يەرنى تۇققان، شۇنىڭدىن كىيىن پالتا بىلەن چىپىپ، قازاندا قاينە-
تىپ يۇمۇلاق قىلىپ، بامبۇك خادىسىنى تىرەك قىلىپ، ئاندىن يەر
بىلەن ئاسماننى ئايرىغان؛ لىكىن بامبۇك خادا چىڭ بولمىغاچقا،
«ئاسمان تەۋرىنىپ، يەر چىڭ تۇرماي، ئاسمان غۇلىغان، يەر
گۇمران بولغان»؛ شۇڭا يەنە ئالتۇن-كۈمۈش يۆتكەپ كىلىپ،
ئالتۇن-كۈمۈش تۇۋرۇكلەر ياساپ، ئاندىن يەر بىلەن ئاسماننى
ئايرىپ، ھازىرقى ھالىتىگە كەلتۈرگەن، دەپ ئاجايىپ
تەسەۋۋۇرلارنى قىلىغان. ئادەملەرنىڭ كىلىپ چىقىشى ھەققىدىكى
ئىزاھلارمۇ ھەرخىل: «مياۋزۇ قەدىمقى ناخشىلىرى»دا ئىيرەن
بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۇرۇغى، شۇڭا ئادەملەرمۇ شۇنىڭدىن تۆرەل-
گەن، دەپ قارىلىدۇ. ناشلار بولسا، قۇشقاچ باللىرىنىڭ تۇخۇمدىن
چىققىدىغانلىغىدەك تەبىئەت ھادىسىگە ئاساسەن، بىرىنچى ئەۋلات
ئادەم — فىنىيمىنىنىرىن دىڭىز تۇخۇمىدىن تۆرەلگەن، دەپ قىياس
قىلغان. تاغ-دەريالار، ئاي-كۈن، ئۇچار قۇشلار، ھايۋاناتلارنىڭ
شەكىللىنىشى ۋە پەيدا بولۇشىغا دائىر ئىزاھلار تىخىمۇ مول ۋە
ھەر خىل. «مىيگىپ»دا مۇنداق دىيىلىدۇ: «قەدىمقى زامانلاردا
ئاسمان بىلەن يەردە ھىچنىمە يوق بولۇپ، قۇپ-قۇرۇق ئىدى،
شۇڭا ئادەملەر بىر يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ، يولۋاسنىڭ سۆڭىگى

بىلەن ئاسمانىنى تىرىگەن، قالغان سول كۆزىدىن كۈننى، ئوڭ كۆزىدىن ئاينى، بۇرۇتىدىن كۈن نۇرىنى، چىشلىرىدىن يۇلتۇزلارنى، قوسىقىدىن دېڭىزنى، قېنىدىن دېڭىز سۈيىنى ياسىغان، چوڭ ئۈچەيلىرى چوڭ دەريا، كىچىك ئۈچەيلىرى ئېرىق-ئۆستەڭ،... تېرىسى يەر پوستى، يىرىك تۈكلىرى دەل-دەرەخلەر، يۇمشاق تۈكلىرى ئوت-گىيالار، ئىنچىكە تۈكلىرى شال مايسىلىرى، ئىچكى ئەزالىرى مىنېراللار، قۇيرۇغىدىكى پىتلىرى چوشقا، ئات، كالا، قويلارغا ئايلانغان.» بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ ئىزاھلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي شۇ جايلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇلار گەرچە «رېئاللىقنىڭ ئىلمىي ئىنكاسى» بولمىسىمۇ، لېكىن «ھېساپسىز، مۇرەككەپ رېئال زىددىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆزگىرىشى كىشىلەردە پەيدا قىلغان ساددا، قىياسىي ۋە سۇبيېكتىپ-خىيالىي ئۆزگىرىشلەردۇر»①. بۇ ئالاھىدە تەسەۋۋۇر ۋە مۇبالىغىلەردە، بىر تەرەپتىن، قەدىمقى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ئالدىدا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش يۈزىسىدىن پەيدا بولغان يۈرەكلىك خىياللىرى نامايەن قىلىنغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجى تەرەققىي قىلغان تارىخى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى شەرھىلەنگەندە، ئەمگەكنىڭ ماددى دۇنيانى ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق ئاساس قىلىنغان، شۇڭا ئۇلاردا يەنە ئاددى ماتېرىيالىزم ئامىللىرى تولۇپ-تاشقان. ئەلۋەتتە، بۇ خىل خام خىياللار ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا،

---

① ماۋ زېدۇڭ: «زىددىيەت توغرىسىدا»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 1-توم، 592-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باللارچە، سۈيۈپتۇ، ئۆلمەي بولمىغان خام خىياللارمۇ بار.

ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى داستانلارنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدە-لىكى شۇكى، ئۇلاردا ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، ئالەمنى يارىتىپ ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرى ۋە ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان روھى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. مەيلى ناشى مىللىتىنىڭ «ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدە قىسسە»سى ياكى يىزۇ مىللىتىنىڭ «مېيگې» دېگەن داستانى ۋە ياكى مياۋزۇ مىللىتىنىڭ «قەدىمقى ناخشىلىرى» بولسۇن، ھەممىسى ئادەمنىڭ ئىجاتكارلىق روھىغا ئۇقۇلغان ئۇلۇغۋار مەدھىيە. «مياۋزۇ قەدىمقى ناخشىلىرى» دىكى «كۈن ۋە ئاينى ياساش» ھەققىدىكى ناخشا ھەقىقەتەن كىشىگە غەيرەت-شىجائەت بېغىشلايدۇ. تۇمەنلىگەن شەيئىلەرنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، مياۋزۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى نى-نى ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، تاغ-داۋانلار ئېشىپ، ئالتۇن-كۈمۈش يۆتكەپ كېلىدۇ. ئاندىن «توقۇز داۋاننى ئوچاق، توقۇز سۈمبىنى شامال ساندۇغى، كىرانتىنى بازغان، تاغ چوققىسىنى سەندەل، تاشلارنى ياغاچ، كۆمۈر شاخارنى دانىكا، تاغ قىرىنى تاسما، ساينى تۇتقا قىلىپ»، كۈن ۋە ئاينى ياساشقا كىرىشىدۇ: «ئاستا ئۇرسا بازغاننى، چىقىدۇ شامال-بوران؛ قاتتىق ئۇرسا بازغاننى، تاخلايدۇ تاغۇ-داۋان؛ چۆچۈپ قاتتىق ھۆكۈرەر، گۈلدۈرماما خۇداسى، قىلسا پەريات سۇ ئىلاھى، كۆككە يېتەر ساداسى»، «ئالمىشىپ ئىشلەر ھارسا، توختىماس ئىشلار زادى، ئۇيسىلىقمۇ، تاماقمۇ، ئۇنتۇلۇپ قالار بارى». بۇ نىمىدېگەن ئېگىلمەس قەيسەر ئىرادە-ھە! كۈن ۋە ئاي ياسالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاسمانغا كۆتىرىپ چىقىش ئۈچۈن ئادەم تاللىنىدۇ: بىرىنچى قېتىمدا لىگۈڭ چىقىدۇ، ئۇ تاغ باغرىدىن تىپىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ؛ ئىككىنچى قېتىمدا شيۇگتيەن چىقىدۇ، ئۇمۇ مۇۋەپپەقىيەت

قازىنالمايدۇ؛ ئاخىرىدا، «قەيسەر ئەزىمەت ئاشۇلىڭۋاڭ، قويۇۋېلىپ كۈننى بېشىغا، ئارتىۋېلىپ ئايىنى مۈرىسىگە، باغلاپ سامان يولىنى بەلگە، يۇلتۇزلارنى سېلىپ يېڭىگە، ئايھاي-ھاي دەپ سېلىپ سۈرەن، چىقتى ئۇقتەك ئۇچۇپ ئاسمانغا». شۇنداق قىلىپ، ئاخىر قارا بۇلۇتلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئاسمان دەرۋازىسىنى ئېچىپ، گۈلدۈرماما خۇداسىنى قايىل قىلىپ، ئاي ۋە كۈننى جايىغا قويىدۇ. بۇمۇ نەقەدەر ئاجايىپ جاسارەت دېسىڭىزچۇ! ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئۆلمەس ئىجاتكارلىق روھىمۇ خۇددى ئاي بىلەن كۈندەك مەڭگۈ ياشاۋاتامدۇ؟ بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى تاغلاردىن ھالقىغان، دەريالارنى كەچكەن، ئاسمان قەرىگە چىققان ۋە يەر تەكتىگە چۆشكەن، ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەت، خەۋپ-خەتەر، توسالغۇلارمۇ ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇشتىكى غەيرىتى ۋە ئىگىلىك يارىتىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىگەن. مۇنداق قىزغىن ئىنتىلىش ئىلاھىنىڭ جەننەتكە كىرىشى بىلەنلا ئاخىرلىشىپ قالمىغان، بەلكى پۇختا ئەستايىدىل ئەمگەك ۋە كۈرەشكە ئايلاندۇرۇلغان. ناشلارنىڭ «ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدە قىسسە» دېگەن داستانىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: كەلكۈن توختىغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ئۆلۈپ تۈگەپ، پەقەت سۈگرېن لىئېنلا تىرىك قالدى. ئۇ قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق چېگرىسىدا چېنخۇڭ باۋبەي پەرىزات بىلەن ئۇچراشتى ۋە بىر بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىرلىكتە ئاسمانغا چىقىپ، ئاسمان ئىلاھى زىلاۋ ئاپۇدىن تۇمەنلىگەن شەيئىلەرنىڭ ئۇرۇغىنى سورىدى. زىلاۋئاپۇ سۈگرېن لىئېنلارنىڭ ئىنسانلار دۇنياسىدا يېڭىۋاشتىن بەختىيار تۇرمۇش يارىتىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، ھەرخىل تۇزاقلارنى قۇردى. لېكىن سۈگرېن لىئېن قەتئىي تىز پۈكمىدى، ئۇ ئاخىر ئۈچ تامچە يولۋاس سۈتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ ئاسمان ئىلاھىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئاپۇ ھاڭ-تاڭ قېلىپ، ئۆزىنىڭدىن: «سەن قايسى ئىرقدىن؟ سەن كىمنىڭ ئەۋلادى؟» دەپ سورىدى. سۈگرىن لىشىن مەغرۇرانە: «مەن توققۇز قات ئاسماننى ئاچقان توققۇز ئاكا-ئۇكىنىڭ ئەۋلادى، مەن يەتتە قات يەر تەكتىنى ئاچقان يەتتە ئاچا-سىڭىلنىڭ ئەۋلادى، مەن ئاق دېڭىز قۇلۇلىسى شىرنىڭ ئەۋلادى، مەن ئالتۇن پىلنىڭ ئەۋلادى... ھەر قانداق قانخور ئۆلتۈرەلمەيدىغان، ھەرقانداق چاققۇچىمۇ چېقىپ گۇمران قىلالمايدىغان ئىرقدىنمەن! دەپ جاۋاپ بەردى». نەتىجىدە، ئاسمان ئىلاھى نائىلاج ئۇرۇقنى، ھايۋانلارنى ۋە ئۆي قۇشلىرىنى بېرىدۇ، سۈگرىن لىشىن ئايالى بىلەن بىرلىكتە ئىنسانلار دۇنياسىغا قايتىپ كېلىپ، يۇرتىنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈپ، ئەۋلاتلىرىنى كۆپەيتىپ، بەختىيار گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدۇ. تەگداشسىز مۇنداق قەھرىمانلىق جاسارەت ھازىرغىچە كىشىلەر قەلبىگە ئىلھام بېرىدىغان بەدىئىي سېھرى كۈچكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ئەمگەكچى خەلقلەر ئۆز قوللىرى بىلەن دۇنيانى ياراتتى، شۇڭدەك تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇشتىكى ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنىمۇ مۇشۇنداق ئۆستىلىق بىلەن داستانلارغا پۈتتى. بۇ داستانلار تەسىرلىك ئەپسانە رىۋايەتلىرى بىلەن كىشىلەرگە بەدىئىي، ئىستېتىكىلىق ھوزۇر بېغىشلاپلا قالماستىن، بەلكى ئاز ئۇچرايدىغان قىزغىن ۋە ئاددى تىل ئارقىلىق «ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك قىياپىتى»نى ھەقىقى ۋە جانلىق گەۋدىلەندۈرگەن، ھەرقايسى مىللەت ئەجداتلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي تەرەققىياتنى ئەگرى-توقاي ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ كېيىنكى دەۋردىكى ھەرقانداق ئۇلۇغ ئەدىپمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدىغان تارىخىي پەۋقۇلئاددە تۆھپىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2. قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار

بۇ مىللىي قەھرىمانلارنىڭ كۆرىشىگە دائىر ھېكايىلەر (ۋەقەلەر) ئاساسىي تېما قىلىنغان داستانلار. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە بۇ خىل داستانلار بار. مەسىلەن، قەدىمقى گىرېتسىيىنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا»، ئەرمېنىيىنىڭ «ساسسۇنلار ئەۋلادى داۋىد» قاتارلىق داستانلىرىنى بۇ جەھەتتىكى مەشھۇر ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە ئەسەرلەر دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە، جادىگەرلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، جىن شەيتانلارنى بوي سۇندۇرغان، زالىملارنى يوقىتىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلارمۇ نۇرغۇن. مەسىلەن، زاڭزۇلارنىڭ «گېسار»، موڭغۇللارنىڭ «گېسېر»، «جاڭگىر» ۋە قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانى قاتارلىقلار.

قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى داستانلارغا قارىغاندا كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن. ئېنگېلس ئۇنى «ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى» دەۋرى ياكى «قەھرىمانلار دەۋرى»① دەپ ئاتىدى. ئۇ چاغلاردا، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى يېمىرىلىش ئالدىدا تۇرغان، دۆلەت بىلىنەر-بىلىنمەس ھالدا شەكىللىنىۋاتقان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، قەدىمقى ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى يەنىلا كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە؛ سىنىپىي بۆلۈنۈش بولسىمۇ، تېخى ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى. چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىقتەك بەزى مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى شەكىللىرى بارلىققا كەلگەنلىكتىن، ئىنسانلار كوللېكتىۋىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى نەچچە ھەسسە

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 104-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشتى. ئۇرۇق، قەبىلە تەدرىجى ھالدا راۋاجلىنىپ، تەبىئەتكە ۋە يات مىللەت دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرالايدىغان چوڭ كوللىكتىپ بولۇپ شەكىللەندى، بۇ چوڭ كوللىكتىپ قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلارنىڭ ھەقىقى ئاساسىي قەھرىمانلىرىدۇر. خۇددى گوركى ئېيتقاندەك: «تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇشنىڭ دەسلەپكى غەلىبىلىرى ئۇلاردا بىخەتەرلىك ھېسسى، ئىپتىخارلىق ۋە يېڭى غەلىبىگە نىسبەتەن ئۈمىت پەيدا قىلدى ھەمدە ئۇلارنى قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلارنى يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى»①، بۇنىڭدىن مەقسەت بۇ كۈرەش بىلىملىرى ياكى ئەمگەك تەجرىبىلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈش ئىدى. شۇڭا، «قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار خەلقنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنىڭ غەزنىسى»②.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەرقانداق بىر ئەدەبىيات تۈرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى تاسادىپى بولمايدۇ. ئۇ رەسمى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، خېلى ئۇزاق تەييارلىق جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇ ئاساسەن زاۋالغا يۈز تۇتقاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ خېلى ئۇزاققىچە قالدۇق تەسىرى بولىدۇ. شۇڭا، داستانلار جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچىدا كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن مىللەتلەر شەكىللىنىش دەۋرىدە، ھەتتا دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە، يەنىلا كىشىلەر تەرىپىدىن داۋاملىق يارىتىلىدۇ، بۇ تامامەن

---

① گوركى: «ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ تارمار بولۇشى»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى 2 ـ توپلام 54 ـ بەت.

② گوركى: «ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ تارمار بولۇشى»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توپلام 54 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇمكىن. ياۋروپادىكى كېيىنرەك تەرەققى قىلغان بەزى مىللەتلەرنىڭ داستانلىرى، ئالايلۇق، فىنلاندىيىنىڭ «كەيلەيۋېيرا»، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ شىمالدىكى قەھرىمانلار ھەققىدىكى بەزى داستانلار، مەسىلەن «ماناس» داستانى قاتارلىقلار ئومۇمەن مۇشۇ خىل ئەھۋالغا ياتىدۇ.

قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مىللەتلەر ئارا ئەۋج ئالغان ئۇرۇشلار، شۇنىڭدەك شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا، قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلاردا ئايرىم ئادەملەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەركەتلىرى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قەبىلە، مىللەتنىڭ تەقدىرى، ئەينى زاماندىكى پۈتۈن قەبىلە، مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە ۋە ئىرادىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مانا بۇ قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن.

بىرىنچى، داستانلاردىكى قەھرىمانلار ئومۇمەن مىللىي روھنىڭ سىمۋولى. گېسار ۋە گېسېر باللىق چاغلىرىدا ناھايىتى ئاددىي چارۋىچىلار بولۇپ، ۋاڭ-بەگ ياكى پادىشا-خاقان بولغاندىن كېيىنمۇ مال-چارۋىلارنى باققان؛ ئۇلارنىڭ كېيىنكى خانىشلىرى، ئۇرۇق-تۇققانلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ھالدا كالا سېغىش، قىغ يىغىشتەك ئائىلە ئەمگەكلىرىنى زىممىسىگە ئالغان. بۇنىڭدىن ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش سۈرەتلىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ قەھرىمانلار ئۆز مىللىتى خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۆمۈر بويى ئۇرۇشقا چىقىپ، زالىملارنى يوقىتىپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلغان. ئۇلار ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار ئىچىدە، زوراۋانلىققا قارشى قوغدىنىش يۈزىسىدىن قايتۇرما زەربە بەرگەن ئۇرۇشلارمۇ، تارقاق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جازا يۈرۈشلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ قوشقان تۆھپىلىرىنى، كۆپ ھاللاردا، شۇ مىللەت خەلق-لىرى نەچچە يۈز يىل ھەتتا نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، گېسار زاڭزۇ خەلقىنىڭ غايىسىدىكى باتۇرلۇق، كۈچ-قۇدرەت ۋە ئەقىل-پاراسەت سىمۋولى. ئۇ قەلەم ۋە ئەلەمدە كامالەتكە يەتكەن، ئاجايىپ كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، خوشنا ئەلنى يات مىللەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، پۈتۈن خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ، خورگو، جياڭگو، مىنگو، داشىيەگو قاتارلىق ئاجاۋۇزچىلارنى ئىلگىرى-كېيىن مەغلۇپ قىلىدۇ. گېسار زاڭزۇلارنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ سىمۋولى، زاڭزۇ خەلقىنىڭ ئىپتىخارى بولۇپ قالىدۇ. «گېسار» داستانى بىلەن «ئوخشاش مەنبەلىك تارماق ئېقىم» بولغان موڭغۇل-لارنىڭ «گېسىر» داستانىمۇ موڭغۇل خەلقىنىڭ غايىسىنىڭ جەۋھىرى-دۇر. گېسىر ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ئون چوڭ ئاپەتنى ۋە كۈچلۈك-لەر ئاجىزلارنى يەيدىغان نامۇۋاپىق ئەھۋالنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئىنسانلار دۇنياسىغا چۈشىدۇ. ئۇ تۇغۇلۇپلا مەخسۇس بۈۋاقلارنىڭ كۆز قارچۇغىنى چوقۇپ يەيدىغان ئالۋاستى قاغىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرىدۇ، بۈۋاقلارنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىدىغان لامانى تۇتىدۇ، كۈننى توسىۋالىدىغان يالماۋۇز ۋە ئادەملەرنى تىرىكلا يۇتۇۋېتىدىغان ئالا چىپار يىرتقۇچ يولۋاس قاتارلىق جانلىق مەخلۇقاتلارنى ئۆلتۈرىدى-غان جىن شەيتانلارنى يوقىتىدۇ؛ شۇنىڭدەك تاغىسى چۈتۈك — دۈشمەنگە سېتىلغان خائىن، ياۋۇز سەردارغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىدۇ. ئاخىر، ئۇ ئانىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئاخىرەتكە ئېتىلىپ كىرگىنىدە، «ياماراجا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئىككى قولىنى چىڭ باغلاپ، توقسان توققۇز بۆرە چىشلىق توقمىقى بىلەن باش-كۆزىگە ئۇرۇۋېرىدۇ»، ئۇرا-ئۇرا ياماراجا ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ىلاپ ـ چاشقان جىنغا ئايلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ. گېسىر تەبىئەتكە ۋە ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى دۈشمەنلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەشلەر داۋامىدا، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەيرىتى ۋە باتۇرلۇغىنى كۆرسىتىدۇ، بارلىق زالىم كۈچلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئىقتىدارسىز بولۇپ قالىدۇ. گېسىر خەلق كۈچ-قۇدرىتىنىڭ مەركەزلىك ۋەكىلى. داستاندا ئاشۇنداق تەسۋىرلەرنىڭ بولۇشى تاسادىپى ئەمەس، «چۈنكى خەلق داستان پېرسوناژىنى يارىتىپ، كوللېكتىپ تەپەككۇرىنىڭ بارلىق ئىقتىدارىنى مۇشۇ پېرسوناژغا ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئىلاھقا قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان ياكى ئىلاھ بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان قىلدى»①. دەل مانا بۇ داستانلارنىڭ خەلقچىللىقىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېسىرنىڭ قەھرىمانلىقىدىن ئىنسانلارنىڭ ئىلاھ ئۈستىدىن غەلىبە قازانغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز. ئەلۋەتتە، قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلارمۇ ئەپسانىلەر تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن. مەسىلەن، داستانلاردا كۆپىنچە قەھرىمانلارنىڭ قۇدرەتلىكلىكى ئۇلارنىڭ ئىلاھتىن كېلىپ چىققانلىقى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. گېسار، گېسىرلار خۇدانىڭ ئوغۇللىرى، ئۇلار ئىنسانلار دۇنياسىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىدۇ، لېكىن ئىلاھتىن كېلىپ چىققانلىقى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن ئىلاھلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ تەسۋىرلەردىن «ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىزلىرى»نى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. داستان قەھرىمانلىرىنىڭ مۇنداق ئومۇمخەلقچىللىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقناپ تۇرىدىغان ئەپسانە نۇرى، قەھرىمانلار ھەققىدىكى

---

① گوركىي: «ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ تارمار بولۇشى»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توپلام 55 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داستانلارنىڭ يېقىنقى زامانلاردا بارلىققا كەلگەن قەھرىمانلار ھەققىدىكى ئۇزۇن ناخشىلاردىن پەرقلىنىدىغانلىغىنى، ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ بىر خىل بەدىئى شەكلى ئىكەنلىگىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار كۆپ ھاللاردا مەلۇم تارىخىي ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇ بىرقەدەر ھەقىقى تارىخىيلىققا ئىگە. قەدىمقى گىرىتسىيىنىڭ «ئىلىئادا» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن گىرىتسىيلىكلەر بىلەن تروياللىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئەمىلىيەتتە بولغان؛ «گىسار» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇن ئۇرۇشلاردىمۇ ئەمىلىيەتتە مىلادى 7-ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭخەي-شىزاڭ ئىگىزلىگىدىكى قەبىلىلەرنىڭ تارقاقلىقتىن بىرلىككە كەلگەنلىگى ئاساسەن يىغىنچاقلانغان؛ ماناس ئەۋلاتلىرىنىڭ قىلغان ئۇرۇشلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىدىنمۇ قىرغىزلار تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ بەزى ئىزلىرىنى كۆرگىلى، ھەتتا قىرغىز خەلقىنىڭ تيانشان ئەتراپلىرىغا كۆچكەن يولىنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىختا ھەركەت قىلغان رايونلىرىنى ئومۇمەن تاپقىلى بولىدۇ. لېكىن شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلاردا تارىختىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ۋە يەرلەرنىڭ ئىسمى ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تارىخىي شەخس ۋە ۋەقەنىڭ ئەسلى ئۆزى بولۇشى ناتايىن. چۈنكى ئۇ كوللىكتىپ تەپەككۇرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشى ۋە يىغىنچاقلىشىدىن ئۆتكەن. بۇ خىل كوللىكتىپ بەدىئى يىغىنچاقلاش ئاساسلىق تارىخىي تەرەققىياتنى ھەقىقى يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن، بولۇپمۇ ئۇ ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئەڭ توغرا ئىجتىمائى مۇناسىۋەت تارىخى، ئائىلە تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماتېرىياللار ناھايىتى قىممەتلىك.

ئۈچىنچى، قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ ئۈلگىسى.

قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار بىر مىللەت خەلقىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. بۇ خىل كوللېكتىپ تەپەككۇرنىڭ مۇكەممەللىكى ئۇنى «ھازىرغىچە يەنىلا ئېشىپ كەتكىلى بولمايدىغان، ئىدىيىسى بىلەن شەكلى پۈتۈنلەي ماسلاشقان يۈكسەك گۈزەللىككە ئىگە قىلدى»①.

چوڭ تېمىلار ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەيۋەتلىك، جەلپ قىلارلىق بولۇپ، ۋەقەلەر بەزىدە ئاسماندا، بەزىدە ئىنسانلار دۇنياسىدا، بەزىدە دوزاقتا، بەزىدە جەننەتتە يۈز بېرىدۇ. تەپسىلىي بايان ۋە قويۇق لىرىكا گىرەلىشىپ كېتىدۇ: ئاجايىپ شېرىن خىياللار، كۆركەم كۆرۈنۈشلەر، كارامەت مۇبالىغىلەرمۇ بار، ھەقىقىي ئىنسانلار دۇنياسى تۇرمۇشىنىڭ توغرا تەسۋىرلىرىمۇ بار. مانا بۇلار ۋەقەلەرنىڭ ئەگرى-توقاي ئۆزگىرىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىنى بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ.

شېرىن خىياللار بىلەن رىياللىقنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى پېرسوناژلار ئوبرازىدا گەۋدىلەنگەن. گەرچە ئادەم بىلەن ئىلاھ ئارىلىشىپ كەتكەن، يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھ بولسىمۇ، قەھرىمانلىق بىلەن ئەپسانە رىۋايەتلەر كۆپ ھاللاردا گىرەلىشىپ كەتكەن؛ لېكىن قەھرىمانلار ئوبرازى ھەرخىل رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، مەسىلەن، تەسەممىيات قىلىپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىش، قان كېچىپ جەڭ قىلىش، كۆڭۈل قىيماسلىق بىلەن

① گوركىي: «ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ تارمار بولۇشى»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى 2-توپلام، 55-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايرىلىش، مەرتلەرچە قۇربان بولۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق كونكرېت يارىتىلغان. شۇڭا، داستانلاردىكى قەھرىمانلار خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە غايىسىگە ۋەكىللىك قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلۇق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ كۆپىنچە ناھايىتى ئېنىق؛ ئوخشاشلا كىيىشارنىڭ پىشقەدەم ۋەزىرلىرى بولغان قەيسەر ۋە چۇس جىياچاشىيالۇ بىلەن چاققان-چەبدەس، ئەقىل-پاراسەتلىك دەنماشياگىچا بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ؛ ئوخشاشلا ئۆسمۈر قەھرىمان-باتۇر ۋە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئاگىجىك يۇيدانىڭ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، بۈيۈك ئىرادىلىك، نىيەنچا ئادەن بولسا بىر ئاز شەخسى ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان، قىزىققان؛ ئوخشاشلا پاك ساھىپجامال قىزلاردىن بولغان لەيجىك ھەممىلا جايدا ساداقەتلىكنى ئىپادىلەيدۇ، چىزۇڭ شىيى بولسا كۆپرەك يۇرەكلىكلىكنى نامايەن قىلىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ مەردانىلىقى، كۆرۈنەرلىك جەڭ تۆھپىلىرىنى ئەتراپلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا، داستانلاردا قەھرىمانغا، ئۇچقۇر ئاتقا، زۇلپىقارغا ۋە قەھرىمان تۇغۇلغان يۇرتقا چوڭ-چوڭ سەھىپىلىك قىزغىن مەدھىيىلەر ئوقۇلغان. بۇ تەسۋىرلەردە داستانلار تېخىمۇ مەردانە، ھەيۋەتلىك ۋە كىشىنى جەلپ قىلارلىق خىسلەتكە ئىگە قىلىنىپ، مىللى تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدە سېھرىي كۈچى نامايەن قىلىنغان.

داستانلار ئاساسەن سۆزلەش-ئېيتىش شەكلىدە، تىلى شېئىرىي ۋە نەسرى شەكلىدە بولۇپ، بىر تەرەپتىن سۆزلەنسە، بىر تەرەپتىن ناخشا-غەزەل سۈپىتىدە ئېيتىلىدۇ. داستان شېئىرلىرى ئىچىدە كۆپىنچە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ماقال-تەمسىللەر بولىدۇ، بۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ باشقا شەكىللىرىدە ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا بەزىلەرنىڭ قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلارنى خەلق تىلىنىڭ غەزنىسى دەپ ئاتىشى ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇغراپىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شارائىتى، تىل ۋە ئۆرپ-ئادىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ داستانلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىر داستاننى بىر مەزگىل، بىر دەۋر ياكى ئاز سانلىق ئادەملەر ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. داستانلار ئەڭ دەسلەپتە خەلق ئارىسىغا تارقاق تارقالغان ۋەقەلىك قوشاقلار بولۇپ، خەلقلەر ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا، بەزىلىرىنى ھەتتا بىرنەچچە ئەسىر ئېيتىپ، ئۈزلۈكسىز پىششىقلاش، تولۇقلاش ۋە قوشۇش ئارقىلىق تەدرىجى شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. داستانلار تارقىلىش جەريانىدا، ئۇلارغا ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى، كۈرەشلىرى ۋە تەسىراتلىرىغا ئاساسەن يېڭى ماتىرىياللارنى قوشۇپ، يېڭى تۈس بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ «نىبوروڭگىن ناخشىسى»دىكى نۇرغۇن قەھرىمانلار مىلادى 4-، 5-ئەسىردىكى مىللەتلەر كەڭ كۆلەمدە كۆچكەن دەۋر قەھرىمانلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئون ئىككىنچى ئەسىرگە تالىق؛ «نىبوروڭگىن ناخشىسى» رەسمىي تۈزۈلۈپ، نۇسخىسى بېكىتىلگەن چاغدا بولسا، ئۇنىڭغا ئون ئىككىنچى ئەسىر-دىكى فېئوداللىق جەمىيەتنىڭ ۋە رىتسارلار مەدەنىيىتىنىڭ تونى كىيدۈرۈلدى. شۇڭا، بۇ داستانلارنى قازغان ۋە رەتلىگەن چاغدا، چوقۇم ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش، تارقىلىش جەر-يانىدىكى مۇرەككەپ ئامىللارغا دىققەت قىلىش، يېڭىلىك بىلەن يەكۈن چىقارماسلىق، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان نۇقتىئىنەزىرى بويىچە، شۇنىداق بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، بەزى مەزمۇنلارنى قوشماسلىق ياكى چىقىرىۋەتمەسلىك لازىم. داستانلارنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قىممىتى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەن ۋە ئىزلەنگەن چاغدىمۇ،

ئۇلارنى ياراتقان مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدىكى بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا تارىخىي ۋە ئىلمىي باھا بېرىش، داستانلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى بۈگۈنكى كۈندىكى سىياسىي ئۆلچىمىز بويىچە ئۆلچە-مەسلىكىمىز كېرەك. ئالايلۇق، داستانلاردا ئىلاھقا قىلىنغان نۇرغۇن تائەت-ئىبادەتلەر، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە قىلىنغان قاراقچىلارچە ھۇجۇملار، يات مىللەت قولىدىن خوتۇنلىرىنى بۇلىۋې-لىش ياكى پادىشالىق ئورنىنى تالىشىشتىن كېلىپ چىققان ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ ئۆز ئارا قىرغىنچىلىقلىرى، شۇنىڭدەك قەدىمقى پەرھىز ئىدىيىلىرى قاتارلىقلار بار. مانا بۇلار بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىمەنىلىكتەك، ھەتتا خەلققە قارشىدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن بۇ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي شارائىتتا دائىم ئۇچرايدىغان، ئۆرپ-ئادەتكە ئۇيغۇن بولغان نورمال ھادىسىلەر.

داستانلار بۈگۈنكى ئىنسانلارغا مەڭگۈ تەقلىت قىلىدىغان نەمۇنىلەر قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بەزى ماھىيەتلىك قىياپىتىنى ھەقىقىي تۈردە گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر. داستانلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان «پىششىپ يېتىلمىگەن ئىجتىمائىي شەرت-شارائىتلار» مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى گۈدەكلىكى ۋە ساددىلىقى بولسا داستانلاردا مەڭگۈ پاك ھالدا نامايەن بولىدۇ. ئەتىمالىم، دەل مۇشۇنداق نۇقتىدىن چىقىپ، ماركس داستانلار ھازىرغىچە «يەنىلا بىزگە بەدىئىي ھوزۇر بېغىشلىيالايدۇ، بەلكى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، يەنىلا بىر خىل قېلىپ ۋە يەتكىلى بولمايدىغان ئۆلگىدۇر»① دىگەن بولسا كېرەك.

① ماركس: «‹سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدى›گە كىرىش سۆز»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2-توم 114-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈم خەلق ئېپىك داستانلىرى

بۇ بۆلۈمدە سىنىپىي جەمىيەتتە بارلىققا كەلگەن خەلق ئېپىك داستانلىرى بايان قىلىنىدۇ.

## I. ئېلىمىز خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ ھەر قايسى مىللەت خەلق ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىياتى ئوخشاش ئەمەس.

خەنزۇلارنىڭ خەلق ئېپىك داستانلىرى بالدۇرراق بارلىققا كەلگەن. شاڭ ۋە جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ئېپىك داستانلارنىڭ ئۇندۇرمىلىرى بارلىققا كەلگەن. «شېئىرنامە» دىكى خوتۇنلىرىنى تاشلىۋەتكەنلىك مەزمۇن قىلىنغان «شەرق شامىلى» ۋە «سەھرالىق» دېگەن مەشھۇر ئىككى شېئىرنى خەلق ئېپىك داستانىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى (مودېلى) دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. «شەرق شامىلى»دا ئاقكۆڭۈل، مۇلايىم بىر ئايالنىڭ ئېرى تەرىپىدىن ناھەق تاشلىۋېتىلگەنلىگى ھېكايە قىلىنىدۇ؛ «سەھرالىق»تا بولسا، بىر مەجنۇن ئايالنىڭ بەختسىز نىكاغا قارىتا غەزەپلىك شىكايىتى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئىككى شېئىرنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولسىمۇ، پېرسوناژلىرى خاراكتېرىدا پەرق كۆرۈنۈشكە باشلىغان. لېكىن پەقەت ئىپتىدائىي شەكىلدىنلا ئىبارەت بولغاچقا، ۋە قەلىك ئاددىي، بايان ئازراق، ئاساسەن لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ خەلق قوشاقلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، خەلق ئېپىك داستانلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. خەلق قوشاق-

لىرىدا كۆپىنچە قايغۇ-خۇشاللىق، ۋەقەنىڭ سەۋەپ-نەتىجىسى ئىزھار قىلىنغان، شۇڭا، ئۇرغۇنلىرى قويۇق ئىجتىمائىيلىققا ئىگە ۋەقەلىكى بار قوشاق-ناخشىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: «شەرقىي دەرۋازا»، «ئون بەش ياشتا ئەسكەر بولۇش»، «ئاياللار كېسەللىكى»، «يېتىم بالا»، «تاقىقا چىقىپ مۈۋ (چۈەنشيۇڭ) مايسىسى يىغىش» ۋە «ئېتىز يولىدىكى ئۈژمە» قاتارلىقلار. بۇ شېئىرلار دەسلەپكى سەۋىيىدە ئېپىك داستان ھەجمىگە ئىگە بولغان، ئۇلاردا لەرىكا بىلەن بىرلىكتە بايانىي تەركىپلەرمۇ كۆپەيگەن. ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ۋەقەلىكلەر ئەتراپلىق، باش-ئاخىرى ئىزچىل ھالدا بايان قىلىنماي، تۇرمۇشتىكى زىددىيەت قارىمۇ-قارشىلىقلارنى تولۇق ئېچىپ تاشلىيالايدىغان بىر-ئىككى جەھەتلا تاللىنىپ مەركەزلىك سۈرەتلەنگەن، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت ۋە روھىي ھالەتنى كونكرېتراق تەسۋىرلەشكە دىققەت قىلىنىشقا باشلىغان. مەسىلەن، «ئاياللار كېسەللىكى» دە كېسەل ئايالنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ ئېرىگە قىلغان ۋەسىيىتى ۋە خوتۇنى ئۆلگەندىن كېيىن ئېرىنىڭ شەھەرمۇ-شەھەر كېزىپ، ئۇرۇق-تۇققان، يار-بۇرادەرلىرىگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، يېمەكلىك سېتىۋالغانلىقى ۋە ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن «يېتىم بالىسىنىڭ يىغلاپ ئانىسىنى ئىزدىگەنلىكى» قاتارلىق ئەڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈستىدىن قانلىق شىكايەت قىلىنىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، خەنزۇلارنىڭ خەلق ئېپىك داستانلىرى تەدرىجىي ھالدا پىشىپ يېتىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى جيەنئەن دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن «تاۋۇسلار ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇپقا» دىگەن ئېپىك داستان ئېلىمىز ئېپىك داستانلىرىنىڭ شانلىق تەرەققىياتى. بۇ

شېئىر ئەپىس-يېقىملىق، ۋە تەسىرلىك بولۇپ، «كىشىنى يۇخادىن چۆچۈتىدۇ، ئەقىراتلىرى تەسۋىرلىنىۋاتقان ئۇنىلغان ئادەمنىڭ ئىغىز تىلى تەلەپپۇزى ۋە قىياپىتىگە ئوخشايدۇ»①. پېرسوناژلار، ئىندىۋىدۇئاللىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۈرەتلىنىش ئارقىلىق، فېئودالىق ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ جىنايەتلىرى ۋە فېئودالىق ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىنىڭ ئادەمخور ماھىيىتى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلانغان؛ لىيۇلەنجى، جياۋ جۇڭچىڭلارنىڭ مۇھەببەتكە ساداقەتلىكلىكى ۋە فېئودالىق زۇلۇمغا قارشى كۈرەش روھى مەدھىيەلەنگەن. پۈتۈن شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى (كومپوزىتسىيىسى) پۇختا، ۋەقەلىكى دولقۇنسىمان راۋاجلانغان بولۇپ، بۇ شېئىر ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى خەلق ئەدەبىياتىدا ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ئەسەردۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، «مولەن توغرىسىدا باللادا» دېگەن يەنە بىر ئۆلمەس داستانمۇ بارلىققا كەلدى. بۇ شېئىرنىڭ سۆزلىرى مەردانە، مىسرالىرى جاراڭلىق بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تارقىلىش جەريانىدا، ئۇنى ئەدىبلەر ياكى خەلق سەنئەتكارلىرى پىششىقلاپ ئىشلىگەن ياكى قىسقارتقان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ يەنىلا ئېلىمىزنىڭ شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ مەردانە خىسلىتىنى ساقلاپ قالغان.

سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن، خەنزۇلارنىڭ خەلق ئېپىك داستانلىرى داۋاملىق راۋاجلانغان ھەمدە ئەدىبلەر ئېپىك داستاننىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ، دائىملىق تەتبىق قىلىنىدىغان شەكىلگە ئايلىنىپ،

---

①شېن دېچيەن تۈزگەن «قەدىمقى شېئىرلارنىڭ مەنبەسى»نىڭ 4-تومىدىكى باھا سۆزگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئارقىلىق تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە پېرسوناژلار ھېكايىلىرى ئېيتىلغان (مېڭ جياڭنۈي ھەققىدە ئېيتىلىدىغان ھەرخىل ناخشىلار ۋەقەلىكى ئۇزۇن ناخشىلارنىڭ خەلق ئارىسىدا تەدبىق قىلىنىشىدۇر)؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىساتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شەھەرلەرنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، خەلق ئېپىك داستانلىرى تەدرىجىي ھالدا سۆزلەش-ئېيتىش يولىغا قاراپ راۋاجلانغان. بۇنىڭ ئومۇمەن مۇنداق بىرنەچچە سەۋەبى بار: بىرىنچىدىن، خەلق ئېپىك داستانلىرىدا ئەسلىدىلا ناخشا سۈپىتىدە ئېيتىلىدىغان ئاملار بار، بولۇپمۇ قوشاقلار ئەزەلدىنلا ئاھاڭغا (مۇزىكىغا) چۈشىدۇ، بۇ ئىچكى سەۋەپ. ئىككىنچىدىن، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، جېنگۇەن يىلنامىسىدىن كەييۈەن يىلنامىسىغىچە بولغان يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدىكى ئارام ئېلىپ ئۆزنى ئوڭشىۋېلىشقىچە، مەملە-كەت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك مىسلىسىز گۈللەندى، خەلقارا-دىكى سودا، باردى-كەلدى كۈنسايىن راۋاج تاپتى. بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيە ساھەسىدە جانلىنىش ۋە ئەر-كىنلىك شەكىللىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزنىڭ چەتئەللىكلەر بىلەن بولغان مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ئۆزئارا مەدىنىيەت سىڭدۈرۈشىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇددا دىنىنىڭ نۇتقى ۋە ئايەتلىرىگە تەبىر ئېيتىش ئاساسىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولغان يېڭى ئەدەبىي ژانىر — «ئۆزگىرىشچان ژانىر» تەدبىقلىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلدى. «ئۆزگىرىشچان ژانىر» شېئىر ۋە نەسىر ئارىلىشىپ كەلگەن، سۆزلەشكىمۇ، ئېيتىشقىمۇ بولىدىغان شەكىلدۇر. بۇ خىل ژانىر ۋەقەلەرنى بايان قىلىشقا ناھايىتى باپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەستە ساقلاش ۋە ئېيتىشقا ئەپلىك، ئاڭلىغۇچىلارنى بەك جەلپ قىلالايدىغان بولغاچقا، ئۇ تېزدىنلا خەلق ئەدەبىياتى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۆزگىرىشچان ژانىر باشتا پەقەت نەزىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكتى
www.uyghurkitap.com

چىراقلارنى تەسۋىرلەش-بايان قىلىشتىن باشلاپ، تەدرىجى ھالدا چۆچەك، رىۋايەتلەر مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مانا بۇ خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ تەدرىجى ھالدا سۆزلەش، ئېيتىش تۈسىنى ئالغانلىقىنىڭ باشلىنىشى. مەسىلەن: «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى»دىكى بەزى سەھىپىلەرنىڭ مەزمۇنى خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرىدىن ئېلىنىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مۇكەممەل ۋەقەلىككە، بىر قەدەر جانلىق بەدىئىي ئوبرازغا ئىگە، تىلى ئېغىز تىلىغا يېقىن، ئېغىزغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە، بۇنىڭ ئىچىدىكى «دۇگيۇڭ ماقاللىرى»، «قالغاچ نەزمىسى» قاتارلىقلار قويۇق خەلق ئەدەبىياتى پۇرىقىغا ئىگە ئېپىك داستانلاردۇر. ئۈچىنچىدىن، سودا-سانائەتنىڭ كۈندىن-كۈنگە راۋاجلىنىشى ۋە شەھەر ئاھالىسى ئەدەبىياتىنىڭ تەدرىجى گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ئەسلىدە يېزىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ناخشا-داستان ئوقۇيدىغان بەزى خەلق ناخشىچىلىرى، سەنئەتكارلىرى ئۆزلۈكسىز تۈردە شەھەرگە كىرىپ، قەدەممۇ-قەدەم كەسپىي ياكى يېرىم كەسپىي ناخشا-داستان سۆزلەيدىغان ۋە ئوقۇيدىغان سەنئەتكارلارغا ئايلاندى. خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى مۇشۇ سەنئەتكارلار قولىغا ئۆتۈپ، ئاستا-ئاستا سۆزلىنىدىغان-ئېيتىلىدىغان ئەدەبىيات — دۇمباق نەزمى (ئەلنەغمىنىڭ بىر خىلى)نىڭ ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. شۇڭا بەزىلەر بىر قىسىم دۇمباق نەزمى، چالغۇ نەزمى، ھەتتا بەزى ساراي مۇقاملىرىنى بەزى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئات باشلىق غىجەك، دۇمبۇرا، ئۈچ تارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ ئاھاڭىغا تەڭكەش قىلىپ سۆزلىنىدىغان ۋە ئېيتىلىدىغان (ئوقۇلىدىغان) ئېپىك داستانلىرىغا ئوخشىتىدۇ؛ بۇ خىلمۇ خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتى دەپ قارايدۇ، بۇ خىل قاراشنىڭ داۋلىسى يوق ئەمەس.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، خوبېينىڭ چۇڭگىياڭ ئەتراپلىرىدا ئەينى زاماندىكى دىخانلار قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۈرگەن تاغ ناخشىلىرى تىپىدىكى داستان «جۇڭجيۇنىڭ ئاشلىق توشۇشىنى قالايمىقان قىلىشى» ۋە جىڭ شيۇيىڭ بىلەن خۇسەنباۋنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن تاغ ناخشىلىرى تىپىدىكى داستان — «چۇڭگىياڭدىكى بىر جۈپ نىلۇفەر» بارلىققا كەلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «چۇڭگىياڭدىكى بىر جۈپ نىلۇفەر»نى ئەڭ دەسلەپتە جىڭ شيۇيىڭ بىلەن ئۇرۇقداش بولغان تۆمۈرچى جىڭ سىدي فېئوداللىق ئۇرۇق-جەمەتنىڭ بۇ بىر جۈپ ئوغۇل-قىزغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، تاغ ناخشىسى شەكلىدە ئېيتىپ، غەزەپ-نەپرىتىنى ئىزھار قىلغان؛ بىر تەرەپتىن توقۇپ، بىر تەرەپتىن ناخشا قىلىپ ئېيتقان، كېيىن تارقىلىپ، تەدرىجى ھالدا داستان بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇنىڭدىن بۇ داستانلارنىمۇ كىشىلەر ناخشا شەكلىدە ئېيتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتى غەزىنىسىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېپىك داستانلىرى ئالاھىدە نۇر چېچىپ كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ؛ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر، خەنزۇ مىللىتىگە ئوخشاش ئەمگەكچان، باتۇر ئىجاتكار ۋە ئىنقىلاۋىي روھقا باي مىللەتلەر. ئۆتمۈشتە، ئۇلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە فېئودال مۇستەبىتلىك، ئىرقىي زۇلۇم ۋە جاھانگىرلارنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشى ئاستىدا ياشىغان، بىرمۇنچە رايونلاردا مىللەتلەر ھەتتا ئازاتلىق ھارپىسىدىمۇ ئىپتىدائىي قالاقلىق ھالىتىدە تۇرغان. نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۆز يېزىقى، تارىخىي كلاسسىك ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ مەخسۇس يازغۇچىلىرى بولمىغان ئىدى. لېكىن ھەرقايسى مىللەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ۋە ئۆتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى، مىللەتنىڭ ياشىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان سان-ساناقسىز باتۇرانە ئاجايىپ كۈرەشلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ داستانلىرىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تارقىلىپ كەلدى. بۇ ئىنتايىن مول ۋە قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا قوشقان پەۋقۇلئاددە تۆھپىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىش ئىشىنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، داۋاملىق قېزىلىپ رەتلەنگەن خەلق ئېپىك داستانلىرى يۈزدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى موڭغۇللارنىڭ «گادا مېيرېن»، مياۋزۇلارنىڭ «جاڭ شيۇمېي ناخشىسى»، يىزۇلارنىڭ ئۇرۇغدىن بولغان سانىلىقلارنىڭ «ئاسما»سى، دەيزۇلارنىڭ «ئېبېك ۋە ساڭلو»سى، «قاپاقتا پۈتۈلگەن خەت»، «شيەنشيۇ»، «جاۋشۇتۇن»، «لاڭ جىڭبۇ»، «سۇڭ پامىن ۋە گاشىنا»سى ۋە خۇيزۇلارنىڭ «ماۋۇگې ۋە گا دۇمېي» داستانى قاتارلىقلار كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تونۇش ۋە قەدىرلىك بولغان مۇنەۋۋەر ئېپىك داستانلاردۇر. ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكىنى دۇنيا خەلق ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىمۇ ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن، نۇرغۇن خەلق شائىرلىرى (ئاقىنلار) ۋە ناخشىچىلىرى يەنە يېڭى ئېپىك داستانلارنى ياراتتى. مەسىلەن، موڭغۇللارنىڭ داستان سۆزلەيدىغان ۋە ئېيتىدىغان شائىرى مويخان ئىجات قىلغان ۋە ئېيتقان «تۆمۈر بۇقا» داستانىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئىچكى موڭغۇل يايلاقلىرىغا گۈللىنىش ۋە بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلگەنلىكى قىزغىن مەدھىيەلەنگەن؛ دەيزۇلارنىڭ مەشھۇر ناخشىچىلىرى كاڭ لاڭشۇەي، كاڭ لاڭيىڭ ۋە ئويۇيۇيېنلا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «دەيزۇلار ناخشىسى»، «لىۋشاخىپ دەرياسى ناخشىسى»، «ھەسەن ـ ھۇسەن» قاتارلىق بەزى ئېپىك داستانلارنى ئىجات قىلدى. بۇ ئۈچ ناخشىچى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ خەلققە سالغان دەھشەتلىك زۇلۇملىرىنى كۈچلۈك تۈردە پاش قىلغان؛ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دەيزۇ خەلقىنى بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە قىلغانلىقىنى مەدھىيىلىگەن. بۇ داستانلار خەلقنىڭ قەلب ساداسىغا مەركەزلىك ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شائىرلار ئۆز مىللىتى خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئەسەرلىرى روشەن مىللى تۈسكە ۋە قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، ئاساسەن يېڭى دەۋردىكى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ھىساپلىنىدۇ.

## II. خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ باشقا شەكىللىرىگە ئوخشاش، خەلق ئېپىك داستانلىرىمۇ ئىجتىمائى تۇرمۇشنى كەڭ ئەكس ئەتتۈرگەن. ئاددەملەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆتكۈرلەشتى ۋە كەسكىنلەشتى. فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلققە نىسبەتەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمى ئۆزلۈكسىز تۈردە خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. خەلق مۇقەررەر ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى مۇنداق ياكى ئۇنداق شەكىل ئارقىلىق داستانلاردا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇش كۆپ ساندىكى خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ ئەڭ روشەن باش تېمىسى بولۇپ قالغان.

بەزى ناخشا ـ قوشاقلار فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زالىملىقى ۋە ئاچكۆزلۈكىنى بىۋاستە پاش قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبىتى ۋە بەختسىزلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؛ بەزىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

خەلقنىڭ قەتئىي تىز پۈكمەس كۈرەش روھىنى مەدھىيىلىگەن؛ بەزىلىرى ئادالەتسىز تۈزۈمنىڭ ئادەملەرگە كەلتۈرگەن ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، خەلقلەرنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقتىن جاق تويۇپ، دانىشمەن پادىشانى ۋە تىنچ تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى ئەگرى-توقاي ھالدا ئىپادىلىگەن. بارلىق خەلق ئېپىك داستانلىرى ئىچىدە، فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاققا، فېئوداللىق نىكا تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش تېما قىلىنغان مۇھەببەت ۋە نىكا ھەققىدىكى ئېپىك داستانلار ئەڭ كۆپ. بۇلارنى تۆۋەندە ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

### (1) مۇھەببەت ۋە نىكا ھەققىدىكى ئېپىك داستانلار

بۇ خىل داستانلاردا مۇھەببەت ۋە نىكا مەسىلىسىدىكى زىددىيەت ھەم كۈرەشلەر ئارقىلىق، بولۇپمۇ مۇھەببەت ۋە نىكا پاجىئەلىرىنى ئېچىپ تاشلاش ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ ماتېرىيالى كۆپىنچە مۇھەببەت پاجىئەسىگە ئائىت ۋەقە-ھېكايىلەردىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي مەنبەسى بار. ئىنسانلار تېخى ئىپتىدائىي باسقۇچتا تۇرغان چاغلاردا، تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق مۇھەببەت يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا، خۇددى ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە ئېيتقاندەك: «ئادەملەر دۇنياغا كېلىپلا ئۆيلەنگەن — پۈتكۈل بىر توپ غەيرى جىنسلىقلار بىلەن جۈپلاشقان ئىدى». جۈپتىنىڭ كىملىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى، مانا بۇ ئىپتىدائىي توپ نىكا تۈزۈمى. كېيىن، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي توپنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ، توپ نىكا تۈزۈمى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ جۈپ نىكا تۈزۈمىگە ئايلىنىپ، ئاندىن ئەر-ئاياللار

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت باغلاش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان. لېكىن، قەدىمقى ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى يەنىلا قۇدرەتلىك ئىدى. شۇڭا، نىكالىنىش باشتىلا «بىر خىل سىياسى ھەركەت — يېڭىچە قۇدا بولۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچ-تەسىرىنى كېڭەيتىشنىڭ بىر خىل پۇرسىتى بولدى؛ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى ھەرگىز شەخسنىڭ ئارزۇسى بولماستىن، بەلكى ئائىلە نەسىنىڭ مەنپەئەتى ئىدى»①. شۇڭا، قەدىمقى زاماندا، نىكا ئىشنى كۆپىنچە ئاتا-ئانىلار ئۆز زىممىسىگە ئالاتتى، مۇھەببەت ئەزەلدىن قۇدا بولۇشۇشتا ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمىغان. مانا بۇ نىكا پاجىئەسىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان ئىدى.

ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمى ۋە بىر ئەر بىر خوتۇن ئېلىش تۈزۈمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، نىكا سودىسىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. «ھەتتا خوتۇن-قىزلارغىلا ئەمەس، ئەرلەرگىمۇ باھا بەلگىلەندى، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ شەخس پەزىلىتىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىگە ئاساسەن باھا بەلگىلەندى»② بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمىيىتىدە، ئىنتايىن مۇكەممەل فېئوداللىق نىكا تۈزۈمىمۇ شەكىللەنگەن، ئاتال-مىش «ئاتا-ئانىنىڭ بۇيرۇقى، ئەلچىنىڭ سۆزى»دىن ئىبارەت فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ھەممىگە چات كېرىۋېلىش تەدبىر-لىرى ياشلارغا سېلىنغان كىشەن ئىدى. ياش ئوغۇل-قىزلار غايىۋى

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 74 - 75 - بەتلەر.

② ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 75 - بەت.

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ۋە بەخت-سائادەتكە تەلپۈنگەچكە، مۇقەررەر ھالدا
فېئوداللىق ئائىلىنىڭ مەنپەئەتىگە تېگىپ، شۇنىڭ بىلەن فېئودال
كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە بېسقۇرۇشىغا ئۇچرايتتى، مانا بۇ
مۇقەررەر ھالدا سان-ساناقسىز مۇھەببەت-نىكا پاجىئەلىرىگە ئايلە-
ناتتى. شۇڭا، فېئودالىق جەمىيەتتە، نىكادىن قېچىش، نىكاغا قار-
شىلىق كۆرسىتىش، ئىشقى-مۇھەببەت يولىدا قۇربان بولۇش بەكمۇ
ئومۇمى يۈزلۈك ئىش ئىدى. تۇرمۇش پاجىئەلىرىنى ئەكس ئەتتۇ-
رۇش، كۈچلۈك مۇھەببەت-ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىش زۆرۈرىيىتى
تۇغۇلغاچقا، ئېپىك داستاندىن ئىبارەت بۇ شەكىل بارلىققا كەلگەن.
بۇنىڭدىن مۇھەببەت-نىكا مەسىلىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر،
ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى كۆپ ھاللاردا مەسىلىنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ، تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىلىق ۋە چوڭقۇر سىنىپىي كۈرەش
خاراكتېرىنى ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى
مەشھۇر خەنزۇ خەلق ئېپىك داستانى — «تاۋۇسلار شەرقىي جەنۇپقا
ئۇچماقتا» دىگەن ئەسەرنى تەبىئىكى بۇ خىل داستانلارنىڭ نەمۇ-
نىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۇ خىلدىكى
ئەسەرلىرى تېخىمۇ نۇرغۇن.

«ئېبىك ۋە ساگلو» دىڧۇڭ دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئەتراپىغا
تارقالغان ئېچىنىشلىق، تەسىرلىك ئېپىك داستان. ئېبىك ۋە ساگلو
بىر بىرىنى ھەقىقى تۈردە ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئائىلىسىنى باپ
كۆرمىگەچكە، ساگلونىڭ ئانىسى ئېبىكنى كۆزگە ئىلماي، ساگلونى
باي ۋە تومپاي ئابيەننى ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئېبىك مىڭ چاقىرىم
يىراق يوللارنى بېسىپ، ساگلونى ئىزدەپ كەلگەندە، ساگلونىڭ
ئانىسى يوقىلاڭ بانا-سەۋەپلەر بىلەن ئوغلىنى قاچۇرۇپ-
كەتكۈزۈۋېتىپ، ئېبىكنى تىل-ھاقارەت ۋە زەھەرلىك پىلان بىلەن
خورلاپ يۈرىكىنى قان قىلىدۇ. ئېبىك بۇ ئازاپقا چىداپ ئۆيگە قايتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كېلىپ، دەرت-ئەلەم دەستىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ساگلو بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كېلىپ، ئىبىگنىڭ يېنىدا ئۆلۈۋالىدۇ. ساگلونىڭ ئانىسى «ئىككى ئاشىق-مەشۇقنى مەڭگۈ كۆرۈشتۈرمەسلىك ئۈچۈن»، بىرجۈپ قەۋرىنى ئايرىۋېتىدۇ، كېيىن ئىككى قەۋرە ئۈستىدە يەنە يىلتىزلىرى تۇتاش قومۇش ئۆسۈپ چىقىدۇ. ساگلونىڭ ئانىسى يەنە قومۇشقا ئوت قويىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبىك ۋە ساگلو ئوت يالقۇنى ئىچىدىن كۆتىرىلىپ چىقىپ، مەڭگۈ ئۆچمەس ئىككى يۇلتۇزغا ئايلىنىدۇ. داستاندا ساگلونىڭ ئانىسىدىن ئىبارەت بۇ فېئوداللىق ئەقىدىنى قوغدىغۇچىنىڭ ياۋۇزلۇغى ۋە رەزىللىگى رەھىمسىز تۈردە پاش قىلىنىدۇ ھەم قامچىلىنىدۇ؛ خەلق ئۆچمەس يۇلتۇز ئارقىلىق ئىبىك بىلەن ساگلوغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ۋە مەڭگۈلۈك سېغىنىشىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئىبىك ۋە ساگلو ئۆزلىرىنىڭ ياش ھاياتى بىلەن ئادەمخور فېئوداللىق نىكا تۈزۈمىگە بولغان مەنسىتمەسلىكى ۋە قارشىلىغىنى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن بۇ يەنىلا ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق ئەمەس ئىدى. سانى خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر، ئۇزۇن سەھىپىلىك ئېپىك داستانى «ئاسما» نامايەن قىلغان تېما «ئىبىك ۋە ساگلو»غا قارىغاندا تېخىمۇ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەن.

«ئاسما» يىزۇلارنىڭ تارمىغى بولغان سانى خەلقىنىڭ نۇرغۇن پىششىقلاشلاردىن ئۆتۈپ تارقىلىپ ھازىرغا يېتىپ كەلگەن كوللېكتىپ ئىجادى. داستاندا مۇرەسسەسىز ئىككى ئىسيانكارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ئەقىللىق، چىرايلىق ۋە تىز پۈكمەس ئاسما-ئاجاۋنىڭ دىدىكى ئەڭ ياخشى قىز بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ساددا سىنىپىي ئېڭى ئاساسىدا ئەلچىگە توغرىدىن-توغرا: «سۆزۈك سۇنىڭ لاي سۇغا قېتىلغۇسى كەلمەيدۇ، باي ئۆيگە كۆڭلۈمنىڭ چېتىلغۇسى كەلمەيدۇ؛ كەلمەس قويىنىڭ بۆرىگە، ھەمرا بولۇپ تۇرغۇسى، باي ئۆيگە كۆڭلۈمنىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلمەس كېلىن بولغۇسى» دەيدۇ؛ رىبىۋبالا ئائىلىسىنىڭ تەھدىدى ۋە ئازدۇرۇشىغا قارىتا «ھىم» دەپ بۇرنىنى قېقىپ: «بولىسىمۇ تاغ-دەك ئاشلىغىڭ، رازى ئەمەس كېلىشكە، كۆز قىرىمنى سالماسمەن، ئالتۇنىڭغا. كۈمۈشكە» دەيدۇ. قامچا بىلەن قامچىلىسىمۇ، قاراڭغۇ زىندانغا سالسىمۇ، ئاسما: «تەگمەيمەنكى تەگمەيمەن، ئالالمايسەن ئىلكىڭگە» دەپ چىڭ تۇرىدۇ. قارا كۈچلەرنىڭ ياۋۇزلۇغى ئالدىدا ئاسما ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق قارشىلىغىنى بىلدۈرمەي، بەلكى: «رىبىۋبالا مۇشتۇمزور بولۇپ كەتسۇن قانچىلىك، ئاسماغا ئەبىدى، قول تەككۈزەلمەس كۆز سېلىپ» دىگەن قەتئى ئىشەنچتە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ باشتىن-ئاخىر كۆرەشنى توختاتمايدۇ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ: «قۇياش پېتىپ كەتسىمۇ، مەن تۇرارمەن شۇ پېتىم. بۇلۇت تارقاپ كەتسىمۇ، توختىماس دەم-تىنىنىم. روھىم ھەرگىز چۈشمەيدۇ، مەڭگۇ ياڭرار شات ئۈنۈم» دەپ ئەكس سادا ياڭرىتىدۇ. مانا بۇ مىسرالار ئاسما ئوبرازىنى ئوخشاش زاماندىكى شۇ خىل ئەسەرلەر پېرسوناژلىرىدىن يۈكسەكلىككە كۆتىرىپ، تېخىمۇ تىپىك ئەھمىيەتك ئىگە قىلىدۇ.

مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمىدا پادىشا بىلەن خانىش، شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ ئىشقى مۇھەببىتىگە دائىر ۋەقە (ھىكايىلەر) تەسۋىرلەنگەن، مەسىلەن، دەيزۇلارنىڭ «قاپاقتا پۈتۈل-گەن خەت»، «سۇڭ پامىن ۋە گاشىنا» داستانى قاتارلىقلار. داستان-لاردىكى ئىجابى قەھرىمانلار پادىشا ۋە خانىش، شاھزادە ۋە مەلىكە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خەلقلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار؛ ئۇلار خەلقنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپا-دىلەنگەن خەۋپ-خەتەرلەردىن قورقمايدىغان، كۈرەش قىلىشقا جۈر-ئەت قىلالايدىغان روھ، خەلقنىڭ زوراۋان ھاكىمىيەتكە قارشىلىغى، دانا پادىشالارنى ئارزۇ قىلىدىغانلىغى ۋە ئەركىنلىككە تەلپۈنىدىغان-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىغىدىن ئىبارەت گۈزەل غايىسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

### (2) سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللىي كۈرەش ئەكس ئەتتۈرگەن ئېپىك داستانلار

جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزۇن ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ئىگە. ئۆتكەن دەۋرلەردىكى خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ شانلىق تۆھپىلىرىنى ئەمگەكچى خەلق ھامان ئۆز ۋاقتىدا ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن تارىخقا پۈتتى، بۇنىڭ كۆپچىلىگىنى ئېپىك داستانلاردىمۇ ئەكس ئەتتۈردى. شىمالىي سۇلالە دەۋرىدىكى «مۇلەن توغرىسىدا باللادا»نى قەھرىمانلار ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئېپىك داستان دېيىشكە بولىدۇ.

«جۇڭجيۇناۋنىڭ ئاشلىق توشۇشنى قالايمىقان قىلىشى» (يەنە بىر ئىسمى «ئاشلىق توشۇشقا قارشى تۇرۇش قىسسىسى»)دا خۇبېينىڭ جۇڭشياڭ ناھىيىسىدىكى دېخانلارنىڭ جۇڭ رېنجې قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا، ئاشلىق باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلارغا قارشى، توپلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ قېتىمقى دېخانلار ھەركىتىنىڭ ئاشلىق (لەڭ) توشۇشقا قارشى تۇرۇشتىن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىشكىچە بولغان بارلىق تەرەققىيات جەريانى ھەقىقىي ۋە تارىخىي ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ چىڭ خاندانلىقىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، ئەمەلدارلارنىڭ زالىملىقى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ ئىسيان كۆتەرگەنلىكىدىن ئىبارەت رىياللىقنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان؛ دېخانلار رەھبەرلىرىدىن جۇڭ رېنجې قاتارلىقلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-پائالىيەتلىرى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. تارىخىي شەرت-شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «دالىجىن گۈلىنىڭ خۇش ھىدى پۇرار تەرەپ-تەرەپتە، قەھرىمانلارنىڭ نام-نىشانى ئۆچمەس مەڭگۈ-ئەبەدكە» دېگەندەك، كېيىنكى ئەۋلادلارغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن تاشقىرى، موڭغۇل خەلقىنىڭ ھازىرقى زامان قەھرىمان-لىرى ھەققىدىكى داستانى «گادا مېيرىن» مۇ دىخانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن ئېسىل ئەسەر. بۇ ھەقىقى تارىخىي داستان — موڭغۇل خەلقى كۈرىشىنىڭ قەھرىمانلىق تىراگېدىيىسى. گادامېيرىن پادىشا دارخاننىڭ مىللى مەنپەئەتنى سېتىپ، پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىغا نارازى بولۇپ، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، فېڭتيەن مەھكىمىسىگە بېرىپ تەلەپ قويىدۇ ۋە ئەرز قىلىدۇ. نەتىجىدە، پادىشا دارخان فېڭتيەن سېتىمىسىدىكى مىلىتارىستلار كاتتىۋېشى جاڭ زولىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ئەكسىچە گادانى گۇناكار قىلىپ، دارخان خوشۇنىغا يالاپ كېلىپ، تۈرمىگە تاشلايدۇ. گادانىڭ خوتۇنى مۇدەن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرت-ئەلەمگە چىداپ، ئۆزىنىڭ قىزى تيەن جىلياڭنى ئېتىۋېتىپ، ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپ، يوشۇرۇنچە گادانى تۈرمىدىن قۇتقۇزىدۇ ۋە ۋاڭ (پادىشا) ھەرىمنى بۇلايدۇ؛ ئىسيان كۆتىرىپ چىقىپ، قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تۆت-بەش يىل قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، ئاخىر كۆپ سانلىق بولغان دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي، ئوق-دورا، ئوزۇق-تۈلۈكلىرى ئۈزۈلۈپ، لياۋخې دەرياسى بويىدا دۈشمەن قورشاۋىغا چۈشۈپ قالىدۇ، گادا ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى بارلىق جەڭچىلەر قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ قۇربان بولىدۇ. داستاندا موڭغۇل خەلقىنىڭ مىللى ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى قەتئىي ئېگىلمەي، سۇنماي كۈرەش قىلغان روھى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. داستاندىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار ئەسلى ۋەقەدىكى ھەقىقى ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ئىسىم-پەمىلىسىنى ساقلىغان، لېكىن خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى ئىپادى-لەش ئۈچۈن، پېرسوناژلارنى يارىتىش ۋە ۋەقەلىكلەرنى ئورۇنلاش-تۇرۇشتا بەدىئى پىششىقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بارغان. گادامېيرېن قوزغىلىڭىغا بېغىشلانغان ناخشا سادالىرى ھازىرغىچە شەرقىي موڭغۇل يايلاقلىرىدا كەڭ تۈردە ياڭرىماقتا.

«گادامېيرېن»غا ئوخشاش شان-شەرەپلىك داستانلاردىن يەنە گۇيجۇنىڭ شەرقىي-جەنۇبىي ۋە خۇنەنىنىڭ غەربىي رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان «جاڭ شيۇمېي ناخشىسى» دېگەن داستانمۇ بار. مياۋزۇ خەلقى مۇبالىغە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، دۈشمەنلەرنى يولۋاستەك باتۇرلۇق بىلەن ئۆلتۈرىدىغان مىللىي قەھرىمان جاڭ شيۇمېينى ۋە ئۇنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن سان-ساناقسىز شانلىق غەلىبىلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. بۇ داستانمۇ ئوخشاشلا بۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

### III. خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

ئېلىمىزنىڭ خەلق ئېپىك داستانلىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىگە چېتىلغان بولۇپ، خەنزۇلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بار؛ قەدىمقى زامانىنىڭ ۋە يېقىنقى زامانىنىڭمۇ بار. ئاز سانلىق مىللەت-لەر ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بىر بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ: شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېپىك داستان-لىرى جۇشقۇن-مەردانە بولۇپ، يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىغا تولۇپ تاشقان: غەربىي-جەنۇبتىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەسەرلىرى بولسا نەپىس-جازىبىدار، سىلىق-مەنىلىك بولۇپ، جەنۇب لەززىتىگە تولۇپ تاشقان. ھەممىسى غەربىي-جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسىمۇ، لېكىن دالياڭشەندىكى يىزۇ خەلقى بىلەن شىشۇاڭبەننادىكى دەيزۇ خەلقىنىڭ ئېپىك داستانلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. لېكىن مەيلى قەدىمقى خەنزۇلار-نىڭ «ئېتىز يولىدىكى ئۈژمە»، «تاۋۇسلار ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇبقا» داستانلىرى بولسۇن، ياكى سانىلارنىڭ «ئاسما» داستانى ۋە ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەيزۇلارنىڭ «ئىبىك ۋە ساغلو» داستانى بولسۇن، ھەممىسىنى خەلق ئېپىك داستانلىرى دەيمىز. بىر خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ، مۇقەررەركى، ئورتاق ئىچكى بەدىئى قانۇنىيىتى بولىدۇ، خەلق ئېپىك داستانلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس:

(1) سيۇژىت لىنىيىسى ئاددى، باش – ئاخىرى مۇكەممەل

ئېغىز ئارقىلىق ئېيتىلىپ تارقىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ماس ھالدا، خەلق ئېپىك داستانلىرى ۋەقەلىكلىرىدە ئومۇمەن قەھرىمانلارنىڭ تەقدىرى، سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىي يىپ ئۇچى قىلىنىپ، ۋەقەلىك يەككە لىنىيە بويىچە راۋاجلىنىدۇ، ئۆتكەن ئىشلار ئەسلىنىدىغان ئۇزۇن لىرىكىلىق چېكىنىشلەر ياكى قىستۇرما بايانلار يوق دىگۇدەك. مەسىلەن، «تاۋۇسلار ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇپقا» داستانىدا، لەنجۈنىڭ قوغلىۋېتىلگەنلىكىدىن تارتىپ، جۇڭچىڭنىڭ ئەيىپلەنگەنلىكى، ئەر-ئايالنىڭ ئايرىلغانلىقى، ھاكىمنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، ئاشىۇگىنىڭ ياتلىق بولۇشقا مەجبۇرلانغانلىقى، ئەر – خوتۇن قەسەميات قىلىشىپ، تەڭ ئۆلۈۋالغانلىقىغىچە بولغان ۋەقەلەر قەدەممۇ – قەدەم بىر بىرىگە زىچ باغلانغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن. قەھرىمانلارنىڭ بەختسىزلىك سەرگۈزەشتىلىرى ۋە قان – ياشلىق جۇدالىقلىرىدىن فېئو-داللىق پاترىئارخاللىق تۈزۈمنىڭ شەپقەتسىزلىكى ۋە ياشلارنىڭ ئۆلۈم ئارقىلىق قوشۇلۇشتەك پاجىئەلىك قارشىلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «ئاسما» داستانىدىمۇ ئاسمانىڭ تۇغۇلغانلىقى، ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىدىن تارتىپ، رىبوبالا ئائىلىسىنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، قىزنى ئېلىپ قاچقانلىقى، ئاندىن ئاخىينىڭ سىڭلىسىنى قۇتقۇزغانلىقى، ئاخىرىدا ئاسمانىڭ ئەكس ساداغا ئايلانغانلىقىغىچە بولغان ۋەقەلەرنىڭ سيۇژىت لىنىيىسى ئېنىق بولۇپ، ئۇنى ئەستە ساقلاش ۋە ئېيتىش ئاسان.

خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇمۇمەن ئۇچىنچى شەخس ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ ئېپىك داستانلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى ناخشىچىلار تەرىپىدىن
ناخشا سۈپىتىدە ئېيتىلىدۇ. داستاننىڭ بېشىدا كۆپ ھاللاردا
«مۇقەددىمە» بولىدۇ، ئۇنىڭدا بەزىدە داستاننىڭ ئاساسىي تېمىسى
توغرىدىن-توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، مەسىلەن: «جاۋشۇتۇن»
داستانىنىڭ بېشىدىلا داستاننى «بېغىشلايمەن چىن يۈرەكتىن سۆي-
گەن يارىمغا» دېيىلسە؛ «قاپاقتا پۈتۈلگەن خەت» داستانىدا بۇ
«ياشانغانلاردىن قالغان مۇڭلۇق ناخشا» دېيىلىدۇ؛ «لاك جىڭبۇ» دا-
تانىدا ئاڭلىغۇچىلارغا بۇ داستان كىشىلەرنى «يوقسۇللارنىڭ ئازاپ-
ئوقۇبەتلىرىنى چۈشىنىش، بۇزۇق ئەبلەخلەرنىڭ زالىملىقىنى ئېچىپ
تاشلاش» قا دەۋەت قىلىدۇ دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بەزى
مۇقەددىمىلەردە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن،
ھېكايە سۆزلىنىۋاتقان پەيتتىكى مۇھىتلا تەسۋىرلىنىدۇ: ھېكايە بەزىدە
«كۈن ھېرىپ كۆزلىرىنى يۇمغان، قۇشقاچلار ئورمانغا قاراپ ئۇچقان،
ئاي يۇلتۇزلارنى ئېلىپ ئۆگزىگە ياماشقان» كېچىنى تەسۋىرلەش بىلەن
باشلانسا؛ بەزىدە تەسىرلىك ھېكايىگە مەھلىيا بولۇپ، «قۇياش
ئورماندىن بېشىنى چىقاردى»، «خورازمۇ ماڭا قاراپ قانىتىنى قاقتى»
دېيىلىدۇ. «مۇقەددىمە»دىن تاشقىرى ھېكايە ئىچىگە قىستۇرۇلغان
ناخشىلارمۇ بولىدۇ، ئۇلار بەزىدە ۋەقەلىكنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىپادى-
لەيدۇ، مەسىلەن: «بىر تال گۈل غازاڭ بولسا، داۋاملىق ئېچىلار
يەنە»، «ھېكايە، خۇددى ئاي پېتىپ ئەتىسى يەنە تۇققانغا ئوخشاش،
مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ». كۆپ ھاللاردا ئۇلار ناخشىچىنىڭ تۇيغۇسىنى،
ئاما بىلەن ھېسسىياتىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىزھار
قىلىدۇ. ئېيتايلۇق، «سۇك پامىن ۋە گاشىنا» داستانىدا، سۇك
پامىن ۋە گاشىنا ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بىر
ئائىلە،ئادەم ئوتتۇرا يولدا بىر بىرىدىن ئايرىلغانلىقى ناھايىتى

ئىچچىنلىق تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ چاغدا ناخشىچى قىستۇرۇلۇپ ناخشا ئوقۇيدۇ: «مېھرىۋان ئانا ئېرىتقىن كۆز يېشىڭنى، ئوغلۇڭ بارتېخى سېنىڭ يېنىڭدا؛ بىتاقەت ياش يىگىت بولغىن خاتىرجەم، جانانىڭ بىلەن ئاخشاملىققا بولسەن جەم؛ ھەي مۇڭلۇق قىز ئۈزمە ھەرگىز ئۈمىدىڭنى، گاشىنا كۆرەر يەنە ئۆز خانۇ-بېگىنى». شۇ يوسۇندا، داستاندىكى قەھرىمانلار، ناخشىچى ۋە ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ھېسسىياتى يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ، داستاننىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇللار خەلق ئېپىك داستانلىرىغىلا خاس بولۇپ، يازما ئەدەبىياتتا ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدۇ.

(2) قاتمۇ-قات تەكرارلاش

قاتمۇ-قات تەكرارلاش ئېپىك داستانلاردا پېرسوناژلارنى سۈرەتلەش، مىجەز-خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتە كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋە ئۈنۈملۈك بولغان بىر خىل بەدىئىي ۋاستە. يازما ئېپىك داستانلاردا پېرسوناژلارنى سۈرەتلەشتە مەنزىرە ۋە ئوخشاش ھالقىلار تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئاۋازى ۋە خۇش چىرايى گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ. ئەگەر بىر قېتىمدا ئېنىق بىلىنمىگەن بولمىسا، قايتا يەنە كۆرۈشكە بولىدۇ. خەلق ئېپىك داستانلىرى بولسا كىشىلەرنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. تەسىراتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى بىر نەچچە قېتىم كۆپەرەك ئېيتىش، لېكىن ھېكايىنىڭ ئىزچىللىقى ناخشىچىنىڭ ئوتتۇرا يولدا ئۈزلۈكسىز توختاپ، يېنىپ يەنە تەكرار ئېيتىشىغا يول قويمايدۇ. شۇڭا، خەلق ناخشىچىلىرى تەكرار ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس پېرسوناژلارنى سۈرەتلەش ئۇسۇلىنى يەنى پېرسوناژلارنىڭ ئۆسۈشى، باشتىن كەچۈرگەنلىرى ۋە تەقدىرىنىڭ ھالقىلىق يەرلىرىدە، قاپىيە، رىتىملىرى ئومۇمەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، مەزمۇنى بىر ئاز ئوخشىمايدىغان مىسرا ۋە ئابزاسلار ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

ھەر تەرەپتىن تەكرار ئېيتىش ئۇسۇلىنى تەدرىجى شەكىللەندۇردى. مەسىلەن، «ئاسىما» داستانىدا ئاسىمانىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

ئۇسۇپ قىزچاق كۇنسايىن،
بولغان چاغدا ئۈچ ئايلىق؛
تومۇزغىدەك ئاۋازدا
كۈلۈپ كەتتى زەپ تاتلىق.
ئاتا ـ ئانا دىلىنى
چۇلغىۋالدى زور شاتلىق.

ئۇسۇپ قىزچاق كۇنسايىن،
بولغان چاغدا بەش ئايلىق؛
يەرگە تىرنا سالغاندەك
ئۈمىلىدى بىر تاتلىق.
ئاتا ـ ئانا دىلىنى
چۇلغىۋالدى زور شاتلىق.

ئۇسۇپ قىزچاق كۇنسايىن،
كىرگەن چاغدا ئون ياشقا؛
ئېلىپ ئوغاق قولىغا،
مۇرىسىگە ئاغامچا؛
چىغ كەش كېسىپ پۇتىغا،
يىغدى قىردىن ئوت ـ گىيا.
......
شاتلىق بىلەن قاپلاندى
ئاتا ـ ئانا جامالى.

شۇ تەرىقىدە ئون يەتتە ياشقا كىرگەن ۋاقتىغىچە تەسۋىرلىنىدۇ. ھەر قېتىملىق تەكرارلىنىش ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەسىراتى

تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ: ئاسماننىڭ يىپ ئىگىرگەنلىكى، ئوت-گىيا ئورغانلىغى، قوي باققانلىغىدىن تارتىپ، كەشتە چەككەنلىكى، چىگە ئەشكەنلىكى، ئۆرۈك چاپقانلىغى، ناخشا ئېيتقانلىغى قاتارلىقلار كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا بىر-بىرلەپ كېلىپ، كىشى خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەك، ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك تەسراتقا كېلىدۇ. شۇ چاغدا، ئاڭلاش ئوبرازى پۈتۈنلەي خىيالەن كۆرۈش ئوبرازىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا چىرايلىق، ئەمگەكچان، شوخ، ئوماق سانى قىزى جانلىق نامايەن بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، «تاۋۇسلار ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇپقا» داستانىدا ليۇ لەنجىنىڭ «توقۇدۇمەن شايىلارنى ئون ئۈچ ياشتا، ئۆگەندىمەن تىكىشلەرنى ئون تۆت ياشتا، چالغان ئىدىم ئون بەش ياشتا مەن كوڭخۇنى، يادقا ئالدىم داستانلارنى ئون ئالتە ياشتا، خوتۇن بولدۇم ئۆزلىرىگە ئون يەتتە ياشتا......» دەپ تەسۋىرلىنىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە دەرىجە سان شەكلىدىكى قاتمۇ-قاتلىق ۋە تەكرارلىنىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل بەدىئىي ۋاستە پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش جەريانىنى ئىخچام سۈرەتلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئوبرازلارغا نىسبەتەن ئومۇمىي تەسراتقا ئىگە قىلىشتىلا ئىشلىتىلىپ قالماستىن، بەلكى كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشنىڭ كىچىك ھالقىلىرىنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى چوڭايتىش ئارقىلىق، پېرسوناژلار قەلبىنى ئېچىپ بېرىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىز «گادا مېيزىن» داستانىدىكى مۇدەننىڭ تۇرمىدىن ئېرىنى يوشۇرۇنچە قۇتقۇزۇشقا بەل باغلاشتىن ئىلگىرى، دەرت-ئەلەمگە بەرداشلىق بېرىپ، قىزى تيەن جىلياڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىگە دائىر بىر بۆلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

...... مۇدەن قاتتىق ھەسرەتكە چۆمگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىدە، ئۈچ ياشلىق تيەن جىلياڭ ئانىسىغا ئېتىلدى، مۇدەن بالىسىنى كۆرگەندە، يۈرىكى پىچاق سانچىلغاندەك مۇجۇلدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇگىمىسىنى يېشىپ، بالىسىنى ئېمىتكەچ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، مۇنداق دېدى:

«مۇرۇۋۋەتلىك تۇرسا ئەجداتلىرىڭ بالام،
بولدۇڭ نىچۈن شەپقەتسىزنىڭ پەرزەندى؟
مۇرۇۋۋەتسىز بولغاندا ئەجداتلىرىڭ بالام،
ئائىلەڭ نىچۈن ئۈلۈم ئۈزۈن تۇرمىدى؟

مۇرۇۋۋەتلىك بولسا ئەجداتلىرىڭ بالام،
بولدۇڭ نىچۈن بەختسىزنىڭ پەرزەندى؟
مۇرۇۋۋەتسىز بولسا ئەجداتلىرىڭ بالام،
نىچۈن قېرىلار شورپىشانە بوپ قالدى؟»

......

«ئېپكەتكۈم كەلدى بالام، لېكىن نەچارە،
قۇتقۇزارمەن ئاتاڭنى مەن قانداق قىلىپ؟
مىڭ ئەلا رەقىپ تېغىدا ئۆلگەندىن كۆرە،
ئۆلگىنىڭ ئاناڭ قولىدا تىنىقتىن قېلىپ.

ئېپكەتكۈم كەلدى بالام، لېكىن نەچارە،
ئېلىشاي دۈشمەن بىلەن جەڭ مەيدانىدا.
قالغىنىڭدىن زار قاخشاپ دۈشمەن ئىلكىدە،
ئۆلگىنىڭ تۈزۈك تۇققان ئاناڭ قولىدا.»

......

بۇ ئۈن تۈت كۈبىلىت، جەمئى ئەللىك ئالتە مىسرالىق چوڭ بۆلەكنىڭ ئاخىرىدىلا مۇنداق دېيىلىدۇ:

قاتىللىق ئويىنى پۈككەچ كۆڭلىگە مۇدەن،
توغرىلىدى تيەن جىلياڭغا تاپانچىنى.
چىققان ھامان «ۋاڭ» قىلغان ئوقىنىڭ ئاۋازى،
يىقىلدى مۇدەن يەرگە بىلمەي ھۇشىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاتىللىق ئويىنى يۈككەپ كۆڭلىگە مۇدەن،
توغرىلىدى تيەن جىلياڭغا تاپانچىنى.
بالىنىڭ دادۇ-پەريادى بىلەن تەڭلا
يىقىلىپ ياتتى قۇچۇپ يەر باغرىنى.

بۇ كىشىنىڭ قەلبىنى پارە-پارە قىلىدىغان، نىمىدىگەن ئېغىر جۇدالىق مەنزىرىسى-ھە! چوڭايتىلغان بۇ كىچىك ھالقىدىن پارە-پارە بولغان مېھرىۋان ئانا قەلبىنى ئېنىق كۆرىمىز، شۇنىڭدەك نائىلاج تۇيۇق يولغا ماڭغان ئانىنىڭ ئاھ، پەريادىنىمۇ ئاڭلايمىز. بۇ ناخشىچى ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك ئوت توچكىسى! مۇنداق ئاجايىپ مەدھىيە، دەرت-ھەسرەتلىك-بايان ئادەتتىن تاشقىرى مۇڭلۇق كەيپىياتنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەر قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. بىز گادا ئائىلىسىنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىسىگە چوڭقۇر خەيرىخاھلىق قىلىپ، دارخان ۋاڭ غوجامغا قاتتىق نەپرەتلىنىش بىلەنلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇدەنىڭ قەيسەر، سۇباتلىق ھەققانىيەت يولىدىن قايتماسلىقتەك ئىسيانكار خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىۋالىمىز.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللاردىن تاشقىرى، بۇ خىل كۆپ قېتىم تەكتىلەش، تەكرار-تەكرار ئېيتىش ئۇسۇلى ئېپىك داستانلاردا تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىدە ئۇنىڭدا جۇغراپىيىلىك ئورۇنلار بىر بىرىگە ماس ھالدا تەكرارلىنىدۇ، مەسىلەن، «ئالدى ئۇ ياخشى ئات شەرقىي بازاردىن، ئىگەر ۋە توقۇمنى غەربىي بازاردىن ۋە ئالدى يۈگەننى كۈنگەي بازاردىن، قامچىنى ئېپ كەلدى تەسكەي بازاردىن»؛ بەزىدە ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلار گىرەلىشىپ تەكرارلىنىدۇ، مەسىلەن، «يولۇچى كۆرسە ساھىپجامال لوفۇنى، ئەپكەشنى قويۇپ سىلار ساقال-بۇرۇتنى، ياش يىگىت كۆرسە ساھىپجامال لوفۇنى، چىگەر لۆڭگە بېشىغا، تاشلىۋېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەر تارقىتىش بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۆكنى؛ يەر ھەيدىگەن بولسا ئۇنتار ساپانى، ئوت ئوتىغان بولسا ئۇنتار كەتمەننى»؛ بەزىدە ۋاقىت، مەزگىل تەكرار تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، جاۋشۇتۇن نەن نونانى سېغىنىپ، ئۆزىنىڭ بىر پارچە ئاق بولۇتقا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە ئۇزۇپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، «ئەتىگىنى كۆرسەم ئۇنىڭ ياسانغىنىنى، كۈندۈزى ئاڭلىسام ئۇنىڭ شوخ ناخشىسىنى، ئاخشىمى ھىس قىلسام ئۇنىڭ سېغىنغىنىنى»؛ بەزىدە بولسا ھەرىكەت تېخىمۇ كۈچەيگەن ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، مەسىلەن، جاۋشۇتۇنىنىڭ نەن نونانى ئىزدەپ يولدا كېتىۋاتقانلىقى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ كۈن يول ماڭدى»، «يەنە ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ كۈن يول ماڭدى»، ئاخىر غايەت زور بوغما يىلاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوقيا بىلەن تاغنى تېشىپ، ئۆركەشلەۋاتقان قۇم-شېغىل دېڭىزىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، مېڭدۇڭبەنگە يېتىپ باردى».

خەلق ئېپىك داستانلىرىدا بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشى ئېلىمىز خەلق ناخشىلىرىنىڭ لىرىكىلىقلىقىدىن ئىبارەت ئەنئەنىسىنى نامايەن قىلدى. قاتمۇ-قات تەكرارلاش ئېپىك داستانلاردا دائىم ئۆزۈن لىرىكىلىق رىتىملەرنى پەيدا قىلىپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، شېئىر ناخشىلارنىڭ ئاھاڭدارلىق ھوزۇرىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ، ناخشىچىنىڭ ناخشا ئوقۇغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنى كۆز يېشى قىلدۇرىدۇ. بۇمۇ دەل خەلق ئېپىك داستانلىرىنى يازغۇچىلارنىڭ باللادىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۆزىگە خاس سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى

(3) تەمسىل قىلىپ، ئوخشىتىشلار ناھايىتى تەبىئى.

خەلق ئېپىك داستانلىرىنىڭ تىلى ئەمگەكچى خەلقلەر ئىنچىكە كۆزىتىش، چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئەتراپلىق تەسراتلار، تەكرار پىشىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇرۇش ئارقىلىق تۇرمۇش بۇلىقىدىن تاللىۋېلىنغان، بەدىئى تەسىر قىلىش كۈچىگە ئەڭ باي بولغان شېئىرىي تىل. ئۇ قوپال ئەمەس، ئاددى؛ مەنىسىز-تېتىقسىز ئەمەس، روشەن-يارقىن؛ چاكىنا ئەمەس، مول مەزمۇنلۇق.

خەلق ناخشىچىلىرى ئىخچام-تەسىرلىك، ئاددى-تەبىئى ئىككى-ئۈچ مىسرا بىلەنلا كۆركەم بىر سۈرەتنى سىزىپ بېرىشكە ماھىر:

يەر ھەيدىسە ئاكىسى،
ئوغۇت چاچتى سىڭلىسى.
ئۇرۇق ئۇنىڭ قولىدىن،
تەكشى چۈشتى سىرىلىپ.
ئۈدەك قانات قاققاندەك،
تىلغاندى يەر كىرىلىپ.

بۇ «ئاسما» داستانىدىكى كىچىك بىر كۆرۈنۈش، ناخشىچى يېنىك تىل بىلەنلا كىچىك ئاسما-ئاكىسى ئىككىيلەننىڭ خوشال-خورام ئەمگەك قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزدا ئىنتايىن ئېنىق گەۋدىلەندۈرگەن. يەنە ئالايلۇق، «ئېيىك ۋە ساگلو» داستانىدا جىگدو ئاڭ مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

جىگدو ئاڭ ئەتراپى ئېگىز-ئېگىز تاغ،
سايلاردا ئاقىدۇ سۈپ-سۈزۈك سۇلار.
بىنالار رەتمۇ-رەت تىزىلىپ كەتكەن،
چاقنايدۇ نۇر چېچىپ ئاي ۋە يۇلتۇزلار.

بۇ يەردە قىلچىمۇ داڭقان پۈتى گەپلەر يوق، سۆزلەر قىينالمايلا ئېغىزدىن تۆكۈلگەندەك قىلىسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ بارلىق قىياپىتىنى: تاغ-بىنالار بارلىقى، ئاي-يۇلتۇزلارنىڭ چاقناپ نۇر چېچىپ تۇرغانلىقى، سۇلارنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقانلىقى ۋە ئېگىزلىكىنىڭ

ئىنتايىن سوغاق بولىدىغانلىقىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. تەسۋىرلەش شۇقەدەر توغرا، ئىپادىلەشمۇ شۇنچە ئاددىي بولغاچقا، بۇ ناخشا ئوقۇلۇۋاتقاندا كىشىگە ساپ-لەززەتلىك هوزۇر بېغىشلايدۇ.

خەلق ناخشىچىلىرى تۇرمۇش دېڭىزىدىن كىشىلەرگە ئەڭ تونۇش-لۇق شەيئىلەرنى تاللىۋېلىپ، تەمسىل قىلىپ، «شەيئىلەر ئارقىلىق باشلاش» قىممۇ ناھايىتى ماھىر؛ خەلق لىرىك ناخشا-غەزەللىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان تەمسىل-تەقلىت، مۇبالىغە، كۆچەيتمە تەڭداش بۆلەك، قىلىقلاندۇرۇش (جانلاندۇرۇش) قاتارلىق ئۇسۇللار خەلق ئېپىك داستانلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇر-دى. تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسە — قۇياش، تاڭ شەپىقى، يۇلتۇزلار، ئاي، گۈللەر، ھەسەل ھەرىسى، دەرەخ، سېغىزخان، باجىۋۇ، بامبۇك نوتىسى، شۇنىڭدەك دېخانلار ئائىلىسىدە دائىم ئۇچرايدىغان كۆك پۇرچاق، نوقۇت، باداڭ، پىلەك، موگۇ، ھەتتا تۇخۇم، لوبۇ، بەسەي قاتارلىقلارنى خەلق شائىرلىرى خالىغانچە تەمسىل قىلىپ، مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، مەنزىرىلەر ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىدۇ. مەسىلەن، «سەن تاغدىكى چوڭ دەرەخ بولساڭ، مەن سېغىزخان شاخلىرىڭدا سايرىغان، سەن ھەممىگە يېقىملىق قۇدۇق بولساڭ، مەن چوڭ تاش قۇدۇق تېگىگە قويۇلغان»، بۇ مۇھەببەتكە نىسبەتەن چىڭ ئىرادىنى ئىپادىلەيدۇ؛ «پارقىراپ تۇرغان گۈزەل گۆھەر، ئېغىز ئېچىپ بەرگىنە جاۋاپ، ئىككى ئېغىز گېپىڭ كۇپايە، ئېلىپ قايتسام سېنى قۇچاقلاپ»، بۇ ساددا-مۆمىن يىگىتنىڭ سۆيۈملۈك قىزىغا قويغان تەلىۋى؛ «بولدى يۈزى تولۇن ئاي، تېنى ئاپپاق پاختىدەك، قولى سۈزۈك قاشتېشى، پۇتى سىلىق تاختىدەك»، بۇ ئوماق قىزچاق ئاسما؛ «چوڭ خانىش تاتارغان تاغدىكى تۇماندەك، ئىككىنچى خانىش قىزارغان خوراز تاجىدەك، ئۈچىنچى خانىش كۆزىدە نۇردىن ئەسەر يوق، تۆتىنچى خانىشنىڭ تېرى تۆكۈلەر

يامغۇرداك»، بۇ بىر توپ قارا نىيەتلەرنىڭ سۇيىقەستى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى رەزىل قىياپەتلىرى، بۇ ئىنتايىن ئاددى تەمسىل-ئوخشىتىشلاردىن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىر يولىلا كۆرۈۋالىمىز: چىرايى تاتارغىنىنى جىنايىتىدىن قورققانلىقى؛ يۈزى قىزارغىنىنى نومۇس قىلغىنى؛ كۆزىدە نۇردىن ئەسەر قالمىغىنى چالا قورقۇپ ئۆلۈك بولۇپ قالغانلىقى؛ تېرى يامغۇرداك تۆكۈلگىنى جىددىيلىكتە چېكىنىش يولى ئۈستىدە باش قاتۇرغانلىقى...... بۇ توغرا-جانلىق، ئۆتكۈر-چۈشىنىشلىك تەسۋىرلەر ناخشىچىنىڭ روشەن سۆكۈشىنى ئىپادىلەيدۇ.

خەلق ئېپىك داستانلىرىدىكى مۇنداق مىساللار ساماندەك، تۈگۈمەس-پۈتمەستۇر، مانا بۇ ئادەتتىكى ئەدىپلەرنىڭ تىل سەنئىتى ئورنىنى باسالمايدىغان خەلق ناخشىچىلىرىنىڭ تالانتى. خۇددى گوركى بىزگە ئېيتقىنىدەك: «خەلق تىلىغا يېقىنلىشىڭلار، ئاددى، ئىخچام، ساغلام كۈچىنى ئىزدىنىڭلار، بۇ كۈچ ئىككى-ئۈچ سۆز بىلەنلا بىر ئوبراز يارىتىدۇ»، «سىلەر بۇ يەردە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان مول ئوبرازلارنى، ئوخشىتىشنىڭ دەل-توغرىلىقىنى، كىشىنى مەپتۇن قىلالايدىغان ساددىلىقنى ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلىگەن گۈزەللىكنى كۆرىسىلەر.»①

---

① پىكساروۋ: «گوركى ۋە خەلق ئەدەبىياتى»، جۇڭ جىڭۋېن تۈزگەن «خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى ھەققىدىكى يېڭى مۇلاھىزىلەر توپلىمى»غا قارالسۇن، جۇڭگو ۋە چەتئەل تىلى نەشرىياتىنىڭ 1950-يىل خەنزۇچە نەشرى، 102-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باپ خەلق ماقاللىرى ۋە خەلق تېپىشماقلىرى

## بىرىنچى بۆلۈم خەلق ماقاللىرى

### 1. خەلق ماقاللىرىنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ رولى

خەلق ماقاللىرى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە بەكمۇ ئالاھىدە بىر خىل ژانىر. ئۇنىڭ شەكلى قىسقا، ئىخچام، ئوبرازلىرى جانلىق بولۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ماقاللارنىڭ كۆپچىلىكى مول ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بەزىلىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ۋە ساۋاق مەنىسىگە ئىگە.

ماقاللارنىڭ مەنبەسى ئۇزۇن-چوڭقۇر بولۇپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئېلىمىزنىڭ ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «پالنامە»، «شېئىرنامە»، جۇزى ئەسەرلىرىدە ۋە ئازسان-لىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى داستانلىرىدا قەدىمقى خەلقلەرنىڭ نۇرغۇن ماقاللىرى ساقلانغان ۋە نەقىل كەلتۈرۈلگەن. كېيىنكى ۋېي سۇلالىسىنىڭ «چى خەلقىنىڭ مۇھىم دەستۇرى»، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «دېھقانچىلىق دەستۇرى»، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «دېھقانچىلىق ئىشلىرى قامۇسى» ۋە «تېرىقچىلارنىڭ بەش جىسىم تەزكىرىسى»، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قەدىمقى ۋە ھازىرقى

www.uyghurkitap.com

ماقاللار»، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قەدىمقى قوشاق ۋە ماقاللار» قاتارلىق كىتاپلاردا ئوخشاش بولمىغان مىقداردا ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى ماقاللىرى بار. ماقاللار ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، ئۇ، جەمىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى،كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىجتىمائى تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، كىشىلەر يەنىلا ئۈزلۈكسىز تۈردە بىرقىسىم كونا ماقاللارنى ئۆزگەرتمەكتە ۋە يېڭى ماقاللارنى ئىجات قىلماقتا.

ماقال دىگەن نىمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قەدىمقىلار ھەرخىل ئىزاھ بەرگەن: «ماقال ئومۇملاشقان سۆزلەردۇر.» («يۇسۇفنامە») «ماقال كەڭ تارقالغان سۆزلەر.» («تەپسىرلەر») «ماقال كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان سۆزلەر.» («خەن سالنامىسى بەش جىسىم تەزكىرىسى») «ماقال ئومۇملاشقان ياخشى قوشاقلار.» («بەگلىكلەر تىلى» ،«يۈې بەگلىگىنىڭ تىلى» ۋېي شاۋ تەپسىرى). «ماقال-توغرىدىن-توغرا ئوچۇق ئېيتىلغان سۆزلەردۇر.» («ئەدىبىيات نەزىرىيىلىرى. مەكتۇپلەر») بۇ ئىزاھلاردا تىل جەھەتى كۆپرەك تەكىتلىنىپ، ماقاللار كەڭ تارقالغان، ئومۇملاشقان سۆزلەر دەپ قارالغان؛ مەلۇم دەرىجىدە ماقاللارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى يىغىنچاقلانغان. چەتئەلنىڭ بەزى تەتقىقاتچىلىرى بولسا مۇنداق دەپ ھىساپلايدۇ: «ماقاللار كۈندىلىك تەجرىبىلەر قىزىدۇر»؛ «ماقاللار كوچىدىكى ئەقىل-پاراسەتتۇر».① بۇ تەبىرلەر ماقاللارنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتىگە بېرىپ تاقالغان. ئېلىمىزنىڭ زامانىمىزدىكى بىر ئالىمى مۇنداق دەپ ھىساپلايدۇ: «ماقاللار كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي

---

①بى چېڭجۇ: «ماقاللار»، «ئەدىبىيات ژورنىلى»نىڭ 2-سانى، يەنجىڭ داشۆ دولەت تىلى ئىلمي جەمىيىتىنىڭ 1936-يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەجرىبىلىرىنىڭ نەتىجىسى، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەنلىرى كۆندىلىك پاراڭلاردا توغرىدىن-توغرا قوللىنىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەركىتىنى بەلگىلەيدىغان سۆزلەردۇر.»① بۇ تەبىر ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئالاھىدىلىرىگە قارىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، ماقاللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر قەدەر توغرا يىغىنچاقلىغان. بىز ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ماقاللارنىڭ ماھىيىتى ۋە رولىغا ئاساسەن، مۇنداق دەپ قارايمىز: ماقاللار ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئىنچام سۆز-ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، سىنىپىي كۈرەش ۋە ھەرخىل ئىجتىمائى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن تىل سەنئىتى جەۋھىرى؛ ئۇلارنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، بىلىش رولى بار ياكى پەلسەپىۋىي قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقنىڭ تارقالغان سۆزلىرىدۇر.

ماقاللارنىڭ ئۇقۇمى دائىرىسىنى بەزى تەتقىقاتچىلار كەڭ ۋە تارمەنىلىرىدىن ئىزاھلايدۇ، تارمەنىدىكىسى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مول تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان تارقالغان سۆزلەر؛ كەڭ مەنىدىكىسى «لەھجە ماقاللىرى» نىمۇ، «ئومۇملاشقان سۆزلەر»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى خەلق ئارىسىغا تارقالغان، كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان بارلىق سۆزلەر ماقاللار دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ ئۇقۇم مەنىسى چوڭقۇر، شەكلى مۇكەممەل ماقاللارنىمۇ، بەزى ئالاھىدە شەكىلدىكى تەمسىل، ئومۇملاشقان سۆزلەر ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان لەقەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنچام، ئوبرازلىق بۇ ئومۇملاشقان سۆزلەرمۇ ئوخشاشلا خەلق ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇلار، ناھايىتى كەڭ دائىرىدە

① گوشاۋيۈي «ماقاللار تەتقىقاتى»، «تىل-ئەدەبىيات ئومۇمى نەزىرىيىلىرىنىڭ داۋامى»، تەرەققىپەرۋەر كىتابخانىسىنىڭ 1948-يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قوللىنىلىدىغان بولغاچقا، سۆز سەنئىتىدە قىممەتلىك بايلىق، شۇڭا ئۇلارغا ئېتىۋار بېرىش ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىش لازىم. بىز بۇ يەردە ئاساسەن ماقاللار ئۈستىدە توختىلىمىز، بۇنىڭدىن تاشقىرى، تەمسىلەر ۋە ئومۇملاشقان سۆزلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ماقاللار خەلق تىلىنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى، ھەرمىللەت تىلىنىڭ مېغىزى. ئۇ، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن، ياللتىراپ تۇرغان گۆھەرلەردەك، خەلق تىلى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى غەزنىسىنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىتتى. ئۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ قامۇسى، ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ياخشى-يامانىنى، ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، ئالىجاناپ ئەخلاق-پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى ۋە كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىق جارى قىلدۇرىدۇ.

### 2. خەلق ماقاللىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

خەلق ماقاللىرى يۈزمىليونلىغان خەلقلەرنىڭ ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كوللىكتىپ تەجرىبىلىرى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنىڭ تېمىسى كەڭ، مەزمۇنى مول-باي بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ئىجتىمائى تۇرمۇشىنىڭ ھەممىلا جەھەتىگە دېگۈدەك تاقىلىدۇ. بىز ئۇنى مەزمۇنىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئاساسەن تۆت جەھەتكە بۆلىمىز.

(1) تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە دائىر ماقاللار.

تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە دائىر ماقاللار بىباھا ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. دېخانچىلىققا دائىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماقاللار ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىۋىي قىسمى.

ئېلىمىزنىڭ دېھقانچىلىققا دائىر ماقاللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىنتايىن مول مەزمۇنغا ئىگە. ئېلىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، تەبىئىي شەرت-شارائىتى مۇرەككەپ، يېزا ئىگىلىكى تارىخى ئۇزۇن، زىرائەتلەر خىلى كۆپ بولغاچقا، بۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھاۋارايى، مەۋسۇم قاتارلىقلارغا ئائىت ماقاللارنىڭ زور مىقداردا ئىجات قىلىنىشىنى تولۇق ئوبيېكتىپ شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى. كونا جەمئىيەتتە، ئەمگەكچى خەلقلەر مەدەنىيەت ئۆگىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغاچقا، كىشىلەر ھەجمى-شەكلى قىسقا، ئەستە ساقلاش ئاسان ماقاللار ئارقىلىق كۆزەتكەن نەتىجىلىرى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ساقلاش ۋە تارقىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇمۇ دېھقانچىلىققا دائىر ماقاللار مەزمۇنىنىڭ مول-باي بولۇشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەپ.

دېھقانچىلىققا دائىر ماقاللار ھاۋارايى، مەۋسۇم، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى، ئوۋ قۇشلىرىنى بېقىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھاۋانىڭ تۇتۇق، ئوچۇق، سوغاق ۋە ئىسسىق بولۇشى دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، خەلقلەر ھاۋارايى ۋە ئىقلىمغا ماسلىشىشنى كۆزىتىش ئارقىلىق مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى. «شېئىرنامە. ھەسەن-ھۆسەن»دە «ھەسەن-ھۆسەن غەرپتە كۆرۈنسە، ئەتىگەندە يامغۇر ياغار» دېيىلىدۇ، مانا بۇ ھەسەن-ھۆسەننى كۆزىتىشتىن كېلىپ چىققان ھاۋارايىغا ئائىت ماقال: «ئاسمان كارىپ بېلىقى قاسرىغىدەك بولسا، ئەتىسى ياغان ئاشنى ئورۇسسىمۇ بولىدۇ»، بۇ بۇلۇتلار ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ھاۋارايىنى كۆزىتىپ بېكىتىشتىن كېلىپ چىققان ماقال: «كارىپ بېلىقى قاسرىغى» ئاسماندىكى رەتلىك،

www.uyghurkitap.com

قاراقسمان سۈزۈك توپ بۇلۇتلارنى كۆرستىدۇ، بۇ ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق بولىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى. قىش قارلىرى نەمىلىكنى ساقلايدۇ. كېسەللىك، ھاشارەت زىيانداشلىقىنى يوقىتىدۇ، قېلىن قار كېلەر يىللىق مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇڭا «بۇغداي ئۈچ قات يوتقان يېپىنسا، ناننى ياستۇق قىلىپ ياتسەن» دەيدىغان ئوبرازلىق ۋە مۇبالىغىلىك ماقال بار؛ يەنە ئالايلۇق، «گۈلدۈرماما خۇداسى ئاۋال ناخشا ئېيتسا، يامغۇر ياققاندىمۇ، جىق ياغمايدۇ»؛ «يۇلتۇزلار شالاڭ بولسا، سىم-سىم يامغۇر توخۇنى ھۆل قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ؛ يۇلتۇزلار قويۇق بولسا، ئاپتاپ تەپتى كالىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاشلار ھەرخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئاساسەن، ھاۋانى كۆزىتىشتىن كېلىپ چىققان، ھاۋارايىغا دائىرماقاللار: «قالغاچ ئاسمانغا شۇڭغۇپ، يىلان يولدىن ئۆتسە، سۇئىدىشى يوپكا، تاغ بۆك كىيەر»، بۇ قاتتىق يامغۇر يېغىش ئالدىدىكى ئالامەت ھادىسە. ھايۋانلار ۋە قاچا-قۇچا، قورال-ئەسۋاپلار ئالامەتلىرىگە ئاساسەن ھاۋانى كۆزىتىشتىن كېلىپ چىققان مۇنداق ماقاللارمۇ كۆپ. مەسىلەن: «يىڭناغۇچ ئاسماندا تىنماي پىقىرىسا، ئۈچ كۈن ئۆتمەي سىم-سىم يامغۇر ياغىدۇ»؛ «سۇ چىقسا تۈزدىن، تەرلىسە تۆمۈر، ئۇزۇن ئۆتمەي ياغىدۇ يامغۇر» دېگەنگە ئوخشاشلارمۇ ئۇششاق جانلىقلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى ۋە ئەسۋاپ-ئۈسكۈنىلەردىكى غەلىتە ھادىسىلەرنى كۆزەتكەندىن كېيىن ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىلگەن ماقاللار.

«دېخانچىلىق مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇش» مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ مۇھىم شەرتى، ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگەللەش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، جەنگو دەۋرلىرىدىلا، ئېلىمىز خەلقى يەرلىك ئەسۋاپ بىلەن كۈننىڭ سايىسىنى ئۆلچەشنى ئۆگىنىۋېلىش، قىشلىق كۈن-تۈن توختايدىغان، يازلىق كۈن-تۈن توختايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ۋاقتىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرى ئارىلىغىدا يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنى ئېنىق بەلگىلىگەن. «مەۋسۇم كۈتۈپ تۇرمايدۇ»؛ «يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنى بىلمىسەڭ، ئورۇق چاچقىنىڭ بىكار»، مانا بۇلار دېخانچىلىق ئىشلىرىنى مەۋسۇم بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىغىنى چۈشەندۈرىدۇ. «باش تومۇزدا تۈرۈپ، ئوتتۇرا تومۇزدا كۆكتات. ئاخىرقى تومۇزدا قارا بۇغداي تېرىلىدۇ» (شىمالىي جۇڭگو)؛ «يازلىق كۈن-تۈن توختايدىغان ۋاقىتتا كۈنجۈت تېرىساڭ، چېچەكلىرى بېشىغىنى چۆكۈرىدۇ» (كۈنجۈت چېچەكلىرىنىڭ غوچچىدە ئېچىلىپ، كۆپ ماي بېرىدىغانلىغى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) (ئوتتۇرا-جەنۇبىي جۇڭگو)؛ «يازلىق كۈن-تۈن توختى-غاندا چىقمىسا سامساق، تىلمىلىرى مۇقەررەر بولغانىكى تارقاق»؛ «سوگپيازنى كولىمساڭ قىرو چۈشكەن چاغ، ئۆسكەنسېرى بولىدۇ ئىچى بەك كاۋاك»؛ «ئاپرېلدا تېرىساڭ ياڭيۇ، تۈمەن ھەسسە ئالسەن پايدا، مايدا تېرىساڭ ياڭيۇ، بىر ھەسسە ئالسەن پايدا» (بەيزۇ). بۇلار ھەرخىل زىرائەتلەرنى تېرىش-يىغىشنىڭ ئەڭ باپ مەزگىلىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تېرىقچىلىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە دائىر ماقالالار تېخىمۇ كۆپ، تۇپراقنى ياخشىلاش، ئورۇق تاللاشتىن تارتىپ، دېخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئۇلارنى پەرۋىش قىلىشقىچە بولغان بىر قاتار دېخانچىلىق پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ سېستىمىلىق ماقالىلىرى بار. مەسىلەن: «ياخشى دەرەخنىڭ شاپتۇلى تاتلىق، ياخشى يەرنىڭ مايسىسى ياخشى بولىدۇ»؛ «شورلۇقتا قۇم چاچساڭ، مايدەك ياقىدۇ» (ئىچكى موڭغۇل) دېگەنگە ئوخشاش ماقالالاردا تۇپراقنى ياخشىلاش تەكىتلىنىدۇ. «كېۋەزنى يەتتە قېتىم ئوتىساڭ، ئېتىزدا سانجاق مونەكلەر ياتىدۇ» ۋە «ئېتىز پەرۋىشى گويا كەشتە چەككەندەك، قانچىلىك ئەجرى قىلساڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنچە ۋايىغا يېتىدۇ» قاتارلىق ماقالىلار ئېتىز پەرۋىشىگە ئوقتىلىق ھالدا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. «كۆممە قوناقنىڭ ئېلىۋېتىلسە چوچىسى، قالىنىڭكىدەك بولىدۇ كۆچى» (كۆممە قوناقنىڭ ئاتىلىق پۆپۈكى ئېلىۋېتىلسە، مەھسۇلات ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ)؛ «شالاڭ بولسا ئالسەن ئۈچ باداڭ، قويۇق بولسا ھەم ئۈچ باداڭ؛ شالاڭمۇ-قويۇقمۇ بولمىسا توققۇز باداڭ» (تېرىقنى مۇۋاپىق ھالدا قويۇق تېرىشنى كۆرسىتىدۇ) دېگەن ماقال ئىلمىي تېرىقچىلىقنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «زىرائەت ئوخشايدۇ بىر گۈلچىچەككە، تايىنار پۈتۈنلەي ئوغۇت بېرىشكە»؛ «ئوغۇت بېرىپ سۇغارمىساڭ، زىرائەت دومسىيار ئاغزىنى ئۆمچەيتىپ» دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلاردا، روشەنكى، سۇ ۋە ئوغۇتنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم رولى تەكىتلەنگەن. «سەكسەن پىرسەنت پىشسا، يۈز پىرسەنت يىغىۋالسەن»؛ «يىللىق ئەمگىكىڭ نەتىجىسى كۆزدە بىلىنەر، ئاشلىقىڭ ئامبارغا كىرمىگىچە، بولماس يىققانغا باراۋەر» دېگەن ماقاللار يىغىمنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى ۋە كۆزلۈك ھوسۇلنىڭ مۇھىملىقىنى ئوقتىلىق چۈشەندۈرگەن.

ھايۋانلار ۋە ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش جەھەتتىكى مول تەجرىبىلەرمۇ ماقاللاردا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن: «دېھقاننىڭ بىرىنچى گۆھىرى — ئالتە خىل ھايۋانغا تولسا ئوقۇرى»؛ «قوي باقساڭ ئالسەن تېرە، چوشقا باقساڭ ئوغۇت-گەندە»؛ «قىسقا ئوتنىمۇ بەرسەڭ توغراپ ئۈچكە بۆلۈپ، بوغۇز ئاز بولسىمۇ سەمرىيدۇ ھايۋان تولۇپ»؛ «ئاخشىمى ئوزۇق بەرمىسەڭ، پىلە ئۆسمەس پات، ئاخشىمى ئوت-چۆپ بەرمىسەڭ، سەمرىمەيدۇ ئات» ۋاھاكازالار.

دېھقانچىلىققا دائىر ماقاللار ئەمەلىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن،

www.uyghurkitap.com

ئۇزاق مۇددەتلىك سىنىقلاش ۋە ئىسپاتلاشلاردىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى مەلۇم ئىلمىي داۋلىغا ئىگە، تەبىئەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتەك ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە دائىر ماقالىلارنىڭ بەزىلىرى ئومۇملىققا ئىگە، بەزىلىرى بولسا مەلۇم جاي چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئومۇملىققا ئىگە ماقالىلارنى زىرائەتلەرنىڭ زونولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، زىرائەتلەر ئۆسۈشتە مەلۇم ھارارەت (تېمپېراتۇرا)، نۇر، تۇپراق، سۇ، ئوغۇت قاتارلىق ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتلارغا مۇھتاج. «ئاغزى بارلارغا ئوزۇق كېرەك، يىلتىز تارتىدىغانلارغا ئوغۇت كېرەك»؛ «مايسىلارنى قۇتقۇزۇش ئوت ئۆچۈرۈشكە ئوخشايدۇ، مايسىلارنى ئاسراش ئاشلىقنى ئاسراشقا ئوخشايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلار ھەرقانداق رايوندىكى يېزائىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىغا نىسبەتەن يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. رايون خاراكتېرلىق بەزى ماقالىلار ھەرقايسى جايلارنىڭ تەبىئىي ۋە جۇغراپىيىلىك شەرت-شارائىتلىرىنىڭ پەرقى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، باھار يامغۇرى توغرىسىدا، نۇرغۇن جايلاردا «باھار يامغۇرى مايدەك قىممەتلىك» دېيىلسە، ئىچكى موڭغۇلنىڭ بامېڭ دەريا قولتۇقى رايونىدا «باشقا جايلاردا باھار يامغۇرى مايدەك قىممەتلىك بولسا، دەريا قولتۇقىدا باھار يامغۇرى زىرائەتلەرنى سالار ۋايغۇغا» دېيىلىدۇ. دەريا قولتۇقى رايونىدا شورلىنىش ئېغىر، باھار يامغۇرى شورنى ئۆرلىتىپ، تۇپراقنىڭ شورلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، بۇ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز. دېھقانچىلىققا دائىر بۇ ماقال بۇ خىل ئالاھىدە ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «بۇغداي تېرىشقا ئاق شەبنەم بالدۇر، سوغاق شەبنەم كەچ، كۈزلۈك كۈن-تۈن توختىشى دەل پەيتىدۇر» (شىمالىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۇڭگو): «سوغاق شەبنەم بالدۇر، باش قىش كەچ، قىرو چۈشۈشىنىڭ ئالدى-كەينى دەل ۋاقتى» (جېجياڭ)، بۇ، ھاۋارايى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇغدايىنى تېرىش مەزگىلىنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، دېھقانچىلىققا دائىر بۇ خىل ماقاللارنى ئىشلەتكەن ۋە تەتقىق قىلغان چاغدا رايونلار پەرقىگە دىققەت قىلىش لازىم.

ئازاتلىقتىن كېيىن تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىنغان دېھقانچىلىققا دائىر بىر قىسىم كىتابلار، مەسىلەن، «ھاۋارايىغا ئائىت ماقاللار»، «ئىچكى موڭغۇلنىڭ دېھقانچىلىققا دائىر ماقاللىرىدىن تاللانمىلار»، «دېھقانچىلىققا دائىر ماقاللاردىكى ئىلمىي داۋلىلار» قاتارلىقلاردا دېھقانچىلىققا دائىر كونا ماقاللار ئىلمىي تەھلىل قىلىنىپ، ئۇلاردىكى داۋلىلار نەزىرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ زور ئىلمىيلىققا ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە قىلىندى.

ھەرقايسى جايلارنىڭ ئالاھىدە مەنزىرىلىرى ۋە ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىغا دائىر بەزى ماقاللارنىمۇ ئاساسەن تەبىئەت ھەققىدىكى ماقاللار خىلىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. بۇ ماقاللار كۆپىنچە ئۆز يۇرتىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە شۇ جاينىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھەم زىرائەتلىرىنىڭ تەسۋىرىدىن ئىبارەت، مەسىلەن، «كۇيلىن تاغ-دەريالىرى ئالەم بويىچە ھەممىدىن گۈزەل، ياڭشۇ تاغ-دەريالىرى گۇيلىندىن گۈزەل» (گۇاڭشى)؛ «ئېمېي ئالەم بويىچە كۆركەم، كۇيمېن ئالەم بويىچە خەتەرلىك، جيەنگې ئالەم بويىچە ھەيۋەتلىك، چىڭچېڭ ئالەم بويىچە جىمجىت» (سىچۈەن)؛ «جىلىننىڭ ئۈچ گۆھىرى بار: «مېھرى گىيا، بۇلغۇن تېرىسى، ئۇلار ئۆتى» قاتارلىقلار. كىشىلەر كۆپ ھاللاردا سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مەلۇم جاينىڭ تەبىئەت مەنزىرىسى ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىلا ئىككى جۈملە سۆز بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلەردە گۈزەللىك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ماقالىلار كىشىلەرنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىگە ۋە يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ.

(2) سىنىپىي كۈرەش ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلار

ماقالىلار كىشىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ھەقىقىي، جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن، سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئوبرازلىق يىغىنچاقلىغان.

سىنىپىي زىددىيەت سىنىپىي جەمئىيەتتىكى تۈپ زىددىيەت. بۇ، ئەمگەكچى خەلق ماقالىلىرىدا يارقىن ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «يەر تېرىماي يەيدۇ ئاشنى نۇرغۇن، پىلە باقماي كىيىدۇ تاۋار-دۇردۇن»، «باينىڭ ھەر بىر تىيىن-يارمىقى، كەمبەغەلنىڭ قان-تېرى، جېنى»؛ «شاراقلىسا پومىششىكنىڭ سەنىپىنى، مۇجۇلىدۇ كەمبەغەلنىڭ يۈرىكى»؛ «باينىڭ بىر قېتىملىق زىياپىتى، كەمبەغەلنىڭ يېرىم يىللىق ئوزۇقى». بۇ ماقالىلاردا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق پاكىتلىرى كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭدەك ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئويغانغانلىقى — سىنىپىي ئېڭىمۇ ئىپادىلەنگەن.

نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى، خەلقنى ئېزىدىغان قورالى — ھۆكۈمەت قوغدايدۇ. ماقالىلاردا كۆپىنچە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتى چوڭقۇر پاش قىلىنغان. مەسىلەن، «بۇت بار يەردە جىن-شەيتان تولا، بەخت بار يەردە جىنايەت تولا» (موڭغۇل)؛ «ئولتۇرسا ۋالىلىق تەختىگە، ياغار دۆلەت-كۈمۈش تەڭگە»؛ «پۇللار كىرىپ كەتسە بەگلەر قولىغا، بىلىقلار پېتىپ كېتەر مۇشۇك ئاغزىغا»؛ «مەمۇرىي ئەمەلدارنىڭ ئۈچ قولى بار، ھەربىي ئەمەلدارنىڭ تۆت پۇتى بار»؛ «جەنۇپقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

قارايدو يامۇلنىڭ ئىشىكى، پۇلۇڭ بولمىسا خىيال قىلما كىرىشىنى» ۋاھاكازالار. «پادىشا ــ قاراقچى، قاراقچى ــ پادىشا» دىگەن ماقالغا كەلسەك، بۇنىڭدا ئىپتىدائىي يۇرەكلىك ھالدا تىنىغ ئۇچى بىۋاستە ئەڭ ئالى ھۆكۈمرانغا قارىتىلغان. پادىشا ماختىنىپ ئۆزىنى «ھەقىقى تەڭرىقۇت» دىسە، خەلق خان ھاكىمىيىتىنى مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا بۇ ئەڭ چوڭ بۇلاڭچىنىڭ ياۋۇزلۇق ۋە ئاچكۆزلۈك تەبىئىتىنى توغرىدىن توغرا ئېچىپ بەرگەن.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چەكسىز ئاچكۆزلۈكى ۋە قاتمۇـقات شىلىۋىلىشى جەمىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، بۇ ئىجتىمائى كەيپىياتنى ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلىدى. ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى كۆپرەك ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ ئىگىز ـ پەسلىكى، ھوقۇق ـ كۈچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە بايلىقىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن بەلگىلىنىدىغان بولدى. «پۇل بولسا شەيتانغا تۈگمەننى چۆرگۈلەتكۈزگىلى بولىدۇ»؛ «بايلار ئىشىكى ئالدىدا ھازىدار باللار جىق»؛ «بىرى باي، بىرى كەمبەغەل بولسا، ئاغىنىدارچىلىق سىرى شۇ ھامان بىلىنەر» دىگەنگە ئوخشاش ماقاللاردا ھەجۋى تەلەپپۇز ئارقىلىق خۇشامەتچى ـ تەخسىچىلەرنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى سۈرەتلەنگەن، ھەممىلا يېرىگە پۇل تامغىسى بېسىلغان جىنايەتكار جەمىيەت رەھىمسىز ئەيىپلەنگەن.

زۇلۇم بار ئىكەن، قارشىلىق بولىدۇ، نۇرغۇن ماقاللاردا خەلقنىڭ ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان كۈرەشچان روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەمگەكچى خەلق ئۆز ـ ئۆزىگە: «كەمبەغەل بولساڭمۇ ساپ بول، ئاچ قالساڭمۇ ئىرادەڭدە چىڭ تۇر» (جۇاڭزۇ) دەپ تەلەپ قويغان، شۇنىڭدەك «كاھىشىڭمۇ ئۆرلىدىغان كۈنى بولىدۇ، شىمال شامىلىنىڭمۇ جەنۇپتىنمۇ چىقىدىغان ۋاقتى كىلىدۇ» دەپ ئىشىنىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئادەتتە ھەمىشە ئۆزلىرىنى «يولۋاس ئورۇقلىسىمۇ، جەسۇرلۇكى بولىدۇ، ئادەم كەمبەغەل بولسىمۇ، ئىرادىسى بولىدۇ» دېگەن ماقال بىلەن رىغبەتلەندۈرگەن. لېكىن زۇلۇم دەستىدە ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغان چاغلاردا قارشىلىق كۆرسىتىپ، «قىيما-چىيما قىلىنىشتىن قورقمىغانلار خاننى ئاتتىن چۈشۈرەلەيدۇ» دەپ، يەر-زېمىننى زىلزىلىگە سالىدىغان جەڭگىۋار شوئارلارنى توۋلىغان.

ئەمگەكچى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ماقاللىرىدا مول كۈرەش تەجرىبىلىرىنىمۇ توپلىغان. «جاڭ مىڭ جاراڭلىسىمۇ، بىرلا تۈتساك ئاۋازى توختايدۇ»؛ «رولچى ھودۇقمىسا، كېمىدىكىلەر تەمكىن بولىدۇ»، بۇ ماقاللاردا رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن. «يىلاننى بامبۇك نورى ئىچىگە قويساڭمۇ، تۈز بولمايدۇ»؛ «بۆرە قوي چۈشەيدۇ»، بۇ ماقاللاردا دۈشمەننىڭ تەبىئىتىنى بىلىۋېلىشقا، ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىققا دەۋەت قىلىنغان. «يىلاننى كۆرگەندە ئۇرمىساڭ گۇناكار بولىسەن»؛ «يولۋاسنى تاققا قويۇۋەتسەڭ، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ» دېگەن ماقاللاردا يىلانغا ئوخشاش يامان ئادەملەرگە ئىچ ئاغرىتماسلىق، بۇزۇق ئەبلەخلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئېيتىلغان.

سىنىپىي كۈرەشتىن يەكۈنلەنگەن بۇ قىممەتلىك تەجرىبىلەردە ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ روشەن سىنىپىي مەيدانى، يارقىن مۇھەببەت-نەپرىتى ۋە قىممەتلىك كۈرەش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ تەجرىبىلەر دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشتىكى جەڭگىۋار قورال، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشىدە جانلىق دەرسلىكتۇر.

(3) ئادەتتىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن ماقاللار

خەلقنىڭ مول مەزمۇنلۇق تۇرمۇش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن ماقاللاردا خەلقنىڭ دۇنياقارىشى، تۇرمۇشقا قارىتا ساغلام پوزىتسى-

يىسى ۋە ئالىجاناپ ئەخلاق، پەزىلەتنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ماقاللار كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ ھەق-ناھەققە ھۆكۈم قىلىشىنىڭ ئۆلچىمى ۋە ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كومپاس بولۇپ كەلدى. ئەمگەكنى ماختاش ۋە مەدھىيىلەش ماقاللاردا يارقىن ۋە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. «تىرىشچانلىق يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەرنىڭ پادىشاسى»؛ «سەھەرلىق لاي پۈتلۈقلار بولمىسا، شەھەرنىڭ چوڭ قوساق بەگزادىلىرى ئاچتىن ئۆلىدۇ»؛ «كۆگزى، مېگىزلار تېرىق تاللاپ بېرەلمەيدۇ»، بۇ ماقاللاردا ئەمگەكچى خەلقلەر ئىپتىخارلىق تەلەپپۇزدا «كىم كىمنى بېقىۋاتقان»لىغىدىن ئىبارەت چوڭقۇر داۋلىنى ئېنىق-توغرا كۆرسەتكەن. ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا كېرەكلىك ماددى بايلىقلارنى يارىتىشتا تىرىشچانلىقتا، جاپالىق ئەمگەككە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، ھورۇنلۇق ۋە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا ماقاللاردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تاماق يېيىشتە ئاسمانغا ئەمەس، ئىككى قولغا تايىنىش كېرەك»؛ «يەر ئالتۇن قوزۇق، ئىشلىسەڭ بېرىدۇ ئوزۇق». ئەمگەك مېۋىلىرى ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدىغان بولغاچقا، ئەمگەكچى خەلقلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىقتىساتچىل بولۇش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن. مەسىلەن، ماقاللاردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھىساۋاتىڭ بولمىسا، بىر كۆرە ئالتۇنىڭ بولسىمۇ يەپ تۈگىتىسەن» («يېتىپ يېسەڭ، تاغ توشۇماس»)؛ «كۆنىگە بىر سىقىمدىن تېجىسەڭ، ئۈچ يىلدا بىر ئات ئالىسەن» («تاما-تاما كۆل بولۇر»).

ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك فېئودالىلىق جەمئىيىتىدە، كەڭ نامرات دېخانلار ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە نۇرغۇن پارچە-پارچە ئېتىزلارغا بەنت بولۇپ، ئۇنۇمسىز يەرلەر بىلەن ھەپىلىشىپ، يىل بويى ئەمەلدار-تۆرىلەر ۋە پومېشچىكلار ئۈچۈن ئىشلىدى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئۇلار تەبىئەتكە ۋە سىنىپى

دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشتا چوقۇم كوللېكتىپنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىش ھەم ئىتتىپاقلىشىش كېرەكلىگىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. نۇرغۇن ماقاللاردا بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلەنگەن. مەسىلەن: «ھەممە يەكدىل-بىر نىيەتتە بولسا، تەيشەن تېغىنىمۇ يۆتكىگىلى بولىدۇ»؛ «يالغۇز تال يىپ بولماس، يالغۇز دەرەخ ئورمان»؛ «بىر ئائىلە بۇتخانا سالالماس، يالغۇز ئادەم كۆۋرۈك سالالماس»؛ «ئۈچ ئادەم بىر نىيەتتە كەلسە، توپا ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ»؛ «ئادەم كۆپ بولسا ئەقىل-چارە كۆپ بولىدۇ، ئوتۇن كۆپ قالانسا ئوتى ئۇلۇق بولىدۇ»؛ «ئۈچ ئاددى كۆنچى بىرلەشسە، جۇگېلياڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ» (كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ)؛ «توپىدىن تام ھاسىل بولۇر، كەمبەغەلنى يۆلىسە خان بولۇر» ۋاھاكازالار.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت-ھېسسىياتى ئەڭ چىن، ھەقىقى، ئەڭ ساددا-سەمىمى بولىدۇ. ئۇلار كىشىلەرگە سەمىمى مۇئامىلىدە بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «ھاراقنى تەڭ ئىچسە لەززىتى بولىدۇ، گەپنى ئالدىدا قىلغان يېقىن-بۇرادەرلىك» (جىڭپو مىللىتى)؛ ئۇلار «دەرەخنى يىلتىزىغىچە سوغۇرۇشنى، چىن ئاغىنە-دوست بولۇش ئۈچۈن سىردىششنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مەنپەئەت كۆزلەپ دوست بولۇشتەك يامان ئادەتكە قارشى تۇرىدۇ. نۇرغۇن ماقاللاردا سەلبى جەھەتتىن كىشىلەر يامان ئادەتلەردىن ھوشيار بولۇشقىمۇ ئاگاھلاندۇرۇلغان، مەسىلەن: «تاخلاپ مېڭىشقا رازىمەنكى، مۈشۈككە كۆلكە بولمايمەن»؛ «ئات يۈمران ئوت ئۈستىدە مۆددىرەيدۇ، ئادەم شىرىن-شېكەر سۆزلەردىن موللاق ئاتىدۇ»؛ «ئالدىڭدا قىلغان چىرايلىق سۆزىگە قارىما، يوشۇرۇن سۇيىقەستىدىن ئاگاھ بول» (تىلى شېكەر، ئىچى زەھەر). ئىجابى، سەلبى جەھەتلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەكۈنلەنگەن بۇ تەجرىبە-ساۋاقلار ناھايىتى قىممەتلىك.

ماقاللاردا يەكۈنلەنگەن ئۆگىنىش، ئادىمگەرچىلىك ۋە جاھاندارچىلىققا دائىر نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەر ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش دەرسلىكى بولۇپ قالدى. مەسىلەن: «باشتىن ئىش ئۆتمىگىچە، ئەقىل تاپقىلى بولمايدۇ»؛ «ئەجدىھار گۆشىنى يەيمەن دېسەڭ، ئۆزەڭ دېڭىزغا چۈشۈشۈڭ لازىم»؛ تۆمۈرنى قىسقۇچتا ئۆزى تۇتۇپ، ئۆزى بازغانلاپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش ماقاللاردا ئەمەلىيەتنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم رولى تەكىتلەنگەن. بەزى ماقاللار كىشلەرنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشكە ۋە قىيتىقىنىپ تەتقىق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ: «كۆپ ئاڭلا، كۆپ كۆرگىن، كۆپ ئۆگەن، كۆپ مەشق قىلغىن» (موللا بولساڭ تەكرار قىل، دېخان بولساڭ شۇدىگەر قىل)، «ناخشا-غەزەل ئېغىزدىن ئايرىلماس، مۇشت قولدىن ئايرىلماس»؛ «قىرىغىچە ياشا، قىرىغىچە ئۆگەن»؛ «ھۈنەردە خەقنى ھەيران قالدۇراي دېسەڭ، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈر»؛ «ئەجرى قىلساڭ، لوم تۆمۈردىن يىڭنە قىلالايسەن»، بەزى ماقاللار بولسا، كىشلەرنى كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشقا، ھاكاۋۇرلۇقتىن ساقلىنىشقا ئۈندەيدۇ: «ئۆزىنى ماختىغان — سېسىغان ئوت-چۆپ» (ئۆزىنى ماختىغان بىرىنچى ئاخماق)؛ «لىق بوتۇلكا سۇ شالاقشىمايدۇ، يېرىم بوتۇلكا سۇ شالاقشىيدۇ»؛ «ئەقىللىق ئەقىللىققا زامىن بولۇر»؛ «باشقىلار كۆتەرگەن ئەپكەشنى يېنىك دەپ قارار، ئۆزى ئەپكەش كۆتەرسە قەدەممۇ-قەدەم دەم ئالار» ۋاھاكازالار. بەزى ماقاللار كىشلەرنى جىگەرلىك-جاسارەتلىك بولۇشقا، ئۈزلۈكسىز قۇدرەت تېپىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ: «ئىرادىسىز بولساڭ، بېشىڭدىن باسىدۇ تاغ، ئىرادىلىك بولساڭ يۆتكەيسەن تاغ»؛ «ئۆزەڭ قىيرىسائىمۇ، كۆڭلۈڭ قىيرىمىسۇن» (يىزۇ)، «ئۈزۈلمەس ئېقىن قۇيۇلار دېڭىزغا، مەزمۇت قارلىق تاغ تۇرار ئۆز جايىدا» (زاڭزۇ). «يولۋاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتالمىساڭ، ئوقيارىڭنى مەشق قىل، تەجدىھارنى چاپالمىساڭ، قىلىچىڭنى ئۆتكۈر قىل»، «كىچىك خاتالىقنى تۈزەتمىسەڭ، چوڭ خاتالىقنى بېسىقتۇرالمايسەن»، «ئالىقاناتىنىڭ تۈزەلگىنى ئالتۇندىن قىممەت» دىگەنگە ئوخشاش ماقاللار بولسا كىشىلەرگە قىيىنچىلىقنى يېڭىشقا، خاتالىقنى تۈزىتىشكە جۈرئەتلىك بولۇش توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ. بۇ ماقاللارنىڭ سۆزلىرى قىسقا بولسىمۇ، داۋلىلىرى ناھايىتى چوڭقۇر، بۇ ماقاللار ئەمگەكچى خەلقلەر ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە زور رول ئوينىدى.

(4) تەمسىلەر ۋە ئومۇملاشقان سۆزلەر

تەمسىلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بەدىئى قۇرۇلما شەكلىگە ئىگە ماقاللار. ئۇلار ئىككى قىسىمدىن، ئالدىنقىسى ۋاستە بولغۇچى سۆز (شىپى كەلتۈرۈلگەن سۆز)، ئوخشىتىش-تەمسىل؛ كېيىنكىسى مەقسەت سۆز، يەنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىشلىتىلگەندە، كۆپ ھاللاردا كېيىنكى قىسمى چۈشۈپ قالىدۇ. ئالدىنقى ۋە كېيىنكى قىسمى زىچ ئالاقىدار بولۇپ، سۆزلىگەندە، كېيىنكى قىسمى ئالدىنقى قىسمى تەرىپىدىن تەلەپپۇز ۋە مەنە جەھەتتىن تەبىئى ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. تەمسىلەر يوشۇرۇن مەنىلىك ۋە ئاھاڭداش سۆزلۈكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تەمسىلەرنىڭ بەزىلىرى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش خاراكتىرىدا بولىدۇ، مەسىلەن: «مۈشۈكنىڭ چاشقانغا ھازا تۇتۇشى — يالغان مېھرىۋانلىق»؛ «مولۇننىڭ توخۇغا سالامغا بېرىشى — ياخشى نىيەتتىن ئەمەس» دىگەندەك تەمسىلەرنىڭ رولى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ماقاللارنىڭ رولىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن تەمسىلەر ئاساسەن تۇرمۇشتىكى مەلۇم ئەھۋاللارنى ۋە كىشىلەرنىڭ مەلۇم روھىي-پسىخىك ھالىتىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: «كۆنجۈت يىڭنە كۆزىدىن ئۆتۈپ كەتتى —

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تازا دەل كەلدى»؛ «دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى ــ يۈرىكى پوكۇلدىدى». تەمسىللەر كۆپىنچە يۇمۇرلۇق ۋە ھەجۋىلىك بولىدۇ. مەسىلەن: «يولۋاسنىڭ تەسۋى سېرىشى ــ يالغان مېھرىۋانلىق»؛ «ھۇقۇشنىڭ ھويلىغا كىرىشى ــ شۇملۇقنىڭ ئالامىتى»، بۇ تەمسىللەردە دۈشمەنلەر پاش قىلىنغان. «دۇفۇنى ئىتنىڭ پىچاقتا كەس ــ ئىككى تەرىپى سىلىق چىقىدۇ»؛ «شامالدا يەر سۈپۈرۈپتۇ، يامغۇردا كوچىغا سۇ چېچىپتۇ ــ يالغان ئاكتىپلىق». بۇ ماقالىلاردا خەلق ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى تەنقىت قىلىنغان. بۇ تەمسىللەرنىڭ ئوخشىتىشلىرى ئوبرازلىق، ھەجۋىلىكى ئۆتكۈر، ئىپادىلىنىشى ناھايىتى يارقىن. بەزىلەرنىڭ تەمسىللەرنى ئومۇملاشقان سۆزلەردىكى «فېلىيەتون» دېيىشىدە مەلۇم داۋلى بار. «نوغۇشتا ئوت پۈدىسە، يەل ماڭمىغىنىدەك ــ پايپاقتا ناھال قاقاندەك»؛ «چېچەكلىمىگەن قىزىلگۈل ــ ساپلا تىكەن بولىدۇ»؛ «ئەينەككە قاراپ تازىم قىپتۇ ــ ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرغانلىق»؛ «تۇلۇقچى قوڭغۇز گۈل قىسىپتۇ ــ پەدەزخورلۇق»؛ «يامبۇنى قۇچاقلاپ ئۆزىنى قۇدۇققا ئېتىپتۇ ــ مال-دۇنيانى دەپ جاندىن كېچىپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش تەمسىللەر تۇرمۇشتىكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوبرازلىق سۈرەتلىگەن بولۇپ، يۇمۇرلۇق، شوخ ۋە ناھايىتى قىزىقارلىقتۇر. بەزىلەر تەمسىللەرنى سۆز ئويۇنى دەيدۇ، بۇ، توغرا ئەمەس، نۇرغۇن تەمسىللەر خەلقنىڭ ساغلام ئىدىيىۋى-ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئاكتىپ ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە.

ئومۇملاشقان سۆزلەر ئوبرازلىق، قېلىپلاشقان سۆز-ئىبارىلەر، مەسىلەن، «قەغەز يولۋاس»، «پو ئېتىش»، «قۇيرۇغىنى كۆتىرىۋېلىش»، «مۇقامغا چۈشمەيدىغان ساز چېلىش» (خىيالىغا كەلگەننى قىلىش)، «قاتتىق سۆڭەك» قاتارلىقلار. بۇ سۆز-ئىبارىلەر كۈندىلىك ئېغىز تىلىدا، دىئالوگلاردا ئىشلىتىلىپ، تىلنى ناھايىتى جانلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىخچام، ئوبرازلىق، ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

ماقاللار ئاساسەن ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىگە مەنسۇپ بولۇپ، خەلق ئاغزىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئىخچام-پىششىق تىل. ماقاللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ قىممەتلىك بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى. بۇ ئاساسىي ئېقىم. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئىچىگە بەزى شاكال خاراكتېرلىق ئەسەرلەرنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. مەسىلەن، «ھەممە نەرسە ئادەمگە ئەمەس، تەقدىرگە باغلىق»، «ئادەم ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرمىسا، ئاسمانمۇ، يەرمۇ راۋا كۆرمەيدۇ»؛ «كەمبەغەللەر بايلارنىڭ مېھرى-شەپقىتىگە باقىدۇ، بايلار خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتىگە باقىدۇ»؛ «بېشى چىقىپ تۇرغان چەگزە بالدۇر سېسىيدۇ»؛ «نامراتلار مىسكىنلىك بولىدۇ، بايلار ۋىژدانلىق بولىدۇ» ۋاھاكازالار. بۇ ئەسەرلەر، بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئەكسىيەتچى ئىدىيەلەر تەرىپىدىن توقۇلغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كۆپىنچە ماقاللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتقان ئەكسىيەتچىل كىشىلىك تۇرمۇش ئۇقتىسىنەزىرىنى تەرغىپ قىلىدۇ، ئەمگەكچى خەلقلەرنى ھاقارەتلەيدۇ، خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى زەھەرلەيدۇ، خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى پارچىلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى ماقاللار ئەمگەكچى خەلق ئىچىدىكى قالاق ئۇنسۇرلار ياكى ھۆكۈمران سىنىپلار ئىدىيىسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان بەزى ئەمگەكچىلەر ئاغزىدىن چىقىدۇ. لۇشۈن ماقاللارنىڭ سىنىپىيلىكىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «يۈزەرەك ئويلىغاندا ماقاللار دەرۋەقە بىر دەۋردىكى خەلقنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنىڭ جەۋھىرىدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئوي-پىكىرلىرىدىن ئىبارەت، خالاس. ئەمدى ‹ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي› دېگەن ماقالنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىسالغا ئېلىپ كۆرەيلى، بۇ يەنىلا ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى، كىشىلەرنى ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەشكە، باج تاپشۇرۇشقا، ئىتائەت قىلىشقا، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىشقا، بىھۆرمەت بولماسلىققا، نارازىلىق قىلماسلىققا، بولۇپمۇ چىشلىغاقلىق قىلماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ؛ ئەزگۈچىلەر بولسا بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.» ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىدىغان ئەزگۈچىلەر «ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزگە ھەرگىز ئەمەل قىلمايدۇ، لېكىن ئۇلار مۇشۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنى قول قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى پارچىلاپ، ئۇلارنى ئۆزىنىلا قوغداش، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىش، باشقىلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا سۈكۈت قىلىپ، قۇللارچە كۈن كەچۈرۈشنىلا تەلەپ قىلەدىغان قىلىشقا مۇھتاج. شۇڭىدەك ئۇششاق دېخان ئىگىلىكى چەكلەمىسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمۇ، نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلەپچەقارغۇچىلاردا بۇ خىل نەپسانىيەتچىلىك-شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىلىرى ئاسانلا پەيدا بولىدۇ ياكى ئۇلار بۇ خىل ئىدىيىنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ. لۇشۈن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمقى ئۇقۇمۇشلۇق موللەلار ئۆزلىرىنى ھەممىنى بىلىدىغان ئادەم ھېساپلىغاچقا، «موللىلار ئۆيدە ئولتۇرۇپمۇ، جاھاندىكى ھەممە ئىشلارنى بىلىدۇ» دېگەندەك تەكەببۇرلارچە ئېيتىلغان قىپ-قىزىل يالغانچىلىق بارلىققا كەلگەن، پۇقرالارمۇ راست دەپ ئىشىنىپ قالغاچقا، بۇ ئاستا-ئاستا ماقالىغا ئايلىنىپ، تارقىلىپ كەتكەن.»① مانا بۇ بەزى ماقالىلارنىڭ زىيالىلاردىن پۇقرالار ئاغزىغا كۆچۈپ، ئۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ

① لۇشۈن: «ماقالىلار»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 5-توم، 136-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارقىلىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنى چۈشەندۈرىدۇ. پەقەت پاسسىپ رول ئوينايدىغان بۇ بىر قىسىم يامان ئەسەرلەرنى پىپەن قىلىش ۋە ئىلغىۋېتىش لازىم.

ئازاتلىقتىن كېيىن، جەمئىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، دەۋر بىلەن تومۇرداش بولغان ماقاللاردىمۇ ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەكسىيەتچىل ۋە قالاق بولغانلىرى پىپەن قىلىندى، شاللىۋېتىلدى، يېڭى ئىدىيىگە ماس كەلمەيدىغانلىرى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولدى. «ياخشى ئەزىمەت ئەسكەر بولمايدۇ، ياخشى تۆمۈردىن مىق سوقۇلمايدۇ» دېگەن كونا ماقال «ياخشى ئەزىمەت ئەسكەر بولىدۇ. ياخشى تۆمۈردىن مىق سوقۇلىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلدى. «ئادەم ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرمىسا، ئاسمانمۇ، يەرمۇ راۋا كۆرمەيدۇ» دېگەن ماقال «ئادەم ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرمىسا، مەردۇ-مەردانە بولىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلدى. بەزىلىرىگە، كونا شىشىگە يېڭى شاراپ قۇيغاندەك، يېڭى ئىزاھ بېرىلدى، مەسىلەن: «يامانلىققا يامانلىق، ياخشىلىققا ياخشىلىق» دېگەن ماقال ئەسلىدىكى «ئۆز قىلغىنى ئۆزىگە يانىدۇ» دېگەن خۇراپاتلىق ئىدىيىدىن سەممى ئادەم ھامان زىيان تارتمايدۇ، يامان ئادەملەر ھامان ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت يېڭى مەزمۇنغا ئۆزگەردى. بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى ماقاللار زور مىقداردا بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: «مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ماددىلار ئىچىدە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بىرىنچى ماددا»، «كونا جەمئىيەت ئادەمنى شەيتانغا ئايلاندۇرغان، يېڭى جەمئىيەت شەيتاننى ئادەمگە ئايلاندۇردى»؛ «ئىشچى-دىخان بىر ئائىلە، تومۇرى بىر ئىككى گۈل-چېچەك»؛ «يەر ئىسلاھاتى كىشىلەرنىڭ قەددىنى رۇسلىغان بولسا، تۇپراق ئىسلاھاتى، تۇپراقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ»؛ «ھەمكارلىشا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەمكارلىشا، كەمبەغەللەر بېيىيدۇ راسا» ۋاھاكازالار. بۇ ماقالىلاردا يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ پارتىيىگە چىن قەلبىدىن ئۇرغىغان قىزغىن مەدھىيىسى، ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشى ۋە يېڭى مەنىۋى قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يېڭى ماقاللار روشەن سىياسى ۋە ئىلغار ئىدەيەۋىلىككە ئىگە بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا، تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش رولىنى ئوينىماقتا.

### 3. خەلق ماقاللىرىنىڭ بەدىئى ئالاھىدىلىكلىرى

ماقاللار ئەمگەكچى خەلق كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەڭ كەڭ ئىشلەتىدىغان، شەكلى ئاددى-ئىخچام بولغان خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ تىلى پۇختا-پىششىق، ئوبرازلىرى جانلىق، جۈملىلىرى رەتلىك، سۆزلىرى ئاھاڭداش، ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

تىلىنىڭ ئىخچام-پىششىقلىغى ماقاللارنىڭ ئەڭ توپ بەدىئى خۇسۇسىيىتى. داستانلار خەلق ئەدەبىياتىنىڭ چوڭ سەھىپىلىك ئەسەرلىرى دېيىلسە، ماقاللار ئۇنىڭ ئەڭ نەپىس، ئىخچام ئەسەرلىرىدۇر. ماقاللارنىڭ ئىخچاملىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئادەتتە بىر-ئىككى جۈملە سۆز، ھەتتا ئۈچ-تۆت سۆز بىلەنلا بىر تەجرىبە ياكى داۋلى بايان قىلىنىدۇ، ئۈچ-تۆت جۈملىدىن ئارتۇق بولغان ماقاللار بىرقەدەر ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «بىر جىڭلىق خوراز چىللايدۇ» دىگەن ماقالدا تۆت سۆز بىلەنلا ئۆي قۇشلىرىنى بېقىشنىڭ بىر تەجرىبىسى يەكۈنلىنىپ، خوراز چوڭىيىپ بىر جىڭدىن ئارتۇق ئېغىرلىققا يەتكەندە چىللاپ، تاڭ ئاتقانلىغىدىن خەۋەر بېرىدىغانلىغى ئېيتىلغان. بۇ تۆت سۆز ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچىسى بار مۇكەممەل بىر جۈملىنى شەكىللەندۇرگەن، مەنىسى ئىنتايىن ئېنىق، بىر سۆزنى قوشۇش-ئېلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، جۈملە

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىنمۇ ئىخچام بولمايدۇ. يەنە ئالايلۇق، «بايلارنىڭ مىس
ئۆرنەك-نەقىشلىرى، كەمبەغەللىنىڭ جىنى، قان-تەرلىرى». بۇ
سەككىز سۆز سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تولۇق
ئاشكارىلاپ بەرگەن. «سوراق تاختىسىنىڭ بىر ئۇرۇلۇشى. پۇقرانىڭ
مىڭ تامچە قېنىغا توختايدۇ»، بۇ ئىككى جۈملە سۆز كونا دۆلەت
ماشىنىسىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەن. «كۆپچىلىك ئەۋلىيا»
دېگەن ماقالدا ئىككىلا سۆز بىلەن ئادەم كۆپ بولسا ئەقىل-پاراسەت
مول بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يىمىرىلمەس ھەقىقەت چۈشەندۈرۈل-
گەن. سۆزى ئىخچام، مەزمۇنى چوڭقۇر مۇنداق ماقاللار ناھايىتى
ئۇرغۇن. لۇشۈن ماقاللارنى «ئىخچام گەپ»، «ھازىرقى زامان قىيا-
پىتىنىڭ ئىلىكى» دەپ تازا جايىدا ئېيتقان. گوركى مۇنداق دەيدۇ:
«ماقاللار ۋە ناخشىلار دائىم ئىخچام بولىدۇ، لېكىن ئۇلار پۈتۈن-
پۈتۈن كىتاپلارنى يازغىلى بولىدىغان پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان.»① بەزى يازغۇچىلار كۆپ ھاللاردا ئۆز ئەسەرلىرىدە
پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق (خاسلىق) خۇسۇسىيەتلىرىنى
ھەممىدىن ئوبدان كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماقاللارنى نەقىل كەلتۈرۈپ،
پېرسوناژلار ئوبرازىنى ناھايىتى جانلىق يارىتىدۇ. بەزىدە، ئۇلار
ئەسەرلىرىنىڭ بېشىدا ماقاللارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق
تېمىنىڭ مەقسىدىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى پۈتۈن ئەسەرگە قوماندان
قىلىپ، ناھايىتى ياخشى بەدىئى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.

ماقاللارنىڭ ئىخچاملىقىنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى يىغىنچاقلاش
ۋە تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەش ئالاھىدىلىكى بەلگىلەيدۇ. ماقاللار

---

① «ماتېرىيال ۋە تەتقىقات»نىڭ 1-توپىغا قارالسۇن. 1934-يىل،
كرايېۋسكىي «سوۋېت ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى»دىن نەقىل،
شەرق كىتاپخانىسىنىڭ 1954-يىل خەنزۇچە نەشرى، 68-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

ھەرخىل تەجرىبىلەرنى خاتىرىلەيدىغان، ساقلايدىغان، ئۆگىتىدىغان قورال، ئۆتمۈشتىكى ساۋاتسىز ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش دەرسلىكى. شەكلى كىچىك-قىسقا بولغاندىلا، ئەستە ساقلىغىلى، ئېيتىپ بەرگىلى، ئىشلەتكىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئىجات قىلىشمۇ، قوبۇل قىلىش ۋە تەتبىق قىلىشمۇ ئاسان بولىدۇ. ماقاللار ۋە قوشاقلارنىڭ تۇرمۇشنى يىغىنچاقلىشى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: «ئادالەتسىزلىك ھەققىدە قوشاق»تا: «تامچى ئۇستام ياشايدۇ كەپەساتىمدا؛ توقۇمىچى قىز ئىگىنسىز، قالغان يالىڭاچ؛ تۇز ساتقۇچى خوتۇن ئىچىدۇ تۇزسىز شورپا؛ يەر تېرىغۇچى يەيدۇ سامان كېپەك ئارىلاش: ئۇن تارتقۇچى يەيدۇ خەمەك-سويما پەقەت؛ سەي قورۇغۇچى پۇرايدۇ ھىدىنى ھەر نۆۋەت؛ بورا توقۇغۇچى ياتىدۇ داق يەردە، داغدا؛ تاۋۇت كۆتەرگۈچى ياتار ئۆلۈپ يول بويىدا» دېيىلگەن. بۇ قوشاقتا تەكرارلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بىر قاتار تەڭداش كۆچەيتمە جۈملىلەر ئارقىلىق، بىر يولىلا ھەر خىل كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى مىسال كەلتۈرۈلۈپ، ئەمگەك قىلغۇچىنىڭ تاماققا ئېرىشەلمەسلىكىنىڭ ئومۇمى كۆررۈنۈشى ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن، كونا جەمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئادالەتسىزلىگى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىنغان. ماقاللاردا بولسا، مۇنداق ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرگەندە، ئادەتتە بىر-ئىككى تىپىك مىسال تاللىنىپ، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يىغىنچاقلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئورۇندۇق يوق ياغاچچىدا، ماي ساتقۇچى خوتۇن تارايدۇ چېچىنى سۇدا»، بەزىبىر ماقاللاردا پەلسەپەۋى قائىدىلەر مول سۆز-ئىبارىلەر بولىدۇ، مەسىلەن، «بولسىمۇ ھەرخىل گۈلدەك ھۈنىرى، دائىم يوقسۇزلۇقتا ئۆتىدۇ ئۆمرى»، «كەمبەغەلنىڭ قان-تېرى، باينىڭ ئاش-نېنى» دېيىش ئارقىلىق شەيئىنىڭ ماھىيىتى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلىپ، كىشىلەر ھەيران

www.uyghurkitap.com

قالدۇرۇلىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويغا سېلىنىدۇ. قوشاقلار ۋە ماقاللار كىشىلەرنىڭ مول تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى بىلىۋېلىش مەقسىدىگە يەتكۈزىدۇ. شۇنداقتىمۇ، قوشاقلار ئاساسەن ھېسسىيات بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ماقاللار بولسا ئاساسەن كىشىلەرنى داۋلى بىلەن قايىل قىلىدۇ.

تىلنىڭ پىششىق-ئىخچاملىقى شەيئىلەرنى چوڭقۇر بىلىش بىلەن زىچ ئالاقىدار. ھەقىقىي بىلىم ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. خەلقلەر كۈرەش داۋامىدا تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەپسىلى كۆزىتىپ، بىۋاستە تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تەدرىجى ھالدا بىلىپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىۋالغاچقا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئېنىق-توغرا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېنىن: «كۆپ ھاللاردا بىر خىل ئىدىئوم (تۇراقلىق ئىبارە) خېلىلا مۇرەككەپ ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئىنتايىن ئېنىق-توغرا ئىپادىلەپ بېرىدۇ»① دەيدۇ. ماقاللار مانا مۇشۇنداق ئىدىئوملار (تۇراقلىق ئىبارىلەر). ئەمگەكچى خەلقلەر شەيئىلەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر بىلىشكە ئىگە بولغاچقا، ماقاللار خېلىلا مۇرەككەپ ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. كۆزىتىش تەپسىلى بولسا، بىلىش شۇنچە چوڭقۇر، ئىپادىلەشمۇ شۇنچە ئىخچام بولىدۇ. قارىماققا ئېغىزغا چۈشۈپلا تۇرىدىغان، سۆپەتلەنمىگەن، لېكىن چوڭقۇر پەلسەپىۋى قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىخان تىلى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىشى، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق پىشىپ يېتىلگەن؛ ئىجتىمائىي كۈرەش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن ماقاللار خەلقنىڭ قان-تېرى بىلەن يۇغۇرۇلغان؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى تەجرىبە-

---

① لېنىن: «رجاگزا يېنىدىكى خوشنا»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 20 - توم، 281 - بەت.

لىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقاللارمۇ خەلقنىڭ تۆككەن تېرىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ماقاللارنىڭ ئىخچاملىقىمۇ ئۇزاق مۇددەت تارقىلىش ۋە كوللېكتىپ پىشىلدۇرۇشنىڭ نەتىجىسى. خەلق «ئالتۇن چايقىغۇچى»، ماقاللار تىل تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ تارىخىي ئېقىمىنىڭ يۇيۇشى ئارقىسىدا، ئەمگەكچى خەلق ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە توپلىغان، ۋاللىداپ تۇرغان ئالتۇن. تارقالغان ۋاقتى قانچە ئۇزۇن، دائىرىسى قانچە كەڭ بولسا، ماقاللار شۇنچە ئېنىق-توغرا ۋە ئىخچام بولىدۇ. شۇڭا گوركى تەكرار ھالدا مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ: «بىر يازغۇچى بۇ خىل ماتېرىيالدىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. ئۇ ئۇنىڭغا تىلنى خۇددى تۈگۈلگەن مۇشتەك ئىخچام قىلىشنى ئۆگىتىدۇ»، «ئۇ بىزنى سۆزنى تېجەشنى، تىلنى پىششىق-پۇختا ۋە ئوبرازلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا ناھايىتى ئوبدان ئۆگىتىدۇ»[1].

ماقاللار ئىككى-ئۈچ مىسرالىق، ئەدەبىي «مۇھاكىمىلىك ئەسەر»، پەلسەپىۋى قائىدىلىك كىچىك شېئىر، ئىلمىي پىكىرلىك شېئىرلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئوبرازلىقلىقى ناھايىتى گەۋدىلىك بولىدۇ. كەڭ ئەمگەكچى خەلقلەر ماقاللارنى ئوبرازلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يارىتىپ، ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، تەسىر قىلىش كۈچى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى مول بىلىم تەجرىبىلىرى ۋە چوڭقۇر ئوي-پىكىر، چۈشەنچىلىرىنى مۇشۇ قىسقا-ئىخچام شەكىل ئىچىگە جەملىگەن.

ماقاللارنىڭ ئوبرازلىقلىقى ئاساسەن ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتى-

---

① گوركى: «يېزىقچىلىقنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىم ھەققىدە»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 190، 191 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىدىغىنى تەمسىل-ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش.

«ئوغرى كېلۇر تاغاقتەك، چېرىك كېلۇر چىتلاقتەك، ئەمەلدار كېلۇر ئۈستۈرىدەك» دىگەن ماقالدا تەڭداش كۆچەيتمە بۆلەكلىك جۈملە ئارقىلىق قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا، فېئودال ئەمەلدار تۆرىلەرىنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك شۇلۇۋالغانلىغى تەمسىل-ئوخشىتىش ئارقىلىق پۈتۈنلەي ئېچىپ تاشلانغان. خەلق تەمسىل-ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىشكە ھەممىدىن ماھىر بولۇپ، مەيلى ئۇچۇق، مەيلى ياپتا تەمسىل-ئوخشىتىشلار بولسۇن، ھەممىسى ئاددى-تەبىئى، ئوبرازلىرى دەل جايىدا. تەمسىل-ئوخشىتىشلارنىڭ ئىشلىتىلىشمۇ جانلىق-كۆپ خىل بولۇپ، بەزىدە تەمسىل قىلىنغان شەيئى ئالدىدا، بەزىدە كەينىدە بولىدۇ، بەزىدە شەيئىنىڭ ئۆزى ئېيتىلمايدۇ. مەسىلەن، «چىراقنى پەرلىمىسەڭ، يورۇمايدۇ، داۋلىنى مۇنازىرە قىلمىساڭ، ئايدىڭلاشمايدۇ»؛ «ئادەم كۆپ بولسا ئىش ئاسان بولىدۇ، سۇ ئۇلۇق بولسا، كېمە ئوبدان ماڭىدۇ»؛ «باشلامچى ئات يارامسىز بولسا، ھەممە ئاتنى غەم باسىدۇ، ئۈستۈنكى لىم توغرا قويۇلمىسا، تۆۋەنكى لىم قىڭغىر بولۇپ قالىدۇ» ۋاھاكازالار.

ماقاللاردا سېلىشتۇرۇشمۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن. زىددىيەتنىڭ ئومۇمىلىغى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسى. بارلىق شەيئىلەر قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىگىدىن ئىبارەت، مەسىلەن، نامراتلىق ۋە بايلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، گۈزەللىك ۋە سەتلىك، ياخشى ۋە يامان ۋاھاكازالار. ئۆزئارا زىت ۋە باغلىنىشلىق بۇ شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنى قاتار تىزىپ سېلىشتۇرغاندا، كىشىلەردە روشەن ۋە يارقىن تەسىرات قالدۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئەمەلدارلارنىڭ ئوت قويۇشىغا يول قويۇپ، پۇقرالارنىڭ چىراق يېقىشىغا يول قويماسلىق» دىگەن ماقالدا ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىغى ناھايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

روشەن ئېنىق سېلىشتۇرۇلغان. «سوغاق قىرو يالغۇز گىيانى ئۇشتۈۋېتىدۇ، دەھشەتلىك بوران ئورمانىنى ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ» دېگەن ماقالدا شەخسنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىغى، كوللېكتىپ كۈچىنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىكلىگى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سىنىپىي كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈلسە، ئاھايىتى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ؛ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق داۋلى چۈشەندۈرۈلسە، چوڭقۇر-مۇكەممەل بولىدۇ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. سېلىشتۇرۇشتا كۆپىنچە تاللاش خاراكتېرلىق جۈملە شەكىللىرى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن، «ئامان قېلىپ تاش بولغىچە، مېيىپ بولۇپ قاش بول»، بەزىدە بىر ئاددى جۈملىنىڭ ئۆزىدىمۇ سېلىشتۇرۇش بولىدۇ، مەسەلەن، «بىر ئائىلىنىڭلا ئاش-نېنى، كىيىم-كېچىگى پۈتۈن بولسا، مىڭ ئائىلە ئاغرىنىدۇ».

رەتلىك-ماسلىق (ئاھاڭدارلىق) ماقالىلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى. ئاز سانلىق ئاددى جۈملە ياكى كۆپ جۈملىلىك ماقالاردىن تاشقىرى، ماقالىلارنىڭ كۆپچىلىگى ئىككى جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ. شەكلى رەتلىك، ئاھاڭى ماس، ئېغىزغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەستە ساقلاش ۋە ئېيتىش ئاسان، كىشىلەردە خۇشخۇي-يېقىملىق ھىسسىيات پەيدا قىلىدۇ.

ماقالارنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ ئىككى جۈملىلىك بولۇشى ئۇلارنىڭ ئالاھىدە رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر جۈملە سۆز بىلەن مۇرەككەپ مەزمۇننى يىغىنچاقلاش ئاسان ئەمەس، كۆپ جۈملە ئەزمىلىك-سۆرەلمە بولۇپ قالىدۇ، پەقەت ئىككى جۈملىلا رەتلىك-ئاھاڭدار بولۇپ، ئاسانلا چۈپلەش، سېلىشتۇرۇش، دەۋر قىلدۇرۇش، ئالماشتۇرۇش، تەڭداش كۈچەيتمە بۆلەك قىلىش، قوشما جۈملە قىلىش قاتارلىق جۈملە شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن: «ئادەم يەرنى كۈچسىز قىلىدۇ، يەر ئادەمنى كۈچسىز قىلىدۇ» دېگەن ماقالدا ئىگە، تولدۇرغۇچى، خەۋەر ئالماشتۇرۇلۇپلا، ئادەم بىلەن يەرنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى ۋە يەرنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش، تۇپراقنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن. يەنە ئالايلۇق، «بايلار تۆت پەسىلدە ئالماشتۇرۇپ كىيىم كىيىدۇ، كەمبەغەللەر بىر كىيىمنى تۆت پەسىل كىيىدۇ» دېگەن ماقالدا كەمبەغەللىك بىلەن بايلىقنىڭ چوڭ پەرقى چۈشەندۈرۈلگەن، بۇمۇ ناھايىتى ياخشى دەلىل.

ماقاللارنىڭ كۆپچىلىكى قاپىيىلىك بولىدۇ، «مالنى تونۇماسلىقتىن قورقما، مالنى مالغا سېلىشتۇرۇشتىن قورق»، بۇ ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئاخىرىنىڭ قاپىيىلىنىشى؛ «قۇشنىڭ گۈزەللىكى پەرلىرىدە، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ئەمگىكىدە»، بۇ ئوخشاش بولمىغان سۆزلەرنىڭ قاپىيىلىنىشى. بۇ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئىككى خىل قاپىيىلىنىش ئۇسۇلى. يەنە «كۈلۈپ يىرىلسا كۈلمەي ياماش، كۈلۈپ ئاشۇرۇۋەتسە، كۈلمەي تۈزەش (كېرەك)»، «بۈگۈنكى مېھماندارچىلىق ئۆتكەنكى ئىناقلىقنىڭ شاراپىتى؛ بۈگۈنكى ئۇرۇش-جېدەل ئۆتكەنكى غەم-خاپىلىقنىڭ كاساپىتى»؛ «دەرەخنى سۇغار، يىلتىزى سۇ ئىچكۈدەك، دوست تۇتقىن، ھەمدەم بولۇپ مۇڭداشقۇدەك» دېگەنگە ئوخشاش ماقالدەك قاپىيىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. قاپىيىلىنىش شەكلى جانلىق، كۆپ خىل ۋە پۈتۈنلەي تەبىئىي بولىدۇ.

بەزى تەمسىللەر قاپىيىداش كەلمەيدۇ. لېكىن جۈملە شەكىللىرى ئۆزئارا ماس كەلگەن، تەڭكەش ئاھاڭى ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. بىر خىل باي مۇزىكىلىق گۈزەللىككە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: «گەرچە ھاراق رومكىسى كىچىك بولسىمۇ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، چوكا توم بولمىغان بىلەن ئۇرسا بەلنى سۇندۇرىدۇ» دېگەندەك.

تەمسىللەر ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ دەرسلىك كىتاۋى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈرەش قىلىشنىڭ كۈچلۈك قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىم-
دىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىش-
تۈرۈشنىڭمۇ ئۇزۇغى بولۇپ كەلدى. ساۋشۆيچىن، شى نەيئەن،
ۋۇجېڭئېنىڭ قاتارلىق كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى؛ لاۋشى،
جاۋشۇلى، جولىپۇ قاتارلىق ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر-
لىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاز بولمىغان خەلق تەمسىللىرى نەقىل كەلتۈ-
رۈلۈپ، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى ئۈنۈملۈك
ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن ۋە ئەسەرنىڭ مىللى ئۇسلۇبى كۈچەيتىل-
گەن. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى زاماندىكى بەزى ئەدىپلىرى رىۋايەت،
ھېكايە قاتارلىق خەلق ئەدەبىيات شەكلىنى ئىشلىتىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا، تەمسىللەرنى ئىشلىتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ھەتتاكى
«ئەۋلىيالار تەزمىناسى» دىگەن كىتاپتىمۇ «تەمسىللەر قوللىنىلغان».
(«ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى») يولداش ماۋزېدۇڭمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە
ئۇرغۇنلىغان جانلىق تەمسىللەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئىدىيىسى ئىن-
تايىن چوڭقۇر، جەڭگىۋارلىغى كۈچلۈك سانسىزلىغان ئىلمى ماقالىلارنى
يېزىپ قالدۇردى، بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى ۋە قۇرۇلۇش ئىش-
لىرىنىڭ كۈرەش ئەمەلىيىتىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىماقتا. بۇ
بىزنىڭ مەسلىلەردىن توغرا پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن پارلاق ئۈلگە
تىكلەپ بەردى. لۇشۇن تەمسىللەرنىڭ سىنىپىيلىغى ئۈستىدە ئىنچىكە
تەھلىل يۈرگۈزۈپلا قالماستىن، ئۆز ئەسەرلىرىدىمۇ كۆپلەپ ئىشلەت-
كەن. خەلق ئەدەبىياتىنى ئەستايىدىل، ئۆگىنىدىغان ۋە قوللىنىدىغان
مۇنداق پوزىتسىيە، بىزنىڭ ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

تۇرسۇن مەخسۇت تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈم    خەلق تېپىشماقلىرى

## 1 ـ خەلق ئارىسىدىكى تېپىشماقلارنىڭ مەزمۇنى، كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ رولى

تېپىشماقلار خەلق ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئالاھىدە نەزمە شەكىللىك ئەسەردۇر. ئۇ، خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىپادىلەيدىغان، يېتىشتۈرىدىغان ۋە خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستىنى سىنايدىغان خەلق ئارىسىدىكى سۆز سەنئىتىدۇر.

«يېزىقشۇناسلىق» دىگەن كىتاپتا يېزىلىشىچە، تېپىشماق — «سۆز، سىر» دىگەن ئىككى ئىبارىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان، ئۇ بىر خىل سىر يېيىش سەنئىتىدۇر. ئاساسي خۇسۇسىيىتى: شەيئىلەرنى بىۋاستە تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى ئىستىئارە ۋە بىشارەت ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى بىشارەتلەر تەمىنلىگەن ئاساس — يىپ ئۇچى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، شۇ شەيئىنىڭ سىرىنى تېپىپ چىقىشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ تۈزۈلۈشى جەھەتتە باشقا خەلق ئەدەبىياتى شەكىللىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇ سوئال، جاۋاپتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپقان. تېپىشماقنىڭ سوئالى يەنە چۈشەندۈرگۈچى جىسىم شەكلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ تېپىشماقنىڭ ئەدەبىي ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدۇر؛ تېپىشماقنىڭ جاۋابى جىسىمنىڭ ئەسلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تېپىشماقنىڭ ماھىيىتى بولۇپ، مەسىلىنىڭ جاۋابىدۇر. سوئال-جاۋاپ ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ. سوئال-جاۋاپ شەيئىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«بۇدۇر-چوقۇر ئۆيى بار. قىزغۇچ-ئېپىز چېدىرى؛ ئۆزى سېمىز-
دوغىلاق، قالتىس ئەپچىل يېتىشى.» مانا بۇ «خۇاسىڭ» بولۇپ،
ئاشۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن خەلق ئارىسىدىكى تېپىشماقلارنىڭ بىردۇ-
دۇر. بۇنىڭدا خۇاسىڭنىڭ بىرنەچچە قىسمى ئايرىم-ئايرىم ھالدا
ئۆزىگە ئوخشاش شەكىل، رەڭدىكى شەيئىلەرگە ئوخشىتىلىش ئار-
قىلىق، سوئال-جاۋاپ ئۇتتۇرىسىدا باغلىنىش ھاسىل قىلىنغان.
بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تېپىشماق ئىستىئارە ۋە بىشارەت
ئۇسۇللىرى ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يىغىنچاقلاپ،
تەسۋىرلەپ، كىشىلەرگە يەشكۈزىدىغان ئەدىبى ئەسەردۇر. بۇ خەلق
ئەقىل-پاراستىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇمۇ خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستىنى
يېتىشتۈرىدىغان ۋە سىنايدىغان سەنئەت قورالى. خەلق قوشاقلىرى-
دىكى ئېيتىشىش، سىناپ كۆرۈش، سوئال قويۇش قاتارلىق شەكىل-
لەرنىڭ بىر قىسمى ھامان مەلۇم تېپىشماق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.
مەسىلەن، «ئول نىمەدۇر ئەگرى-بۈگرى بولۇپ چىققان ئاسمانغا؟
ئول نىمەدۇر ئەگرى-بۈگرى بولۇپ ئۆسكەن سۇلاردا؟ ئول نىمە-
دۇر ئەگرى-بۈگرى ئېپ چىقىلغان بازارغا؟ ئول نىمەدۇر ئەگرى-
بۈگرى بەك ياقىدۇ قىزلارغا» («ئايدۇركى ئۇ — ئوغاقسىمان پارلاپ
تۇرار ئاسماندا؛ ئاق نىلوپەر ئەگرى-بۈگرى لەيلەپ تۇرار سۇلاردا؛
تەرخەمەكتۇر ئەگرى-بۈگرى سېتىلادۇر بازاردا؛ تاغاق-چازا،
ئەگرى-بۈگرى قىسار قىزلار چېچىغا»). مۇنداق ئەسەرلەرنىمۇ
تېپىشماق دەپ ھېساپلاش مۇمكىن، بۇلار ئاساسەن ئاھاڭغا سېلىنىپ
ناخشا قىلىپ ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن «قوشاق تېپىشمىغى» دەپ ئاتە-
لىدۇ.

تېپىشماق ئېھتىمال باشلانغۇچ جەمىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى-
دىلا پەيدا بولغان بولسا كېرەك. قەدىمقى زاماندىكى ئەمگەكچى
خەلق ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجتىمائى ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئەتراپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىكى شەيئىلەرنى كۆزىتىش، چۈشىنىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەدرىجى ھالدا ئىگەللەپ ۋە ئىستىئارە شەكلى ئاساسىدا تېپىشماقلارنى ئىجات قىلىپ، ئەقىل-پاراسەتنى سىناشنىڭ قورالى قىلغان بولسا كېرەك. بۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئادەملەر ئەقىل-ئىدرەك تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن بىر باسقۇچقا يېتىپ بارغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

قەدىمقى گىرىتسىيە ئەپسانىلىرىدا ئىپتىدائىي تېپىشماقلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن①، دۆلىتىمىزدىكى ئېۋېنكى مىللىتى ئازاتلىقتىن بۇرۇن باشلانغۇچ پاترىئارخاللىق جەمىيىتى باسقۇچىدا ياشاپ كەلگەن. ئەينى زاماندا، ئۇلارنىڭ يېزىقى بولمىغان، ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ تېخى بىخ ھالەتتىكى ئاغزاكى ئىجادىيەت بولسىمۇ، لېكىن تېپىشماقلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇ تېپىشماقلار ئاددىي يوشۇرۇن سۆز ئىبارىلەردىن ئىبارەت ئەلۋەتتە. دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تېپىشماقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئەھۋالى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كەمسىتىشى تۈپەيلىدىن، قەدىمقى كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن، شۇڭلاشقا مۇھاكىمە قىلىش تەسكە چۈشمەكتە. بىراق، چۈنچيۇ، جەنگو دەۋرىدىكى ھەرقايسى ئېقىملارنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا خاتىرىلەنگەن «ياپتا گەپلەر»نى ئومۇمەن ئەينى ۋاقىتتىكى تېپىشماق ئەسەرلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شۈنزى يازغان «پىلە ھەققىدە» دېگەن ئەسەر ئومۇمەن مۇشۇنداق خاتىرىگە ياتىدۇ. «پىلە ھەققىدە»دە، ئىستىئارىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق پىلىنىڭ شەكلى، ئىقتىدارى، خۇسۇسىيىتى جانلىق، ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدا سوئال-جاۋاپ، تېپىشقا دائىر پائالىيەتلەر

---

① خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1978-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان «گىرىتسىيە چۆچەك، رىۋايەتلىرى»گە قارالسۇن. (ئاپتور)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، تېپىشماققا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇنداق سۆز ھادىسىسى-
نىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شەكىللىنىشى ھەرگىز بىر قىسقا دەۋر ئىچىدە
ئورۇنلانغان ئەمەس. ئەينى زاماندا خەلق تېپىشماقلىرى يېزىپ
قالدۇرۇلمىغانلىقتىن، «پىلە ھەققىدە» دېگەن كىتاب توغرىلىق بىر
پەقەت: بۇ كىتاب ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ خەلق پىلە بېقىش تېخ-
نىكىسىنى ئىگەللىگەن ۋە تېپىشماقلار پەيدا بولغاندىن كېيىن يېزىل-
غان بولسا كېرەك دېگەن پەرەزگە كېلىمىز. «ئەدەبىيات جەۋھەر-
لىرى. قىزىقارلىق باپ»دا، «شۈن چېڭ پىلە ھەققىدە چوڭقۇر
تەھلىل يۈرگۈزگەن ئىدى.» دېگەن سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەرنىڭ
يېزىلىشىدا مەلۇم ئاساس بار. رىۋايەتلەر ئىچىدىكى خەن سۇلالىسى-
دىن دۇڭ فاڭشۇ يازغان «پاشا ھەققىدىكى تېپىشماق» — «نەشتىرى
ئۆتكۈر، ئۆزى ئورۇق، كۈندۈزى كۆرۈنمەيدۇ، گۈگۈمدا پەيدا
بولىدۇ، گۆشكە ئامراق، ئىستىن قاچىدۇ، شاپىلاق تەگسىلا ئەبجىغى
چىقىدۇ.» دېگەن تەسۋىر خەلق تېپىشماقلىرىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.
«خەن سۇلالىسىنىڭ خاتىرىسى، دۇڭ فاڭشۇنىڭ تەرجىمھالى»دا:
«دۇڭ فاڭشۇنىڭ لەتىپىلىرى ئاۋامغا تارقاپتۇ، چوڭ-كىچىكلەر
ئارىسىدا ئۇنى ماختىمىغانلار قالماپتۇ.» دېيىلگەن. مۇنداق تېپىشماق
تېپىش ھەركىتىنى كىچىك بالىلارمۇ بىلىدىكەن. بۇنىڭدىن تېپىشماق-
نىڭ خەلق ئارىسىدىمۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى، پىشىپ-
يېتىلىش باسقۇچىغا يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تاڭ دەۋرىدە،
بولۇپمۇ ئىككى سۇڭ دەۋرىدىن كېيىن، سودا-سانائەت راۋاجلاندى،
شەھەرلەر گۈللەندى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش
ئۈچۈن، تېپىشماق زور دەرىجىدە كۆپىيىشكە باشلاپ، ئۇ ئەقىل-
پاراسەت سىنىشىدىغان ۋە كۆڭۈل ئېچىشنىڭ مۇھىم شەكىللىرىنىڭ
بىرى سۈپىتىدە ئويۇن-تاماشا قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. پەقەت
خەلق ئارىسىدىلا كەڭ تارقىلىپ قالماستىن، بەلكى مەخسۇس تېپىش-

ماق ئېيتىدىغان سەنئەتچىلەر ۋە تېپىشماق تاپىدىغان سورۇنلار بار-لىققا كەلدى. يۇەن ۋە مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، تېپىشماق تېپىش ئىنتايىن راۋاجلانغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى يەزى تېپىشماقلار بۇگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ-تارىلىپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، فىڭ مىڭلۇڭ «خۇاڭ شەن تېپىشمىغى»نى رەتلىگەن، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئېلىمىزنىڭ ئاللىقاچان خاتىرىلەنگەن بىر تۈركۈم خەلق تېپىشماقلىرى ئىدى. ليۇسىنىڭ «ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى قىزىقارلىق باپ» دېگەن كىتاۋىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئىچىدىكى تېپىشماق نەزەرى-يىسىگە دائىر تۇنجى نەزەرىيىۋى مۇھىم ئەسەردۇر.

قەدىمقى زاماندا تېپىشماق بىرقەدەر ئەمەلىي رولغا ئىگە بولۇپ، ئۇ دائىم سىياسى ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇش جەھەتلىرىدە ئىشلىتىلەتتى. دۆلىتىمىزدە قەدىمقى زاماندا تېپىشماق «ياشانغانلار سۆزى»، «يوشۇرۇن ياپتا سۆز» دەپ ئاتالغان. ھۆججەتلىك خاتىرىلەردە، بۇ نەرسىلەرنى ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەدىپلىرى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تېپىشماق ھەركىتىنىڭ كەڭ دائىرىدە بولغان-لىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مۇنداق «ياپتا سۆز»، «يوشۇرۇن سۆز» ئاساسەن ۋەزىرلەرنىڭ پادىشاغا مەسلىھەت بېرىشى ياكى پادىشانىڭ ۋەزىر-بۇقرالارنى سىناشلىرىدا ئىشلىتىلەتتى، بەزىدە تېخى دىپ-لوماتىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ قوللىنىلاتتى. بەزى مىللەتلەر يەنە تۇرمۇش سورۇنلىرى ياكى دىنىي مۇراسىملاردىمۇ ئىشلەتكەن. تېپىشماق تېپىش بەزىدە ھەتتا شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، بەختى ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەر ھەم خەتەرلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغان. بۇنىڭدىن تېپىشماقنىڭ قەدىمقى زاماندا جىددى مەنە ۋە زور رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تېپىشماق تېپىش بىر خىل قىزىقارلىق، پايدىلىق پائالىيەت. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن سۆيۈشىگە ئېرىشكەنلىكتىن، نەچچە يۈز ئەۋلاتنىڭ ئېغىزىدىن ئۆتىسمۇ ئاجىزلاشماي داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى ئەقىل-پاراسەتنى يېتىشتۈرۈش، تەپەككۈرنى جانلاندۇرۇش، مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىشتىن ئىبارەت. تېپىشماقنىڭ يىلتىزى خەلق تۇرمۇشى ئىچىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقتىن، ئۇ خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى مۇئەييەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە بىلىش جەھەتتىكى رولىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك. كونا جەمىيەتتە، ئەمگەكچى خەلق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەقىل-پاراسەتنى ئىپادىلىگەن، ئۆلچىگەن ۋە يېتىشتۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنىلا خەلق تۇرمۇشىدا ياشاپ كېلىۋاتقان بىر خىل سەنئەت ۋاستىسى بولۇپ، باللار تەربىيىسىدە ئۇنىڭ رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا.

2. خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە مەزمۇنى

تېپىشماقلارنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ئۇنىڭدا تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇناسىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تېپىشماق جاۋابىنىڭ شەيئىلەر ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىگە ئاساسەن، تېپىشماقلارنى نەرسىلەر ھەققىدىكى تېپىشماق، ئىشلار ھەققىدىكى تېپىشماق، خەت تېپىشمىغى دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

نەرسىلەر ھەققىدىكى تېپىشماق، كونكرېت شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ جاۋابى قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئالەم، تەبىئى ھادىسە ۋە ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈك، كان-رۇدىلار ھەققىدىكىلىرى بار. ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، ئىجتىمائى تۇرمۇش ۋە ئائىلە تۇرمۇشى قاتارلىق تۈرلۈك ئېھتىياجلىق بۇيۇملار ھەققىدىكىلىرى بار. ئادەم، ئادەم ئەزالىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە تۇرلۇك كەسپلەر ھەققىدىكىلىرىمۇ بار. بۇ سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر خىل تېپىشماقتۇر. مەسىلەن:

«شەرقتە بىر تۇپ قىزىل گۇل، غەربى ئۆيدە پىلىگى،
ئېچىلسا ئىش قىلدۇرىدۇ، سولاشسا ئۆيگە قايتۇرار كىشىنى.»
(قۇياش)

قۇياش شەرقتىن كۆتىرىلىپ، غەرىپكە پاتىدۇ. سەھەردە چىقىپ، كەچتە ئولتۇرىدۇ. ئادەملەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. قۇياش ھەققىدىكى تېپىشماقتا، قۇياش گۈلنىڭ ئېچىلىش-سولىشىشىغا ئوخشىتىلىپ، «كۈن چىقىش بىلەن ئىشلەش، كۈن پېتىش بىلەن ئارام ئېلىش»تەك بىر ئەمگەك جەريانى سۈرەتلەنگەن-دە، قۇياشنىڭ ئالاھىدە ئېتىقادلىرىدىن بىشارەت بېرىلگەن. بۇ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق تېپىشماقتۇر. يەنە ئالايلۇق:

«راسا ھاماقەت بىر ئۆسمۈر بالا،
يەتتە قۇر كىيىم كىيگەن ئۈچىسىغا،
قويىندا نۇرغۇن ئۈنچە-مەرۋايىت،
كىيگەن پۆپەكلىك بۆكنى بېشىغا.» (كۆممە قوناق)

بۇ تېپىشماقتا قوناق ئادەمگە ئوخشىتىلىش ئارقىلىق، كۆممە قوناقنىڭ پۈتۈن قىياپىتى ھەر جەھەتتىن (سىرتقى پوستى، دېنى، پۆپىگى قاتارلىق جەھەتلەردىن) گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ تېپىشماق ئوبرازلىق ھەم دەل جايىدا چىققان. بىر قاراش بىلەنلا مول ھوسۇل خۇشاللىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە مەسىلەن:

«ئەگرى غول دەرەخ، دوناي شاخلىرى،
كۈمۈش كولدۇرما ئېسىلغان ئاڭا.
كىمكى تاپسا تېپىشمىقىمنى،
ئەمنى ئېتىش مىنسۇپتۇر ماڭا.» (ئەشپۇت)

www.uyghurkitap.com

بۇ تېپىشماقنىڭ ئالدىنقى ئىككى جۈملىسى نەشپۈتنىڭ شەكلىنى ئىستىئارىلەشتۈرگەن. ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملىسى كۆپتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، نەشپۈتنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىدىن بىشارەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش يولىدىكى مەردانە روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يەنە ئالايلۇق:

”جەنۇپتىن كەلدى بىر قارا يىگىت،
بېلىدە باردۇر بىر جۈپ يەلپۈگۈچ،
ھەر قەدىمىدە يەرنى يەلپۈيدۇ،
سۇبھانالىلا! ئىسسىق ئەپلىگۈچ.» (قاغا)

بۇ تېپىشماقتا قانات قېقىپ ئۇچۇپ يۈرگەن قاغا قارا يىگىتكە ئوخشىتىلغان، ئوبراز جانلىق بولۇپ، سوئال بىلەن جاۋاپ مۇناسىپ چىققان. ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە ئۈچىنچى جۈملىنىڭ راۋاجى بولۇپ، ناھايىتى قىزىق، كۈلكىلىك، بۇ ئادەمنى قايمۇقتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئىشلار ھەققىدىكى تېپىشماقلار، كىشىلەرنىڭ قىلىق-ھەركىتىنى ياكى مەلۇم تەبىئەت ھادىسىسىنى ئۆزىنىڭ جاۋابى قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائى تۇرمۇش، ئائىلە تۇرمۇشى، ئەمگەك جەريانى ھەققىدىكىلىرى بار؛ تەبىئەت ھادىسىسى ھەققىدىكىلىرى بار. مەسىلەن:

«چاسا بىر سەھنە،
چىقتى سەت سەتەڭ،
ئۇسۇل ئوينىپلا —
ناخشا ئېيتماس بىزەڭ.
ناخشا ئېيتقاندا،
ئوينالماس كۆرەڭ!» (قورچاق ئويۇنى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ماڭىدۇ، ماڭىدۇ، قىردىن ئاشالماس،
يەيدۇ گۆش، بىلىق قوسىغى تويماس،
ئالتۇن ـ تەڭگە جىق خەجلىيەلمەيدۇ،
قار ـ يامغۇر ياغسا ھۆل بوپ كەتمەيدۇ.» (چۈش)

«چوڭ ئاكام مىنىڭ چىراق ياققاندا،
ئىككىنچى ئاكام كۆكتە ۋاقىرار؛
كۆز يېشى قىلسا ئۈچىنچى ئاكام،
تۆتىنچى ئاكام ھەممىنى يىقىتار.»

(چاقماق، گۈلدۈرماما، يامغۇر، شامال)؛ «ئىگىز ـ ئىگىز تاغلارىم، پاكار ـ پاكار تاغلارىم، بىلىق ئۈزۈپ ئويىنىغان، سۇسىز قۇرۇق سايلارىم.» (رەخ توقۇش)؛ «قاچىلانغان ئاق گۈرۈچ، تۆۋى قىرلىق كېمىگە، ئىككى پالاق ئۇرۇلسا، بارار دىگەن يېرىگە» (تاماق يېيىش) قاتارلىقلار.

ئىش ھەققىدىكى تېپىشماقلار خەلقىنىڭ باي مەزمۇنلۇق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمگەك خەلقىنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائى ئەمەلىيىتى، كىشلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى دائىم ئەمگەك بىلەن سىڭلىشتۇرىدۇ. يۇقۇرىدىكى «تاماق يېيىش» تېپىشمىغى بۇنىڭ مىسالى. ئەمگەكنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ئىش ھىساپلىنىدۇ، مەسىلەن: «رەخ توقۇش» تېپىشمىغىدا شۇنداق.

خەت تېپىشمىغى خەنزۇچە خەتنى ئۆزىنىڭ جاۋاۋى قىلىدۇ. خەنزۇچە خەتنىڭ تۈزۈلىشى ئالاھىدە بولغانلىقتىن، خەت تېپىشمىغىمۇ ئىنتايىن باي مەزمۇنغا ئىگە. خەلق ئارىسىدىكى خەت تېپىشمىغى بىلەن زىيالىلار ئارىسىدىكى خەت تېپىشمىغى زادىلا ئوخشىمايدۇ. بۇرۇن، خەلق ئادەتتە مەدىنىيەت ئۆگىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقتىن، خەت تېپىشمىغىنىڭ سانى بەك ئاز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى www.uyghurkitap.com

ئىدى.

خەلق خەت تېپىشمىقىدا خەتلەر تونۇش نەرسىلەرگە ئوخشىتىلغان، بۇ خىلدىكى تېپىشماقلارنىڭ سۆزى ئاددى، چۈشىنىشلىك بولۇپ، سىزىقى ئاددى خەنزۇ خەتلەر سوئالىنىڭ جاۋابى قىلىنغان. زىيالىلار خەت تېپىشماقلىرىنىڭ ئاز ساندىكى ئېنىقراقلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، قالغان كۆپ قىسمىنىڭ سوئالى ئېنىق، راۋان بولمايدۇ، ھەمىشە دىگۈدەك بىر تۈرلۈك ئەھمىيەتسىز خەت ئويۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

خەت تېپىشمىقى خەنزۇچە خەتنىڭ ئاھاڭى، شەكلى، مەنىسى، سىزىقلارنىڭ ئىشلىتىلىشى، خەت شەكلىنىڭ كۆپىيىپ-ئازىيىشى، ئېچىلىپ-يېپىلىشى قاتارلىق ئۇسۇل-شەكىللەرگە ئاساسەن ئىجات قىلىنغان.

خەت شەكلىگە قاراپ تۈزۈلگەن تېپىشماقتىن مىسال ئالساق: «بىر ئادەم بار ئىسمى ۋاڭ، يانچۇقىدا ئىككى تاڭ①» (ئالتۇن)؛ دىگەن تېپىشماق بار. «كىچىك-كىچىك ئىككى جۇپ، بېشىدا بار ئۆسكەن چۆپ.» (سامساق).

خەت مەنىسىگە قاراپ تۈزۈلگەن تېپىشماق، مەسىلەن: «بۇ خەت راستىن بەك ئاجايىپ، كۆل ئىچىدە سۈيى يوق، يەر ئۆستىدە لېيى.» (خەت)؛ «بىر تەرىپى چوڭ، بىر تەرىپى كىچىك. بىر تەرەپتىن يۈگۈرىدۇ، بىر تەرەپتىن سەكرەيدۇ؛ بىر تەرەپتىن يول بويىدىكى كۆك چۆپنى يەيدۇ، بىر تەرەپتىن ئوغۇرلۇقچە ئادەم چاقىدۇ.» (cao قالايمىقانلاشتۇرۇش دىگەن خەت).

خەت تېپىشمىقىنىڭ جاۋابى كۆپ ھاللاردا يالغۇز خەت بولىدۇ. ئىككى خەتتىن يۇقۇرىلىرىمۇ بولىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغانلىرى تۆت

① تاڭ—قەن دىگەن مەنىدە(ت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەتلىك بولۇپ، بىر جۈملە تۈزۈلىدۇ.

تېپىشماق خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ بىرلەشكەن، ئۇنىڭ يىلتىزى خەلق تۇرمۇشى ئىچىدە بولۇپ، تېپىشماقنىڭ سوئال-جاۋابى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى خەلق كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ۋە تونۇش نەرسىلەردۇر؛ شۇنداقلا كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە ھەۋەس-قىزىقىشلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن.

يۇقۇرىدىكى تۈرلۈك تېپىشماقلاردىن، ئادەملەرنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە نىسبەتەن كۆڭۈل بۆلۈشىنى، تونۇشىنى، تۇرمۇش ۋە ئەمگەككە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ھەم مەدھىيىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. تېپىشماقلاردا بىر خىل سەممىيەت، ئۇمىتۋارلىق، شات-خۇراملىق سىڭگەن تۇرمۇش ھەۋىسى تەبىئىي ھالدا ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئېغىزغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاشۇنداق ئىجتىمائى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى سوئال قىلغان تېپىشماقلاردا خەلقنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن يارقىن پىكىرنىڭ چېچەكلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇلار روشەن ئىدىيىۋىلىك ۋە جەڭگىۋارلىققا ئىگە:

ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ياپ-يېشىل تالدەك ئىدى،
قېينئانا ئۆيىگە بېرىپ قالغان مانا ساغىرىپ؛
ئېغىز ئاچمىسا مەيلى ئۆتتۇرەر كۈنلىرى،
قالسا ئېغىزى ئېچىلىپ كېتەر بېشى تۆكۈلۈپ.

(كېمىنىڭ بامبۇك پالىغى)

بىزنىڭ ئۆي ئوخشايدۇ خۇددى لالىگە،
ئېچىلمايدۇ باي غوجام-نائەھلىگە.
كەلسە گەر كۆڭلىدە غەش يوق مەرت كىشى،
قاندۇرار ئۇنى مۇھەببەت-مېھرىگە. (قۇلۇپ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككى تېپىشماق ئاياللار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قوشاقلارغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئالدىنقىسى كونا جەمىيەتتىكى ئاياللارنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشى ۋە قايغۇلۇق قەلبىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قوشاق، نامۇۋاپىق نىكا تۈزۈمى ئۈستىدىن قىلىنغان ئۈنسىز شىكايەت بولسا، كېيىنكىسى مۇھەببەتكە سادىق بولۇش، پۇلغا بېرىلىپ ۋاپاسىزلىق قىلماسلىقتەك ئېسىل پەزىلەتكە ئوقۇلغان مەدھىيىدۇر.

ئاق گۈرۈچ قاچىلانغان بىر كېمە،
كىردى قورقماي چوڭ يامۇلنىڭ ئىچىگە.
يامۇل بېگى يەپ ئۇنى مەزە قىلار،
كېمە يەنە گۈرۈچ ئېلىپ كىرگىچە. (گازىر چېقىش)

بۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ قان تەرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن شورىغانلىقىنىڭ جانلىق تەسۋىرى.

تاققا چىقسام گۆكىرەيمەن ھەيۋەتلىك،
تاغدىن چۈشسەم سۇ چايقىلار دەھشەتلىك.
يۈزلىگەن بەگ-غوجاملار تۇتالماس مېنى،
خان-پادىشا ھېچ نېمە قىلالماس مېنى. (شامال)

بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋاۋى «شامال» بولۇپ، «مەن ئىلاھەمەن-خۇدامەن» دېگەن خەلق قوشىقى بىلەن ئاھاڭ جەھەتتە ئوخشىمىسىمۇ، مەزمۇنى جەھەتتە ئوخشاش، بۇنىڭدا خەلقنىڭ ئەڭ يۇقۇرى فېئودال ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا بولغان مەنسىتمەسلىكى ۋە قارشىلىقى ئۈستىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يۇقۇرىدىكى تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسى روشەن دەۋر ۋە سىنىپىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كونا جەمىيەتتىكى ئازاپ-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى ۋە ھۆكۈمران سىنىپقا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەمدە قارشىلىقى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ خىل ئەھچىل كىنايە، دارىتمىلاش ئارقىلىق رىياللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇش، ھىسسىياتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆرەشچان ئەقىل-پاراستىنى تولۇق نامايەن قىلىدۇ.

3. تېپىشماقلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى

تېپىشماقنىڭ ئەڭ چوڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى — تېپىشماق سوئالى بىلەن جاۋاۋنىڭ ئەھچىللىك بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەنلىكىدە. تېپىشماق ئادەملەر تاپىدىغان نەرسە بولغانلىقتىن، ئالدى بىلەن تېپىشماقنى سوئالى ئارقىلىق ياپتا ئىستىئارىيلىك تۇسكە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ جاۋاۋىنى يوشۇرۇشقا، كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ جاۋاۋىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ، سوئالنى جاۋاپتىن يىراقلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ھەمىشە دىگۇدەك جانلىق نەرسىلەر جانسىز، جانسىز نەرسىلەر جانلىق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ؛ ئادەم نەرسە قىلىنىپ، نەرسىلەر ئادەم قىلىنىپ بايان قىلىنىدۇ؛ بۇ خىل نەرسە ئۇ خىل، ئۇ خىل نەرسە بۇ خىل تەسۋىرلىنىپ، ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان بىر خىل ساختا قىياپەت بارلىققا كەلتۇرۇلىدۇ-دە، كىشىلەر ئۇنىڭ جاۋاۋىنى ئاسانلىقچە تاپالمايدۇ. مانا بۇ «ئەدىبىيات جەۋھەرلىرى. قىزىقارلىق ياپتا گەپلەر»دە ئېيتىلغان «ئەتەي چەتنىتىپ ئازدۇرۇش» دىگەن سۆزنىڭ چۈشەندۇرۇلىشى. لېكىن، تېپىشماقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئادەملەرنى تەپەككۇر قىلدۇرۇش ئارقىلىق تېپىشماقنىڭ جاۋاۋىنى ئايان قىلىشتۇر.

شۇڭا جاۋاپنى يوشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلەرنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇپ، بىر قىسىم «ئۆمۈچۈك تورلىرى» ئارقىلىق سوئال بىلەن جاۋاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق، ئوخشاشلىق ياكى باغلىنىشلىق نۇقتىلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىپ، تېپىشماق تاپقۇچىنى يىپ ئۇچى ۋە ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، تاپقۇچىنى ئويلاش، تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش ئارقىلىق تېپىشماقنىڭ جاۋاۋىنى تېپىش

www.uyghurkitap.com

ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «بېشىدا قىزىل بۆك ئۇچىسىدا ئاق تون، مېڭىپ چىقىدۇ ئىگىز سېپىلدىن، قىزىل نۇر چاچار جۇغى-جىسمىدىن.» مۇنداق قارىماققا بۇ بۆك كىيگەن، ماڭالايدىغان، نۇر چاچالايدىغان قىزىقارلىق، جانلىق شەيئى بولسىمۇ، ئالدى بىلەن ئۇ كىشلەرنىڭ تەپەككۇرىنى قالايمىقانلاش-تۇرۇۋېتىپ، ئۆز ماھىيىتىنى ئاسانلىقچە تېپىشقا يول قويمايدۇ، لېكىن مۇشۇ جانلىق شەيئىنىڭ ئوبرازىدا تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق سوئالغا جاۋاپ تېپىش ئىمكانىيەتلىرى — نەرسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بار بولۇپ، كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئويلاش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سۈرەتلەنگەن نەرسىنىڭ بىر تال قىزىل باش سەرەڭگە تېلى ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئالالايدۇ. مانا بۇ «ئەدىبىيات جەۋھەرلىرى. قىزىقارلىق ياپىتا سۆزلەر»دە تېپىشماققا بېرىلگەن تەبىرگە — «خەت مەنىسى سىلىق ھەم توغرا، سۆز ئىبا-رىلەر خۇپپىيانە ھەم بىلىنىپ تۇرىدۇ»، دېگەن ئىبارىگە ئوخشايدۇ. مانا بۇ تېپىشماق سوئالى بىلەن جاۋاۋى ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. «يوشۇرۇش» — ۋاستە، «ئاشكارىلاش» — مەقسەتتۇر، يوشۇرۇش بىلەن «ئاشكارىلاش» قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى بولۇپ، بىرى بولۇپ، بىرى كەم بولسا تېپىشماق بولالمايدۇ. «يوشۇرۇش» ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنمىسا، تېپىشماقنىڭ جاۋاۋىنى كىشىلەر بىر قاراپلا تېپىۋالىدۇ؛ «يوشۇرۇش» بەكمۇ چوڭقۇر ياكى زورمۇ-زور بولۇپ قالسا، كىشلەر قانچە ئويلىغان بىلەنمۇ تاپالمايدۇ. مۇنداقلارنىڭ ھەممىسى ياخشى تېپىشماق ھېساپلانمايدۇ. ئەپچىل توقۇلغان تېپىشماقلاردا «يوشۇرۇن-لۇق»تا «ئاشكارىلىق»، «ئاشكارىلىق» ئىچىدە «يوشۇرۇنلۇق» بولۇش لازىم. تېپىشماق جاۋاۋى تېپىشماق سوئالى ئىچىگە چوڭقۇر يوشۇ-رۇنغان بولۇشى، يەنە تېپىشماق سوئال ئارقىلىق تېپىشماق جاۋاۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەپچىل ھالدا گەۋدىلىنىشى لازىم. تېپىشماق تۈزگۈچىنىڭ ئەدىبىي ئۇسلۇبى بىلەن تېپىشماق تاپقۇچىنىڭ تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارى ئەنە شۇ «يوشۇرۇنلۇق» بىلەن «ئاشكارىلاش» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش جەريانىدىلا نامايەن بولىدۇ ۋە چېنىقىدۇ. خەلق ئىچىدىكى تېپىشماقلار ئىچىدە ئاز بولمىغان پىكىر تۈزۈلۈشى يېڭى، سوئال بىلەن جاۋاۋى جىپسىلىشىپ كەلگەن ئوبدان تېپىشماقلارمۇ بار.

تېپىشماقنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئاساسەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرى تەسۋىرلەش ئۇسۇلى، يەنە بىرى غەلىتە ياپتا گەپلەر بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئىستىئارە، بىشارەت ئارقىلىق تېپىشماقنىڭ جاۋاۋى بولغان شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى (شەكلى، خاراكتېرى، ئىقتىدارى، ئاۋازى، رەڭگى قاتارلىقلار) كونكرېت، ئوبرازلىق تەسۋىرلىنىدۇ، يەنى كونىلار بۇنى «تەساۋۇر بويۇملىرى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر.

تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ، بەزىدە ئاددى سۈرەتلەش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، بەزىدە ئەدىبىي جەھەتتىن ئىشلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

شاخلىرى قىزىل، يېشىل يوپۇرماق،
ئاپپاق چېچەكلىك، دېنى قاپ ـ قارا. (قارا بۇغداي)

بۇنىڭدا ياسىمچىلىق يوق، ئاددى تەساۋۇر بىلەن قارا بۇغداينىڭ غولى، يوپۇرمىقى، چېچىكى دېنىدىن ئىبارەت قىسمى بايان قىلىنىپ، سىرتقى شەكلى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى يېشىپ بېرىلگەن. بۇ ئاددى ـ ساددە، لېكىن كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر پارچە جانلىق رەسىمگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ نۇرغۇن تېپىشماقلاردا سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە قىلىش، بولۇپمۇ ئادەمگە ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تېپىشماق قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەسلى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن ئوبرازلار تېخىمۇ جانلىق، قىزىقارلىق بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر تال نىلۇپەر قىسقان بېشىغا،
كىيىم پىچىشقا كىدتىمەيدۇ قايچا،
باتۇر ئىززىمەت بولمىسىمۇ ئۇ،
تۇرار ماڭ ئۆيلۈك بىرلا قىچقارسا (خوراز)

سۇدا تۇغۇلغان كىچىك بىر قىزچاق
ئۈچىسىدا بارھال رەڭ كۆينىگى؛
ئولتۇرار يېشىل كېمە ئۈستىدە،
گاھ سوزۇپ، قىسىپ ئۇزۇن بوينىنى. (نىلوپەر)

بۇنىڭدا خورازنىڭ مەغرۇر قىياپىتى، رولى؛ نىلوپەرنىڭ مۇھىتى، نەپىسلىگى جانلىق، يېقىملىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، سوئال بىلەن جاۋاپنىڭ جىپسىلىشىشى ناھايىتى جايىدا بولغان. كونكرېت شەكلى بار شەيئىلەرنى ئىنتايىن جانلىق يېزىشقا بولغان يەردە، كۆرۈنمەيدىغان، تونۇۋېلىشقا بولمايدىغان شەيئىلەرنىمۇ ئەينەن يېزىش ھەم مۇمكىن. مەسىلەن:

سۇ كۆرسە تۇر قاش قاپىقىنى، دەرەخ كۆرسەگەر ـ ئېغاگىلتار باش،
گۈللەر ئېگىلىپ قىلىدۇ تازىم، بۇلۇتلار قاچار ـ بىرەلمەي بەرداش.

بۇنىڭدا گەۋدىلەندۈرۈش سەلبى جەھەتتىن روشەنلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۇتامى يوق، تۇتۇرۇقسىز قۇرۇق «شامال» ھېس قىلالايدىغان ۋە كۆرەلەيدىغان نەرسە ھالىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

تەسۋىرلىگەندە، تاللىۋالغان نۇقتىلارنىڭ تۈزۈش ئۇسۇلى ۋە تېپىشماق پەيدا بولىدىغان رايونلارنىڭ ئوخشىماسلىغى تۈپەيلىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرقانچە تېپىشماق سوئالىغا بىر جاۋاپ تېپىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: قارا بۇغداي ھەققىدىكى باشقا بىر تېپىشماق مۇنداق تۈزۈلگەن: «ئۈچ بارچە كاھىش يېپىلغان پەقەت، چوڭ بىر بۇتخانا-ئىبادەتخانىغا، بىر قارا دەرۋىش ئىبادەت قىلىپ، كېچەيۇ كۈندۈز ئولتۇرار ئۇندا». يۇقۇرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن قارا بۇغداي ھەققىدىكى تېپىشماقتا قارا بۇغداي پۈتۈن كۆرۈنۈشى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن بولسا، كېيىنكىسىدە پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ ئالاھىدە بولغان دېنىنىڭ رەڭگى تۇتۇۋېلىنىپ، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، گەۋدىلىك سۈرەتلەنگەن. ھەممە پىششىق بىلىدىغان كۈن، كۈنلۈك، كىيىم-كېچەك، كۆمە قوناق، ئاپتاپپەرەس، كۆز قاتارلىق نەرسىلەر توغرىسىدىكى تېپىشماقلار كۆپ سوئاللىق، بىر جاۋاپلىق كېلىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ئون نەچچە خىل سوئالغا جاۋاپ بولىدۇ. مەيلى قايسى نۇقتىدىن بولمىسۇن، تېپىشماق جاۋابىنىڭ خۇسۇسىيىتى، سوئال-جاۋاپىنىڭ باغلىنىشى بىرنەچچە قۇر شېئىر سۆز ئارقىلىقلا ئوبرازلىق، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە تەسۋىرلىنىدۇ. گەرچە ئوبرازلار ئارا پەرق، سوئال-جاۋاپ ئارىسىدا كاۋاكلار بولسىمۇ، ئەمگەكچى خەلق ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى پىششىق بىلىش ۋە ئۇنى بەدىئىي يىغىنچاقلاش جەھەتتە ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى قابىلىيەتكە ئىگە.

تېپىشماق تەسۋىرىنىڭ يەنە بىر خىل ئالاھىدە شەكلى بار. يەنى باغلاش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ تەگداش جۈملە شەكلىنى قوللىنىپ، بىرنەچچە نەرسىنى (ئادەتتە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى) ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، بىر تېپىشماقنىڭ سوئالى قىلىش ئارقىلىق جاۋاپ بولىدىغان نەرسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مۇنداق تېپىشماقلار ئىچىدە تۆت نەرسە ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىرى ناھايىتى كۆپ. ئەسلى جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زىچ بولغانلىقتىن، شەكلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەھەتتە «قېرىنداشلارچە» باغلىنىش ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: «چوڭ ئاچام بەلەن ئۆسكەن چىرايلىق، ئىككىنچى ئاچام سۇ قوساق ئۆزى، ئۈچىنچى ئاچام ھىڭگاڭ چىش بەك سەت، تۆتىنچىسىنىڭ مايماقتۇر ئىغىزى،» (ئالما، ئۆرۈمە، ئانار، شاپتۇل)؛ «چوڭ ئاچام يىڭنە ئىشلىتەر، يىڭنىسىگە ئۆتكۈزمەي يىپنى، ئىككىنچى ئاچام يىپلا ئىشلىتەر، كېرەك قىلماستىن تۆمۈر-يا يىڭنە؛ ئۈچىنچى ئاچام ياندۇرار چىراق، ئىش قىلىشقا ھورۇندۇر بىراق؛ تۆتىنچى ئاچام ئىش قىلىدۇ، قىزىق يېرى شۇ، ياندۇرماي چىراق.» (ھەسەل ھەرىسى، ئۆمۈچۈك، پارقىراق قوڭغۇز، توقۇمىچى قىز). مۇنداق ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، تېپىشماقنىڭ سوئالىنى ئېنىق بايان قىلغىلى بولىدۇ. ھەمىشە دىگۈدەك مۇنداق تېپىشماقنىڭ بىرىنى تېپىش ئارقىلىق ھەممىنى يېشىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ؛ ئۆتكەل بۆسۈپ تاشلانسىلا قالغانلىرى شۇنىڭغا ئەگىشىپ بۆسۈلىۋېرىدۇ، كىشىنى ئالاھىدە ھوزۇرلاندۇرىدۇ. بەزىلىرى يەنە بىر خىل مەنىلىك ھالەت يا سيۇژېتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن:

چوڭ ئاچىسى ۋاقىرايدۇ دەرەخ ئۈستىدە،
ئىككىنچىسى قورقىنىدىن ئۇسۇل ئوينايدۇ؛
ئۈچىنچىسى ئېلىپ پىچاق ھەدەپ سانجىسا،
تۆتىنچىسىنىڭ چىرىغىدىن نۇرلار پارلايدۇ.
(تومۇزغا، چېكەتكە، ياچۇەك، پارقىراق قوڭغۇز).

بۇ تېپىشماقتا ئۆزئارا ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بىرنەچچە ئادەتتىكى ھاشارەتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن. ئاڭلىماققا بىر تاسادىپىي ئەھۋال يۈز بەرگەندەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن سوئال جانلىق، رىيال، جىددى قويۇلغاچقا ئادەم قايمۇققان بولۇپ، تېپىشماق جاۋابى ھېرىسمەنلىك بىلەن بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەرق شامىلىدىن كۆكىمىڭ بەھرى ئالدى.
ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلدى دەل جۇيۇ؛
شۇ دەم قاقاقلاپ كۈلگەنتى لۇسۇ،
قەھرى غەزەپكە كەلدىلەر ساۋساۋ.

(مانتا پىشۇرۇش)

بۇ خىل تېپىشماقلاردا شەخسلەر ھېكايىلىرى تېما قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ماتېرىيالى كۆپىنچە خەلق ئارىسىدا تارالغان ئەپسانە رىۋايەت ياكى ئەدىبىي ئەسەرلەردىن ئېلىنغان.

غەلىتە سۆز-ئىبارىلەر چۈشىنىش تەس بولغان، غەيرى زىددىيەتلىك ھادىسىلەر ئارقىلىق تېپىشماقنىڭ جاۋابى ئىپادىلىنىدۇ. تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئىستىئارىلىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى «ئۇستىلىق بىلەن گالۋاڭ قىلىش» ئاساسىدا جاۋاب بولغۇچى شەيئىنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكى تۇتۇۋېلىنىپ، گەۋدىلىك تەسۋىرلەنسە، ئەتەي بىر خىل غەلىتە ھادىسە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كىشىگە بىر خىل مەنىسىز، بىمەنە، چۈشۈنۈشكە بولمايدىغاندەك تەسىر بېرىدۇ-دە، كىشىنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرالايدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئۈچۈن ئۇرار باشقىنى،
باشقىلار ئۈچۈن ئۇرىدۇ مېنى؛
ئېقىپ چىقىدۇ قىپ-قىزىل قېنىم،
گەر يېرىپ باقساڭ ئۇنىڭ قوسىقىنى. (پاشا)

بۇ پۈتۈنلەي ئەدىبىي جەھەتتىن ئىشلەنمىگەن ئاددى بايان قىلىش بولۇپ، «ئادەم» بىلەن «پاشا» دەۋر قىلىنغان ھالدا «مەن» بىلەن «ئۇ»نىڭ زىددىيەتلىك مۇناسىۋىتى ئارقىلىق پاشىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ بۇ تېپىشماقتا ئاددىلىق ئىچىدىكى غەلىتىلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تېپىشماق جاۋابى يوشۇرۇن تۇيۇلۇپ، تېپىشقا كىرىشكەندە، ھېلى تېپىۋالىدىغاندەك بىلىنسە كىشىنى ئىنتا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىن قىزىقتۇرىدۇ. ئالايلۇق:

بىر نەرسە بار بەكمۇ ئاجايىپ،
يۇغانسىرى ئۇ شۇنچە لاي بولار،
يۇمسالا ئۇنى بولار «يىگىلى»
يۇيۇپ قويساڭلا ئىشلەتكىلى بولار (سۇ)

«سۇ» تېپىشمىقىدا، يۇسىلا پاكىز بولىدۇ، دېگەن ئاددى ساۋات ئارقىلىق، يۇيۇش بىلەنلا پاكىنا بولۇشتەك غەيرى ھادىسە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، سۇنىڭ خۇسۇسىيىتى نامايەن قىلىنغان. يەنە مەسىلەن:

قاتمۇ-قات تاشتۇر، تاغ ھىساپلانماس،
قانچە ماڭسىمۇ قىردىن ئاشالماس،
گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەر، لېكىن،
قار ياغار ئۈندىن، يامغۇر ياغالماس. (تۈگمەن)

«تۈگمەن»نىڭ ئۆزىدە ئەسلى بۇ زىددىيەتلەر يوق، ئەدىبىي پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق تاغ، يول، گۈلدۈرماما، قار قاتارلىق بىلدۈرگۈچى جىسىملار ئىشقا سېلىنىپ، نەتىجىدە بىر يۈرۈش سۈنئىي «قارىمۇ-قارشى تەرەپ» شەكىللەندۈرۈلگەن. بۇلار روشەن، جانلىق، غەلىتە بولۇپ ئاجايىپ غارايىپلىقتا ئوتتۇرىغا چىققان.

بىر مىسال:

«قارىساڭ پەسلى بار، تۇتساڭ ئۇ غايىپ،
ئىككى بېشى سوغ، ئىچى ئىسسىق ئاجايىپ.»
(كالىندار)

«كالىندار» تېپىشمىقىدا، «مەۋسۇم» «节» ، بوغۇم «节» غا «بامبۇك بوغۇمى»غا ئوخشىتىلىپ، ئاھاڭداش تاۋۇشتىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئەتەي كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان بىر خىل ساختا ھالەت بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.

تەسۋىرلەش بىلەن غەلىتە سۆزلەر بىر تېپىشماقنىڭ سوئالىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

بايان قىلىشتا ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ. يۇقۇرىدىكى «تۈگمەن» تېپىشمىغى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. بەزى تېپىشماقلاردا، تەسۋىرلەش ئۇسۇلىمۇ ئىشلىتىلىدۇ؛ غەلىتە سۆزلەرمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «پاقا» تېپىشمىغىنى ئالساق:

كىچىك باتۇر ئۈستىگە يېشىل تون كىيگەن،
ياز كۈنلىرى ئېتىزلاردا تۇتار زىيانداش؛
شىمال شامىلى چىقىشى بىلەن بولىدۇ غايىپ،
باھار كېلىشى بىلەن ئۇ بىزلەرگە ئاداش.

ئولتۇرۇشىمۇ ئولتۇرغاندەك، تۇرۇشلىرىمۇ ئولتۇرغاندەك،
يېتىشلىرىمۇ ئولتۇرغاندەك، مېڭىشلىرىمۇ ئولتۇرغاندەك.

ئالدىنقىسى پاقىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاددى-تى، ئىقتىدارى كونكرېت تەسۋىرلەنگەن؛ كېيىنكىسىدە پەقەت پاقىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ھالىتى گەۋدىلىك تەكىتلەنگەن؛

غەلىتە سۆزلۈك تېپىشماقنى تۈزۈش ئۈچۈن، شەيئىلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىشكە، تېخىمۇ باي بىلىم-تەجرىبە ۋە سەگەكلىككە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىغا قارىغاندا سىلىقلاشقا تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قوزغىغىلى بولىدۇ. دىمەك خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراستى ئاشۇ خىل تېپىشماقلاردا ناھايە-تى ئوبدان نامايەن بولغان.

خەلق تېپىشماقلىرى، «تېپىشماق» خاراكتېرىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شېئىرىيەت خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگىدۇر. تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، ھەر بىر مىسراسى 5-7 بوغۇملۇق سۆز بىلەن كېلىدىغان تۆت مىسرالىق شەكىل تېپىشماقتا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل شەكىللەرنىڭ بەزىلىرى نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش قوشاقلىرىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: نىلوپەر گۈلى، خوراز، كۆممە قوناق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەققىدىكى تېپىشماقلارنى ئالساق، بۇ تېپىشماقلارنىڭ تىلى ئاممىباپ، ئېنىق، رىتىم-تۇراقلىرى تەڭكەش بولۇپ، ئوقۇسا خۇددى شېئىر-قوشاققا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىرلۇپمۇ ئۈچلۈك 7 بوغۇملۇق تېپىشماقلار شۇنداق. مەسىلەن: «چۈجە-خوراز، سېۋەتكە كىرەر، مېڭىپ بىر ھازا، تۇتۇلۇپ قالار.» (رەخ توقۇش ئۇرچۇغى)؛ «قىزغۇچ، ئاق، سەتەڭ، پەشتاقتا تۇرار، كۆڭلى بەك دەرتلىك، تىنمايلا يىغلار» (شام). بۇ تېپىشماقلارنىڭ ئوبرازى جانلىق، توقۇلۇشى ئەپچىل، سۆزى ئاددى، ئاھاڭى جاراڭلىق بولۇپ، خەلق ئىجادىيىتىدىكى قىممەتلىك نەمۇنىلەردۇر.

تېپىشماق خەلق ئارىسىدىكى بارلىق ئەدەبىيات ژانىرلىرىدەك ئوخشاشلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ. بەزىبىر كونا شەيئى ۋە تۇرمۇش ھادىسىلىرى ھەققىدىكى تېپىشماقلار تەدرىجى يوقىلىپ بارىدۇ. (مەسىلەن: «گۆرەگە قويۇلغان مال»، «تەختىراۋان»، «ھارۋىكەش»). بەزىبىر فېئوداللىق قالاق ئاڭنى ئىپادىلەيدىغان تېپىشماقلار شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. (مەسىلەن: «بۇت تەكچىسى»، «ئىشىك ئىلاھى،» «ئىسرىق ئوچىقى»). بەزى مۇرەككەپ (خەتلىك) خەت تېپىشماقلىرىمۇ، يېزىق ئىسلاھات مۇناسىۋىتى بىلەن خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئۈن-تىنسىز يوقۇلۇپ كەلمەكتە. (مەسىلەن: «شىر»، «تىجەش». «توز»). ئەمدى يېڭى شەيئى، يېڭى ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان تېپىشماقلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلمەكتە.

ئازاتلىقتىن كېيىن جەمئىيەتتە غايەت ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، سوتسىيالىستىك يېڭى شەيئىلەر، پەن-تېخنىكىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقتى، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يېڭى تېپىشماقلارمۇ مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: «يەيمەن دېسەڭ يېيىشكە بولۇر. كىيىمەن دېسەڭ كىيىشكە بولۇر، كوللېكتىپقا يۆلەنگەندىلا، مەڭگۈگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاشلىقتا تولۇر» (ئارزۇ)؛ «ئۇن كىچىك دوست، ئىككى بۆلەكتۇر، ئىناق ئۆتسىلا، قۇدرەت يۆلەكتۇر» (قول)؛ «كىچىك موزاي بەك ئالاھىدىدۇر، باغلام-باغلام بۇغدايىنى يەيدۇر، دىخان كۆرسىمۇ تەبەسسۇم قىلىپ، ئاياقلىرىدىن ئۇنچە ئالالايدۇ» (دان ئايرىش ماشىنىسى). بەزى ئەڭ يېڭى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى، مەسىلەن: تېلېۋىزور، ئۇن ئالغۇ، كۆن ئۇچقى، ئېلېكترونلۇق ھىساپلاش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تېزلا تېپىشماقلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يېڭى تېپىشماقلاردا كونا تېپىشماقلارنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىندى ۋە ئۇ جارى قىلدۇرۇلدى. ئۇ خۇددى بىر ئەينەككە ئوخشاش يېڭى جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى، خەلقنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى، يېڭى ئىدىيىسىنى ھەققى يوسۇندا ئىپادىلەپ بەرمەكتە.

يېڭى تېپىشماقلارنى كونا تېپىشماقلارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئىلغار، ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور؛ ئەدىبىي ئۇسلۇبىدىمۇ چوڭ راۋاجلىنىش بار. تۈزۈلۈشى تېخىمۇ ئاجايىپ، خۇسۇسىيىتى ئېنىق. خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بېيىشىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك تېپىشماقلارنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ تولۇقلانماقتا. بۇرۇن پەقەت ئاز ساندىكى زىيالىلار ئارىسىدىلا تارقالغان خەت تېپىشمىقى، يەر ئىسمى، كىتاپ ئىسمى، كىنو ئىسمى ھەققىدىكى تېپىشماقلارمۇ خەلق ئارىسىدا كۆنسېرى تارقىلىپ بارماقتا. ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان جەمئىيەت، باي، رەڭگا-رەڭ، تۇرمۇش خۇددى بىر مەڭگۈ قۇرىماس سۇزۇك بۇلاقتەك تېپىشماقلار ئۈچۈن زور مىقداردىكى تېمىلارنى يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. يېڭى تېپىشماقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشى، خەلق ئەدەبىيات غەزنىسىنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ بېيىتماقتا.

نىغمەت، ئەركىن تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

本书根据上海文艺出版社，1980年7月第1版，1981年6月2次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاپ شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - يىل 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، 1981 - يىل 6 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن، ماقالىلارنى جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تاللاپ - تەرجىمە قىلدۇرۇشى ئارقىلىق نەشر قىلىندى. ئەسلىدە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشلۇق قىلىنغان؛ تەھرىرلەش داۋامىدا بەزى بابلارنىڭ رەت نومۇرلىرى ئۆزگەرتىلدى.

# خەلق ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمى بايان

جوڭ جىڭۋېن

•

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
مىللەتلەر باسمازاۋۇتىدا تىزىلدى
شىخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 15.375
1985 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·945
تىرىژى: 1 — 5,000
باھاسى: 1.32 يۈەن

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رىزۋان تۇردى

www.uyghurkitap.com

书号：M10098·945
定价：1.32元